# ئەزىزانە قەشقەر

## شىنجاڭ قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقاتى

(1)

باش تۈزگۈچى: ئابدۇكېرىم رەھمان



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

# ئەزىزانە قەشقەر

شىنجاڭ قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقاتى

(1)

باش تۈزگۈچى: ئابدۇكېرىم رەھمان

ئاپتورلىرى:
ئابدۇكېرىم رەھمان
شېرىن قۇربان
ئەسەت سۇلايمان
قۇربان مۇھەممەتتۇردى
ئەركىن ئىدرىس
ساۋۇت ئابدۇخالىق
نۇسرەت تۇردى
مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئادىلجان ئابدۇللا (1)
پالتاخۇن ئەۋلاخۇن (2)

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئادالەت ياقۇپ
قەييۇم تۇرسۇن

# ئەزىزانە قەشقەر

## شىنجاڭ قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقاتى

(1 ـ 2)


باش تۈزگۈچى: **ئابدۇكېرىم رەھمان**

ئاپتورلىرى: **ئابدۇكېرىم رەھمان، شېرىن قۇربان، ئەسەت سۇلايمان، قۇربان مۇھەممەتتۇردى، ئەركىن ئىدرىس، ساۋۇت ئابدۇخالىق، نۇسرەت تۇردى، مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى**


---


شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850mm × 1168mm 1/32 باسما تاۋىقى: 31.625
2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5631 - 2324 -7

باھاسى (1 - 2) **80.00** يۈەن



يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پورترېتى



مەھمۇد كاشغەرىنىڭ پورترېتى





مەھمۇد

كاشغەرىنىڭ

مەقبەرىسى




مەھمۇد كاشغەرى سىزغان خەرىتە



مۇقام ئۇستازى ئامانىنساخان



ئامانىنساخاننىڭ مەقبەرىسى



مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا





ئۇسسۇل پېشۋاسى ــ قەمبەرخانىم





قەشقەردە ئېچىلغان « مەھمۇد كاشغەرى ئىلمىي

مۇھاكىمە يىغىنى» خاتىرىسى



ئاپتورلار دالا تەكشۈرۈشتە



بۇلبۇل — ئۇيغۇر
مىللىتىنىڭ قۇت نىشانى



قاينام-تاشقىنلىقتا چۆمگەن قەشقەر ھېيتگاھ مەيدانى



قەشقەر يارىيېشى ئالدىدىكى شەرقىي كۆل (دۇڭخۇ كۆلى)



قەشقەرنىڭ بازار كۈنى





قەشقەرنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى



جەگە نەقىشلىرى



هاراق ــ سەرراپ نەقىشلىرى

مۇنار نەقىشلىرى







يېمەك- ئىچمەك ۋە مېھماندارچىلىق



لەغمەن سوزۇش











نان، كاۋاپ، ساڭزا، ئەنجۈر












قەشقەرنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرى





قەشقەرنىڭ سۇمبۇل چاچلىق قىزلىرى







قەشقەرنىڭ نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى



مىسكەرچىلىك



گىلەمچى قىزلار



قەشقەرنىڭ قول ھۈنەر بۇيۇملىرى







سەكسەن خالتا



كەشتىچى قىزلار



پاختا نۇسخىلىق قەشقەر گىلىمى



دوپپىچى قىزلار

مىس قازان، مىس چەينەك، مىس ئاپتۇۋا- چىلاپچا



هاۋانچىلار





چوكىدان



رېيىل



بوۋاقنى
بۆشۈككە
بۆلەش

مارالبېشىدىكى ئانار كۆل بويىدا





پۇتۇن قوي كاۋىپى



قۇشچىلار



قەشقەر چالغۇلىرى



كارۋان



قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى



دارۋاز دار ئۇستىدە



قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى



ئاپاق غوجا مازىرى



سۇلتان
ساتۇق
بۇغراخان
مازىرى





مېيىت نامىزى



ئاھ ، مۇقام!

شادلىققا چۆمگەن قورو





دولان روھى



مەكىت دولان ئەلنەغمىچىلىرى



دولان راۋابى



قوشكىزەك دولان ئەلنەغمىچىلەر



يەكەننىڭ مەشرەپ ئويۇنلىرى



ئاشىقلار مەشرەپتە



باقتال ئۇستام



تاشقورغان



بۈركۈت —
تاجىكلارنىڭ
قۇت نىشانى



كەشتىچى تاجىك قىزى



پامىر بۈركۈتلىرى

# كاشغەر

(«ئەزىزانە كاشغەر» ناملىق كىتابقا بېغىشلايمەن)

بۇ كىتابتىن بىر كۆرۈپ قىسمەتلىرىڭنى، كاشغەر،
مەھلىيا بولدۇم ئوقۇپ شۆھرەتلىرىڭنى، كاشغەر.

پەخرىمىز مەھمۇد، يۈسۈپۈ زېمىنىڭگە قالغان ئۇدۇم،
ئىلمۇ ئىرپانغا تولغان خىسلەتلىرىڭنى، كاشغەر.

باغرى يۇمشاق، مېھرى ئاتەش جەننەتۇل باغى ئىرەم،
تاپتى ئىززەت كۆرسىتىپ ھىممەتلىرىڭنى، كاشغەر.

زوقىنى تارتتى جاھاننىڭ خوش ناۋا مۇقاملىرىڭ،
كۆككە يەتكۈزدى قەدىر-قىممەتلىرىڭنى، كاشغەر.

سەيلىگاھىڭنى زىيارەت قىلغىلى تەشنا جاھان،
تەنتەنە قىلدىڭ گۈزەل زىننەتلىرىڭنى، كاشغەر.

قىز-ئوغۇل ئەۋلادلىرىڭ گۈللىگەن چىراي سۆلكەتكە باي،
سۆيدى ئالەم زېكى پەرزەنتلىرىڭنى، كاشغەر.

«ئەزىزانە كاشغەر» ئەقلى ھوشۇمنىڭ ساھىبى،
غازى مەڭگۈ ئۇنتۇماس شەپقەتلىرىڭنى، كاشغەر.

غازى ئەھمەد

2009-يىل 12-مارت - ئۈرۈمچى

# تەبرىكنامە

غازى ئەھمەد

«ئەزىزانە قەشقەر» دېگەن ئاتالغۇ خەلقىمىزنىڭ قەشقەرگە بولغان يۈكسەك ئىززەت - ئىكرامىنى بىلدۈرىدۇ. قەشقەرنىڭ نام - شەرىپى، مىلادىيەدىن بۇرۇن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىدە «سۇلى بەگلىكى» (疏勒国) دەپ ئاتىلىپ دۇنياغا تونۇلغان ئىدى. قەشقەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى تارىختىكى بۈيۈك يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇشقا باب كەلگەن. شۇ تۈپەيلى، قەشقەر غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان، يەنى كۆپ ئىرق، كۆپ قوۋم (مىللەت)، كۆپ دىن، كۆپ تىل ۋە كۆپ ئۆرپ - ئادەت ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان سېھىرلىك زېمىن بولۇشى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى يەرلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، ئۆزگە خاس پارلاق مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، «ئەزىزانە قەشقەر» دېگەن ئۇلۇغۋار سۈپەتكە سازاۋەر بولغان. قەشقەر — ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى، تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانچىلىق مۇھىتىدا بەرپا بولغان قۇرغاق رايون شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ يارقىن كۆزنىكى، مەركىزىي ئاسىيا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ تىپىك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرى. قەشقەر مەڭگۈ ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بىر قامۇس، بۇ قامۇسقا تارىم بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق سىرلىرى يوشۇرۇنغان، بۇ قامۇسقا يەنە يىپەك يولىنى بويلاپ

توختاۋسىز رەۋىشتە ئۆتۈشۈپ تۇرغان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئەڭ نادىر ئۇلگىلىرى مۇجەسسەملەنگەن . كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە كۆپ ئەسىرلىك فولكلور مىراسلىرى قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي شەھەردە باشقا ھەرقانداق رايونغا قارىغاندا ئۆزگىچە تەم بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . شۇڭلاشقا دۇنيادا ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئىسلام مەدەنىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئۈچۈن قەشقەردىن ئىبارەت بۇ سېھىرلىك شەھەرنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ .

دەرۋەقە ، قەشقەر يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى . ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان مۇزېيى ، شۇنداقلا تارىختىن بۇيان مەشھۇر ئالىم - ئۆلىمالارنى ، يازغۇچى - شائىرلارنى ، مۇغەننى ، رەققاسلارنى ، رەسسام - نەققاشلارنى ، دارۋاز - ۋاھىزلارنى ، قولى گۈل بوزچى ، كۇلالچى قاتارلىق ھۆپىگەرلەرنى يېتىشتۈرگەن ئىلىم - مەرىپەت بۇلىقى ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئىككى شەخس — مەھمۇد كاشغەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەڭ بۈيۈك ئۈچ مەدەنىيەت مىراسى — «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «قۇتادغۇ بىلىك بىلەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى» دەل مۇشۇ يەردە دۇنياغا كەلگەن .

«ئەزىزانە كاشغەر» ناملىق بۇ ئەسەر قەشقەرنىڭ ئەنە شۇنداق كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ تىپلىق ئۆزگىچە مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى تارىخىي يوسۇندا ئىچىپ بېرىشنى نىشانلىغان تۇنجى قەدەمنىڭ شېرىن مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ .

مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزكۇر كىتابنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى يۈكسەك ئىپتىخارلىق ئىلكىدە قىزغىن تەبرىكلەيمەن . كىتابنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلغان مۆھتەرەم

پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمانغا ھەمدە بۇ تېمىنى ئىشلەشكە قاتناشقان بارلىق خادىملارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن .

ئىشىنىمەنكى ، پارتىيىمىزنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ، سىياسىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ماس قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈپ ، 21 ـ ئەسىرنىڭ پۇرسەت ۋە خىرىس بىلەن تولغان مۇساپىلىرىدا تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگۈسى .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى
جۇڭگو رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى
شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى
غازى ئەھمەد
2009 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلار قىسمى


**كىرىش سۆز** ............................ 1

I **باب مۇقەددىمە** ............................ 3

§1 . قەشقەر رايونىنىڭ تارىخىدىن قىسقىچە بايان ............ 3

§2 . چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر ............ 10

§3 . قەشقەر تىلى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ............ 42

II **باب قەشقەرنىڭ خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى** ............ 45

§1 . ئومۇمىي چۈشەنچە ............ 45

§2 . ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ............ 50

§3 . چۆچەكلەر ، لەتىپە ۋە مەسەللەر ............ 92

§4 . قوشاقلار ............ 104

§5 . ئاتىلار سۆزى (ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلەر ) ... 135

§6 . داستانشۇناسلىق (ئېپوسشۇناسلىق ) ............ 148

III **باب قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى سەنئىتى** ............ 220

§1 . ئەل ئىچى گۈزەل سەنئىتى ............ 220

§2 . ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتى ............ 250

§3 . قەشقەرنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى ............ 299

IV **باب قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېرىكچىلىكى** ... 313

§1 . قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېرىكچىلىكى توغرىسىدا

ئومۇمىي بايان ........................................ 313
§2 . قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېركچىلىكى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ........................................ 337
V **باب قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى مۇراسىملىرى ۋە ھېيت - بايراملىرى** ........................................ 341
§1 . ئۆمۈر مۇراسىملىرى ........................................ 341
§2 . تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى ھېيت - بايراملار ........................................ 348
VI **باب قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى ئىلىم - پەن ئۇتۇقلىرى** ........................................ 351
§1 . ئەل ئىچى تېب (تېبابەت) ئىلمى ........................................ 353
§2 . ئاسترونومىيە ........................................ 378
§3 . تەقۋىم (كالېندار) چىلىق ........................................ 392
§4 . ھېساب ئىلمى ۋە ئۆلچەملەر ........................................ 403
VII **باب قەشقەر ئۇيغۇر مائارىپى ئۇستىدە ئەسلىمىلەر** ........................................ 415
مۇقەددىمە ........................................ 415
§1 . مەدرىسە مائارىپى ........................................ 421
§2 . قەشقەرنىڭ يېڭىچە مائارىپ دەۋرى ........................................ 455
§3 . قەشقەرنىڭ 30 - يىللاردىكى ئاياللار مائارىپى ........................................ 470
§4 . ئازادلىقتىن كېيىنكى قەشقەر مائارىپى ........................................ 489

# كىرىش سۆز

مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر ،
ئىشق ئېلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مازارى كاشغەر .
ئود ، ئەنبەر تۇپرىقىدۇر ، ئابى كەۋسەردۇر سۇيى ،
دۇررى مارجان تاشلىرىدۇر كوھىسارى كاشغەر .
كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامىنىڭ يايلاغىدۇر ،
دىلكۇشا ، ئىشرەت پەزاھەر سەبزە زارى كاشغەر .
(گۇمنامىنىڭ «كاشغەر» ناملىق غەزىلىدىن )

ئەزەلدىن داڭقى بار دەۋرانە قەشقەر ،
گۇلىستانلارئارا سەيلانە قەشقەر .
يېتىشكەن ئۇندا ئالىم ، ئۇندا بۇغرا ،
ئىلىك خانلارئارا ئاستانە قەشقەر .
مۇقام پورەكلىرى ھۆسنىگە تولغان ،
ناۋا داستانىغا مەستانە قەشقەر .
ئۇسسۇل سورۇنىدا تەڭكەش جۇلالىق ،
ساما دولقۇنىدا جەۋلانە قەشقەر .
(سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئەزىزانە قەشقەر» ناملىق ئەسىرىدىن )

«شىنجاڭغا بارمىغۇچە ۋەتەنىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلگىلى بولمايدۇ ، قەشقەرگە بارمىغۇچە شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ . . .» ، مانا بۇ ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان تارقىلىپ يۈرگەن بىر

تۇراقلىق گۈزەل ئىبارە بولۇپ ، ، ئۇ گوياكى سېھىرلىك بىر ناخشىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆۋلاپ كەلمەكتە .

«قەشقەر» نامى بىلەن ۋەتىنىمىز ۋە دۇنيا ئەھلىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەلگەن بۇ ئانا يۇرتتا قەشقەرنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى يۇقىرىقى بىر جۈملە سۆزدىن ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ . ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ، «ئۇيغۇر» ياكى «شىنجاڭ» نامى بىلەن ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىگەن ئۇيغۇرلار «قەشقەر» ياكى «كاشغەر» نامى بىلەنلا باشقا ئەل خەلقلىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولالايدۇ ، تونۇشۇپ سىردىشالايدۇ ، شۇ ئارقىلىق بۇ ئانا زېمىننىڭ يۈرەك ساداسىنى سىرتقى دۇنياغا ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئاڭلىتالايدۇ . «قەشقەر» نامى بىلەن ۋەتىنىمىزگە ، دۇنياغا تونۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان بۇ زېمىن تارىخ قوينىدا ھەرخىل مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى ئاپىرىدە قىلىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى بۈگۈنگە ئۇلاشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلگەن . نۇرغۇن مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنى ئۆزىگە جۇغلاپ ، ۋەتىنىمىزنىڭ ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشقان . جۈملىدىن ، قەشقەردە رەتلىنىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ ، قەشقەر خەلقى تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارغا كەڭ تارقىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بىباھا خەزىنىسى بولغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاغزاكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرىگە تولۇق ئاۋاز بىلەن كىرىپ ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ قازسا ـ قازسا تۈگىمەيدىغان «كان» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى . ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭ — قەشقەرنىڭ مانا مۇشۇنداق زور ئىچكى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ تارىختا «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان مەدەنىيەت كارىدورىنىڭ تۈگۈنىگە جايلىشىپ ، ھەرقايسى قۇتۇپلاردىن كەلگەن مەدەنىيەت

جاۋاھىراتلىرىنى ئۆزىگە يارىشا قوبۇل قىلىپ ، ئۆز ۋۇجۇدىدا بار بولغان ئەسلىي مەدەنىيىتىنى ھەرخىل ئۇنچە ـ مارجانلار بىلەن بېزەپ ، كېيىنكىلەرگە مىراس قىلىپ قالدۇرغانلىقىدەك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك .

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولى بويىدىكى «نۇرلۇق مەرۋايىت» ، شەرقنى غەربكە ، غەربنى شەرققە تۇتاشتۇرىدىغان «ئالتۇن كۆۋرۈك» بولۇپ كەلدى . دەرۋەقە ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن باشلىنىپ ، قاشقوۋۇق (يۈمېنگۈەن ) دىن ئۆتكەندە ئۈچ لىنىيىگە ئايرىلغان بۇ قەدىمكى خەلقئارا سودا يولىنىڭ «جەنۇبىي يول» ، «ئوتتۇرا يول» دەپ ئاتالغان ئىككى چوڭ لىنىيىسىنىڭ ئېلىمىزدىكى مەركىزىي بېكىتى قەشقەر ئىدى . تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى ۋە ئادىمىيەتلىك (人文) جەلپكارلىقى بىلەن سودا ۋە مەدەنىيەت كارۋانلىرىنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولغان بۇ يۇرت قەدىمكى قۇرۇقلۇق يىپەك يولى گۈللەنگەن دەۋرلەردە «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» دېگەن گۈزەل نامى بىلەن شۆھرەت تاپقان .

قەشقەر — پارلاق تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمكى شەھەر ، ئۇنىڭ يازما خاتىرىلەرگە ئېلىنغان تارىخىلا 2000 يىلدىن ئاشىدۇ . مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ قۇرىغار (شىنجاڭ ) رايونىدا «غەربىي يۇرت تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى» تەسىس قىلىنىشى بىلەن تەڭ قەشقەر غەربىي يۇرتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە رەسمىي ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە سۇلى[1] (سۇللۇغ — ھازىرقى قەشقەر شەھىرى ) جۇڭگو تارىخىدا مەشھۇر بولغان «ئەنشىدىكى تۆت شەھەر» نىڭ بىرى بولۇپ سانالغان .

---

[1] سۇلى — قەشقەرنىڭ خەن دەۋرىدىكى نامى

«يىپەك يولى» نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان «قەشقەر شەھىرى» نى مەركەز قىلغان قەشقەر ۋىلايىتى بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن، غەرب ۋە جەنۇبتا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 162 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بوستانلىقلار كۆلىمى 20 مىڭ 740 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 3 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، تاجىك، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق كۆپلىگەن يەرلىك مىللەتلەر ياشايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئاساسلىق يەرلىك مىللەت بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %90 تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. يېزا ئاھالىسى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %80 نى ئىگىلەيدۇ.

قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ مۇھىم سودا ۋە مەدەنىيەت بازىرى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1289.5 مېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن شەرقىي ئۇزۇنلۇق '04°76 ~ '56°75، شىمالىي كەڭلىك '25°39 ~ '39°52 ئارىسىغا جايلاشقان. پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە بىر شەھەر، يەنى قەشقەر شەھىرى، يېڭى شەھەر، كونا شەھەر (توققۇزاق)، يېڭىسار، يوپۇرغا، پەيزاۋات، قاغىلىق، يەكەن، پوسكام، مەكىت، مارالبېشى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق 10 ناھىيە، بىر ئاپتونوم ناھىيە تەسىس قىلىنغان. قەشقەرنىڭ دەريا ۋادىلىرى كۆپ، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، قىزىل دەرياسى بىلەن تۈمەن دەرياسى بۇ ۋادىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ياپيېشىل ئورمانلىقلار، كەڭ كەتكەن ئوتلاق، تېرىلغۇ يەر بەلۋاغلىرى بەرپا قىلىنغان. نۇرغۇنلىغان باغلار ئەھيا قىلىنىپ،

دۇنياغا داڭلىق بولغان مېۋە سورتلىرى يېتىشتۈرۈلگەن . 11 ـ ئەسىردىكى پارس تارىخچىسى گەردىزى ئۆزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» دېگەن ئەسىرىدە : «بۇ يەردە مېۋە ـ چېۋە ناھايىتى نۇرغۇن ، ئارپا ، بۇغداي ، قوناقنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاياغ بېسىپ ماڭغىلى بولمايدۇ . باغۋەنچىلىك ئىشلىرى شۇنچىلىك تەرەققىي قىلغانكى ، ئالما ، ئۈرۈك ، ئامۇتلار ھەتتا يوللاردا چېچىلىپ ياتىدۇ . . .» دەپ يازغان . تارىخ بەتلىرى گۇۋاھ بولغىنىدەك ، ھازىرمۇ ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ھەرخىل مېۋىلىرى ۋە داڭلىق باغلىرى قەشقەرنى «مېۋە ـ چېۋە ماكانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە قىلغان . مىلادىيەدىن بۇرۇن غەربىي يۇرتقا كەلگەن جاڭ چيەن بۇ يەردىن ئۈزۈم ، بېدە ، ياڭاق ، تەرخەمەك ، يۇمغاقسۇت ، سامساق ، پىياز ، زىغىر ، پاختا ، ئانار قاتارلىقلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ كېڭەيتكەن[1] .

قەشقەر رايونى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان بولۇپ ، مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا كىرىدۇ .

قەشقەر رايونىنىڭ ئىقلىمى ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئۈچ چوڭ ئىقلىم رايونىغا بۆلۈنىدۇ .

1 . ئېگىز تاغلىق ئىقلىمى رايونى ، يەنى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ، 5000 مېتىر ۋە 5000 مېتىردىن يۇقىرى رايونلار . بۇ تاغلىق رايونلارنىڭ ئىقلىمى قىش پەسلى ئۇزۇن ، ياز پەسلى قىسقا بولۇپ ، 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 11 C ، 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 16.1 C قا يېتىدۇ ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 33 C بولۇپ ، ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 23 C ۋە نۆلدىن تۆۋەن 39.1 C تىن ئىبارەت . بۇ ئىقلىم رايونىغا تاشقورغان

---

[1] ئابدۇقادىر يۇنۇس : «ئانا يۇرت — ئالتۇن دىيار» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 1998 ـ يىل نەشرى ، 119 ـ بەت .

ۋەكىللىك قىلىدۇ .

2 . ئوتتۇرا ئېگىزلىك ئىقلىم رايونى ، بۇ دېڭىز يۈزىدىن 1500 ~ 3000 مېتىر ئېگىز رايونلارنى كۆرسىتىدۇ . بۇ رايونلارنىڭ قىش پەسلى ئۇزۇن ، ياز پەسلى قىسقا بولۇپ ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5 C — 11 C ، يىللىق ئوتتۇرىچە هۆل - يېغىن مىقدارى 70 — 100 مىللىمېتىر ، ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 24.4 C ۋە 40.1 C— قا يېتىدۇ . ئادەتتە يىللىق قىروسىز مەزگىلى ئوتتۇرا هېساب بىلەن 251 كۈن .

3 . تۈزلەڭلىك (بوستانلىق ) ئىقلىم رايونى ، بۇنىڭغا دېڭىز يۈزىدىن 500 مېتىرگىچە ئېگىز بولغان رايونلار كىرىدۇ . بۇ رايونلارنىڭ تۆت پەسلى ئېنىق ، ياز ئۇزۇن ، قىش قىسقا ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7 C ؛ 1 - ئاي ئەڭ سوغۇق بولۇپ ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.5 C — ؛ ئەڭ ئىسسىق ئاي بولغان 7 - ~ 8 - ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.9 C ، ئەڭ تۆۋەن ۋە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 25.9 C — ۋە 41.5 C ، يىللىق قىروسىز مەزگىلى ئوتتۇرا هېساب بىلەن 215 كۈن ، ئوتتۇرىچە هول - يېغىن مىقدارى 62.7 مىللىمېتىر بولۇپ ، كۆپ هاللاردا غەربىي شىمال قىيپاش شامىلى چىقىدۇ .

قەشقەرنىڭ بۇنداق ئۆزگىچە بولغان ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك مۇهىتى بۇ رايوندا ياشىغان كىشىلەر توپىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ ، قەشقەرچە ئادىمىيەتلىك (人文) خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن . تاغلىق ، بوستانلىق ۋە قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ بىرىكىش ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتنىڭ جانلىق نامايەندىسى سۈپىتىدە ، بۇ رايوندا ياشىغۇچى چاققاق ۋە قورغاق تەبىئەتلىك خەلقلەرنى شېئىرىي تۇيغۇغا باي ، هېسسىياتچان ، هۈنەر - سەنئەتكە

ھېرىسمەن ، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ، تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چاڭقىغان روھىي دۇنياسىغا تەسەللىي بېرەلەيدىغان ، تىنىمسىز ئىزدىنىدىغان ، شىجائەتلىك ، ئەمما قانائەتچان پىسخىك تىندۇرمىغا ئىگە قىلغان .

دېمەك ، بۇ قۇرغاق رايون تەبىئىتى بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ روھىي ئىلھامىغا غىدىقلىغۇچى كۈچ بولدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ سېھىرلىك جەلپكار زېمىندا ئىناق ۋە ئىجىل ياشاپ كەلگەن ھەر مىللەت قوۋملىرى ئۆزگىچە مەدەنىيەت يالداملىرىنى ئىختىرا قىلىپ ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان . شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان كۆپ مەنبەلىك ، كۆپ قاتلاملىق بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرى دۇنيانىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ ، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ئارىسىدا «قەشقەر ئېكسپېدىتسىيىسى قىزغىنلىقى» نى قوزغىغان جاڭ چيەن (غەربىي خەن سۇلالىسى ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138 - يىللىرى ۋە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 119 - يىللىرى ) ، بەنچاۋ (خەن سۇلالىسى دەۋرى ، مىلادىيە 72 - ~ 102 - يىللار ئارىلىقى ) ، فاشيەن (شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرى ، مىلادىيە 399 - يىللىرى ) ، مەھمۇد كاشغەرى (11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ) قاتارلىق ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن تارتىپ ماركوپولو (ئىتالىيە ، 2171 - يىللىرى ) ، ھېرمان روبېرت (پولشا ، 1857 - يىللىرى ) ،كروپاتكىن (رۇسىيە ، 1889 - يىللىرى ) ، چوقان ۋەلىخانوف (رۇسىيە ، 1897 - يىللىرى ) ، سۋېن ھېدىن (شۋېتسىيە ، 1879 - ~ 1895 - يىللىرى ) ، پ .فىللىئوت (فرانسىيە ، 1906 - ~ 1907 - يىللىرى ) ، نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتوف (رۇسىيە ، 1913 - يىللىرى ) ، نۆشرىۋان يائوشوف (رۇسىيە ، 1914 - يىللىرى ) ، گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە ،

1928 ـ يىللىرى ) . . . غىچە يوزلىگەن ئىلىمىز ۋە چەت ئەل سەيياھلىرى بۇ قەدىمىي يۇرتنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان . بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەشقەر گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن دۆلەت دەرىجىلىك 62 تارىخىي مەدەنىيەت شەھەرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ (شىنجاڭدىكى بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرى ) ، ئېلىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ نۇقتىلىق مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى . قەشقەر ۋىلايىتىدە دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون ، ناھىيە (شەھەر ) دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن 396 سى بار بولۇپ ، سانىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇنىڭ ئۇچۇن قەشقەر «ئۇستى ئوچۇق مۇزېي» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن . ھېيتگاھ جامەسى ، ئاپاق خوجا مازىرى ، ئالتۇنلۇقۇم مەسچىتى قاتارلىق قەدىمكى بىناكارلىق سەنئىتى ئۈلگىلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۆستەڭبويى مىللىي ھۈنەر ـ سەنئەت كوچىسى ، ئەنجان رەستىسى ئالتۇن ـ كۈمۈش ، زىبۇزىنەت كوچىسى ، ئوردا ئالدى مىللىي يېمەك ـ ئىچمەك كوچىسى ، يامبۇ سارىيى سودا مەركىزى كوچىسى ، ياربېشى كۇلالچىلىق سەنئەت كوچىسى ، يېڭىبازار (ئوتتۇرا ـ غەربىي ئاسىيا ئۇنىۋېرسال سودا بازىرى ) ، بۇلاقبېشى ، جانقورغان قەدىمكى مىللىي ئولتۇراق رايونى ، ئۆستەڭبويى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار كوچىسى قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن ۋە مەخسۇسلاشقان كوچا ـ مەھەللىلەر ئوتتۇرا ئەسىر پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ ، ئۆزىنىڭ جازىبىدارلىقى ۋە جەلپكارلىقى بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ جۇغلانغان ھەم كىچىكلىتىلگەن ئۆرنىكى ۋە كۆزنىكى ھېسابلىنىدۇ .

قەشقەرنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆزگىچە جازىبىدارلىققا ۋە تارىخىي ۋارىسلىققا ئىگە بولۇپ ، قويۇق

مىللىي ۋە يەرلىك پۇرىقى بىلەن دۇنيانىڭ غەيرىي ماددىي مىراسلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. قەشقەر «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسىرى (人类口头和非物质遗产代表作) — جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ئاپىرىدە بولغان ۋە رەتلىنىپ سىستېمىلاشقان خاسىيەتلىك ماكانى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادا «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. قەشقەر ھېيتگاھ ساماسى، مەكىت، مارالبېشىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ «دولان — مەشرەپ مۇقاملىرى»، يەكەن كاچۇڭ تاغ مەشرىپى، قاغىلىق چىپان تاغ مەشرىپى، كونىشەھەر ئوپال «نورۇز بۇلاق سەيلىسى»، يەكەن خانىقا مۇقاملىرى، تاشقورغان تاجىك مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى گويا ھەيۋەتلىك سەنئەت پىرامىداسىدەك تولىمۇ مەپتۇنكارلىقتا ۋە جەلپكارلىقتا ئىگە.

قىسقىسى، قەشقەر — يىپەك يولى بويىدىكى قەدىمىي ئۆتەڭ. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانى يولغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قەشقەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ كۆزنىكىگە ئايلانماقتا. قەشقەرنىڭ قويۇق يەرلىك پۇراقتا ئىگە مىللىي فولكلور مەنزىرىسى، باي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەركىزىي ئاسىياغا خاس بولغان بوستانلىق مەدەنىيىتى ھەمدە بىپايان قۇملۇقلىرى بىلەن ئاپئاق قارلىق تاغلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كېلىۋاتقان ساياھەتچىلەرنىڭ بارغانسېرى دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتماقتا.

قەشقەر — مەركىزىي ئاسىيادىكى سېھرىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان زونا، ئۇ يىپەك يولىنى بويلاپ ئەسىرلەر داۋامىدا بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشكەن ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىگە تويۇنغان. دۇنيادىكى بىر قانچىلىغان چوڭ دىنلار، يەنى بۇددا ۋە

ئىسلام دىنلىرى تارىختا بۇ يەردە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، بىر
قانچىلىغان بۈيۈك مەدەنىيەت سىستېمىلىرى، يەنى ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، گرېك - ئىبراي
مەدەنىيىتى، ئەرەب - پارس مەدەنىيەتلىرى بۇ يەردە ئۆزئارا
ئۇچراشقان ھەمدە بۇ يەرنىڭ يەرلىك مىللىي مەدەنىيىتىگە يېڭى
ئېنېرگىيە بېغىشلىغان. بۇ ھال قەشقەرنىڭ ئادىمىيەت مەدەنىيەت
بايلىقلىرىنى ئۆزىگە خاس پۇراققا ۋە ئالاھىدە مەزمۇنغا ئىگە
قىلغان.

قەشقەر — ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى، تارىم
ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق مۇھىتىدا بەرپا بولغان قۇرغاق رايون
شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ يارقىن كۆزنىكى، مەركىزىي ئاسىيا ئىسلام
مەدەنىيىتىنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئەڭ تىپىك
كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى. قەشقەر — ئوقۇسا تۈگىمەيدىغان بىر
كىتاب. بۇ كىتابقا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ
نەچچە مىڭ يىللىق سىرلىرى يوشۇرۇنغان. بۇ كىتابقا يەنە يىپەك
يولىنى بويلاپ توختاۋسىز رەۋىشتە ئۆتۈشۈپ تۇرغان شەرق ۋە
غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىلىرى مۇجەسسەملەنگەن.
كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە فولكلور مىراسلىرى
قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي شەھەردە باشقا ھەرقانداق رايونغا
قارىغاندا ئەڭ زور دەرىجىدە ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭلاشقا
ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام
مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە قەشقەردىن ئىبارەت بۇ سېھىرلىك
رايوننى ئەتراپلىق ئۆگىنىشكە ۋە تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن نامى قەشقەردە
رەسمىي ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. سوي - تاڭ دەۋرلىرىدە «سۇلې
كوي ئاھاڭلىرى» چاڭئەندە زور ئالقىشقا ئېرىشىپ، ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا مۇئەييەن

تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن ، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن . «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن مول مەزمۇنلۇق مەشرەپ سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان قەشقەردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەسىرلەر بويى راۋاجلىنىش ۋە بارغانسېرى بېيىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قول ھۈنەر سەنئىتى ، ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۆزگىچە مول مەزمۇنلۇق ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ، سىرك پائالىيەتلىرى بىلەنمۇ ئۆزگىچە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ .

قەشقەر — شىنجاڭنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇزېيى ، شۇنداقلا تارىختىن بۇيان كۆپلىگەن مەشھۇر ئالىملارنى ۋە مەشھۇر شەخسلەرنى يېتىشتۈرگەن مەدەنىيەت بۆشۈكى . ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئىككى شەخس — مەھمۇد كاشغەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» دەل مۇشۇ يەردە دۇنياغا كەلگەن .

قەشقەر — ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ، ئۇ تارىختىن بۇيان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك تۈگۈن بولۇپ كەلگەن . قەشقەر ۋىلايىتى قىرغىزىستان ، تاجىكىستان ، ئافغانىستان ، پاكىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق بەش دۆلەت بىلەن چېگرالىنىدۇ . ۋىلايەت تەۋەسىدە يەنە قونجىراپ ، تورغات ، ئەركەشتام ، قاراسۇ قاتارلىق تۆت ئېغىز سىرتقى ئەللەرگە ئېچىۋېتىلگەن . يېڭى ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ ، قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كىردى . 1999 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ كورلىدىن قەشقەرگە تۇتاشتۇرۇلۇشى ، 2004 ـ يىلى پاكىستاننىڭ پايتەختى ئىسلامئابادقا قاتنايدىغان ھاۋا يولىنىڭ ئېچىلىشى ئاخىرقى ھېسابتا قەشقەرنىڭ مەركىزىي

ئاسىيادىكى بىكىنمە ھالىتىگە خاتىمە بەردى ، بۇنىڭ بىلەن قەشقەر تارىختىكى جۇغراپىيىلىك بىكىنمە ھالىتىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ ، دۆلىتىمىزدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا بېرىشتىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە ئايلاندى . دېمەك ، قەشقەر ئاخىرقى ھېسابتا خەلقئارا سودا شەھىرى ، ئىمپورت - ئېكسپورت شەھىرى ، قەدىمىي مەدەنىيەت شەھىرى ، ساياھەت شەھىرى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۇچۇر مەركىزى بولۇپ قالدى .

ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ، گەرچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ھەمدە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش ئىشلىرىدا ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ، يەنىلا تۆۋەن باسقۇچتا تۇرماقتا . نۆۋەتتە قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىدىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ پۈتكۈل ۋىلايەتنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن ، مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قەشقەرگە بولغان چۈشەنچىسى بىر قەدەر تېيىز ، قەشقەرنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىشتىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت فۇنكسىيىلىرى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغان ھالەتتە تۇرماقتا . قەشقەر تارىختا ئىگە بولغان «مەدەنىيەت بۆشۈكى» ، «غەربىي رايوندىكى يېشىل مەرۋايىت» دېگەنگە ئوخشاش بۇ سەلتەنەتلىك ناملار شېرىن چۈشكە ئوخشاش غايىب بولۇشقا يۈزلەنمەكتە .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، باشقا قېرىنداش ۋىلايەت ۋە شەھەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش ، تەشۋىق قىلىش ۋە قوغداش جەھەتلەردە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ياخشى ئۈنۈملەرنى ياراتتى . تۇرپان ، قۇمۇل ، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى

ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئۆز رايونىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان بىر يۈرۈش ياخشى كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ ، ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى .

مەلۇمكى ، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكى تەدرىجىي ھالدا ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلاردىن ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونلىرىغا يۆتكەلمەكتە . مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىمۇ دېڭىز بويلىرىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلاردىن ئاستا ـ ئاستا ئىچكى قۇرۇقلۇققا ، بولۇپمۇ غەربىي شىمالغا قاراپ سىلجىماقتا . غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ئاپتونوم رايونىمىزغا ، جۈملىدىن قەشقەرگىمۇ زور تارىخىي پۇرسەت بەخش ئەتتى . بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، رىقابەت ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈپ ، قەشقەرنىڭ باشقا جايلاردىن تېپىلمايدىغان ، ناھايىتى مول بولغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىزدۇر . بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خەلقئاراغا يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە قەشقەر ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن بايلىقلىرىنى ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇھىم مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېچىش ، رەتلەش ، ئۇلارنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ، شۇنداقلا سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ۋە بېسىمى ئاستىدا ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ، ئۇلارنى ھەم ئىجتىمائىي ، ھەم ئىقتىسادىي قىممەتكە ئايلاندۇرۇش دەۋرنىڭ ، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى . بۇ خىزمەتنى كۆڭۈلدىكىدەك ، سۈپەتلىك ، لاياقەتلىك ئىشلەش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتۇش ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى مۇھىم تۆھپە ھېسابلىنىدۇ . مۇشۇ

ۋەجىدىن بىر پروفېسسورلار ، دوكتورلار ۋە ئاسپىرانتلاردىن تەركىب تاپقان مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ «قەشقەرنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقاتى» ناملىق دۆلەتلىك تەتقىقات تۈرىنى ئىشلەشنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق .

بۇ تۈر 2005 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «05 × MZ040» تەستىق نومۇرى بىلەن مەملىكەتلىك پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەرنى پىلانلاش ـ رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەستىقلانغاندىن كېيىن ، 2005 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى رايونىمىزدىكى بىر قىسىم داڭلىق مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ دەلىللەش يىغىنى ئېچىلدى ۋە بۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلىرى ئاساسىدا بۇ تېمىنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسى ۋە مۇندەرىجىسى بېكىتىلدى .

مەلۇمكى ، «مەدەنىيەت» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئىنتايىن كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ ، ئومۇمەن ئىنسانىيەت ئىجتىرا قىلغان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئاساسەن ماددىي مەدەنىيەت ، يەنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ، جىسىملاشقان مەدەنىيەت ۋە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان شەكىلسىز مەدەنىيەت (غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ) دەپ ئىككى تۈركۈمگە ئايرىلىدۇ . بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئۆزئارا زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، ھەر ئىككىلىسى ئادەمنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىگە باغلىنىدۇ . بولۇپمۇ ، شەكىلسىز مەدەنىيەت (غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ) نىڭ ئىجتىمائىيلىقى ، تارىخىيلىكى ، ئەنئەنىۋىلىكى ۋە ۋارىسچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ، ئادەمنىڭ جىسمىدا ئاققان قاندەك ئۆلمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ . ئۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ ، 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بىرلەشكەن

دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ، پەن ـ مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ 32 ـ نۆۋەتلىك چوڭ يىغىنىدا ماقۇللانغان «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» دا ، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى بەش تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن : (1 ) ئېغىزدا ئېقىپ يۈرگەن ۋە تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان مەدەنىيەت ؛ (2 ) ئەل ئىچى سەنئىتى ، يەنى ئەل ئىچى رەسساملىق سەنئىتى (گۈزەل سەنئەت ) ، ئەل ئىچى ناخشا ـ مۇزىكىسى ، خەلق ئۇسسۇللىرى ، ئەلنەغمە تىياتىرلىرى ، ئەل ئارىسىدىكى سېرك ۋە تەنتەربىيە ئويۇنلىرى ؛ (3 ) ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر ، مۇراسىملار ، ھېيت ـ بايراملار ؛ (4 ) تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئالەم ھەققىدىكى بىلىم ۋە ئەمەلىيەت ؛ (5 ) ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ماھارىتى . بىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ختابنامىسىدا بېكىتىلگەن ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ دائىرىسى ھەققىدىكى ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن ، بۇ تەتقىقات تۈرىنى شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىدۇق .

بۇ تەتقىقات تۈرى جەمئىي ئىككى بۆلۈم ، بىر مۇقەددىمە ، 12 باب ، 72 پاراگراف ، بىر خاتىمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، تەخمىنەن 600 مىڭ خەت ئەتراپىدا . ئەسەرگە يەنە بىر قىسىم جەدۋەللەر قىستۇرۇلغان . تەتقىقات مېتودى ۋە تەتقىقات نىشانى جەھەتتە «6 دە چىڭ تۇرۇش» ، يەنى (1 ) تارىخىي ماتېرىيالىزم پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ؛ (2 ) ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ؛ (3 ) ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ؛ (4 ) ئىناق سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ؛ (5 ) «سەككىز شەرەپ ، سەككىز

نومۇس» قارىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش؛ (6) ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش قاتارلىقلارغا ئەمەل قىلىندى، شۇنداقلا بۇ نەتىجىنىڭ يېڭى ۋە ئىجادىي بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى.

دەرۋەقە، يۇقىرىدا قەيت قىلىغىنىمىزدەك، قەشقەر يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بىر خاسىيەتلىك كىتاب، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ تېمىنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، مۇرەككەپلىك دەرىجىسى يۇقىرى بولغاچقا، قىسقىغىنا بىر - ئىككى يىل ئىچىدە ئىشتىن سىرتقى تەتقىقات قوشۇنىغا تايىنىپ بۇ تېمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاش تولىمۇ قىيىن. شۇنداق بولسىمۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار يۇكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە يۇقىرى ئىلمىي قىزغىنلىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، بۇ چوڭ قۇرۇلۇشنى غەلىبىلىك تاماملىدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ۋاقتىنىڭ قىسلىقى ۋە تىل قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلدى. ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خەنزۇ تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ، ئىككى خىل تىلدا (خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە) نەشرگە تەييارلىنىدۇ، ھۆرمەتلىك ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرىگە موھتاجمىز.

ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن:

«ئەزىزانە قەشقەر — شىنجاڭ قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقاتى» گۇرۇپپىسى

بىرىنچى بۆلۈم

# ئۇيغۇرلار قىسمى

# I باب مۇقەددىمە

## 1 § . قەشقەر رايونىنىڭ تارىخىدىن قىسقىچە بايان

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان قەشقەر ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى يازما مەلۇمات بۇنىڭدىن 2100 نەچچە يىل ئىلگىرى خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەن تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان. جاڭ چيەندىن كېيىن بۇ زېمىنغا ئاياغ باسقان باشقا شەرق سەيياھلىرىمۇ قەشقەر ھەققىدە يەنە تۈرلۈك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. بۇ مەلۇماتلار ئۆز نۆۋىتىدە خەنزۇچە سالنامىلەرنىڭ غەربىي يۇرت تەزكىرىلىرىدىكى قەشقەر توغرىسىدىكى بايانلارغا مەنبە بولغان ھەم شۇ بايانلاردا ساقلىنىپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

تۈرلۈك تارىخىي بايانلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرلەردە غەربىي يۇرتتىكى 36 خانلىق ـ بەگلىكتىن قەشقەر بەگلىكى، ياركەنت بەگلىكى، سەپەرباي بەگلىكى، ئەركەشتام بەگلىكى، كۆكيار بەگلىكى، يۆلئېرق بەگلىكى قاتارلىق بەگلىكلەر بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەر بەگلىكى بىلەن ياركەنت بەگلىكى نىسبەتەن چوڭراق بولغان. جۇڭگو تارىخىي مەنبەلىرىدىن جاڭ

چيەنىنىڭ ئەلچىلىك خاتىرىسى ئاساسىدا يېزىلغان «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە : «قەشقەر بەگلىكىنىڭ مەركىزى قەشقەر شەھىرى ، ئاھالىسى 1510 تۈتۈن ، 18 مىڭ 647 كىشى بولۇپ ، لەشكەرلىككە يارامىلىقى 2000 نەپەر . »[1] «ياركەنت بەگلىكىنىڭ مەركىزى — ياركەنت شەھىرى ، ئاھالىسى 2339 تۈتۈن ، 16 مىڭ 373 كىشى بولۇپ ، لەشكەرلىككە يارامىلىقى 3049 نەپەر »[2] دەپ خاتىرىلەنگەن .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى ئۇرلى (ھازىرقى بۇگۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە ) دا غەربىي يۇرت قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندا ، قەشقەر ، ياركەنت قاتارلىق بەگلىكلەر ئۇنىڭ تەۋەسىدە بولغان . مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياركەنت بىر مەھەل غەربىي يۇرتتا ھۆكۈمرانلىق قىلغان . شۇ چاغدىكى 55 خانلىق ـ بەگلىك ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنغان . مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن 5 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەتراپىدىكى ياركەنت ، چاش ، يۆلئېرىق ، سارىقول قاتارلىق بەگلىكلەرنى قوشۇۋېلىپ ، غەربىي يۇرتتىكى بىر قەدەر قۇدرەتلىك ھاكىمىيەتكە ئايلانغان . 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئاساسەن قەشقەر ، جوجوف ، كاۋانتا قاتارلىق بەگلىكلەر ئۆتكەن .

مىلادىيە 658 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەردىن بولغان ئاشنا قولى توپىلىڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن ، قەشقەردە كىشتۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان ، كېيىن ئۇ قەشقەر تۇتۇق مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن . ئۇنىڭ دائىرىسى ھازىرقى قەشقەر

---

(1) «خەننامە» (24 تارىخدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى ـ 2 ) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە 882 ـ بەت .
(2) «خەننامە» (24 تارىخدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى ـ 2 ) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە 881 ـ بەت .

ۋىلايىتىنىڭ تەۋەسى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەت ، ئىچكى نىزا ۋە خاككاس (قىرغىزلارنىڭ ئەجدادى ) لارنىڭ ھۇجۇمى قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن ، بۇ خانلىق تەۋەسىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ غوللۇق بۆلۈكى سۇلېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرىغا ماكانلاشتى ھەمدە يەرلىك قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇدرەتلىك قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىقتى . سۇلې ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇھىم شەھەر ۋە يانداش پايتەخت بولدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «قەشقەر» دېگەن نام تارىخ كىتابلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىدى . قەشقەر شەھىرى 960 ـ يىلىدىن كېيىن بارغانسېرى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ ، سۇلالىنىڭ سىياسىي ، مەدەنىيەت ۋە دىنىي مەركىزى بولدى . ئاتاقلىق خانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ باردى . خانلىق قەبرىستانىمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى . شۇڭا ئۇ «ئوردۇ كەنت» دەپمۇ ئاتالدى . مىلادىيە 1041 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قاراخانىيلار سۇلالىسى شەرقىي ۋە غەربىي خانلىقلارغا پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ، قەشقەر شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولدى . بۇنىڭ بىلەن ، قەشقەرنىڭ مەدەنىيىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەندى . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، ئىمام ئابدۇلغاففارنىڭ «تارىخىي قەشقەرىيە» ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار ئەنە شۇ دەۋردە يېزىلغانىدى .

مىلادىيە 1128 ـ يىلى ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەد شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئىچكى نىزالارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن قىتانلار ھۆكۈمرانى گۈرخاندىن

ياردەم سورىدى . گۈرخان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ لەشكەر چىقىرىپ ، شەرقىي قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى يەتتىسۇ رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى . بالاساغۇننى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلىپ ، ئىبراھىمنىڭ خانلىق نامىنى ئېلىپ تاشلاپ ، ئۇنى «ئىلىكى تۈركمەن» (تۈركمەن خانى) نامى بىلەن قەشقەرنى ئىدارە قىلدۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن ، شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى قىتانلارنىڭ بېقىندىسى سۈپىتىدە قەشقەر ۋە خوتەن رايونىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تاكى مىلادىيە 1211 ـ يىلى قەشقەر خانى مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپ قەستكە ئۇچرىغانغا قەدەر ساقلاپ كەلدى .

مىلادىيە 1218 ـ يىلى چىڭگىزخان قىتانلارنى مۇنقەرز قىلدى ھەم مىلادىيە 1225 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىستېلا قىلىنغان كەڭ زېمىننى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى . بۇنىڭ بىلەن ، ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى جايلار چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولدى . مىلادىيە 1348 ـ يىلى چاغاتاي خانلىقى غەربىي ۋە شەرقىي خانلىقلارغا پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ، قەشقەر رايونى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تەۋەسىدە بولدى . 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە قەشقەر رايونى يەنە «قەشقەر سۇلتانلىقى»[1] دەپ ئاتالغان ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولدى .

مىلادىيە 1514 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلۇپ ، يەكەننى پايتەخت قىلدى . ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى ئۇنىڭ يادرولۇق تەۋەسى ۋە سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت مەركىزى بولدى . سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ، ھاكىمىيەتنى دىنىي كۈچلەر تىزگىنلىۋېلىپ ، مەزھەپ كۈرىشى كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىپ كەتتى . مىلادىيە 1680 ـ يىلى ئاق

[1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر : «تارىخى رەشىدىي» دە بۇ ھاكىمىيەتنى شۇ نام بىلەن ئاتىغان .

تاغلىقلاردىن خوجا ھىدايىتۇللانىڭ مەسلىھەت كۆرسىتىشى بىلەن ، جۇڭغارلاردىن غالدان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ سەئىدىيە خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئىسمايىل خاننى ئەسىرگە ئالدى . سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلىپ ، قەشقەر قاتارلىق جايلار جۇڭغارلارنىڭ بېقىندىسى بولغان ھىدايىتۇللانىڭ تىزگىنلىشىدە بولدى . ئۇ ئۆزىنى «ئاپاق خوجا» دەپ ئاتىدى . كېيىنكى چاغلاردا ، جۇڭغارلار كۆپ يىللاردىن بۇيان ئولپان تاپشۇرمىدى ، دېگەننى باھانە قىلىپ ، قوشۇن ئەۋەتىپ ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئەسىر قىلىپ ئىلىغا ئېلىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئورنىغا قەشقەر قاتارلىق يەرلەرنى ئىدارە قىلىشقا باشقا ئادەم ئەۋەتتى .

مىلادىيە 1755 - يىلى چىڭ سۇلالىسى لەشكەر تارتىپ جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن ، ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى بۇرھانىدىن خوجىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتۇرۇپ ، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمران قىلدى . مىلادىيە 1757 - يىلى بۇرھانىدىن خوجا ئۆز ئىنىسى خوجا جاھاننىڭ قۇترىتىشى بىلەن چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى .

مىلادىيە 1759 - يىلىغا كەلگەندە ، چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلار يېغىلىقىنى تىنچىتىپ ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى . قەشقەردە مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، قەشقەر ۋە يېڭىسار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بىر يانداش ئامبال قويدى . مىلادىيە 1875 - يىلى قوقانلىق ئوفىتسېر ياقۇپبەگ قوقان ۋە ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى بىلەن ، خوجا ئەۋلادى بۇزرۇكخاننى قوشۇن تارتىپ بېرىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىشقا كۈشكۈرتتى . شۇنىڭ بىلەن باسمىچى ياقۇپبەگ مىلادىيە 1867 - يىلى قەشقەردە ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى قۇرۇپ ، ئۆزىنى «بەدۆلەت غازى» دەپ ئاتىدى . مىلادىيە

1875 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭ قاتارلىقلارنى لەشكەر تارتىپ بېرىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتتى . مىلادىيە 1877 ـ يىلى قەشقەر چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىندى .

مىلادىيە 1883 ـ يىلى بەگلىك تۈزۈمى ۋە ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، قەشقەر ۋىلايىتى تەسىس قىلىنىپ ، سۇلي مەھكىمىسى ، يەكەن مەھكىمىسى ، يېڭىسار بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتى ، سارىقول شۆبە مۇداپىئە ۋازارىتى ، خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى ۋە قەشقەر ، پەيزاۋات ، قاغىلىق ، گۇما ، لوپ ، كېرىيەدىن ئىبارەت ئالتە ناھىيىنى باشقۇردى .

مىلادىيە 1913 ـ يىلى يامۇل ، ۋازارەت ، ئايماقلار ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ، قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر كوناشەھەر ، پەيزاۋات ، قاغىلىق ، گۇما ، كېرىيە ، لوپ ، قەشقەر يېڭىشەھەر ، يەكەن ، يېڭىسار ، سارىقول ، مارالبېشى ، خوتەندىن ئىبارەت 12 ناھىيىنى ھەمدە كېيىن قۇرۇلغان مەكىت ، ئۇلۇغچات ، پوسكام ، ئاتۇش ، يوپۇرغا ، قاراقاش ناھىيىلىرىنى باشقۇردى . 1920 ـ يىلى قەشقەرنىڭ قاغىلىق ، گۇما ، كېرىيە ، لوپ ، خوتەن قاراقاش ناھىيىلىرى يېڭىدىن قۇرۇلغان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى . 1930 ـ يىلى ۋىلايەت بىكار قىلىنىپ ، مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىلدى . قەشقەر مەمۇرىي رايونى تەسىس قىلىنىپ ، شىنجاڭنىڭ 3 ـ مەمۇرىي رايونى قىلىندى . 1942 ـ يىلى يەكەن ، پوسكام ، مەكىت ناھىيىلىرى بىلەن خوتەن رايونىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسى قوشۇلۇپ ، شىنجاڭنىڭ 10 ـ مەمۇرىي رايونى — يەكەن رايونى تەسىس قىلىندى . ئۇ يەكەن ، پوسكام ، مەكىت ، قاغىلىق ناھىيىلىرىنى باشقۇردى . 1943 ـ يىلى 3 ـ رايون (قەشقەر رايونى ) بىلەن 10 ـ رايون (يەكەن رايونى ) ئايرىم ـ ئايرىم ۋىلايەت قىلىپ ئۆزگەرتىلدى .

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1952 - يىل 25 - ماي قەشقەر شەھىرى قۇرۇلدى . شۇ يىلى 12 - ئاۋغۇست جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ ، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى قەشقەر شەھىرى ھەمدە قەشقەر يېڭىشەھەر ، قەشقەر كوناشەھەر ، يېڭىسار ، يوپۇرغا ، پەيزاۋات ، مارالبېشى ، سارىقولدىن ئىبارەت يەتتە ناھىيە جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىگە ئۆتتى . يەكەن ، خوتەن ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى ھەم ھازىرقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى . 1956 - يىل 30 - ئىيۇن جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى بىلەن يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئاقسۇ ، خوتەن ۋىلايەتلىرى ھەمدە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى . ئەسلىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەر ، شۇنداقلا ئەسلىدىكى يەكەن ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەر يېڭىدىن قۇرۇلغان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى . قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر شەھىرى ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر ، قەشقەر كوناشەھەر ، يېڭىسار ، پەيزاۋات ، يوپۇرغا ، مارالبېشى ، مەكىت ، يەكەن ، پوسكام ، قاغىلىق ، تاشقورغاننى باشقۇرىدىغان بولدى . بۇ خىل مەمۇرىي بىرلىك ھازىرمۇ شۇ بويىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە .

يۇقىرىقى قىسقىچە باياندىن مەلۇمكى ، قەشقەر رايونى مەيلى يىراق قەدىمكى زاماندا ئالتاي ، تەڭرىتاغ ، قۇرۇم - پامىر ئېتەكلىرىدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىدا بولسۇن ياكى ئورخۇن - يېنسەي ۋادىلىرىدىكى ئەجدادلىرىمىز غەربكە كۆچۈپ

كەلگەندىن كېيىنكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ھاياتىدا بولسۇن ، ئىزچىل تۇردە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ ھەم ھالقىلىق رول ئويناپ كەلدى .

## § 2 . چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر

— 1 —

قەشقەر — غەربىي دىياردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ، يىپەك يولىدا پارلىغان نۇرلۇق مەرۋايىت ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر . تارىم ۋادىسىدا ياشىغۇچى قەدىمكى خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياشاپ مول ۋە رەڭدار بولغان شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان . ئوتتۇرا ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان . مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن ، قەشقەر بوستانلىقى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا مەشھۇر بولغان سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان .

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان 11 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىككى پارچە شانلىق ئەسەر — «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن « تۈركىي تىللار دىۋانى » قەشقەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدە قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن . يۈسۈپ خاس

ھاجىپمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەردە تامام قىلغان .

قەشقەر بوستانلىقى ئۇزاق تارىختا غەربىي يۇرتنى كېسىپ ئۆتكەن جەنۇبىي ۋە شىمالىي يىپەك يولىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىغا جايلاشقانلىقىدەك جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ ، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى ۋە ئۆتۈشۈشىدىكى ھەل قىلغۇچ تۈگۈن بولۇپ كەلگەن . دۇنيادىكى تۆرلۈك مەدەنىيەتلەر ۋە بىر قانچە چوڭ دىنلار بۇ زېمىندا ئۇچراشقان . شۇ تۈپەيلى ياۋروپالىق بەزى ئالىملار بۇ رايوننى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ « يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ ئاچقۇچى » دەپ سۈپەتلىگەن .

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ زور تۈركۈمدىكى غەربلىك تەۋەككۈلچىلەر ئۇزاق ۋاقىت بېكىنمە ھالەتتە دۇنيادىن خالىي قالغان مەركىزىي ئاسىيا رايونىغا ، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىغا زور قىزىقىش ئىچىدە نەزەر-گۆزىرىنى تىكتى . ياۋروپادا «يىپەك يولى» ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ، يىراق قەدىمىي دەۋرلەردە بارلىققا كېلىپ ، كېيىن قۇم ئاستىغا غەرق بولغان قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل ياۋرو ـ ئاسىيا مەدەنىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان سىرلىرىنى ئىزدەش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى . مانا مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي بىر تۈركۈم ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنى چېكىشكە باشلىدى . ھالبۇكى ، «مەركىزىي ئاسىيانىڭ ، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىنىڭ ياۋروپاغا بەرگەن تۇنجى تەسىراتى قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمىي پارلاق مەدەنىيەتلا ئەمەس ، بەلكى مۇشۇ

مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئېچىنىشلىق رېئاللىقى ئىدى. مانا بۇ ياۋروپا دەۋر پاراۋوزىنى ھەيدەپ ئالغا كەتكەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن بىخەۋەر قالغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ رېئال كۆرۈنۈشى ئىدى. بۇ يەردە تارىخ گويا بىر ئىزدا توختاپ قالغاندەك، ۋاقىت ئۆز قىممىتىنى يوقاتقاندەك، شۇنداقلا دۇنيادىكى يېڭىلىقلارنىڭ بۇ يەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك بىرخىل دۇملەنمە ھالەتتىكى بۇرۇقتۇرما كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.»[1].

دەرۋەقە، ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەر 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تارىم قوۋۇقىنى چېكىشتىن ئىلگىرى، ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە بېكىنىپ ياتقان بۇ خىلۋەت ماكان چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن ئاياغ بېسىش ئىنتايىن قىيىن بولغان بېكىنمە ھالەتتىكى بىر رايون ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدا يارىتىلغان پارلاق قەدىمىي زامان مەدەنىيىتى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بۇيان «يىپەك يولى» نىڭ خارابلىشىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا قۇم دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى. ئەينى دەۋرلەردە ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى تۇرلۇك مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلىرىگە كەڭ قۇچاق ئاچقان بۇ سېخىي زېمىننىڭ قاينام ـ تاشقىنلىقىقا تولغان ئاۋات مەنزىرىسىمۇ تارىخنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى.

«يىپەك يولى» دىكى «ئەزىزانە قەشقەر» يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيانقى ئىجتىمائىي غېرىبلىقى ۋە جۇغراپىيىلىك بېكىنمىلىكىدىن مۇستەسنا

(1) ئەسەت سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 3 ـ بەت.

بولالمىغانىدى . غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن «ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەر» نىڭ بۇ يۇرتقا ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىشى بىلەن قەشقەرنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسى ئېچىلىپ ، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئاسىيادىكى بۇ قەدىمىي شەھەرنى قايتىدىن ئەسكە ئېلىشقا باشلىدى . شۇنداق قىلىپ غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ، سەيياھلار ، تەۋەككۇلچىلەر ، ئارخېئولوگلار ، تىلشۇناسلار ، دىن تارقاتقۇچىلار ، جاھانكەزدىلەر ، سىياسىي كۆزەتكۈچىلەر ، دىپلوماتىيە خادىملىرى ، ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بۇ مۇقەددەس زېمىنغا قەدەم باستى . مانا مۇشۇ قاينام - تاشقىنلىق يېڭى دەۋردە قەشقەر بەزىدە چەت ئەللىك تەۋەككۇلچىلەرنىڭ تەلەي سىناش مەيدانى بولسا ، بەزىدە «ئەجنەبىيلەرنىڭ شەرقتىكى جەننىتى» بولدى ، يەنە بەزىدە رەقىبلەرنىڭ تىركىشىش سورۇنىغا ئايلاندى . بۇ شەھەر تۈرلۈك دۆلەتلەر ۋە تۈرلۈك سىياسىي مەزھەپدىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئوخشاش بولمىغان ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى . يېقىنقى بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت بۆلىكىدە چەت ئەللىك سەيياھلار بۇ يۇرتنى تەكشۈردى ، تەتقىق قىلدى ، شۇنداقلا قەشقەر ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇردى . ياۋروپالىق سەيياھلارنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى خاتىرىلىرى ئەڭ دەسلەپ ئىتالىيىلىك ساياھەتچى ماركوپولودىن باشلىنىپ ، يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندە چوقان ۋەلىخانوف ، كوروپاتكىن ، روبېرت شاۋ ، سۋېن ھېدىن ، ئاۋرېل ستەيىن ، ئالبېرت فون لېكوك ، مانىېرھېيىم ، گۇستاف رەكېت ، كاسېرىن ماكارتنىي ، سىكرايىن ، گۇننار ياررىڭ . . . قاتارلىقلارنىڭ خاتىرىلىرى ئارقىلىق غەرب ئىلىم ساھەسىدە مۇئەييەن سىستېما ھاسىل قىلدى . تۆۋەندە بۇ ھەقتە كونكرېت توختىلىپ ئۆتىمىز .

— 2 —

مىلادىيە 1271 ـ يىلى ئىتالىيىلىك ماركوپولو ۋېنېتسىيىدىن يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق مىلادىيە 1275 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇبلەي خاننىڭ ئوردىسى خانبالىق (بېيجىڭ) قا يېتىپ بارىدۇ ھەمدە بۇ يەردە بىر قانچە يىللار تۇرغاندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئەينى دەۋردىكى قەشقەر شەھىرى ۋە ئاھالىسىنىڭ سودا ـ تىجارىتى ھەققىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئاخىر بىز قەشقەر (Kashgar, Kashcar) شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەر قەدىمىي زاماندا بىر مۇستەقىل پادىشاھلىق ئىكەن، لېكىن ھازىر ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا ئېلىنىپتۇ. ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىكەن. بۇ يەرنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەھەر ـ راباتلىرى ۋە قەلئە ـ قورغانلىرى كۆپ ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ئەڭ مۇھىم شەھەر ھىسابلىنىدىكەن. خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تىلى بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇلار سودا ـ تىجارەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ چىرايلىق باغلىرى، مېۋىزارلىقلىرى ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرى بار ئىكەن. كېۋەز، زىغىر ۋە كەندىرنىڭ مەھسۇلاتلىرىمۇ مول ئىكەن. بۇلارنى مۇشۇ پادىشاھلىقنىڭ سودىگەرلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن، ئەمما بۇ ئەلنىڭ خەلقى پاكىزلىققا رىئايە قىلمايدىغان بولغاچقا، پاسكىنىچىلىقتا بەكمۇ بىچارە ئىكەن. ئوزۇقلۇقى يىرىك، ئىچىملىكلىرى سۈپەتسىز، ناچار ئىكەن. ئاھالە ئىچىدە مۇسۇلمانلاردىن سىرت، نىستورىئان مەزھىپىدىكى

خرىستىئانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلىرى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا ئىبادەت قىلىدىكەن. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن بەش كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك كېلىدىكەن.»[1] مانا بۇ بۇنىڭدىن يەتتە ـ سەككىز ئەسىر ئىلگىرىكى ئىتالىيىلىك سەيياھ ماركوپولونىڭ قەلىمى ئاستىدىكى قەشقەرنىڭ تېز سىزمىسى. ئەلۋەتتە، ماركوپولونىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى بايانلىرىدا، جۈملىدىن قەشقەر ھەققىدە يازغان قۇرلىرىدا خېلى زور دەرىجىدە ئېنىقسىزلىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىكلەر ساقلانغان، ئەمما بىز بۇ بايانلارغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش ئاساسىدا پايدىلانغىنىمىزدا، ئۇ قەشقەرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى مۇئەييەن دەرىجىدە چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

— 3 —

ماركوپولودىن كېيىن تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە تارىم ئويمانلىقىغا، جۈملىدىن قەشقەرگە كەلگەن ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىنى تېپىش خېلىلا قىيىن، ئەمما چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىيىشى ھەمدەقەدەممۇ قەدەم سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قاراپ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە، روسىيىلىك بىر تۈركۈم ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تارىم ئويمانلىقىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە روسىيە ئارمىيىسىدە خىزمەت ئۆتىگەن ياش قازاق ئوفىتسېر چوقان ۋەلىخانوف ۋە ئۇنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى خاتىرىلىرى بىزنىڭ

---

[1] ماركوپولو: «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 1991 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، 28 ـ، 38 ـ بەتلەر.

دىققىتىمىزنى ھەممىدىن بەكرەك جەلپ قىلىدۇ.
چوقان ۋەلىخانوف 19 - ئەسىردە قازاقلاردىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر تارىخچى، جۇغراپىيىشۇناس ھەم ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەت ھەنەپىي بولۇپ، چوقان ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. چوقان 18 يېشىدا ئارمىيىگە قاتنىشىپ، رۇسىيىنىڭ غەربىي سىبىر گوبېرناتورلىقىدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1856 - يىلى 5 - ئايدا چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن سېمېنوف تيانشانىسكىي باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئەترىتى تەركىبىدە تەڭرىتاغنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان. 1856 - يىلى 8 - ئايدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە غۇلجىدا ئۈچ ئايلىق تەكشۈرۈشتە بولغان، بۇ جەرياندا ئۇ « چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غۇلجا شەھىرى » ناملىق تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى يازغان.
چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ 1858 - يىلىدىن 1859 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەرگە قىلغان سەپىرى ۋە بۇ ھەقتىكى دۇنياغا مەشھۇر خاتىرىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قەشقەردىكى پائالىيىتى جەريانىدا «تەزكىرەئىي سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، «تەزكىرەئىي خوجىگان»، «تەزكىرەئىي تۇغلۇق تۆمۈرخان» ۋە «ئەبۇمۇسلىم مەرۋەزى» قاتارلىق قولیازمىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئاز ئۇچرايدىغان تاغ جىنسلىرى ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى توپلايدۇ. چوقان قەشقەر سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىن «قەشقەرىيە خاتىرىلىرى» ناملىق كۆندىلىك خاتىرىسى بىلەن «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ.
چوقان ۋەلىخانوف ئۇيغۇر تىلى بىلەن قازاق تىلى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق ھەمدە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى بىلەن

نىسبەتەن تونۇش بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن قەشقەر توغرىسىدا خېلى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تونۇشقا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭغا قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ياقىدۇ، ئۇ قەشقەرنىڭ ئىقلىمىنى «ئادەمگە يېقىشلىق، سالامەتلىككە پايدىلىق، ياتلارنىمۇ يەكلىمەيدۇ. قىش پەسلى قىسقا، تۇزۇك قار ياغمايدۇ» دەپ تەرىپلەيدۇ. چوقان ۋەلىخانوف ئەينى دەۋردىكى تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان ئالتە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى قانداق نام بىلەن ئاتايدىغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ مىللىي كىملىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى دىنىي ئېتىقادى ياكى يۇرت نامىرى بويىچە ئاتاپ ئادەتلەنگەن بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن «ئۇيغۇر» دېگەن نام رەسمىي قوللىنىلمىغان ئىدى. چوقان ۋەلىخانوف بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىچىك بۇخارا (قەشقەرىيە) دىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللەت نامى يوق، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ‹قەشقەرلىك›، ‹خوتەنلىك›، ‹قۇمۇللۇق› دېگەندەك يۇرت نامىرى بىلەن ئاتايدۇ. مانجۇلار (ياكى خەنزۇلار) ‹چەنتۇ› ياكى ‹چەنخۇي› دەپ ئاتىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن قىرغىزلار ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ‹قەشقەرلىكلەر› دەپ ئاتايدۇ. بۇ يۇرتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى تۈركىي تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر دىئالېكتىتا سۆزلىشىدۇ، خاراكتېرى ۋە رەڭگىروپىغا قارىغاندا ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت.»[1] چوقان ۋەلىخانوف قەشقەردە تۇرۇش ۋە بىر مەزگىل ياشاش جەريانىدا، ئالتە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئادىمىيلىكى،

(1) چوقان ۋەلىخانوف: «قەشقەر»، ۋېي چاڭخۇڭ، خې خەنمىنلەر تۈزگەن: «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىلىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى (خەنزۇچە)، 1994 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 74 ـ بەت.

كىشىلىك پەزىلىتى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ ھەم بۇ ھەقتىكى تەسىراتلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىك قائىدە - يوسۇنلىرىنى قانچە ماختىساق ماختىغۇچىلىكى بار. مانجۇ خانىدانلىقىنىڭ ئامبال - بەگلىرى ئۇلارنى گۇمانخور، يالغانچى، ھۇرۇن ھەم نادان دېيىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۇلارنى قورقۇنچاق، دىنى سۇس ھەم بۇزۇق دېيىشىدۇ. بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس - تۈگىمەس قۇللۇق ئاسارىتى، زورلۇق - زومبۇلۇق ھەم ئادالەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھۇرۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. لېكىن بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نېسىپ بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىغان بولسىدى، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىنىدىكى باشقا مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. ئالتە شەھەرلىكلەر كۆيۈمچان، باغرى يۇمشاق، ئوچۇق - يورۇق، ئەمگەكچان ۋە قائىدە - يوسۇنلۇق خەلق. ئۇلار قائىدە - يوسۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمما ئالتە شەھەر بەگلىرى قائىدە - يوسۇنلارنى بەك ئاشۇرۇۋېتىدۇ.»[1]

قەشقەر قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىش كۆزنىكى بولغانىدى. ھالبۇكى، چوقان ۋەلىخانوف بۇ يەرلەردىكى ئىسلام ئېتىقادى ۋە ئىسلام يوسۇنلىرىنىڭ باشقا جايلار (قوقان ۋە بۇخارالار) بىلەن خېلى روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، «بۇ يەردە ئىسلام دىنى يەرلىك قائىدە - يوسۇنلارغا بېقىنىپ يەرلىكلىشىپ كەتكەن

① چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» (ئۇيغۇرچە)، 2001 - يىلى 2 - سان، 49 - ، 50 - بەتلەر.

بولغاچقا ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش رولىنى يوقاتقان . ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا جايلىرىدا قەتئىي كۆزگە چېلىقمايدىغان ئاياللار ئەركىنلىكىنىڭ ئۆزىلا بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ »[1] دەيدۇ . چوقان ۋەلىخانوفنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغان «ئاياللار ئەركىنلىكى» دېگىنى ، ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا قاتنىشىشى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن ، ئۇ بۇ ھەقتە يەنە توختىلىپ ، «ئالتە شەھەرنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ . ھەتتا جەمئىيەت ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ئاياللارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ . يەكەن ھاكىمبېگى ھادىنىڭ خوتۇنى رەھىمە 1765 ـ يىلى يەكەندە تۇزۇملەرنى چىڭىتىپ ئەلنى ئەمىن تاپقۇزغان . قەشقەر ھاكىمبېگى يۇنۇس ۋاڭنىڭ خوتۇنى سەكىمەخان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا قازا قىلغان . ئالتە شەھەردە ئاياللار ئەرلىرى بىلەن بىللە مەشرەپ ، بەزمىلەرگە بارىدۇ . بۇ يەردە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئاز ئۇچرايدۇ »[2] دەيدۇ ھەمدە ئەمەلىي مىساللارنى نەقىل كەلتۈرىدۇ .

قەشقەرگە كەلگەن رۇسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ھەققىدە توختالغىنىمىزدا ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چارروسىيىدە ياشاپ ئۆتكەن «مەشھۇر كېڭەيمىچىلەرنىڭ بىرى »[3] ، رۇسىيىلىك يەنە بىر تەكشۈرگۈچى كروپاتكىننى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ . 1876 ـ يىلى مايدا تۈركىستان گوبېرناتورلىقىنىڭ باش ۋالىيسى ، گېنېرال ۋون . كائۇفمان

---

① چوقان ۋەلىخانوف : «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» (ئۇيغۇرچە ) ، 2001 ـ يىلى 2 ـ سان ،44 ـ بەت .
② ئا .ن .كوروپاتكىن : «قەشقەرىيە» ، «نەشرىيات ئىلاۋىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، (ئۇيغۇرچە ) 1959 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى ، 1 ـ بەت .
③ ئا .ن .كوروپاتكىن : «قەشقەرىيە» ، «مۇقەددىمە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) . 1995 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى ، 3 ـ بەت .

(Von Kaufmann) ياقۇپبەگ ئىشغالىيىتىدىكى رايون بىلەن پەرغانە ئۆلكىسى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا لىنىيىسىنى يېڭىۋاشتىن ئايرىپ بەلگىلەپ چىقىش ئۈستىدە ياقۇپبەگ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تۇنجى قېتىم قەشقەرىيىگە ئەۋەتىدۇ . كوروپاتكىن بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى يازىدۇ : «مەن بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۈستۈمگە ئالدىم . مېنىڭ ئاكام توپچى قىسمىنىڭ كاپىتانى ن . كوروپاتكىن (N. Koropatkin) ۋە لېيتېنانت ن . ستارتسېيېف (N. Startseff) بىلەن ئا .سونارگولوف (A. Soonargoolooff) لارمۇ بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىقىغا بەلگىلەندى . بۇنىڭدىن سىرت ، بىزگە ساقچىلىق قىلىش ئۈچۈن يەنە 15 كازاك ئەسكەر ئاجرىتىپ بېرىلدى .»[1]

كوروپاتكىن گەرچە «قەشقەرىيە» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ چىققان بولسىمۇ ، بۇ يەردىكى «قەشقەرىيە» جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەرنى كۆرسىتەتتى ، شۇ سەۋەبتىن ، پۈتۈن كىتابتا قەشقەر نامى ئاتىلىپ بېرىلگەن بايانلار كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ ، شۇنداقلا ئۇ ئۆز مۇددىئاسىنى ئاساس قىلغان ھالدا يەر شەكلى ، رايونلار ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ . ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ : «قەشقەرىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ يەرلىرى شور تۇپراقلىق ، پەقەت بوستانلىقلارلا مۇنبەت كېلىدۇ . قەشقەر دەرياسى ۋادىسىنىڭ جەنۇب تەرىپى كەڭ قۇملۇق ، چۆل بىلەن قاپلانغان . ئۇنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدا قۇملۇقلار ئاز . بۇ جايلاردا ئېدىرلىق شەكلىنى ئالغان قۇملۇقلارنى ئاندا ـ ساندا ئۇچرىتىش مۇمكىن . تاغ باغرىدىكى يەرلەر شېغىل تاشلىق سايلاردۇر .[2] » «ھەر بىر رايوندا بىردىن شەھەر ۋە نۇرغۇنلىغان چوڭ ـ كىچىك

---

①② ئا .ن .كوروپاتكىن : «قەشقەرىيە» ، «مۇقەددىمە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 1995 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى ، 3 ـ ، 5 ـ بەتلەر .

مەھەللىلەر بار . قەشقەر رايونىغا تەۋە يەرلەردىن سەمەن ، توققۇزاق ، قوغان ، قاراقىر ، بەشكېرەم ، ئاۋات ، قىزىلبوي ، ياندۇرما ، باي توقاي ، قوشئاۋات ، پەيزاۋات ، كوپسەڭگى ، تۆپراقلىق ، قارا باغ ، پاراچ ، بورا خىتاي ، ناچۇق ، دۆلەتباغ ۋە قىزىل دۆۋە قاتارلىقلار بار . »[1] ئۇنىڭدىن باشقا ، كوروپاتكىننىڭ «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابىدا يەنە قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھەرساھە ئەھۋالىغا ئالاقىدار خېلى كۆپ ئۇچۇرلار بار .

— 4 —

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كېڭىيىشى ۋە پامىر رايونىغا تەدرىجىي يېقىنلاپ كېلىشى ھىندىستاننى بېسىپ ياتقان برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاشقا باشلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى تارىم ئويمانلىقىغا زور تۈركۈمدىكى ئېكسپېدىتسىيىچى ۋە ئۇچۇر توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتىشكە باشلايدۇ . شۇ مەزگىللەردىكى تارىم ۋادىسىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىدىن ياۋروپا ئەللىرىگە بىر قەدەر ئەتراپلىق ئۇچۇر بەرگۈچى ئەنگلىيىلىك روبېرت شاۋ ۋە ئۇنىڭ قەشقەر ۋە يەكەن ھەققىدە يازغان《Visits to High Tatary,Yarkand an Kashgar—Return Journey over the Karakoram》[2] دېگەن كىتابىدۇر .

1868 - يىل 20 - سېنتەبىردە ئەمدىلا 29 ياشقا كىرگەن ئەنگلىيىلىك چاي سودىگىرى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ، لاداق

---

① ئا .ن .كوروپاتكىن : «قەشقەرىيە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 1995 - يىل ، 5 - ئاي نەشرى ، 37 - بەت .

② 罗伯特·沙敖:《一个英国商人的冒险》，新疆人民出版社，2003年9月版。(《鞑靼高地，叶尔羌，喀什噶尔游记 — 翻越喀喇昆仑山口的回程》)

رايونىدىكى لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ ، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى سىرلىق ئويمانلىق — تارىم ۋادىسىغا يېتىپ كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى يەكەن ۋە قەشقەرگە بېرىش ئىدى . بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ تارىم ۋادىسىنى ئىگىلەپ ، بۇ يەرلەرنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمرانىغا ئايلانغانىدى . روبېرت شاۋ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ياقۇپبەگ بىلەن ئۈچ قېتىم كۆرۈشىدۇ . شۇنداقلا بىر مەزگىل ئۇنىڭ نەزەربەند ئاستىدا قەشقەردە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ .

روبېرت شاۋنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى سىياسىي مۇددىئانى ئاساس قىلغاچقا ، ئۇ كىتابىدا ئاساسەن ياقۇپبەگ ئوردىسىدىكى ۋە سىياسىي ، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئەھۋاللارنى كۆپلەپ بايان قىلغان بولۇپ ، قەشقەر ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار ئەھۋاللار ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ . ئۇ ئەينى دەۋردىكى ھېيت ھارپىسى ۋە قۇربان ھېيت ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ : «بۈگۈن چۈشتىن كېيىن داقا - دۇمباق ساداسى ئىچىدە ئەتە ھېيت ئىكەنلىكى جاكارلاندى . بەزىلەر قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە تۇياق قوي ۋە ئىككى تۆگە ئېلىپ كېلىشتى . تەرجىمانىم بۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ بىر قوچقارغا تېگىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى ، قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوينى بوغۇزلاشتىن ئىلگىرى ئالاھىدە بېقىش ۋە ئاسراش كېرەك ئىكەن . »[1] ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ : «بۈگۈن قۇربان ھېيت كۈنى ، قەشقەرلىكلەر ئادەتتە بۇ كۈننى ‹ ھېيت › دەپلا ئاتايدۇ . ئۇ ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلغان كۈننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن كېلىپ چىققانىكەن . تاڭ سۈزۈلگەندە تۆت پاي زەمبىرەك ئوقى ئېتىلدى ، ئارقىدىن يەنە تۆت

---

[1] 罗伯特·沙敖:《一个英商人的冒险》, 新疆人民出版社,2003 年 9 月版,第 206 页.

پاي ئېتىلدى . تەرجىمانىمىنىڭ ئېيتىشىچە ، 5000 ~ 6000 دەك كىشى ھېيتگاھ جامەسىگە يىغىلىپ قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇپتۇ . ھېيت نامىزىغا ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىمۇ قاتنىشىپتۇدەك . »[1]

1869 - يىلى سېنتەبىرگە كەلگەندە ، روبېرت شاۋ ياقۇببەگنىڭ نەزەربەند قىلىشىدىن خالاس بولۇپ ، يەكەنگە قايتىشقا ئاتلىنىدۇ . ئۇ سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەر ھەققىدە توختىلىپ ، «يەنە بىر توپ ئاياللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئۇلار بېشىغا قارا جىيەكلىك دوپپا كىيگەن ، ئاق ياغلىق چەككەنىدى . تۇرالغۇمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ، ئۇلار چۇمبەلنى چۈشۈرۈپ يۈزلىرىنى يۆگىۋېلىشتى . مەلۇم سالاھىيەتكە ئىگە كىشىلەر ۋە بەگ - تۆرىلەر ئۆتكەندە بولسا ، قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ ، ‹ئەسسالامۇئەلەيكۇم› دەپ ئەھۋال سورىشاتتى . سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرىپ - چىقىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى : بەگلەر ئېسىل كىمخاپ تونلارنى كىيىپ ، بەللىرىگە كۈمۈش زەيلىك بەلۋاغلارنى تاقاپ ، شەمشەر ئېسىپ ، مۈرىلىرىگە مىلتىق ئېسىۋالغانىدى . موللىلار ئۈستىگە سىدام تون ، بېشىغا يوغان سەللە يۆگىۋالغانىدى . ئۆتۈك كىيىۋالغان ھارۋىكەشلەر خوجايىنلىرىنىڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ، ئايلاندۇراتتى ياكى سۇغىراتتى ، ئۇلارنىڭ بىرىنى مىنىۋالسا ، يەنە بىرىنى يېتىلىۋالاتتى . ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، سەللىنى كۆزىگىچە يۆگىگەنىدى . ئۇلار ھىندىستاننىڭ ھارۋىكەشلىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى »[2] دەپ يازىدۇ .

① 罗伯特・沙敖:《一个英商人的冒险》，新疆人民出版社，2003 年 9 月版，第 207 页．

① 罗伯特・沙敖:《一个英商人的冒险》，新疆人民出版社，2003 年 9 月版，第 230 页。

روبېرت شاۋدىن كېيىن قەشقەرگە كىرگەن ئەنگلىيىلىك يەنە بىر ئېكسپېدىتسىيىچى، روبىرت شاۋنىڭ جىيەنى ياڭخازبەند بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ ۋە شىزاڭنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئەمەلىيەتتە ھىندىستاننىڭ شىمالىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئەنگلىيىدىكى ساندخۇرست مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 19 يېشىدا ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئەنگلىيىلىكلەر ۋە رۇسىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭ، پامىر ۋە قاراقۇرۇم ئېغىزىدىكى ھوقۇق تالىشىش ۋە كۈچ سىنىشىش كۈرىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان كىشى ئىدى.

ئۇ ئىلگىرى بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، موڭغۇل دالىسى، تارىم ۋادىلىرىنى بويلاپ كەشمىرگىچە بولغان بىر قېتىملىق ئۇزۇن ۋە مۈشكۈل قۇملۇق سەپىرىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. 1890 ـ يىلى 1 ـ نويابىرغا كەلگەندە، ياڭخازبەند قەشقەرگە 2 ـ قېتىم يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ قەشقەر توغرىسىدا: «مەمۇرىي ۋەزىپەم مېنىڭ پۈتۈن بىر قىش مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ»[①] دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ مەمۇرىي ۋەزىپىسى ئامال قىلىپ ئەينى چاغدىكى رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋىسكىي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئىدى. ئۇ قەشقەردىكى مەزگىلىدە شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن، فرانسىيىلىك رىنىس ھەمدە گوللاندىيىلىك پوپ ھېندرىكس قاتارلىقلار بىلەن تونۇشىدۇ.

يېقىنقى دەۋر ئەنگلىيە تارىخىدا، بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا كېڭەيمىچىلىك تارىخىدا قەشقەر ناھايىتى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئايلانغانىدى. ئەنگلىيىنىڭ قەدەممۇ

② 《丝绸之路与文明的对话》,中国中外关系史学会、暨南大学文学院 主编,新疆人民出版社,2007年5月版,第207页。

قەدەم ئافغانىستانغا كۆز تىكىشى ، چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى كۈچەيتىپ ، بارغانسېرى جەنۇبقا قىستاپ كېلىشى بۇ ئىككى ئىمپېرىيىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى مۇستەملىكە تالىشىش كۈرەشلىرىنى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى . قەشقەر دەل ئۇلارنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى تەسىر دائىرە تالىشىش ۋە كۈچ سىنىشىش رىقابىتىدىكى ئارىلىق رايون بولۇپ قالدى . روسىيە ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان چىڭ خاندانلىقىغا بېسىم ئىشلىتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلىپ ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئادەملىرىنى بۇ يەردە تۇرغۇزۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتمەكچى بولدى . چارروسىيە تەرەپ سىياسىي ھىيلىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان پېتروۋسكىينى قەشقەردىكى باش كونسۇللۇققا تەيىنلىگەن بولسا ، بۈيۈك برىتانىيە ھۆكۈمىتىمۇ خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەيدىغان ، ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە گېئورگىي ماكارتنىينى قەشقەردىكى كونسۇلخانىنىڭ تۇنجى باش كونسۇللىقىغا تەيىنلەيدۇ .

ماكارتنىي ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى قەشقەردىن ئىبارەت بۇ كۆزىتىش نۇقتىسىغا ئەۋەتكەن تۇنجى دىپلوماتىيە خادىمى . 1890 ـ يىلى 28 ياشلىق ماكارتنىي ئۆزىدىن ئىككى ياش چوڭ بولغان ياڭخازبەند بىلەن بىرگە قەشقەرگە كەلگەن . «ئۇنىڭ قەشقەردىكى ئاشكارا ۋەزىپىسى قەشقەر ۋە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھىندىستانغا قاراشلىق ئەنگلىيىلىك پۇقرالارنى باشقۇرۇش بولۇپ ، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ جايلاردىكى سودىگەرلەر ياكى جازانىخورلار ئىدى . ئۇنىڭ ئاشكارا قىلمايدىغان ۋەزىپىسى روسىيىلىكلەرنىڭ قەشقەردىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى ، بولۇپمۇ پېتروۋسكىيدەك ھىيلىگەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىش ئىدى .

ماكارتنىي قەشقەرگە بارغان چاغدا ، ئۇ يەردە تۇرغىنىغا سەككىز يىل بولغان پېتروۋسكىي ئەمەلىيەتتە بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋالغانىدى . »[1]

1898 ـ يىلى ماكارتنىي رۇخسەت بىلەن ئەنگلىيىگە دەم ئېلىشقا باردۇ ھەم قايتىشىدا خوتۇنى كاسېرىن ماكارتنىينى بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ . گەرچە بىز گېئورگىي ماكارتنىينىڭ قەشقەر ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىدىن ئانچە كۆپ خەۋەردار بولمىساقمۇ ، ماكارتنىي خانىمنىڭ قەشقەرگە بېغىشلاپ يازغان «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» دېگەن ئەسىرى بىزنى ئەينى دەۋردىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى ، ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئائىت ناھايىتى مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .

ماكارتنىي خانىم قەشقەردە 17 يىل تۇرۇش ۋە ياشاش جەريانىدا قەشقەر ۋە بۇ يەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇر خەلقى ھەققىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ . ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىكى دەسلەپكى تەسىراتلىرىنى مۇنداق يازىدۇ : «قەشقەرگە يېڭى بارغان چېغىمدا ، بازارلاردا چەت ئەل ماللىرى يوق دېيەرلىك ئىدى . بايلارلا ئېسىل كىيىنگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئاددەملەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايدا توقۇلغان قىل ماتادىن كىيىم كىيەتتى . ئۇ چاغلاردا رۇسىيىدە ئىشلەنگەن كۇندىلىك بۇيۇملار تېپىلمايتتى . قەنتمۇ كەمچىل ئىدى . شۇڭا بۇ شەھەرنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان كونا قېلىپىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى ، كوچىلىرى ، بازارلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ كونا پېتى تۇرغانلىقىنى ئويلىسا ، ئاددەمگە تولىمۇ قىزىق تۇيۇلىدۇ . بۇ يەردىكى ئاددەملەرنىڭ كىيىنىشى ، يېمەك ـ ئىچمىكى ، تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئەجدادلىرىنىڭكىدىن

[1] كاتارىن ماكارتنىي : «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى ، كىرىش سۆز ، 3 ـ بەت .

هېچقانداق پەرق قىلمايتتى .»[1] ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ : «ئېتىزلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپى توپا تام بىلەن ئورالغان ئۈچ بۇرجەكلىك بىر پارچە يەر بولۇپ ، رۇس شەكلىدىكى كرېست قادالغانىدى . بۇ رۇسىيىلىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقى ئىدى . قەبرىستانلىق كەينىدە قەشقەر دەرياسى — قىزىل دەرياسىنى كۆردۇم . دەريا بويىدا بەزىلىرى سۇ ئىچىدە ، بەزىلىرى قىرغاقتا تۇرۇپ بىر مۇنچە ئات سۇ ئىچىۋاتاتتى . قىپيالىڭاچ بالىلار ياۋىداق ئاتلارغا مىنىۋالغانىدى . بۇ تۇغما يالىڭاچ بالىلار ئات ئۈستىدا قانداق ئولتۇرۇۋاتقاندۇ ؟ ماڭا نىسبەتەن بۇ بىر مۆجىزە ئىدى : ئۇلار مىنگەن ئاتلىرىنىڭ بوينىغا ئارغامچا باغلىۋالغان ، ئاتلار ئۇلارغا بويسۇناتتى ، ئۇلار بولسا ئات ئۈستىدە شۇنداق ئەركىن ئولتۇراتتى ! دەريا بويىدا يەنە ئېشەكلەرگە ئارتىلغان سوغىلار ، چېلەكلەرگە سۇ ئېلىۋاتقان ئەرلەر ، ئوغۇل بالىلار بار ئىدى . ئۇلار بۇ سۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ ساتاتتى . قىزىل دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدا بوياقچىلار بويىغان ماتالارنى دەريا سۈيىدە چايقايتتى . قىزىل رەڭدە بويالغان ماتالار چىرايلىق ، ئوچۇق رەڭ ئالغانىدى . ئۇلار قارا رەڭدە ئېچىلغان لەيلىگۈلنى بوياق ماتېرىيالى قىلاتتى .»[2] مانا بۇلار شۇ دەۋردىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ قىسمەن كارتىنىسى ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى بىر قىسىم تىرىكچىلىك يوللىرىنىڭ جانلىق سۈرەتلىنىشى .

قەشقەر يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىش ۋە ئۆتۈشۈش تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن . بۇ ھال قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىمۇ ناھايىتى روشەن

---

① كاتارىن ماكارتنىي : «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى ، 82 - بەت .

② كاتارىن ماكارتنىي : «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى ، 38 - ، 39 - بەتلەر .

كۆرۈلگەن . بۇ يەردىكى رۇسلار ، ئىنگلىزلار ، شۋېتلار ۋە باشقا
مىللەتلەر بۇ يەردە ھەدەپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى بازارغا
سالغان ھەمدە ئىدىيە ، مەپكۇرلىرىنى تەرغىب قىلىپ ، يەرلىك
خەلققە تەسىر كۆرسەتمەكچى ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان ،
شۇنداقلا بەزى ئەمەلىي ئۇنۇملەرگىمۇ ئېرىشكەن . ماكارتنىي
خانىمنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىدىن بۇ نۇقتىنى مەلۇم دەرىجىدە ھېس
قىلالايمىز : «قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مىلاد بايرىمى
بولدى . بىز رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىن باغاق تاپشۇرۇۋالدۇق ،
ئۇلار بىزنى مىلاد بايرىمى ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلغانىكەن
(رۇسىيىلىكلەرنىڭ مىلاد بايرىمى بىزدىن 13 كۈن كېيىن ئىكەن )
ئۇ يەردە بىز باشقىلار بىلەن بىرگە مىلاد بايرىمى ئۈچۈن ئالاھىدە
بېزەلگەن ئارچا دەرىخىنى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىدۇق ، ناخشا
ئېيتتۇق ، ناخشىنى ھەركىم ئۆزىنىڭ تىلىدا ئېيتتى . كەچلىك
تاماق ۋاقتىدا ئەتراپىمغا نەزەر سالسام ، كىشىلەر رۇسچە ،
ئىنگلىزچە ، شۋېتچە ، فرانسۇزچە ، خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە ، ھىندىچە ،
پارسچە سۆزلىشىۋېتىپتۇ .»[1] ئۇنىڭدىن باشقا ، قەشقەرلىكلەرنىڭ
ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ، بەدەن قۇرۇلۇشى ، تەقى - تۇرقى ، چىراي -
شەكلىمۇ ماكارتنىي خانىمنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقانىدى . ئۇ
بۇ ھەقتىكى تەسىراتىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ : « قەشقەر
كىشىلىرىنىڭ تەقى - تۇرقى ، چىراي - رۇخسارى ھەم خىلمۇ
خىل . ياۋروپالىقلارغا خاس ئالاھىدە بەلگىلەر ئاز - تولا بار . ئەر -
ئاياللار قاۋۇل ، بەستلىك ، كېلىشكەن ، چىرايلىق بولۇپ ،
چىرايىدىن بىر خىل ئېسىل سۈپەتلىك چىقىپ تۇراتتى .
قىرغىزلارنىڭ يۈزى ياپىلاق ، مەڭزى قىپقىزىل ، ياندىن قاراشقا
يۈز كېپتى ئافغانلاردەك سوزۇق ۋە ئېنىق كۆرۈنەتتى ؛ يەنە ھىندى

[1] كاتارىن ماكارتنىي : « قەشقەرنى ئەسلەيمەن » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 2000 -يىلى 9 - ئاي نەشرى ، 57 - بەت .

دىنىدىكى ۋە مۇسۇلمان دىنىدىكى ھىندىستانلىقلارمۇ ، خەنزۇلارمۇ بار ئىدى . ئالتۇن چاچلىق ، دېڭىز سۈيىدەك يېشىل كۆزلۈكلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى . ئۇلار ئارىئان قېنىدىكىلەر بولۇشى مۇمكىن . قەشقەردە كىشىلەر قەشقەرلىكلەرنىڭ زادى قايسى ئىرقا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاسانلىقچە دەپ بېرەلمەيدۇ . نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ، كىشىلەرنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن كىرىشى بىلەن بۇ يەردىكى ئىرقلارنىڭ شالغۇتلىشىشى خېلىلا ئېغىرلاشقان . بۇ يەردىكى قىز - چوكانلار ناھايىتى چىرايلىق ، جازىبىلىك ، بەزى ئوغۇل باللارمۇ بەك كېلىشكەن ، بولۇپمۇ ئورا كۆزرەك كەلگەن 12 ياشلاردىكى ئوغۇل - قىزلار ناھايىتى گۈزەل . ئۇلار دۇخاۋا ، چىت رەختلەردىن كىيىم ، يارشىملىق تۇماق ، دوپپىلارنى كىيسە ، ئىتالىيانلارغا ياكى ئىسپانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ »[1] دەپ يازىدۇ .

ماكارتىنىي خانىمنىڭ قەشقەر ۋە قەشقەرلىكلەر ھەققىدىكى بايانلىرى ۋە تەسىراتلىرىنى تولۇقى بىلەن بىر - بىرلەپ بايان قىلىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ ، بىراق بىز ماكارتىنىي خانىمنىڭ كىتابىدىكى تۆۋەندىكى بىر جۈملە بايانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارىدۇق . بۇ بىزنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزى ئارقىلىق ئۆز روھىيىتىمىزنى ئوبيېراتسىيە قىلىشىمىزدا مەلۇم رول ئوينايدۇ : «بۇ ئادەملەر ( قەشقەرلىكلەرنى دېمەكچى ) نىڭ قولىقى يۇمشاق ، باشقۇرۇش ئاسان ، ئۇلارنىڭ بىرەر يامان ئىللەتلىرى يوق ، ياخشى تەرەپلىرىمۇ يوق . »[2]

گېئورگىي ماكارتىنىيدىن كېيىن ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچىلىغان كونسۇللار كېلىپ ، قەشقەردىكى رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتى ۋە

---

[1] كاتارىن ماكارتىنىي : «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى ، 67 - ، 77 - بەتلەر .

[2] كاتارىن ماكارتىنىي : «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى ،67 - بەت .

ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى ئىمتىيازلىرىغا كاپالەتلىك قىلدى. «ماكارتنىي ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى تۇنجى ئەمەلدارى بولغان بولسا، سىپتون چىنىباغدىكى كونسۇلخانىنى تاقىغۇچى بولدى.»[1]. 1947 - يىلى ھىندىستان مۇستەقىل بولدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ مۇستەقىللىقا ئېرىشىشى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنى ھىمايىسىز بىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

سىپتون قەشقەرگە كەلگەن ۋاقىتتا خانىمى دىئاننانىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ. «دىئاننا خانىم خۇددى كاسىرىن خانىم بىلەن بەسلەشكەندەك، سەپەرگە قەدەم بېسىش بىلەن تەڭلا قەلىمىنى ئىشقا سالىدۇ. مەقسەتسىز بولسىمۇ سىپتون ئەر - ئايال ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ماڭغاندا، پامىر، قاراقۇرۇم تېغى ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرگە بېرىشتەك يېڭى يولنى تاللىۋالىدۇ.»[2] بۇ قەدىمىي ماكاننىڭ ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋاللىرىنى كاسىرىن خانىم ئەسلىمە قىلغان بولسا، كېيىنكى ئەھۋاللىرىنى دىئاننا خانىم يېزىپ قالدۇرىدۇ. ئۇ ئەينى دەۋر قەشقەر كىشىلىرى ھاياتىنىڭ جانلىق كارتىنىسى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قەشقەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ماكانى ئىدى، ئۆزىنى مەھكەم ئورىۋالغان ئاياللار، ئۇزۇن ساقاللىق، يۈزى سۈزۈك، كېلىشكەن ئەرلەر (ئۇلارنىڭ تېرىسى ئادەم ھاڭ - تاڭ قالغۇدەك ئاق ۋە سۈزۈك ئىدى)، ئۇياندىن - بۇيانغا ئۆتۈپ تۇرغان ئېشەكلەر، غىچىرلىغان مەپىلەر ياكى يارىيار ھارۋىلار (ئۇلارنىڭ چاقىنىڭ يوغانلىقى

① دىئاننا سىپتون: «قەدىمىي ماكان»، «مۇقەددىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 2 - بەت.
② دىئاننا سىپتون: «قەدىمىي ماكان»، «مۇقەددىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 2000 - يىلى، 9 - ئاي نەشرى، 3 - بەت.

ئادەمنى ئەندىشىگە سالاتتى ) ، چىرايلىق توقۇلغان ئاتلار ، بوينىغا ئېسىلغان كىچىككىنە كولدۇرمىلار ۋە پۇلاڭلاپ تۇرغان پۆپۈكلەر ؛ چاچلىرىنى نۇرغۇن كىچىك ئۆرۈم قىلىپ ئۆرگەن دوپپا كىيگەن قىزلار ۋە قىزچاقلار ؛ ئاندا - ساندا مۇڭلۇق نەي چېلىپ ئۆتكەن ئوغۇل بالىلار ؛ يول بويىدا قوغۇن - تاۋۇز سېتىشىۋاتقان باققاللار ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تىپىك ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلاتتى . »[1] بۇ بايانلار تولىمۇ ئىنچىكە بولۇپ ، ئۇنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا قەشقەرنىڭ ئاشۇ قايناق ، جۇشقۇن مەنزىرىسى نامايان بولۇپ ، خىياللار ۋە ئەسلىمىلەر ئىچىدە بۇ قەدىمىي ماكانىنىڭ ئاۋات رەستىلىرىگە قەدەم تاشلايدۇ . دېئاننا سىپتونمۇ خۇددى كاسىرىن ماكارتنىنىغا ئوخشاش ئۆز ئەسىرىدە قەشقەرلىكلەرنىڭ پىسخىكىسىغا دىئاگنوز قويۇپ مۇنداق يازىدۇ : «قەشقەرنىڭ ئادەملىرى ھۇرۇن ، چېچىلاڭغۇ ، ئەمما تىنچ ، ئىناق ياشايدىكەن ، ئۇلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى مۇشۇنداق ياشاپ كەلگەنىكەن . ھازىر شۇنداق تىنچ ياشاۋېتىپتۇ . شۇڭا ئۇلاردا ئېسكىموسلاردەك جاسارەت ۋە قەيسەرلىك يوق ، پاردانلاردەك ئۇرۇشخۇمار مىجەزنىمۇ يېتىلدۇرمىگەنىدى . ئۇلاردا تىبەتلىكلەردەك جۇشقۇنلۇق ۋە تېتىكلىك ، كەشمىرلىكلەردەك قولى گۈل ، چېۋەرلىكتىنمۇ ئەسەر يوق ئىدى . ئەمما بۇ يەردىكى ئۇيغۇر دېھقانلار ھەرقانداق بىر جايدىكى ئاددىي - ساددا كىشىلەرگە ئوخشاشلا دوستانە ، مېھماندوست . ئۇلار ئاددىيسى بىرەر لەتىپىدىنمۇ سىز بىلەن تەڭ بەھرە ئېلىشنى خالايتتى . بەزىدە ئۇلارنىڭ يالقاۋلىقى جانغا تېگەتتى . قىلغان ئىشىمۇ كۆڭۈلگە ياقمايتتى . ۋەھالەنكى ، ئۇلارغا ئارتۇقچە تەلەپ قويمىسىڭىزلا ،

---

[1] دېئاننا سىپتون : «قەدىمىي ماكان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى ، 204 - بەت .

ئۇلار شۇنچىلىك جەلپكار ، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىدى .»[1] دەرۋەقە ، بۇ قەشقەر ئاھالىلىرىگە بېرىلگەن ئانچە ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق باھا بولمىسىمۇ ، لېكىن ، بىزنىڭ ئەنگلىيىلىك بىر ئايالنىڭ نەزەرىدىن ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىك كەيپىياتىنى كۆزىتىشىمىزدە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە .

## — 5 —

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاز بولمىغان شۋېت مىسسىئونېرلىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مۇھىم شەھەر — قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى باشلىدى . مۇشۇ دەۋرلەردە يەنە بىر قىسىم شۋېت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تارىم ئويمانلىقىدا جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . بەش قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيىسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ ، ھالاكەت دېڭىزى — تەكلىماكانىنى بويسۇندۇرغۇچى سۋېن ھېدىن ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر .

سۋېن ھېدىن 1896 ـ يىلى تۇنجى قېتىم سال بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ ، ئۆز دەۋرىدىكى لوپنۇر رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئابدان كەنتىگە كەلگەن بولۇپ ، شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1934 ـ يىلىغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر بەش قېتىم بۇ رايونغا ئېكسپېدىتسىيە سەپىرى قىلدۇ . لوپنۇردىكى قەدىمىي كروران شەھەر خارابىسىنىڭ بايقىلىشى سۋېن ھېدىننىڭ

① دىئانا سىپتون : «قەدىمىي ماكان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى ، 206 ـ بەت .

ئاشۇ تەۋەككۇلچىلىكلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى ئىدى .

1890 - يىلى سۋېن ھېدىن ئۈچ نەپەر خىزمەتكار ۋە رۇسىيە ئوفىتسېرىنىڭ ياردىمىدە بوران - چاپقۇنغا قارىماي ئوشتىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ . نەچچە ئايلىق جاپالىق سەپەردىن كېيىن 14 - دېكابىر قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ . بۇ كۈن سۋېن ھېدىن ئۆچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولۇپ قالىدۇ : «14 - دېكابىر سۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىدا خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بىر كۈن بولدى . بۇ كۈن ئۇ ھاياتىدا 1 - قېتىم ، كېيىنكى چاغلاردا كۆپ قېتىم ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ قوماندانلىق شتابى بولغان مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر — قەشقەرگە يېتىپ كەلدى .»[1] سۋېن ھېدىن بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق يازىدۇ : «ئۈچ كۈندىن بېرى بىز ئاقسۇدىن يولغا چىقتۇق ، مۇھەممەت ئىمىن بىزگە ھەمراھ بولدى . 21 - كۈنى بىز بارماقچى بولغان جاي قەشقەر — سۇلىغا يېتىپ كەلدۇق . بۇ مېنىڭ كېيىنكى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىم باشلىنىدىغان جاي ئىدى .»[2] گەرچە سۋېن ھېدىننىڭ قەشقەر ھەققىدە ئېيتقانلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ تەۋەككۇلچىلىك ۋە ئىزدىنىش روھى بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىكتۇر .

ئۇيغۇرلار ھەققىدە زور ئىلمىي ئەمگەكلەرنى مەيدانغا چىقارغان ، شۇنداقلا قەشقەر خەلقى بىلەن چوڭقۇر رىشتە ئورناتقان شېۋىتسىيىلىك يەنە بىر مەشھۇر زات — گۇننار ياررىڭدۇر . ئۇ 1929 - يىلى ۋە 1978 - يىلى قەشقەرگە ئىككى قېتىم كەلگەن بولۇپ ، بۇ جەرياندا ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەر ۋە چوڭقۇر ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى ، ئەدەبىياتى ، مەدەنىيتى

---

[1] لى جۇن ، دېڭ مياۋ : «سۋېن ھېدىن» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 2004 - يىلى 3 - ئاي نەشرى ، 22 - بەت .

[2] سۋېن ھېدىن : «ھايات - ماماتلىق باياۋان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 2005 - يىلى 8 - ئاي نەشرى ، 118 - بەت .

ھەمدە ئېتنوگرافىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ئىلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەرگە بېغىشلانغان ئەسەر بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن ناھايىتى مول ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

گۇننار ياررىڭنىڭ قەشقەر ۋە قەشقەر خەلقىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قەشقەرگە بولغان يۈكسەك ھېسسىياتى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ قەشقەرگە تۇنجى قېتىم ئاياغ باسقان چاغدىكى تەسىراتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «1929 - يىلى قەشقەرگە كېلىپ خۇددى ھازىرقى دەۋردىن ئوتتۇرا ئەسىرگە — ‹مىڭ بىر كېچە› نى فىلىمگە ئېلىش ئۈچۈن راسلىغان كۆرۈنۈش ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بۇ يەردە يا ئاپتوموبىل، يا موتسىكلىت يوق ئىدى، ھەتتا ۋېلسىپىتمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى. بازار ئەتراپىدىكى قاراڭغۇ، تارچۇق كوچىلارنى يورۇتىدىغان ئېلېكتر چىراغلار يوق ئىدى. قەشقەردە گېزىت يوق ئىدى، مەتبەئەدە بېسىلغان كىتاب تېخىمۇ يوق ئىدى. مىرزا - كاتىبلار چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قولىيازمىلارنى ئەرەب ھەرپى بىلەن رەتلىك كۆچۈرەتتى. ھەممىلا يەردە لىق سۇ قاچىلانغان تۇلۇم - چايشاپلارنى دۈمبىسىگە ئارتىپ سۇ توشۇۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. تارچۇق كوچىلاردا ھەر مىللەت كىشىلىرى مېڭىپ يۈرەتتى. بايلار ۋە ئېسىلزادىلەر چىرايلىق گۈللۈك يوپۇق - شالچا سېلىپ ئېگەرلەنگەن پۈزۈر ئاتلارغا مىنىپ، مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆياقتىن - بۇياققا ئۆتۈپ يۈرەتتى. قول ئىلكىدە پۇل - مېلى ئانچە جىق ئەمەسلەر ئېشەككە مىنەتتى. ھالبۇكى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى بولغان كەمبەغەللەر پىيادە ماڭاتتى.»[1] گۇننار

---

[1] گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 1998 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 110 -، 111 - بەتلەر.

يارىڭ بىر تەرەپتىن ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر ھەققىدە چوڭقۇر ھېسلارغا چۆمسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ قەدىمىي ماكاننىڭ دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ، خەلقئارا ئىلىم ساھەسى تەرىپىدىن تەتقىق ۋە تەشۋىق قىلىنمىغانلىقىدىن ئېچىنىدۇ . ئۇ بۇ ھەقتىكى تەسىراتىنى مۇنداق ئىپادە قىلىدۇ : «كىشىلەر شۇ چاغدىكى قەشقەرگە ئوخشاش تازا روناق تاپقان ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام جەمئىيىتىنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپالمايدۇ . ئىلگىرى ئافغانىستاندا شۇنداق ئىجتىمائىي ھالەت خېلى ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ ، بىراق بۇنداق ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەر ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ توختاۋسىز دولقۇنى ئالدىدا ئاللىقاچان بەربات بولۇپ كەتتى . ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، قەدىمكى قەشقەر ھەققىدە كىشىنى قانائەتلەندۈرگۈدەك ئەسەر يازىدىغان ئادەم چىقمىغاندى . ئۇيەردىكى بازارلارنى ، ئاشۇ تۇرمۇشنى دەۋر قىلىپ شەكىللەنگەن قايناق ھاياتنى تەسۋىرلەيدىغان ئادەم چىقمىغاندى . »[1]

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش بىلەن بىرگە ، ئەڭ چوڭ سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى . قەشقەرلىكلەر سودىغا تولىمۇ ماھىر ، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەندە مۇئەييەن سودا ئېڭى شەكىللەنگەن بولۇپ ، سودىنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ . گۇننار يارىڭ قەشقەر بازارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ : «قەشقەر بازارلىرىدىكى تار كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە دۇكانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، دۇكاندارلار خېرىدار كۈتۈپ يەرگە سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ ، ئۇلار ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرمايدۇ ، ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغانلار كوچىلاردىكى مۇقىم دۇكىنى يوق ئۇششاق ئېلىپساتارلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئورنى دۇكاندارلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ . قەشقەر بازارلىرىدىكى

---

[1] گۇننار يارىڭ : «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى ، 113 ـ بەت .

نەرسىلەرنىڭ باھاسى تۇراقسىز بولىدۇ، دۇكاندار خېرىدارغا شۇنداق بىر قاراپلا خېرىدارنىڭ قانداق ئىقتىسادىي مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى دىتلاپ بولىدۇ - دە، كېيىن ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاسان - ئاسان ئەمەسلىكىنى دەڭسەپ كۆرىدۇ. مانا بۇلار مالغا دەسلەپ باھا قويۇش دائىرىسىنى بەلگىلەيدۇ. كەينىدىنلا يەنە بىردەم باھا تالىشىش بولىدۇ، بۇ سودىلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنى پەيدىنپەي قىزىتىشتىكى سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەت. بازاردا ھەربىر كەسىپ ۋە ھۈنەر - سەنئەتنىڭ مۇقىم ئورنى بولىدۇ. توقۇلما بۇيۇملار ۋە گىلەم بازىرىدىكى جىمجىتلىق بىلەن مىسكەر بازىرىدىكى «تاراڭ - تۇرۇڭ» قىلغان سادالار روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ.»①

1978 - يىلى 9 - ئايدا گۇننار ياررىڭ قەشقەرگە يەنە بىر قېتىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدىكى تەسىراتى ئاۋۋالقى تەسىراتى بىلەن خېلى زور پەرققە ئىگە ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «مەن بۇ نۆۋەت قەشقەرگە كېلىپ، بۇنىڭ 1929 - ~ 1930 - يىللىرى ئېسىمدە قالغان قەشقەردىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، ئەمما يېزا - قىشلاقلارنىڭ مەنزىرىسى ئېسىمدىكى مەنزىرە بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى... ئەمما قەدىمكى كوچىلار تەدرىجىي ئازايغان بولۇپ، قەدىمىي قەشقەرنىڭ كۆپلىگەن جايلىرى ئۆزىنىڭ كونا تۇسىنى يوقاتقان ئىدى. كوچىلاردا بېشىغا يوغان سەللە يۆگىگەن موللىلار كۆرۈنمەيتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، سەللىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى شۇ كىشىنىڭ ياش قۇرامىنى، ئىلمىنى ۋە مەرتىۋىسىنى بىلدۈرەتتى. ئېشەككە مىنىپ تۆگىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقانلارنىڭ «پوش - پوش» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى

① گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 1998 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 114 - بەت.

ئەمدى ئاڭلانمايتتى ، ئەكسىچە ئاپتوموبىللارنىڭ ‹ دۇت ـ دۇت › قىلغان قولاقنى يارغۇدەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بۇ يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا ‹ سىگنال بەرمەك › ياكى ‹ تات ـ تات قىلماق › دېيىلىدۇ . بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى قەشقەردە بۇنداق سۆزلەر يوق ئىدى . ئىلگىرىكىدەك كۆپ تۆگىلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى . »①

گۇننار ياررىڭ قەشقەرنىڭ ئەينى چاغدىكى سانائىتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ : « بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن قەشقەردە سانائەت يوق ئىدى . شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بارلىق جايلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى . سانائەت مەھسۇلاتلىرى-نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياكى ھىندىستاندىن ئىمپورت قىلىناتتى ۋە ياكى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇرۇمچى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جايلاردىن تۆگە كارۋىنى ئارقىلىق توشۇپ كېلىنەتتى . بۇگۈنكى كۇنگە كەلگەندە بولارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرگەن ئىدى . قەشقەر تېخى مۇھىم سانائەت مەركىزى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئاشۇ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى . »②

دەرۋەقە ، گۇننار ياررىڭنىڭ قەشقەرگە بولغان مۇھەببەت رىشتىسى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بىر پارچە قولىيازمىسىدا فامىلىسى بولغان «ياررىڭ» دېگەن شۋېتچە سۆزنى ئۇيغۇرچە ئىزاھلاپ مۇنداق چۈشەندۇرگەنىدى : «مەن 1929 ـ ~ 1930 ـ يىللىرى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم بارغىنىمدا ۋە 1935 ـ يىلى سىرناگاردىكى ئۇيغۇر كارۋانلىرى ئارىسىدا تەكشۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغلىرىمدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار مەندىن ‹ھۆرمەتلىك ساھىب ، سىزنىڭ ‹ياررىڭ › دېگەن ئىسمىڭىزنىڭ

① گۇننار ياررىڭ : «قەشقەرگە قايتا سەپەر » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى ، 190 ـ ، 191 ـ بەتلەر .

② گۇننار ياررىڭ : «قەشقەرگە قايتا سەپەر » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى ، 213 ـ بەت .

مەنىسى نېمە؟›، دەپ سورىغانىدى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا ‹شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭلارمۇ؟ مېنىڭ ئىسمىم ئۇيغۇرچىدۇر. مەنىسى ‹مەن سىلەرنىڭ يارىڭلار!›، دېگەنلىك بولىدۇ›، دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇلار مېنىڭ چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىمنى چۈشەنمەي ‹شۇنداقمۇ؟ تولىمۇ مەنىلىك ئىسمىكەن، تۇۋا! شۋېتسىيە تەرەپتىمۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا ئىسىم قويىدىغىنىنى بىلمەيدىكەنمىز›، دەپ ساقاللىرىنى سىلاشقانىدى. ئەمەلىيەتتە ‹يارىڭ›، دېگەن بۇ ئىسىم شۋېتلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كىشى ئىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرچە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ۋەھالەنكى، مېنىڭ بۇ فامىلەم ئۇيغۇر تىلىنىڭ 2 ـ شەخس ھالىتىدە ‹سېنىڭ يارىڭ›، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ‹ يار › سۆزى بىلەن دەل چۈشكەنىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھەر دائىم ئويلىغىنىمدا ئىچ ـ ئىچىمدىن ‹مەن سىلەرنىڭ يارىڭلار!›، دېگۈم كېلىدۇ»[1] دەپ يازىدۇ.

## — 6 —

1948 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولۇش ھارپىسىدا ياۋروپالىق ئاننا فىلىپ ئىسىملىك بىر ئايال مۇخبىر ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىدۇ ھەمدە قەشقەر ھەققىدە ئاز بولمىغان خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ. بۇ يەردە بىز ئۇنىڭ خاتىرىسىگە نەزەر سېلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

ئاننا فىلىپ 1948 ـ يىلى نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۇ يەردىن يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە كېلىدۇ. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بىر كارۋان ياللاپ قاراقۇرۇم

---

① ئەسەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 2006 ـ يىلى7 ـ ئاي نەشرى، 232 ـ، 233 ـ بەتلەر.

ئارقىلىق پاكىستانغا يېتىپ بارىدۇ. ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىنىڭ ۋەزىيىتى داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ مۇشۇ دەۋردىكى قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەرنى يازىدۇ. بۇ چاغدا ئەينى دەۋردىكى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى پاكىستان ھۆكۈمىتى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇرغان ئىدى. ئاننا فىلىپ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن «يىراق ئاسىيادىكى كارۋان» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ.

ئاننا فىلىپ كىتابىدا قەشقەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ زېمىننى «غەربىي شىمالدىكى گۈزەل بوستانلىق»، «بىر پارچە گۆھەر زېمىن» ۋە «قۇملۇقتىكى جەننەت» دېگەندەك ناملار بىلەن تەرىپلەيدۇ، شۇنداقلا بۇ يەرنىڭ باھار پەسلىنىڭ ئىللىق، كۈز پەسلىنىڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان باياشات، گۈزەل مەنزىرىسىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەنە قەدىمىي قەشقەرنىڭ خارابىلىشىشىدىكى سەۋەب ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىقلىمنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەب بولغان، قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىكنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىشى سان - ساناقسىز يېزا - كەنت، شەھەرلەرنى، بىپايان تۈزلەڭلىكلەرنى دەشتى - چۆللەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇم ئاستىغا غەرق بولدى. تارىختا ئىرانلار ۋە تۇرانلار ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقان يېغىلىقلار بۇ يەرنىڭ سۇ ئىنشائاتىنى ۋەيران قىلدى، قۇم دۆۋىلىرى ئۆستەڭ - كۆللەرگە ھۇجۇم قىلدى، خەلقنىڭ جان تومۇرى بولغان دەريا سۇلىرى ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى»[1] دەپ يازىدۇ.

ئاننانىڭ قەلىمى ئاستىدا قەشقەردىكى يېڭى ھايات ۋە يېڭىچە

① 《丝绸之路与文明的对话》,中国中外关系史学会、暨南大学文学院 主编,新疆人民出版社,2007 年 5 月版,第 227 页.

كەيپىيات ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ مۇنۇلارنى يازىدۇ: «شۇ چاغدا قەشقەر ئاسمىنى زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ، ھەممە يەر ئالتۇن رەڭ ياپراقلار ۋە قۇملار بىلەن بېزەلگەنىدى، بۇنداق رەڭدارلىقنى ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت، ھەر دەقىقە ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇ تىنچ شەھەر ھەر پەيشەنبە — بازار كۈنى ئالاھىدە جانلىنىپ كېتەتتى، مەسچىتلەر، قۇيقۇرۇق مەيدانلار بايرام كەيپىياتىغا چۆمەتتى. سودىگەرلەر توپ - توپى بىلەن تەرەپ - تەرەپلەردىن بۇ يەرگە كېلەتتى، ئېشەك، تۆگە كارۋانلىرى قىستا - قىستاڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ يەردە كۆكتات ۋە مېۋە - چېۋە، پاختا ۋە يىپەك بۇيۇملار، خۇش پۇراق ماتېرىياللار ۋە ئۇن، خۇرۇم ماللار، ئېگەر ۋە باشقا ئات جابدۇقلىرى، زىبۇزىنەت بۇيۇملىرى، توخۇ، قوي، يۇڭ ۋە بۆزدىن توقۇلغان خۇرجۇن، چاي، گۇرۇچ، سەرەڭگە، تۆمۈر ئەسۋاب قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ سودىسى بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلىپ - سېتىلاتتى ياكى ئالماشتۇرۇلاتتى، ئاياللار بېشىدىن ئايىغىغىچە يۆگەپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاپان كىيىدىغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. كىشىلەر ئەڭ كۆپ يىغىلىدىغان جاي مەدداھلار ۋە ئەلنەغمىچىلەر ئولتۇرغان يەر بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنى چۆرىدەپ توپلاشقانىدى، ياشانغانلار ۋە بالىلار بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قىزغىن تاماشىبىن ئىدى. ئۇلار بىر ئولتۇرغانچە بىر قانچە سائەتلەپ داستان ياكى ساز ئاڭلايتتى، ئاڭلىغاندىمۇ ناھايىتى بېرىلىپ، زور ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى. بۇنداق نومۇرلاردىن بەھرىلەنگۈچىلەر ئىچىدە خەنزۇلار كەمدىن - كەم بولۇپ، پەقەت تەرتىپ ساقلىغۇچى خەنزۇ ساقچىلارلا ئۇ يەردە بولاتتى.»[1] مانا بۇ

① 《丝绸之路与文明的对话》,中国中外关系史学会、暨南大学文学院 主编,新疆人民出版社,2007 年 5 月版,第 227 页.

قەشقەردىن ئىبارەت قەدىمىي يۇرتنىڭ يېڭى دەۋر هارپىسىدىكى قايناق بازاردىكى هاياتى ۋە تىرىكچىلىك ئۇسۇللىرىنىڭ جانلىق كارتىنىسى ، قەشقەر خەلقىنىڭ هاياتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ بىر چەت ئەللىك نەزەرىدىكى تەبىئىي ئىنكاسى .

ئاننا قەشقەردىكى يېڭىچە هايات توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ : «ئەينى ۋاقىتتا چىنىباغدا بولۇشقا تېگىشلىك هەممە ئۇسكۇنە - جابدۇقلار تولۇق ئىدى . ئۇ يەردە تەملىك چايلارنى ئىچكىلى ، بولكىلارنى يېگىلى ، مۇنچىلارنىڭ هۇزۇرىنى سۈرگىلى بولاتتى . هۇجرا ئۆيلەردە قەدىمىي كىتابلار ، ئوتسىز تام مەشلىرى ۋە ئارام بەخش كرىسلولار بار ئىدى . كىشىلەر بەزىدە داللاردا ئات چاپتۇرسا ، بەزىدە قەشقەرنىڭ سىرلىرىنى ئىزدەپ ئۇياق - بۇياققا يول ئالاتتى . خەلق كاستۇم كىيىپ ، گالستۇك تاقاپ ، ئۇچلۇق بەتىنكىلەرنى كىيىشكە باشلىغان ئىدى . بۇلارنىڭ هەممىسى قەشقەرنىڭ ئالىقاچان هازىرقى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى . »[1]

بىز ياۋروپالىق سەيياهلارنىڭ قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي شەهەر هەققىدىكى ئوخشاش بولمىغان بايانلىرىدىن بۇ مۇقەددەس جاينىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۇگۈنگىچە بولغان تارىخىي جەريانى توغرىسىدا مەلۇم تونۇش ، تەسىراتقا ئىگە بولالايمىز . گەرچە شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان چەت ئەللىكلەرنىڭ خاتىرىلىرى ۋە كۆز قاراشلىرىدا مەلۇم دەرىجىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك ۋە خاتالىقلار ساقلانغان بولسىمۇ ، لېكىن غەربتە نەشر قىلىنغان زور كۆلەمدىكى قەشقەر هەققىدىكى كىتاب - ماتېرىياللار بىزنىڭ قەشقەر ۋە قەشقەر خەلقىنىڭ 19 - ئەسىردىن

① 《丝绸之路与文明的对话》,中国中外关系史学会、暨南大学文学院 主编，新疆人民出版社,2007 年 5 月版,第 227 页.

بۇيانقى ئىجتىمائىي هاياتىنى چۈشىنىشىمىزدە بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە .

## § 3 . قەشقەر تىلى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسى — ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئورتاق ئەدەبىي تىلىنى شەكىللەندۈرگەن غوللۇق شېۋىلەرنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ . ئۇ ئىشلىتىش نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى ، شۇنداقلا تارىخىي ئورنىنىڭ مۇهىملىقى بىلەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىئالېكتىنىڭ ئەڭ مۇهىم بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئىنچىل تۈردە قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇهىم بەلگىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى .

تارىخىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، قەشقەر ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى «كاشغەر تىلى» ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ بىۋاستە راۋاجى هېسابلىنىدۇ . قەشقەر رايونى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ۋە ئەنئەنىسى ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايوندۇر . بىزگە مەلۇمكى ، تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەر ئەنئەنىۋى مىللىي مائارىپنىڭ بۆشۈكى بولۇپ كەلگەن ئىدى . مەدرىسىلەردە دىنىي ئوقۇشلۇقلاردىن باشقا ، نەۋايى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇلغان ؛ خەلق ئارىسىغىمۇ پارس ، تۈركىي تىلدىكى داستان ـ قىسسىلەر كەڭ تارقالغان . ساۋاتسىز ئاۋاممۇ مەدداھلار ۋە ھەرخىل يىغىلىشلاردىكى ئەنجۈمەن ۋە ۋەز ئېيتىشلار ئارقىلىق كلاسسىك يازما ئەدەبىياتتىن بەهرىلەنگەن . مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مۇهىتتا چاغاتاي تىلىدىن قالغان تىل ئەنئەنىسى ئىنچىل داۋاملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن . بولۇپمۇ ، قەشقەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈك سوستاۋىدا بۇ خىل ئىنچىللىق ئىنتايىن

گەۋدىلىك .

شۇڭا ، قەشقەر خەلق تىلى سۆزلۈك جەھەتتىكى بايلىقى بىلەن ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە . فونېتىكا جەھەتتە ، قەشقەر ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىئالېكت بىلەن ئاساسەن بىردەك . بىر قەدەر گەۋدىلىك پەرق شۇكى ، سوزۇق تاۋۇشلاردا سۆزنىڭ 2 ـ بوغۇمىدا كەلگەن «ئۇ» ، «ئۈ» تاۋۇشلىرى «ئا» ، «ئە»گە ئۆزگىرىدۇ . مەسىلەن :

| قەشقەر شېۋىسى | مەركىزىي دىئالېكت |
|---|---|
| بولاپ | بولۇپ |
| قولام | قولۇم |
| ئۆلەپ | ئۆلۈپ |
| ئۆتەك | ئۆتۈك |
| ئۆلەك | ئۆلۈك |

ئۈزۈك تاۋۇشلاردا بولسا سۆزنىڭ ئەسلىي تۈپىدىكى «پ» ، «ق» لار قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىنمۇ ئاجىزلاشمايدۇ . مەسىلەن :

| قەشقەر شېۋىسى | مەركىزىي دىئالېكت |
|---|---|
| مەكتىپى | مەكتىۋى |
| غىلاپى | غىلاپ |
| قاپىقى | قاپىغى |
| ساپىقى | ساپىغى |

ھالبۇكى ، قەشقەر رايونى ئەسلىدىنلا تېررىتورىيىسى كەڭ ، ئاھالىسى كۆپ رايون بولغاچقا ، ھەرقايسى ناھىيىلىرىنىڭ تىلىدىمۇ بەلگىلىك پەرق مەۋجۇت ، لېكىن بۇ قەشقەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى ئىنتايىن سىلىق بولۇپ ، ھۆرمەتكە سازاۋەر ياكى ياشتا چوڭلارغا «سىلى» ، «سىز» دىن

ئىبارەت بۇ ھۆرمەت شەكلىنى ئىشلىتىدۇ ياكى «سىز» لەپ گەپ قىلىدۇ. ئوغۇللارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «جان»، قىزلارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «گۈل»، «نىسا» قاتارلىق سۈپەت سۆزلىرىنى قوشۇپ چاقىرىدۇ. مېھمانغا ئىشلىتىلىدىغان بىر يۈرۈش ھۆرمەت سۆزلىرى بار بولۇپ، مېھماننى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ؛ ساھىبخانىنىڭ تەلپى ۋە ئۈمىدىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قىلىپ قويىدۇ. بىز بۇلاردىن ئۇيغۇر تىلى قەشقەر شېۋىسىنىڭ ئىنتايىن موللىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

# II باب قەشقەرنىڭ خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى

## § 1 . ئومۇمىي چۈشەنچە

ئاغزاكى تىل ئادەتلىرى ياكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە ئىنسان مەنىۋىيىتىنى قۇۋۋەتلەيدىغان مەڭگۈ قۇرۇماس بۇلاق . «خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى — ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ئەمگىكى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئىچىدىن چىقىرىلغان بىلىملىرىنىڭ يەكۇنى »[1] ،ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خاراكتېر جەھەتتىن ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ ، ئەمما ئۇ مەزمۇن ، شەكىل ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتە يازما ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئىجاد قىلىنىش جەھەتتىن ئالغاندا بولساق ، يازما ئەدەبىيات كونكرېت شەخس تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغاچقا ، ئاپتورلۇق ھوقۇقى پەقەت شۇ شەخسكىلا مەنسۇپ بولىدۇ ، ۋەھالەنكى ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىر پۈتۈن كوللېكتىپ تەرىپىدىن يېزىلغاچقا ، ئۇنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى

[1] ماكسىم گوركى : «مولىنناغا يېزىلغان خەت» ، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژۇرنىلى» (خەنزۇچە ) ، 1957 ـ يىل ، 5 ـ سان .

كوللېكتىپقا مەنسۇپ . دېمەك ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدىن تارقىلىشىغىچە ، پىششىقلاپ ئىشلىنىشىدىن دەۋردىن دەۋرگە تارقىلىشىغىچە باشتىن ـ ئاخىر كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كوللېكتىپ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقىدىن ئىبارەت بۇ خاراكتېرى ئۇ پەيدا بولغان قەدىمكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىيلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن . ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىنتايىن تۆۋەن باسقۇچتا تۇرغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى كوللېكتىپ ئاڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئۇرۇق ، كوللېكتىپ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى . ئۆزلۈك ئاڭ تېخى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىمىگەن بۇ ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق هاياتتا هەر قانداق شەخس ، ئۇرۇق ۋە قەبىلە كوللېكتىپ بىلەن بىر گەۋدىلىشىش بەدىلىگە هايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيتتى . ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل هاياتلىق پائالىيەتلىرىدە گەۋدىلەنگەن بۇنداق كوللېكتىپ ئاڭ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر قاتلىمىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ ، رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ياراتقان ئاغزاكى ئىجادىيىتىنى كوللېكتىپچانلىققا ئىگە قىلدى . كوللېكتىپچانلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تارقىلىشى جەريانىدا تېخىمۇ روشەن ۋە يارقىن ئىپادىلىنىدۇ . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئەسلىدە قانداق ئىجاد قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ پەيدا بولۇش بىلەنلا كەڭ ئامما ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلايدۇ ، بۇ جەريان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تاللىنىش ۋە تاۋلىنىش باسقۇچى سۈپىتىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ كەڭ ئاممىۋىلىققا ۋە ئومۇملۇققا ئىگە قىلىدۇ . ئاغزاكىلىقىمۇ خۇددى كوللېكتىپچانلىققا ئوخشاش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يازما ئەدەبىياتتىن

پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئۆزگە خاس ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ نامى «ئاغزاكى ئەدەبىيات» دەپ ئاتالغان. ئاغزاكىلىق — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر خىل فۇنكسىيىلىك ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدىن تاكى تارقىلىش جەريانلىرىغىچە چوڭقۇر سىڭگەن بولغاچقا، بۇ ئەنئەنە يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقىنى يوقاتمىغان. گەرچە زامانىۋىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا يېزىق شەكلى كەڭ ئومۇملىشىۋاتقان بولسىمۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئاغزاكىلىق ئەنئەنە پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى بۇ خۇسۇسىيەت مەلۇم دەرىجىدە تارىيىشى (ئاجىزلىشىشى) مۇمكىن. چۈنكى ئاغزاكىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى ئىنېرتسىيىسى يېزىق شەكلى ئىككىلەمچى ئامىل سۈپىتىدە، ئۇنىڭ تاشقى فۇنكسىيىسى. كوللېكتىپلىق ۋە ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىكى بىۋاستە ھالدا ئۇنىڭ داۋاملىق ئۆزگىرىش ھالىتى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرى تۇراقلىق، ئۆزگەرمەس تېكىستكە ئىگە. ئەكسىچە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئېغىز ئارقىلىق ئىجاد قىلىنىپ، كۆڭۈلگە خاتىرىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ ھامان ئۆزگىرىشتىن خالىي بولالمايدۇ. خەلق سەنئەتكارلىرىدا ئەزەلدىن ئاپتورلۇق ھوقۇقى كۆز قارىشىنىڭ بولماسلىقى ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان يەنە بىر ئىچكى سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تارقىلىش شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى (تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت) ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان تاشقى سەۋەبتۇر. بۇ خىل ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ رەڭدارلىققا، كۆپ

خىللىقا ۋە موللۇققا ئېرىشتۈرگەن ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان .

لېكىن خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ۋە خەلقنىڭ ئېستېتىك تەلىپىگە ماسلاشقان كۆپچىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولۇپ ، ئۇنداق ئەسەرلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ داۋاملىشىدۇ . بۇنداق ۋارىسچانلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە ئىپادىلەنگەن ، خەلقچىللىق ئاددىي ـ ساددا ، ساغلام رېئالىزم ئەنئەنىدىن تاشقىرى ، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ گۈزەل بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ . دېمەك ، ئۆزگىرىشچانلىق ئىچىدە ۋارىسچانلىق ، ۋارىسلىق جەريانىدا يەنە ئۆزگىرىش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن بىر خىل قانۇنىيەتلىك ھادىسە بولۇپ ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۆزئارا زىچ باغلانغان ھالدا ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يازما ئەدەبىياتتىن ئايرىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تەركىبىگە قوشىدۇ .

ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يازما ئەدەبىياتىمىزنى قاناتلاندۇرغان خەلقنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتى ، ئىلىم ـ پەن قىممىتى ۋە سەنئەت قىممىتىدىن ئىبارەت كۆپ قاتلاملىق ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى . ئۇ ئالدى بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىجتىمائىي ، تارىخىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى باتۇرانە كۈرەش روھىنى ، كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك ئارزۇ ـ غايىلىرىنى ۋە گۇمانىزملىق تۇيغۇلىرىنى ، سەمىمىيلىك ، ساداقەتمەنلىك ۋە ۋاپادارلىق بىلەن تولغان گۈزەل

ئىچكى دۇنياسىنى ، باراۋەرلىك ، ئەركىنلىك ۋە ئىتتىپاقلىقتا ئىنتىلىشتەك ھەققانىي ئارزۇلىرىنى ھەر خىل بەدىئىي شەكىل بىلەن رېئالىزملىق ۋە رومانتىزملىق تۈستە ئىپادىلەپ بەردى . شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نوقۇل ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، ئۇ يەنە سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، پەلسەپە ، تارىخ ، ئېتنوگرافىيە ، دىن ، سەنئەت ، ئەخلاق ، لوگىكا ، تىلشۇناسلىق ، تېبابەت ، جۇغراپىيە ، ئاسترونومىيە ، ئاگرونومىيە ، ئانتروپولوگىيە . . . قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە .

قەشقەر كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ ، ئۇ جايدا ياشىغۇچى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى تارىختا ئىنتايىن مول ۋە قىممەتلىك ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياراتقان . بۇ مىراسلار تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا تاۋلىنىپ ۋە تاللىنىپ ، شۇ خەلقنىڭ روھىي بايلىقى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن . ئەنە شۇنداق مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ يارقىن نەمۇنىلىرىدىن بىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھېسابلىنىدۇ .

قەشقەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەقىقەتەن مول بولۇپ ، تولىمۇ رەڭدارلىقتا ۋە جەلپكارلىقتا ئىگە . بىز بۇ تەتقىقات پىلانىمىزدا پۈتۈن ۋىلايەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 90% نى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق مىللەت — قەشقەر ئۇيغۇرلىرى بىلەن «پامىر بۈركۈتى» دەپ نام ئالغان تاجىك مىللىتىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشنى ئاساس قىلىمىز .

دەرۋەقە ، ئومۇمىيلىق جەھەتتىن بىر مىللەتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ ، شۇڭا ئۇنى رايونلار بويىچە ئايرىپ چىقىشمۇ بىر قەدەر قىيىن . لېكىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇش ، تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىش جەريانلىرىنى ئىنچىكە كۆزەتكەندە ئۇنىڭ نىسپىي رايون تەۋەلىكى

بايقىلىدۇ . بۇنداق بايقاش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن يەرلىك تۇرمۇش پۇرىقى ، تىل ئالاھىدىلىكى ، تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك نام ، ئۇسلۇب ۋە ژانىر ئۆزگىچىلىكى ، پسىخىك ۋە ئېستېتىك پەرقلەر قاتارلىق بەلگىلەرنى ئۆلچەم قىلىدۇ ، شۇنداقلا تارىختا شۇ رايونغا مەنسۇپ دەپ قارالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرىنىڭ توپلاپ رەتلىنىش جەريانلىرىغا ئاساسلىنىدۇ . بىزمۇ مۇشۇ شەرتلىك بەلگىلەر ئاساسىدا قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۇنىڭدىكى ھەر قايسى تۈر ـ ژانىرلار بويىچە قىسقىچە شەرھلەيمىز .

## § 2 . ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر

بۈگۈنكى مەدەنىيەتلىك دەۋردىكى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ نىسبەتەن ئالغا كەتكەن ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئاڭ تۇيغۇلىرىغا يارىشا ماددىي ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە يۈكسەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ۋە پارلاق كېلەچەك ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان پۇرسەتلەردە ئۆز روھىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي قاتلىمىنى بىلىشتە ، روشەنكى يىراق قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ بىردىنبىر روھىي مۇجەسسىمى بولغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلماقتا . چۈنكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېنىدىن پۈتۈلگەن بۇ ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەڭ غايىۋى شەكىلدە ئىپادىلەپ بەرگەندىن سىرت ، ئىپتىدائىي دەۋردىن باشلانغان ئىنساننىڭ ئۆز ۋۇجۇدى ۋە ئالەم ھەققىدىكى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىنىڭ بەدىئىي ، پەلسەپىۋى يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە .

مەلۇمكى ، ئەپسانە — يىراق قەدىمكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ، ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى ھەمدە تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ھەققىدىكى سۈيىپكتىپ خىيال ھەم تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ فانتاستىك ئۇسۇلدىكى ئىنكاسى ، ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتلەشتۈرۈلگەن ، ئادەملەشتۈرۈلگەن روھىي مەبۇد (ئىلاھ) لار ياكى ئىلاھلاشتۇرۇلغان تەبىئەتنى تەسۋىرلەشنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى .

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، ئەپساننىڭ كېلىپ چىقىشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى تونۇشى ۋە تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىرادىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر . شۇڭا ئەپسانە ئىپتىدائىي ئىنسان ئەجدادلىرىنىڭ پەلسەپە ، ئىلىم - پەن ، ئەخلاق ، تارىخ ، دىن ، ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرى ۋە لوگىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە بولمىغان بىلىملىرىنىڭ مۇجەسسىمىدۇر . ئۇ ئىلىم - پەندىن تاشقىرى ئىلىم - پەن سۈپىتىدە ، ساپ ئەقىل، ئۇستىگە تۇرغۇزۇلغان ئاڭ كاتېگورىيىسى بىلەن قارىمۇقارشى بولۇپ ، ئۇلار بىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتلىرىگە قارىتا تىل ، روھ ، ئەنئەنە ۋە دىندىن ھالقىغان ئۇچۇر ۋاستىلىرى بىلەن تەمىن ئەتكەن .

ئەپسانىشۇناسلىقتىكى بىر قەدەر ئومۇملاشقان چۈشەنچىلەردە ، ئەپسانىلەر خاراكتېر جەھەتتىن خەلقنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ دېگەن قاراش ئالغا سۈرۈلىدۇ . دەرۋەقە ، ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ، بىر خىل ئومۇملاشقان بەدىئىي شەكىل . لېكىن بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى ، ئەپسانە مەيدانغا كەلگەن دەۋردە ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن باشقا تەبىئىي ، ئىجتىمائىي پەن ئىلىملىرى تېخى بۆلۈنۈپ كەتمىگەن ۋە پەنلەر تۈرى سىستېمىلاشمىغان ، شۇ سەۋەبتىن ئەپسانىلەرنىڭ ساپ

ئەدەبىي ياكى بەدىئىي مەنىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
يەنە بەزى كىشىلەر ئەپسانە ئىپتىدائىي دىندىن، سېھىرگەرلىكتىن ياكى ساپ پىسخىك تۈيغۇدىن پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە بۇمۇ بىر تەرەپلىمىلىك قاراش. ئەپسانە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەڭ زور ئۇرتاقلىققا ئىگە بولغان بىر خىل سىستېمىلاشمىغان ئاڭ كاتېگورىيىسى بولۇش سۈپىتىدە روشەنكى، ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي خاتىرىسىدۇر. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئىلاھچىلىق قاراشلىرىمۇ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك رول ئوينىغان. ئالدىنقىسى (رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش) ئەپسانىلەردە مۇئەييەن دەرىجىدىكى تارىخىي ئىزلارنىڭ ساقلىنىشىغا ئاساس بولغان، كېيىنكىسى (ئىپتىدائىي ئىلاھ قارىشى) ئەپسانىلەرنى ئالاھىدە سىرلىق قىياپەتكە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قەدەر سىستېمىلاشقان قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلار بىلەن ئىپتىدائىي دىنلاردىكى چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرى ئوتتۇرىسىدا تەڭداشلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. شۇنداق بولغاچقا، ھەر قانداق ئەپسانە دىنىي ھەقىقەتلەر بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ جۇغلانمىسى ھەمدە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ كۆللى ئالەمگە بولغان چۈشەنچىسى بىلەن تەبىئەتنىڭ سىرلىق ھادىسىلىرىدىن قورقۇش، ئەيمىنىش تۈيغۇلىرىنىڭ بىرىكمىسىدۇر.
دېمەك، ئەپسانىلەر قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ مەقسەت، مۇددىئا ۋە قىممەت قاراشلىرى توغرىسىدىكى ئىدىيىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى، ئىپتىدائىي ئىنسان قەلبىنىڭ ئەينىكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئالەم ۋە ئادەمنىڭ سىرى ھەققىدىكى تۈنجى قېتىملىق ئويلىنىش سىستېمىسى؛ دەرىجىسىدىن تاشقىرى ئىلىم - پەن سىستېمىسى ۋە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە

قارىتا ئېلىپ بارغان بىر مەشغۇلات سىستېمىسى بولغاچقا، ئۇنى بىر خىل دۇنيا قاراش، بىر خىل غايە، بىر خىل ئىشەنچ، بىر خىل ئېتىقاد، بىر خىل تەپەككۇر شەكلى، بىر خىل ئەدەبىي شەكىل مەنىسىدە قوللىنىشقا بولىدۇ.

قايسى ماكان، قايسى خەلق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەدىمكى دۇنيا ئەپسانىلىرىنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىدە نۇرغۇن ئورتاقلىقلارنىڭ بولۇشىغا قارىماي يەنە بەزى پەرقلەرمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق پەرقلەر دۇنيا مەدەنىيىتىنى ئوخشاش بولمىغان تىپلارغا ۋە مىللىي مەدەنىيەت قاتلاملىرىغا ئايرىشنىڭ بىر خىل شەرتلىك بەلگىسى بولۇپ قالغان. ئەپسانىلەردە بۇنداق مىللىي پەرقلەرنىڭ شەكىللىنىشى جۇغراپىيىلىك شارائىت، ئېتىقاد، پسىخىك تۈيغۇ، تىل قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن باغلىق بولۇپ، ئۇ ئاساسەن كېيىنكى «سىستېمىلاشقان ئەپسانىلەر» تۈركۈمىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئادەتتە مىفولوگىيە تەتقىقاتىدا، ئەپسانىلەر ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي مۇساپىسىگە ئاساسەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

1. ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان «يەككە ئەپسانىلەر» باسقۇچى. بۇ دەۋر ئەپسانىلىرىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەر بىر ئىنسان كۆز ئالدىدىكى رېئال شەيئىلەرنى كونكرېت ئوبرازلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، تېخى ئابستراكتلاشقان مەنتىق تەپەككۇر چەمبىرى ھاسىل بولمىغان. ئىزاھلاش خاراكتېرىدىكى ئەپسانىلەر گۆدەكلىك باسقۇچىدىكى ئىنسانلارنىڭ كەمتۈك تىل بايانلىرى ۋە ئاددىي تەپەككۇرى ئاساسىدىكى مەنتىقسىز تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتلىرىگە قارىتا تىل، روھ، ئەنئەنە ھەمدە دىندىن ھالقىغان ئۇچۇر ۋاستىسى بىلەن تەمىنلىگەن. «ئەپسانە» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ گىرېكچە ھالوگىيىسىمۇ بۇ نۇقتىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . «ئەپسانە» گرېك تىلىدىكى Mythos (مىف) دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «غۇدۇڭشىماق، ئېغىزدىن ئاۋاز چىقارماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ، غەرب ئالىملىرىدىن فېرىدىرىخ ماكس موللېر (1823 — 1900 - يىللار) نىڭ قارىشىچە : «تىلنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىنسان روھىنىڭ تەرەققىياتى ماھىيەتتە ئوخشاش بىر جەرياننىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، بىز بىر مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي تىلىدىن شۇ مىللەتنىڭ قەدىمكى تەپەككۇرى، ئېتىكىسى، مەدەنىيىتى ۋە ئېتىقادىنى بىلەلەيمىز . تىلنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچ تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن، بىرىنچى باسقۇچى، «سۆزنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى» دۇر . ئىككىنچى باسقۇچى، «تىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىل سىستېمىلىرىغا ئايرىلغان دىئالېكتلىشىش دەۋرى» دۇر . ئۈچىنچى باسقۇچى، «ئەپسانە دەۋرى ياكى دەسلەپكى يەككە ئەپسانىلەر شەكىللەنگەن دەۋر» دۇر .[1]

دەرۋەقە، ئىپتىدائىي تىل هازىرقى زامان تىللىرىدەك ئىنتايىن ئابستراكتلاشقان ئەمەس، بەلكى يۇقىرى دەرىجىدە كونكرېتلىققا ئىگە ئىدى . شۇڭا ئىپتىدائىي تىل مەلۇم مەۋجۇتلۇقنى ئىپادىلىگەندە شۇ ئۇقۇمنى كونكرېتلاشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا مەلۇم «خاراكتېر» يۈكلىگەن . نەتىجىدە، ئىپادىلەنگەن مەنە جەھەتتىن سۆزلەرنىڭ جىنسلىشىشى، ئەمەلىي گەۋدىلىشىشى هاسىل بولغان . ئىلاهلارغا دائىر بايانلارنىڭ هەممىسى ئىپتىدائىي تىلنىڭ ئەنە شۇنداق ئاددىي، كونكرېتلاشقان ئىقتىدارىنىڭ نەتىجىسى، تىلنىڭ بۇ خىل ئىپتىدائىي هالىتى تىلشۇناسلىقتا «كەمتۈكلۈك دەۋرى» دېيىلىپ، بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەئى دەپ قارىلىدۇ . بۇ خىل قاراش

---

[1] لوداجى : «غەرب دىن تەلىماتلىرى تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى (خەنزۇچە)، 1994 - يىل 1 - نەشرى، 614 - بەت .

بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ ، مەلۇم جەھەتتىن ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە .

2 . «سىستېمىلاشقان ئەپسانىلەر» باسقۇچى . بۇ ئەپسانىلەرنىڭ سىۋىلزاتسىيىلىشىشى ، مەنتىقىلىشىشى ۋە ئابستراكتلىشىشى بولۇپ ، ئۇ «يەككە ئەپسانىلەر» نى كەڭ كۆلەملىك ئۆزگەرتىش ، پىششىقلاش ، ئومۇملاشتۇرۇش ، ھېكايىلەشتۈرۈش ، سىمۋوللاشتۇرۇش ئاساسىدا يارىتىلغان . شۇنىڭ ئۈچۈن «سىستېمىلاشقان ئەپسانىلەر» تۈركۈمى دائىرىسىدىكى ئەپسانىلەر نىسپىي ھالدىكى ھېكايىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ ، خاراكتېر ۋە تۈر جەھەتتىن ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلغان . بۇ دەۋردىكى ئەپسانىلەرنىڭ تېمىسىدا ئىلاھىي قۇدرەت مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ، ئىلاھ ياكى يېرىم ئىلاھ مۇتىفى ئارقىلىق ئالەم ۋە ئادەم ، جۈملىدىن خىلمۇخىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرگەن . ئەركىن پىكىرنى ئاساس قىلغان شەخس (ئۆزلۈك) تەپەككۇرنىڭ ئورنىنى كوللېكتىپ ئاڭغا بويسۇنغان ئابستراكتلاشقان تەپەككۇر ئىگىلىگەن . شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرى مۇئەييەن لوگىكىلىق قۇرۇلما ئىچىگە كىرگەن . «سىستېمىلىق ئەپسانىلەر» مەزمۇن خاراكتېر جەھەتتە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ساپ تەبىئەتكويلىقتىن ئىجتىمائىي فۇنكسىيىلىك قىممەت يارىتىشقا يۈزلەنگەن ھەمدە قۇرۇلما جەھەتتە تېخىمۇ كېڭىيىپ رىۋايەتلەرنىمۇ ھەزىم قىلالايدىغان ئەدەبىي ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان . نەتىجىدە «قەھرىمانلىق دەۋر» نىڭ جەڭگىۋار ناخشىسى بولغان ئېپوسلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن . شۇڭا مىفولوگىيە تەتقىقاتىدا ، بۇ دەۋر ئەپسانىلىرى ھەقىقىي مەنىدىكى ۋايىغا يەتكەن ئەپسانىلەر دەپ قارايدۇ .

3 . رايون خاراكتېرى ۋە مىللىيەتلىك گەۋدىلەنگەن

ئەپسانىلەر باسقۇچى . ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەندە ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش ۋە تەبىقىلىشىش ئىپكى كۆچەيدى . نەتىجىدە ئۇرۇق ۋە قەبىلە توپىنى بىرلىك قىلغان مەدەنىيەت چەمبىرى شەكىللىنىپ سىنىپىلىق ، مىللىيەتلىكنى ئۆزەك قىلغان ئىجتىمائىي ئاڭ كاتېگورىيىلىرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشكە باشلىدى . ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىككە ئاساسەن «سىستېمىلىق ئەپسانىلەر» نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە رايون خاراكتېرى ۋە مىللىيەتلىك گەۋدىلەنگەن ئەپسانىلەر قاتلىمى بارلىققا كەلدى . بۇ خىل ئەپسانىلەر ئىقتىدار جەھەتتىن تۇرلۇك - تۇمەن ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ تەدرىجىي قېلىپلىشىپ ، مۇئەييەن گەۋدە ھاسىل قىلىشىدىكى مەنىۋى ئاساس بولۇپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋر ئەپسانىلىرى تۇر جەھەتتىن كۆپ خىل مەنبەلىشىپ ، ئۆزگىچىلىككە ئىگە رايونلار سىستېمىسىنى شەكىللەندۇردى . مەسىلەن ، دۇنيا مىفولوگىيە ئىلمىدە ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان قەدىمكى مىسىر ئەپسانىلەر سىستېمىسى ، جۇڭگو ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ئەپسانىلەر سىستېمىسى ، سومىر - بابىل ئەپسانىلەر سىستېمىسى ، يۇنان - رىم ئەپسانىلەر سىستېمىسى (ئېگىي - مىنوس Eagy - menos ) ، ھىندى (نىل ۋادىسى ) ئەپسانىلەر سىستېمىسى ، پارس ئەپسانىلەر سىستېمىسى ، سىبىر - ئالتاي ئەپسانىلەر سىستېمىسى ، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئورمېك (ormec ) ، مايا (maya ) ، چاۋىن (chaven ) ئەپسانىلەر سىستېمىسى قاتارلىق رايون ، مىللەت ئەپسانىلەر سىستېمىلىرى بارلىققا كەلگەن . بۇ سىستېمىلار يالغۇز زامان ۋە ماكان جەھەتتىن پەرقلىق بولۇپلا قالماستىن ، مەزمۇن ، خاراكتېرى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىنمۇ ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولغان . دېمەك ، مەيلى قايسى باسقۇچتا بارلىققا كەلگەن ئەپسانىلەر بولسۇن ، ئۇ ، ئومۇمىيلىق جەھەتتىن «ئىنسانلارنىڭ خىيالىدا ئاڭسىز ھالدا بەدىئىي ئۇسۇل

بىلەن پىششقلاپ ئىشلەنگەن ، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ قەدىمكى زامان كىشىلىرى ئېغىزىدا ئۆملۈك ھالدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئىجادىيىتى» (ماركس) ، شۇنداقلا ئۇ قايتا تەكرارلانمايدىغان بىر خىل ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى . ئەپسانىلەر خاراكتېر جەھەتتىن خەلقنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرىدىغان بىر خىل ئىزاھلىق بايان تىلى بولغاچقا ، تارقىلىش جەريانىدىكى تەبىئىي ئۆزگىرىشچانلىق ئۇنىڭ توپ خۇسۇسىيىتىدۇر . شۇڭا ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ھەر خىل ئەپسانە ماتېرىياللىرى پەقەت قەدىمكى ئەپسانىلار خەزىنىسىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىدىنلا ئىبارەت . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئەپسانە ماتېرىياللىرىمۇ ئۇنى كېيىنكى دەۋرگە تارقاتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ، تەپەككۇر ئۆزگىچىلىكى ، غايىۋى ئىنتىلىشى ، ئېتىقادى ۋە پسىخىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان . شۇڭا ھازىر مەۋجۇت بولغان ئەپسانە ماتېرىياللىرى ئىپتىدائىي ئەپسانىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا ھازىر تارقىلىپ يۈرگەن ئەپسانىلەر ۋاقىت تەرتىپى ، قۇرۇلما شەكلى ، تارقىلىش سۈرئىتى ، مۇتىۋ تىپى ۋە فۇنكسىيىسى (رولى ) قاتارلىق جەھەتلەردە بىردەك بولمايدۇ . بىر قەدەر ئومۇملاشقان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ، ئەپسانە سىستېمىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇتىفلار ئاساسەن ئىككى چوڭ تىپ ۋە تۆت تۈردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مەلۇم .

بىرىنچى تىپ : ئاسمان - زېمىننىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر .

(1 ) ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەپسانىلەر .

(2 ) ئاسمان - زېمىن ئارىسىدىكى تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەپسانىلەر .

ئىككىنچى تىپ : ئىرق ۋە مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر .

(3) ئىنسانىيەت ۋە مەلۇم ئەجدادلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەپسانىلەر .

(4) . مەدەنىيەت (ئۆرپ ـ ئادەت ، ئېتىكا ، قورال ـ سايمان تېخنىكا . . . ) نىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر .

بۇ پەقەت ئەپسانىلەرنىڭ مۇتىف تىپى بولۇپ ، مەزمۇن ، خاراكتېر جەھەتتىن ئەپسانىلەرنى ناھايىتى كۆپ تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن .

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ، جۇملىدىن ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەپسانىلەرمۇ دۇنيا ئەپسانە سىستېمىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغاچقا ، ئۇمۇ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرىغا ئوخشاش ھەم ئورتاقلىققا ھەم خاسلىققا ئىگە .

خاسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ يەرلىك تۈسى بىر قەدەر قويۇق بولۇپ ، شۇ رايونغا تەۋە يەر ـ جاي ناملىرى بىلەن باغلانغان ھەمدە ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىش جەريانىدا ئىسلام ئېتىقادى بىلەن يۇغۇرۇلغان . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار بىر قەدەر كېيىن باشلانغاچقا ، ئەپسانە بىلەن رىۋايەت ھەتتا چۆچەكلەر بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن . شۇڭا ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ پەرقى ئاجرىتىلماي ، بىر مەنىدە قوللىنىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان . قۇرۇلما جەھەتتىن ئالغاندا ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى قەشقەر ئەپسانىلىرى بايان ۋە ئىزاھلاش شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ ، ھېكايىلىق خۇسۇسىيەت ئاجىزراق . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ ئەپسانىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسلىرى ، قىسسە ، تارىخ ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر

ئىچىدىن ئورۇن ئېلىپ، پۈتۈك شەكلىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. مەسىلەن، 11 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بىر قەدەر چوڭراق ۋە مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە 20 پارچىدىن ئارتۇق ئەپسانە، رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك»، مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي»... قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەردە، شۇنداقلا «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا مىللەتلەرگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بار. ئۆتمۈشتە قەشقەر رايونىدا ۋائىزلىق ـ مەدداھلىق ئەدەبىياتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

بىزدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى توپلاش، نەشر قىلىش خىزمىتى باشلىنىپ، دەسلەپكى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. دەسلەپ ئابدۇكېرىم رەھمان ئەپەندىنىڭ «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى) ناملىق توپلىمى (جەمئىي 142 پارچە ئەپسانە ـ رىۋايەت كىرگۈزۈلگەن) نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن غەيرەتجان ئوسمان، يۈسۈپ ئىسھاق، ئوسمان ئىسمايىل تارىم قاتارلىقلار توپلىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئايرىم ـ ئايرىم ئۈچ كىتاب بولۇپ، 1999 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 2005 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىرلىكتە ئىشلىگەن «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى قامۇسى» 12 توملۇق نوپۇزلۇق كىتابىنىڭ 1 ـ تومىغا 260 پارچىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى تاللاپ

كىرگۈزۈلدى . توپلاپ رەتلەنگەن بۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر مەزمۇن جەھەتتىن يەتتە چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن توپلانغان . بىز تۆۋەندە قەشقەر رايونىغا خاس دەپ قارالغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن بىر نەچچە ئۆرنەك كۆرسىتىمىز .

## 1 . ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئەپسانە

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئالەم سۇدىن ئىبارەت ئىكەن ، ئۇنىڭدا بىر جۈپ ئۆردەك ياشايدىكەن ، ئۇلار يەر ياراتماق بولۇپ ، بىرى سۇ ئاستىدىن پاتقاقنى ئېلىپ چىقسا ، ئۇنىڭ جۈپتى سۇ ئۈستىگە تاشلايدىكەن . شۇنداق قىلىپ ئىككى ئۆردەكنىڭ ئەجرىدىن يەر (تۇپراق ) ھاسىل بولۇپتۇ . ئاندىن ئىككىنچى ئۆردەك سۇ يۈزىدىكى قۇمۇشلارنى يىغىپ تاغ ھاسىل قىپتۇ . بىرىنچى ئۆردەك ئۈستۈنكى ئالەمنىڭ خوجىسى بولۇپ ئۆلگەن تەڭرى دەپ ئاتىلىپتۇ . ئۇ ئاي بىلەن قۇياشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن تەختتە تۇرىدىكەن . ئۆلگەن تەڭرىنىڭ يەتتە ئوغلى ، توققۇز قىزى بولۇپ ، ئۇلارمۇ ئۈستۈنكى ئالەمدە تۇرىدىكەن ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە يەنە باشقا روھلارمۇ بار ئىكەن .

بىرىنچى ئۆردەكنىڭ جۈپتى ئاستىنقى ئالەمنىڭ خوجىسى بولۇپ ، ئۇماي (ھەمراھ ، ئەش ) دەپ ئاتىلىپتۇ . ئۇ يەر ياراتقۇچى بەخت ئىلاھى ، ئانا ـ بالىلارنىڭ شەپقەت ئىلاھى ، مۇھەببەت ئىلاھى ئىكەن . ئۆلگەن ئىلاھنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان نۇر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىچى ئىكەن . ئۈستۈنكى ئالەمدىن ئاستىنقى ئالەمگە تۆكۈلىدىغان رەھمەت يامغۇرلىرى ئۆلگەن تەڭرىنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شالى ئىكەن . ئۆلگەننىڭ پارلاق ماكانى بىلەن ئۇماي (ھوما ) نىڭ يەر ماكانى ئاستىدا يەنە بىر قاراڭغۇ زىمىستان ماكان بولۇپ ، ئۇنىڭدا يامان روھلار ياشايدىكەن .

## 2 . دۇنيانىڭ يارىتىلىشى

يەر ۋە كۆك تېخى يارىتىلماستىن بۇرۇن ھەممە نەرسە سۇدىنلا ئىبارەت ئىدى . يا تۇپراق ، يا ئاسمان ، يا كۈن ، يا ئاي يوق ئىدى . ھەممە تەڭرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ، ھەر بىر مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئادەم بالىسىنىڭ ئەسلىي ئەجدادى تەڭرى قاراخان ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە ئوخشاش بىر خىل مەخلۇقنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى «كىشى» دەپ ئاتىدى . قاراخان ۋە «كىشى» ئىككى قارا غازغا ئوخشاش سۇ ئۈستىدە ئەركىن ـ ئازادە ئۇچۇشاتتى . لېكىن «كىشى» بۇ خىل بەختلىك ، جىمجىت ھاياتتىن رازى ئەمەس ئىدى . ئۇ قاراخاندىنمۇ ئېگىز ئۇچۇشنى خالايتتى . ئۇ بۇ خىل پەسكەشلىكى تۇپەيلىدىن ئۇچۇشقا كېرەكلىك قۇۋۋەتنى يوقىتىپ قويۇپ ، چوڭقۇر ۋە چەكسىز سۇغا غەرق بولدى . ئۇ بۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇنجۇقۇپ قالاي دېگەندە ، تەڭرى قاراخاندىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى . قاراخان «كىشى» گە چوڭقۇرلۇقتىن يۇقىرىغا چىقىشنى بۇيرۇدى . «كىشى» يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى . شۇنىڭ بىلەن «كىشى» نىڭ يۇلتۇز ئۈستىگە ئولتۇرۇپ چۆكۈپ كېتىشىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن دېڭىزدىن بىر يۇلتۇزنى يۇقىرىغا چىقاردى . «كىشى» ئۇچۇشقا قادىر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن قاراخان يەر يۈزىنى يارىتىشنى تەسەۋۋۇر قىلدى . «كىشى» گە سۇنىڭ تەكتىگە چۆكۈپ سۇ ئاستىدىن توپا چىقىرىشنى بۇيرۇدى ۋە سۇدىن چىقىرىلغان توپىنى سۇ يۈزىگە چاچتى . «كىشى» توپىنى سۇدىن چىقىرىش بىلەن ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىگە يوشۇرۇنچە يەر يۈزى يارىتىش ئۈچۈن ئاغزىغا سېلىۋالدى . لېكىن يۇقىرىغا چىقىش بىلەن ئاغزىدىكى توپا شۇنچىلىك كۆپۈپ كەتتىكى ، ئەگەر تەڭرى قاراخان تۈكۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇق قىلمىغان بولسىدى ، ئۇ نەپەس ئالالماستىن بوغۇلۇپ قالغان بولار ئىدى .

قاراخان يارانقان دۇنيا تۆپتۈز بىر ساھىلدىن ئىبارەت ئىدى . لېكىن «كىشى» نىڭ ئاغزىدىن چىققان تۈپا ھەر تەرەپكە چاچراپ ، پۈتۈن يەر يۈزىنى پاتقاقلىق ۋە دۆڭلۈكلەر قاپلاپ كەتتى . بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەنگەن قاراخان بۇ ئىتائەتسىز «كىشى» گە «ئارلىق» (يارامسىز ) دېگەن لەقەمنى بەردى ۋە ئۇنى «نۇر ۋە يورۇقلۇق» دائىرىسىدىن قوغلاپ چىقاردى ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەر يۈزىدە يەرلىشەلەيدىغان باشقا ئادەملەرنى ياراتتى . توققۇز شاخلىق بىر دەرەخنى يەردىن ئۈندۈرۈپ ، ھەر بىر شېخىنىڭ ئاستىغا بىر ئادەمنى ياراتتى . بۇ ئادەملەر دۇنيادىكى توققۇز خىل ئىنسان تائىپىسىنىڭ ئەجدادلىرىدۇر . «ئارلىق» يەر يۈزىنىڭ بۇ يېڭى ئاھالىسىنىڭ شۈنچىلىك چىرايلىق ۋە شۈنچىلىك ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇلارنى ئۆزىگە بېرىشنى تەڭرى قاراخاندىن تەلەپ قىلدى . قاراخان رازى بولمىدى . لېكىن «ئارلىق» ئۇلارنى يامانلىققا دەۋەت قىلىپ ، مەجبۇري ئۆزىگە تارتىشنى بىلەتتى . قاراخان «ئارلىق» نىڭ بۇ خىل ئالداشلىرىغا ئوڭايلىقچە ئىشىنىپ قالغان بۇ ئەخمەقلەرگە قاتتىق خاپا بولغانلىقى ئۈچۈن ، بۇنىڭدىن شۇنداق ئادەم بالىسىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشنى قارار قىلدى ، «ئارلىق» قا باشقىدىن لەنەت ئوقۇپ ، يەر ئاستىدىكى قاراڭغۇ ئالەمنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە قوغلىۋەتتى ، ئاسماننىڭ ئون يەتتىنچى قەۋىتىنى بارلىق ئاھالىسى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن ياراتتى ۋە شۇنداق قىلىپ ، ئاسماننىڭ ئەڭ ئېگىز قەۋىتىنى تۇرار جاي قىلىپ تاللىدى . ئۆز ئالدىغا ياشاۋاتقان ئىنسانلارغا ھامىي ۋە مۇئەللىم قىلىپ ئۇلۇغ «ماي تەرە» نى ئەۋەتتى .

چىرايلىق ئاسماننى كۆرۈپ قالغان «ئارلىق» شۇ زامات ئۆزى ئۈچۈن بىر ئاسمان يارىتىشنى قارار قىلدى ۋە شۇ مەقسەتتە قاراخاننىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن ، ئۆز تەۋەسىدىكىلەرنى ، يەنى ئۆزى ئالدىغان يامان روھلارنى ئۇ يەرگە يەرلەشتۈردى .

لېكىن بۇ يامان روھلار قاراخان يارانقان يەر يۈزىدىكى ئىنسانلاردىن ئىنتايىن ياخشى ياشاۋاتاتتى . بۇ ئەھۋال قاراخاننىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلدى ، «ئارلىق» نىڭ ئاسمىنىنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن قەھرىمان «ماندى شىر» نى ئەۋەتتى . ئۇنىڭ قۇدرەتلىك نەيزىسىنىڭ زەربىلىرى بىلەن ئاسمان ئۆگراپ ، شۇ چاققىچە تۈپتۈز تۇرغان يەر يۈزى ئاسماندىن چۈشكەن پارچە - پۇرات نەرسىلەر بىلەن بۇزۇلۇپ ، ئېگىز تاغلار ، چوڭقۇر بوغۇزلار ، قويۇق ئورمانلار پەيدا بولدى . قاراخان «ئارلىق» نى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر بىر قەۋىتىگە سۈرگۈن قىلىۋەتتى . ئۇ يەردە كۈنىنىڭمۇ ، ئايىنىڭمۇ ۋە يۇلتۇزنىڭمۇ يورۇقى يوق ئىدى . قاراخان ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە تۇرۇشنى بۇيرۇق قىلدى .

## 3 . ئادەم ئاتىنىڭ پانىي دۇنياغا پالانغانلىقى

ئىنسانلار تېخى ئاپىرىدە بولمىغان چاغلاردا ئادەم ئاتا ئۆزى تەنها باقىي جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ئۆتىدىكەنمىش . جەننەتنىڭ سۈپسۈزۈك كەۋسەر سۇلىرى ناۋاتتىنمۇ تاتلىق بولۇپ ، ئىچكەن ئادەمنى ياشارتىدىكەنمىش . جەننەت باغلىرىدىكى يىل بويى مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدىغان شەربەت مېۋىلەر ، ئېتىز - دالىلاردىكى پىشىپ تۇرىدىغان ئالتۇن رەڭ بولۇق ئاشلىقلار پۇراپ قويغان ھامان ئادەمگە لەززەت ۋە قۇۋۋەت بەخش ئېتىدىكەنمىش . شۇڭا ، ئاشلىق ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى ئۈزۈپ يېيىش مەنئى قىلىنغانىكەنمىش .

ئادەم ئاتا جەننەت باغلىرىدا ئۆزى خان ، ئۆزى بەگ بولۇپ ، ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈپ ئۆتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىبلىس پەيدا بولۇپ ، ئادەم ئاتىنى شېرىن - شەربەت مېۋىلەردىن ۋە ئالتۇن رەڭ ئاشلىقلاردىن تېتىپ بېقىشقا دەۋەت قىپتۇ . ئادەم ئاتا دەسلىپىدە ئىبلىسنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي ، باقىي

جەننەتنىڭ شەرت، يوسۇنلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئۆتۈپتۇ. بىراق، ئىبلىس دېگەن بۇ نجىس ئادەم ئاتىنى ئالداپ:

— جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى ئېغىزغا ئېلىپ يەپ لەززىتىنى سۈرۈش پۇراپ ھۇزۇرىنى سۈرگەندىن مىڭ مەرتىۋە ئارتۇق. ئەگەردە چىنپۈتمىسەڭ، مۇنۇ بوغداينىڭ بىر دانىسىنى تىلىپ ئېلىپ تېتىپ باق، — دەپ بۇدرۇققىنا ئالتۇن رەڭ بۇغداي دانىسىنى ئادەم ئاتىغا تەڭلەپتۇ.

ئادەم ئاتا نەچچە رەت تەمشىلىپ، يەنە نەچچە رەت دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئىبلىس شېرىن - شېكەر ياغلىما تىللار بىلەن قىزىقتۇرۇۋەرگەندىن كېيىن، ئادەم ئاتا «يا تەۋەككۇل» دەپ يېنىدىن پىچىقىنى ئېلىپ بۇغداي دانىسىدىن بىر تىلىم تىلىپتۇ - دە، «بىسمىللا» دەپ ئاغزىغا سېپتۇ. بۇ بىر تىلىم بۇغداي ئادەم ئاتىغا شۇنداق تېتىپ كېتىپتۇكى، نەچچە زامانلاردىن بۇيان پەقەت پۇراش بىلەنلا قانائەتلىنىپ، بالدۇرراق تېتىپ لەززەت ئالالمىغىنىغا بەك پۇشايمان قىپتۇ. بىراق، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئادەم ئاتىنى نەس بېسىپ، چوڭ تەرەتى قىستاپ ئاۋارە قىپتۇ.

جەننەتنىڭ ھەممىلا يېرى ئەينەكتەك تازا، چىنىدەك پاكىز، گۈل - گىياھلار ۋە مېۋە - چېۋىلەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى گۇپۇلدەپ تۇرغان، گۈل - گۈلىستان، كۆكۈلمەيدان ئارامگاھ بولغاچقا، ئەخلەت - چاۋار، بەتبۇي پۇراق، پاسكىنا - مەينەتچىلىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن. جەننەتتە تەم تېتىش، تائام يېيىش مەنئى قىلىنغاچقا، سۈيدۈك، نجاسەت چىقىرىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن.

ئادەم ئاتا ئۆزىنىڭ بالا - قازا تېرىپ قويغىنىنى سېزىپ، شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ كەچۈرگۈسىز گۇناھ سادىر قىلىپ قويغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ. لېكىن قورسىقى تولغاپ، چوڭ تەرەتى قىستاپ بىئارام قىلىۋەرگەنلىكتىن، ئۇيان چېپىپ،

بۇيان دوقۇرۇپ ، دوزاخ ئازابىنى تارتىپتۇ . ئاخىر پايلىماي ئانار دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئولتۇرغانىكەن ، ئانار دەرىخى يۇز ـ خاتىر قىلماي ، قوش مۇشتتەك مېۋىلىرى بىلەن ئادەم ئاتىنى دۇمبالاپ قوغلىۋېتىپتۇ . ئادەم ئاتا ئەلەم بىلەن ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن پاناھلىق ئىزدىگەنىكەن ، ئالما دەرىخىمۇ قىلچە يول قويماي ، ئادەم ئاتىنى دۇمبالاپ ھەيدىۋېتىپتۇ . ئادەم ئاتا چىدىيالماي ئەينۇلا دەرىخىنىڭ ئاستىغا بېرىپتىكەن ، ئەينۇلا دەرىخى ئادەم ئاتىنى شۇپۇڭدا ساۋاپ يېنىغا يولاتماپتۇ . چىلان دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپتىكەن ، چىلان دەرىخى تىكەنلىرىنى سانجىپ يەتكۇدەك ئازاب ساپتۇ . ئادەم ئاتا ھېچقايسى دەرەخنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ، تەرەتنىڭ قىستىشىغا تاقەت قىلالماي تۇمىقىغا چىقىرىپ بېشىغا كىيىۋاپتۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئەركەك زاتنىڭ بېشىدىكى چاچتىن تارتىپ ، يۇز ۋە ئېڭەكلىرىنى بويلاپ چىققان تۇك ـ ساقاللار دەل شۇ ۋەقەنىڭ تەۋەررۇكىمىش . «چاچ ـ ساقاللار چىلىشىپ قالغان تائام مەكرۇھ» دەيدىغان پەتىۋامۇ شۇ ۋەقە تۇپەيلىدىن چىققانمىش .

تۇماققا چىقىرىش بىلەن ئادەم ئاتىنىڭ قورسىقى بوشماپتۇ ، بەلكى تەرىتى بارغانسېرى قىستاپ ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك بىئارام قىپتۇ . ئادەم ئاتا پەقەت سەۋر ـ تاقەت قىلالماي ، ناله ـ پەرياد سېلىپ ، ئەنجۇر دەرىخىنىڭ تۇۋىگە بارغانىكەن ، ئەنجۇر دەرىخى ئادەم ئاتىنىڭ ناله ـ زارىغا چىداپ تۇرالماي ، ئۆز ئاستىدىن پاناھلىق بېرىپتۇ . ئادەم ئاتا كەڭ يوپۇرماقلىق ، بوك ئۆسكەن ئەنجۇر دەرىخى دالدىسىدا خىرامان ئولتۇرۇپ ئىچ ـ قارنىنى بوشىتىۋاپتۇ ۋە نىجاسىتىنى بىر تال ئەنجۇر يوپۇرمىقى بىلەن يېپىپ قويۇپ يولغا راۋان بوپتۇ . شۇ ھامان نىجاسەت پۇرىقى جەننەت ئىچىنى قاپلاپ ، تەرەپ ـ تەرەپتىن رەزگى چىۋىنلەر پەيدا بوپتۇ ، چىۋىنلەردىن قۇرتلار پەيدا بوپتۇ ، قۇرتلار ئەخلەت پەيدا

قىپتۇ . . . شۇ تەرىقىدە ئۇنىڭدىن بۇ پەيدا بولۇۋېرىپ ، ئەتراپنى مەينەتچىلىك بېسىپ ، پاك ، گۈزەل جەننەتنى بولغاپتۇ .

بۇنىڭدىن ئاللاتائالا خەۋەر تېپىپ ، ئىنساپسىز ئادەم ئاتىنى باقىي جەننەتتىن مەڭگۈلۈك قوغلاپ چىقىرىپ ، جىنايەتلىك پانىي دۇنياغا سۈرگۈن قىلىۋېتىپتۇ . يامانغا يانتاياق بولغان ئەنجۇر دەرىخىنى بولسا ، گۈل - چېچەك ئېچىشتىن مەھرۇم قىلىپ ، ھەر كۆز كۈنلىرى دەسسەپ قايرىپ ، يانتاق ، تىكەنلەر بىلەن باستۇرۇپ كۆمۈشكە ، مېۋىسىنى ئۇرۇپ - كاچاتلاپ يېيىشكە ھۆكۈم قىپتۇ . جەننەتتە پەيدا بولغان سېسىقچىلىق ، ئەخلەت - چاۋا ، چىۋىن ، قۇرتلارنى ئادەم ئاتىنىڭ ئارقىسىدىنلا پانىي دۇنياغا ھەيدەپ چىقىرىپ ، جەننەتنى ئاددىي ئىنساندىن خالىي ، پاك ، گۈزەل ، راھەتبەخش سەيلىگاھ قىياپىتىگە كەلتۈرۈپتۇ . ھازىر ئىنسانلار ئىستېمال قىلىۋاتقان بۇغداي دېنىنىڭ قورسىقىدىكى بىر تىلىم سىزىق ئەينى چاغدا ئادەم ئاتا بىر تىلىم يېگەندە قېپقالغان تارتۇقمىش .

## 4 . ئەفرات ۋە توققۇز قىز

چىن دىياردا سەلتەنەتلىرى كاتتا ، ئالەمدە تەڭدىشى يوق دانىشمەن ، ئۇرۇش ئىشلىرىغا ئاجايىپ كامىل بىر خاقان ئۆتكەن بولۇپ ، ئۆزىنى كۈنتۇغاردىن كۈنپاتارغىچە بولغان كەڭ ئىقلىمنىڭ خاقانى دەپ ئاتايدىكەن ، ئۇرۇشقا چىقسا دۈشمەن ئالدىدا شىردەك ھۆركىرەيدىكەن . ئۇنىڭ ئىككى ئۇرۇش ئېتى بولۇپ ، بۇ ئاتلار 360 يىللىق يولنى بىر كۈندە باسىدىكەن . خاقان چۈشكىچە قارا ئاتقا ، چۈشتىن كېيىن ئاق ئاتقا مىنىدىكەن ، ئېلىنى قوغداش ، خەلقىنى مەڭگۈ بەختلىك ، باياشات قىلىش ئۈچۈن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىكەن ، دوستلىرىغا رەھىمدىل ، دۈشمەنلىرىگە ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ ، قىرىق كېچە - كۈندۈزلۈك

يىراقلىقتىكى دۈشمەنلىرىدىن يامان شەپلەرنى ئاڭلاپ قالسا ، دەرھال ئاتلىنىپ ، ئەدەپلەپ قايتىدىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقى خۇشال - خۇرام ، باياشات ياشايدىكەن ، دۆلىتى كۈچلۈك ، يەتتە ئىقلىمدا نامى پۇر ئىكەن . تەڭرى كۆك ئاسمان بىلەن قارا يەرنىڭ ئارىلىقىدا سۇ بىلەن تۇپراقنى قوشۇپ خېمىرغا ئوخشاش يۇغۇرۇپ ، كۈنگە قاقلاپ قۇرۇتۇپ ياراتقانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ ئايدەك گۈزەل ئىكەن . باتۇر چىن خاقانى چۈش كۆرۈپتۇ ، چۈشىدە رۇم ئېلىنىڭ خاقانىغا ۋەزىرى شۇنداق دېگەن ئىمىش : «بىزدىن 360 كېچە - كۈندۈز يىراقلىقتا چوڭ بىر ئەل بولۇپ ، خەلقى كۆپ ، بايلىقى مول ، خاقانى باتۇر ئىكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، توققۇز ئوغلى بولۇپ ، ئۇلار كېچە - كۈندۈز ئات مىنىپ ، ئوقيا ئېتىپ ، قىلىچ ئوينىتىپ يۈرىدىكەن . يېقىن كەلگۈسىدە ھەر تەرەپكە لەشكەر تارتىپ چىققۇدەك . شۇڭا ئۇلار ئۇيقۇدىكى ۋاقتىدا دەرھال قوشۇن تارتىپ ، خاقانىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ، خەلقىنى ئەل قىلىپ ، كۈچىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى .»

چىن خاقانى ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ ، كۆپ ئۇخلاپ كەتكىنىگە ئۆكۈنۈپتۇ ، لېكىن «ئۇخلىمىغان بولسام دۈشمەنلەرنىڭ مەسلىھىتىدىن خەۋەرسىز قالغان بولاتتىم» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ . ياي شەكلىدىكى زۇلپىقارىنى يېنىغا ئېسىپ ، ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ ، ئاق ئېتىغا مىنىپتۇ ، قارا ئېتىنى يېتىلەپتۇ . دەرھال ئوغلىنى ئويغىتىپ ، قوشۇنلىرىنى سەپراس قىپتۇ . يەتتە مىڭ ئاق ئاتلىق قوشۇننى ئالدىغا ساپتۇ ، چۈنكى قاراڭغۇدا ئاق ئاتقا ئەگىشىپ ماڭسا يولدىن ئېزىپ قالماسمىش . چىلان تورۇق ئاتلىق قوشۇندىن يەتتە مىڭنى ئاق ئاتلىق قوشۇننىڭ ئارقىسىغا ، يەتتە مىڭ قوڭۇر ئاتلىق قوشۇننى ئۇنىڭ ئارقىسىغا ، ئەڭ ئاخىرىغا يەتتە مىڭ قارا ئاتلىق قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . چىن خاقانى ئاسماندىكى ئايغا قاراپ شۇنداق

دەپتۇ : «سەن يۇلتۇز بىلەن قوشۇلۇپ بىزگە مەدەت قىلغىن» ، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئورمانلارغا قاراپ : «بىزنى شامالدىن ساقلىغايسەن» ، تاغقا قاراپ : «ئەي قۇتلۇق تاغ ! سېنى بىز تەڭرى دەپ بىلىمىز ، سەن بىزگە هايات ئاتا قىلغايسەن ، دائىملىق مەدەتكار بولغايسەن» دەپ دۇئا ئەيلەپتۇ . ئاخىر توققۇز قىزنى چاقىرىپتۇ ، باشتا ئەڭ كەنجى قىزى ئايخاننى چاقىرىپ : «بىز بارلىق ئەركەكلەر سەپەرگە ئاتلاندۇق ، يول يىراق ، پات ئارىدا قايتىپ كېلەلمەيمىز . سەن بارلىق قىزلارغا باشچىلىق قىلىپ ، ئەلنى ئوبدان ساقلىغىن . خەلقنى خارلىما ، بايلىقنى بۇزۇپ ـ چاچما» دەپ تاپىلاپتۇ . ئەڭ چوڭ قىزى قانقىزنى چاقىرىپ : «سەن قاندەك قىزىل بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئېتىڭنى قانقىز قويدۇم . سەن بۇ ئەلگە خان بولۇپ تۇرغىن . ئۇرۇش ئىشلىرىدا سىڭلىڭدەك ئىقتىدارىڭ يوق ، شۇڭا ئۇرۇشقا سىڭلىڭ قوماندانلىق قىلسۇن ، سەن ئوردىدا ئولتۇرۇپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بىلەن بولغىن» دەپتۇ . يەتتىنچى قىزى قازنى چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا ۋەزىرلىكنى تاپشۇرۇپتۇ ، قالغان تۆت قىزنى تۆت تەرەپنى ساقلاشقا ، ئىككى قىزنى ئوردىنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، خان قەشقەر ئىقلىمىدىن 360 كۆنلۈك سەپەرگە راۋان بوپتۇ . يەتتە كېچە ـ كۈندۈزدە باغداد شەھىرىگە يېقىن كەپتۇ . باغدادنىڭ بىر خاقانى بولۇپ ، كۈچ جەھەتتە تەڭدىشى يوق ، ئالەمگە داڭقى كەتكەنىكەن . ئۇمۇ چۈش كۆرۈپ ، چۈشىگە چىن خاقانىنىڭ توققۇز تۈمەن لەشكەر بىلەن كېلىۋاتقانلىقى ئايان بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىن هازىرلىق قىلىپ قويغانىكەن . چىن خاقانىنىڭ خەۋەرچىلىرى خانغا ئۇلارنىڭ ئالدىنى باغداد ئېلىنىڭ خاقانى قاسىرانىڭ توسۇپ تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ . چىن خاقانى دەرغەزەپكە كېلىپ : «بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئويلىمىغانىدۇق . ئەپسۇسكى ، ئىچىدىن زەهەر قايناپدىغان بۇ

ئەبلەخ بىزنى توسماقچى بولغان بولسا ، ئۇنىڭمۇ بىر جاجىسىنى بېرىپ قويايلى» دەپتۇ . ئىككىلا تەرەپ قوشۇنلىرى نەرە تارتىپ ئۇرۇشقا چۈشۈپتۇ . يەتتە كېچە - كۈندۈزلۈك قاتتىق جەڭدىن كېيىن قاسىران قوشۇنلىرى قېچىپتۇ . چىن قوشۇنلىرى قوغلاپتۇ . ئۇرۇش شۇنداق دەھشەتلىك بوپتۇكى ، توپا - چاڭنىڭ دەستىدىن كۈن كۆرۈنمەي ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ ، قان دەريا بولۇپ ئېقىپ ، كىشىلەر كېمە بىلەن ئۆتۈپتۇ ، ئۆلۈكلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ ، شوتا بىلەن ئۇ يان - بۇ يان ئۆتۈپتۇ . چىن قوشۇنلىرى غەزەپ بىلەن دۈشمەنلەرنى قوغلاپ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا كەپتۇ ، قارىسا قاسىران قوشۇنلىرى كۆرۈنمىگۈدەك . شۇ ئاندا چىن خاقانى ئەفرات لەشكەرلىرىگە قايتىشنى بۇيرۇغانىكەن ، بىردەمدە ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا توپان سۈيى تولۇپ كېتىپ ، نۇرغۇن لەشكەر تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ . ئەفرات دومىلاپ چۈشكەن يوغان قىيا تاشنىڭ ئاستىدا قېلىپ قازا تېپىپتۇ . سۇدىن ئامان قالغانلىرى قېچىپتۇ . تاغنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇنۇۋالغان قاسىران لەشكەرلىرى ئوقيا ، تاش بىلەن يەنە بىر قىسىملىرىنى يوقىتىپتۇ ، بۇ شۇم خەۋەر چىن ئىقلىمىغا يېتىپ كەلگەندە ئەفراتنىڭ توققۇز قىزى قاتتىق قايغۇغا چۈشۈپتۇ . ئوتتۇرانچى قىزى ئالقان «قوشۇن باشلاپ دادىمىز ۋە ئاكىلىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئېلىپ كېلەيلى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ . يەنە بىر قىزى «مەخپىي بېرىپ قاسىراننىڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن» دەپ ۋەدە قىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، كەنجى قىزى ئايخان ئاچىلىرىغا : «بىزنىڭ ھازىرقى ئىشىمىز ئەل - يۇرتنى قوغداش . دادىمىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ھالاك بولدى . بىز بۇ ساۋاقلارنى ئېسىمىزدە تۇتۇپ ، ئۆز ئورنىمىزدا يۇرتىمىزنى قوغدايلى» دەپتۇ . ئۇزاق ئۆتمەي ياقا بىر ئەلنىڭ خاقانى بۇ قىزلارغا يامان كۆزى بىلەن قاراپ ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىشقا تەييارلىنىپتۇ .

بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە توققۇز قىزنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ . ئۇلار كۆپ مەسلىھەتلەر قىلغاندىن كېيىن «بۇ ياۋۇز خاقانىنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ ، بىزنىڭ ئەر لەشكەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ھالاك بولدى . ئۇلار بىلەن يەكمۇيەك جەڭ قىلساق ، ئېھتىمال يېڭىلىپ قالىمىز ، شۇڭا ھىيلە بىلەن بۇ ئەبلەخلەرنى يوقىتايلى» دەپ پىلان تۈزۈپتۇ . ئۇلار بىر جادۇگەر كەمپىردىن مەسلىھەت سورىغانىكەن . ئۇ «سېپىل ياسىساڭلار دۈشمەن بەربىر بۇزۇپ تاشلايدۇ . ئالتۇن ـ كۈمۈش ، دەپىنە ـ دۇنيا كۆمۈپ قويساڭلار ئەۋلادلىرىڭلار تاپالماي پايدىلىنالمايدۇ ، كۆلنىڭ ئاستىدا ساقلىساڭلار چىرىپ كېتىدۇ . شۇڭا چوڭ قۇملۇققا يوشۇرۇپ قويساڭلار ئوبدان ساقلىنىدۇ» دەپتۇ . قىزلار يىراق ـ يىراق جايلاردىن قۇم ئىزدەپتۇ . ئۇلار قۇم ئېلىپ كېلىپ ، ئۇ يەردىن قۇم يۆتكەشكە بەل باغلاپتۇ . پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئات ـ تۆگىلەرگە ئارتىپ قۇم يۆتكەپتۇ . ئۆزلىرى قېرىپ دوك بولۇپ كەتكۈچە قۇم يۈدۈپتۇ . بۇ مەسلىھەتنى بەرگەن جادۇگەر كەمپىر ئەسلىدە شۇ قۇم ئېلىنىڭ پادىشاھى بولۇپ ، قىزلارنىڭ بۇ روھىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ . ئۇ شۇنداق ئەمر قىلغانىكەن ، قۇم ئېلىدىن لەكمىڭ ـ لەكمىڭ قۇم بارخانلىرى ئۆزلۈكىدىن يۆتكىلىپ ، چىن دىيارىدىكى ئاۋات شەھەرلەرنىڭ ئۈستىنى خۇددى قالپاق كىيگەندەك ئوراپتۇ . ئايخان ياشىنىپ قالغان ئاچىلىرى بىلەن بارلىق قېرى ـ چۈرىلەر ۋە كىچىك بالىلارنى قۇم ئاستىدا ياشاشقا قالدۇرۇپ ، ئۆزى توققۇز مىڭ قىز ئەسكىرىنى ئېلىپ دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئاتلىنىپتۇ . ئىككى تەرەپ يەتمىش ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپتۇ . ياقا ئەلنىڭ خاقانى ئەسلىدە دۆ ـ پەرىلەر ئېلىدىن بولۇپ ، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغانىكەن . ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوت ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىكى جىمىكى مەخلۇقاتنى ، ئادەم ۋە گىياھ ـ تۇپراقلارنى كۆيدۈرۈۋېتەلەيدىكەن ،

بوران چىقىرىپ تاغلارنى تۈزلىۋېتەلەيدىكەن ، توپان سۈيى ھاسىل قىلىپ ھەممىنى غەرق قىلىۋېتەلەيدىكەن . ئايخان ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى كۆن ھارارىتىدە پىشىپ ، سۇ بىلەن توپىدا خېمىردەك يۇغۇرۇلۇپ ئۇيۇشقان بولغاچقا ، تۆت تاغ ۋە ئورمانلار مەدەت بەرگەچكە ئوتتا كۆيمەيدىكەن ، سۇدا ئاقمايدىكەن ، شامالدا ئۇچمايدىكەن . ئۇلار يات ئەلنىڭ خاقانى بىلەن شۇنداق دەھشەتلىك جەڭ قىپتۇكى ، ئايخان ھەر بىر قىلىچ ئۇرسا ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يەتتە قات ئاسمان زىلزىلىگە كېلىپ ، يەتتە قات يەر تەۋرەپ كېتىدىكەن . يات ئەلنىڭ خاقانى مۇرغات ئۆز ئۆمرىدە قىرىق بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىپ ، قىرىق بىر پالۋاننى يەڭگەن بولسىمۇ ، بۇنداق باھادىرغا يولۇقمىغانىكەن . ئايخاننى يېڭەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن مۇرغات بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپتۇ . ۋەزىرلىرىگە : «چىن ئىقلىمىنى ئوتتا كۆيدۈرەيلى دېسەك ، قىرىق يىللىق يولغا يېتىپ بارالماي ، ئوت ئۆچۈپ قالىدۇ ، شامالدا ئۇچۇرۇپ تۈگىتەيلى دېسەك ، ئېگىز تاغلار توسۇۋالىدۇ . شۇڭا ، ئۇلۇغ دېڭىزنىڭ سۈيىنى قويۇۋەتسەك ، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ» دەپ ، دېڭىزنىڭ سۈيىنى چىن ئىقلىمىغا قارىتىپ ئېچىۋېتىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ئايخان قەۋم ئۇستىنى سۇ باسسا ئاچلىرىمىز ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز تۈگىشىدۇ ، سۇنى ئوردا ئەتراپىدا توسۇپ قالايلى ، دېگەن نىيەتكە كەپتۇ . ئۇلار يەتمىش ئىككى كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئىشلەپ ، ئاخىر بۇ سۇنى توسۇپ قاپتۇ ، بىراق ئوردا سۇ ئاستىدا قاپتۇ . كەڭ قەۋم ئاستىدا قالغان ئاچلىرىنىڭ قېشىغا كىرەلمەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن لەشكەر ، پۇقرالىرىنى يىغىپ ، كەڭ قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدا ماكان تۇتۇپ جان بېقىشنى ، ئاچلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۆتۈشنى نىيەت قىلىپ ، قېرىنداشلىرىنىڭ پىراقىدا زار - زار يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن شەھەرلەر قۇرۇلۇپ ، ھايات قالغان

كىشىلەر جان بېقىپ كەلگەنمىش . يىراق - يىراق قۇم بارخانلىرىدىن دائىم مۇڭلۇق ناخشىلار ، ھەسرەت - نادامەتلەر ئاڭلىنىپ تۇرار ئىمىش . كىشىلەر قۇم ئاستىدىن چىقىۋاتقان ئىس - تۈتەكلەرنى كۆرەر ئىمىش . ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىنى ئەسلىگەندە ، بۇ كەڭ قۇملۇقتا بېرىپ كۆمۈلۈپ ، ئۆزلىرىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقاندەك ھېس قىلار ئىمىش ، كىشىلەر ئايخاننىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن . ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۇ ھايات بولۇپ ، مەڭگۈ ئۆلمەيدىكەن . ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن چىن ئىقلىمىدا قايتىدىن ھاياتلىق باشلىنىپ ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خاتىرجەم ياشاۋېتىپتۇ .

## 5 . توغراق بىلەن قاغا نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ؟

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى ، ھەزرىتى ئىسكەندەر پادىشاھلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا «دۇنيانىڭ مەلۇم بىر يېرىدە بىر زۇلمەت بار ئىمىش . زۇلمەتكە كىرىپ - چىققانلار ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان ئىچىدە قالۇر ئىمىش» دېگەن بىر گەپ يېتىپتۇ . ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ زۇلمەتنى كۆرگۈسى ، «پۇشايمان» نىڭ بار يېرىنى بىلگۈسى كەپتۇ -دە ، زۇلمەتنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىپتۇ . ئۇ بىر جايغا بارغاندا ھەسرەتكە چۆمۈپ ئولتۇرغان بىر كىشىگە يولۇقۇپتۇ . ئىسكەندەر ئۇ كىشىدىن ھەسرەت چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ . ئۇ كىشى مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ :

— مەن بۇ دۇنيادا بىر زۇلمەت بارلىقىغا ئىشىنىپ ئاخىر زۇلمەتنى تېپىپ كىردىم . ئۇنىڭ ئىچى شۇنداق قاراڭغۇ ئىكەنكى ، بىر قەدەم نېرىدىكى جايىنى ئەمەس ، ئۆزى تۇرغان جايىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن . شۇنداق بولسىمۇ ، مەن مېڭىشنى

داۋاملاشتۇرۇپ ، بىر چاغدا ئايغىم سۇغا چىلانغاندەك بولدى . شۇ يەردە توختاپ سۇغا قول تىقتىم ، سۇ تېيىز ئىكەن ، قولۇمغا ئاجايىپ سىلىق تاشلار ئۇرۇندى . مەن قولۇمغا چىققان تاشلارنى ئېلىپ يورۇقتا كۆرۈش ئۈچۈن زۇلمەتتىن قايتىپ چىقتىم . قارىسام ئۇ شۇنداق ئېسىل گۆھەر تاشلار ئىكەن ، ئۇنداق تاشلارنى يەر يۈزىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس ، مەن بۇ تاشلارنى تاماشا قىلىپ تۇرغىنىمدا يەنە بىر كىشى پەيدا بولدى ، ئۇ كىشىمۇ زۇلمەتكە كىرىپ چىققانىكەن ، ئەمما ھېچنېمە ئاچىقماپتۇ . ئۇ كىشى مەن ئاچىققان تاشلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قالدى . ئىككىمىز دەرھال زۇلمەتكە قايتا كىرمەكچى بولدۇق ، بىراق زۇلمەت غايىب بولۇپ كېتىپتۇ . بىز خۇداغا نالە قىلىپ ، زۇلمەتكە كىرىش ئۈچۈن يول بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق . شۇ پەيتتە غايىبتىن «ھەي ئىنسانلار ، ئادەم ئۈچۈن ئۇ يەرگە كىرىش بىر نۆۋەت نېسىپ بولىدۇ » دېگەن سادا كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى ھېچ نەرسە ئاچىقمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى . مەن بولسام كۆپرەك ئاچىقمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىپ ئولتۇرىمەن .

ھەزرىتى ئىسكەندەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ يولىغا راۋان بوپتۇ . ئۇ بىر يەرگە يېتىپ بارغاندا قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈر كۆرۈنۈپتۇ . ئىسكەندەر زۇلمەت مۇشۇ بولسا ئەجەب ئەمەس ، دەپ ئويلاپ ، ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ ئۆزى ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ . ئېيتقاندەك بۇ زۇلمەت ئىكەن . ئۇ بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن سۇغا دۇچ كەپتۇ . قولىنى سۇغا سالغانىكەن ، ھېلىقى كىشى ئېيتقاندەك سىلىق تاشلار ئۇرۇنۇپتۇ . ئىسكەندەر ، ماڭا دەپنە ـ دۇنيا كېرەك ئەمەس ، مەن مۇشۇ سۇدىن ئىچىۋالاي دەپ يېنىدىكى كوزىغا زۇلمەتنىڭ سۈيىنى تولدۇرۇپ ئاچىقىپتۇ . شۇ ھامان دەرەختىن : «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئى شاھى ئىسكەندەر » دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ . ئىسكەندەر : «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام » دەپ

جاۋاب بېرىپتۇ ـ دە ، دەرھال ئېتىنى ئۇ دەرەختىن يېشىپ باشقا دەرەخكە باغلاپ ھېلىقى ئاۋاز چىققان دەرەخكە قايتا نەزەر سالپتۇ . بۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر كىشى ياتقانىكەن .

— سىز كىم بولىسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىسكەندەر ئۇ كىشىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ .

— ئەيۇ قىلىڭ ، شاھىئالەم ، ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا ئىلاجىسىزمەن ، مەن دەرەخ ئادەم بولىمەن ، — دەپتۇ ئۇ كىشى .

— بۇ قانداق گەپ ، دەرەخ ئادەممۇ بولامدۇ ؟ — دەپ قايتا سوئال قويۇپتۇ ئىسكەندەر . ئۇ كىشى :

— مەن ئەسلىدە ئادەم ئىدىم ، زۇلمەتكە كىرىپ زۇلمەتنىڭ سۈيىدىن ئىچىپ چىققانىدىم ، ھازىر بۇ ۋەقەگە مىڭ يىلدىن ئېشىپ كەتتى ، ئۆلمىدىم ، كېيىن بىلسەم زۇلمەتنىڭ سۈيى ئابىھايات دېگەن سۇ ئىكەن ، ماڭا قاراڭ ، بەدىنىمدىن دەرەخ ئۆسۈپ چىقتى ، لېكىن تېنىمدىن جېنىم چىقمىدى ، دەرەخ ئادەم بولۇپ قالدىم . ئەگەر شۇ سۇنى ئىچمىگەن بولسام ، بۇنداق كۈنگە قالماس ئىدىم ، — دەپتۇ ، ئاندىن ئىسكەندەردىن ، — سىزمۇ زۇلمەتكە كىرىپ چىقتىڭىزمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ھەئە ، — دەپتۇ ئىسكەندەر ۋە ئۆزىنىڭ بىر قاچا سۇ ئاچىققانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

— ئەگەر شۇ سۇنى ئىچمىگەن بولسىڭىز ، تۆكۈۋېتىڭ ، ئىچسىڭىز ، ماڭا ئوخشاش باقىي ئالەمگە سەپەر قىلالماي ، مەڭگۈ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالىسىز ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى .

ھەزرىتى ئىسكەندەر كوزىدىكى سۇنى نېرىراقتا تۇرغان بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە تۆكۈۋېتىپتۇ . دەرەخكە بىر قاغا قونۇپ ئولتۇرغانىكەن ، ئۇ قاغا سۇ تۆكۈلگىنىنى كۆرگەن ھامان ئوقتەك

ئۈچۈپ چۈشۈپ سىڭىپ بولمىغان سۈنى ئىچىۋاپتۇ . ئىسكەندەر سۇ چاچقان دەرەخ توغراق ئىكەن ، شۇڭا توغراق بىلەن قاغا ئابىهايات سۈيىنى ئىچكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەرمىش .

## 6 . بۇغداي دېنى نېمىشقا سوقىچاق؟

ئۆزىنى ئالىم چاغلاپ يۈرگەن هازازۇل خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ شەيتانغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ، دوزاختا يالغۇز ئازابلىنىشتىن قورقۇپ ، بەندىلەرنىڭ ئاتىسى — ئادەم ئەلەيهىسسالامنى ئازدۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەيتان بەندىلىرىنىڭ كۆندىلىك ئوزۇقى بولغان بىر تال يۇمىلاق بۇغداي دېنىنى ئېلىپ ئادەم ئەلەيهىسسالامغا :

— سىز خۇدانىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ، شۇڭلاشقا سىزنى خۇدا پەيغەمبەر دەرىجىسىگە كۆتۈردى ، سىزنىڭ ئەۋلادلىرىڭىز خۇدانىڭ ئالدىدا شۇڭلاشقا ئۇلۇغ . بىراق ، خۇدا سىزنى هەم يېمەس ، هەم ئىچمەس قىلىپ ياراتقانلىقى ئۈچۈن ، ئەۋلادلىرىڭىزنىڭ يېمەكلىكىنى كۆرۈپ تۇرسىڭىزمۇ تەمىنى بىلمەيسىز . مېنىڭچە ، ئەۋلادلىرىڭىز يېگەن ئوزۇقنىڭ تەمىنى بىلگەن بولسىڭىز ، خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ۋە رەهمىتىگە تېخىمۇ قايىل بولغان بولاتتىڭىز . شۇڭا بەندىلەرنىڭ نازۇ نېمەتلىرىنى تېتىپ كۆرۈپ ، ئۇلار ئۈچۈن خۇداغا رەهمەت ئوقۇپ قويارمىكىن دەپ ، بىر تال بۇغداي دېنى ئەكەلدىم ، — دەپتۇ ۋە بىر تال بۇغداي دېنىنى ئادەم ئەلەيهىسسالامغا بېرىپتۇ . بۇنىڭغا هەۋەسلەنگەن ئادەم ئەلەيهىسسالام بۇغداينى ئاغزىغا ساپتۇ ـ دە ، يۇتماقچى بوپتۇ . بۇ هالنى كۆرۈپ تۇرغان خۇدا شۇئان جەبرائىل ئەلەيهىسسالامغا بۇيرۇق قىلىپ :

— هەي جەبرائىل ، سەن دەرهال ئادەم ئەلەيهىسسالامنىڭ

كانىيىنى سىق ، كانىيىدىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئۆتۈپ كەتمىسۇن ھەمدە ئۇ شەيتانغا ئالدانغانلىقى ئۇچۇن تۇۋا قىلسۇن ، — دەپتۇ .

جەبرائىل ئەلەيھىسسالام دەرھال خۇدانىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ . ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كانىيىنى بىر سىققانىكەن ، ھېلىقى يۇملاق بۇغداي ئېزىلىپ سوقىچاق بولۇپ قاپتۇ ۋە بىر تەرىپىگە جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ باش بارماق تىرنىقىنىڭ ئىزى چۈشۈپ قاپتۇ . شۇنىڭدىن بۇيان بۇغداي دېنى سوقىچاق بولۇپ قالغانىكەن .

## 7 . چىمەنگۈل ۋە چىمەندوپپا

قەدىمكى زاماندا قەشقەردە قاراخان دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن . ئۇنىڭ بىر قىزى بولۇپ ، ئاي دېسە ئايدىن چىرايلىق ، كۈن دېسە كۈندىن چىرايلىق ، ئەقىل - پاراسەتلىك ، قولى ئەپچىل ، ئىشچان قىز ئىكەن . يىللار ئۆتۈپ قىز بالاغەتكە يېتىپتۇ . ھال ئەھۋالى يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىنىڭ شاھزادىلىرىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىشقا باشلاپتۇ . قىز دەل توققۇز ياشقا كىرگەن كۈنى يەتتە پادىشاھلىقنىڭ شاھزادىسىدىن ئەلچى كەپتۇ . تەڭقىسلىقتا قالغان پادىشاھ قىزىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپتۇ . قىز دادىسىنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپ ، ئەلچىلەرنىڭ قىرىق كۈن كۈتۈپ تۇرۇشىنى ئېيتىپتۇ .

مەلىكە قىرىق كۈن ئىچىدە يەتتە دانە دوپپا تىكىپ ، يەتتە دۆلەتنىڭ ئەلچىسىگە بىردىن بېرىپ دەپتۇكى : «سىلەر بۇنى شاھزادىلىرىڭلارغا بېرىڭلار ، كىمدەكىم بۇنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى ، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىرىنچى بولۇپ دەپ بېرەلىسە ، شۇنىڭغا ياتلىق بولىمەن .»

ئەلچىلەر دەرھال ئاتلىرىغا مىنىپ ، دوپپىنى بەلۋاغلىرىغا چىگىپ ، ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتىپتۇ . دوپپىنى ۋە مەلىكىنىڭ شەرتلىرىنى شاھ ۋە شاھزادىلىرىگە يەتكۈزۈپتۇ . شاھزادىلەرنىڭ بېشى قېتىپتۇ ، ئەقلى چېچىلىپ ، تىللىرى كالۋالىشىپ ، دىللىرى گاللىشىپتۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە يەكەن پادىشاھىنىڭ ئوغلى پاقلانبايى چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ ، دەرھال «نامە» تەييارلاپ ، ئەلچىدىن قەشقەرگە يوللاپتۇ .

شەرتنى ئېغىر قويۇپ تاقىتى تاق بولغان مەلىكە دەل يەتتىنچى كۈنى يەكەن شاھزادىسىنىڭ مۇبارەك مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ . خەتتە : «دوپپىنىڭ ئىسمى ‹چىمەن› ، بۇ مەلىكىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش ؛ دوپپىنىڭ رەڭگى مەلىكە تۇرىدىغان چاھارباغدىكى چىمەنلىكنىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاش ، ئۇنىڭغا مەلىكە ياخشى كۆرىدىغان بۇغداي باشقىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن ؛ دوپپىنى يىگىتلەر بېشىغا كىيىدۇ ، مۇبادا مەلىكە ياتلىق بولۇپ كەتسە ، ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ تۇرۇشىغا ياردىمى بولىدۇ ، دېگەنلىك» دەپ يېزىلغانىكەن .

مەلىكە پاقلانباينىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ ، ئەمما باشقا شاھزادىلەرنىڭ جاۋابلىرىنىمۇ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن يەكەن ئەلچىسىنىڭ قىرىق كۈنگىچە ساقلاپ تۇرۇشىنى ئېيتىپتۇ . قىرىق كۈنگىچە ھېچقانداق يەردىن جاۋاب كەلمەپتۇ .

مەلىكە چىمەنگۈل پاقلانبايغا ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بوپتۇ .

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ھۈنىرىنى قىز - چوكانلار ئۆگىنىۋاپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن چىمەندوپپا ئەل ئارىسىدا ئومۇملىشىشقا باشلاپتۇ .

## 8 . هاراق قانداق پەيدا بولغان؟

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى توپان بالاسى بولغانىكەن . شۇ مەزگىلدە نۇھ (رىۋايەتتە ئۈچ ئاي ، يەنە بىر رىۋايەتتە ئالتە ئاي دېيىلىدۇ ) سۇ يۈزىدە يۈرگەنىكەن . ئۈزۈمقۇلۇق ئۆچۈن باشقا نەرسىلەر قاتارىدا يەنە ناھايىتى كۆپ مىقداردا يېمىش (قۇرۇق ئۈزۈم ) ئېلىۋالغانىكەن . سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈش جەريانىدا كېمىلەرگە نۇرغۇن قېتىم سۇ كىرىپ كېتىپ ، يېمىشنىڭ ئاستى سېسىشقا باشلاپتۇ . ئۈزۈق تۈگىگەندىن كېيىن كىشىلەر ئىلاجسىز سېسىغان يېمىشلەرنى سىقىپ سۈيىنى ئۈزۈق قىپتۇ . بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ بېشى سەل قايغاندەك بوپتۇ ، ئەمما روھى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ ، كېمە ئىچىنى خۇش چاقچاق ، جاراڭلىق ناخشىلار قاپلاپتۇ . ھەممە كىشى بۇ خىل ئۆزگىرىشتىن ھەيران قېلىشىپتۇ . كېيىن يەنە سېسىغان يېمىشنى سىقىپ سۈيىنى ئىچكەنىكەن ، يۇقىرىقى ئەھۋال يەنە تەكرارلىنىپتۇ . شۇ چاغدا كىشىلەر سېسىغان يېمىش سۈيى روھنى كۆتۈرۈپ ، كەيپىياتنى جانلاندۇرىدىكەن ، دېگەن تونۇشقا كەپتۇ .

توپان بالاسى ئاخىرلىشىپتۇ ، تىــنچ تۇرمۇش باشلانغاندىن كېيىن ، كىشىلەر كېمىدىكى ئەھۋالنى ئەسلىشىپ ، ئۈزۈملەرنى سېسىتىپ سۈيىنى چىقىرىپ ، بىر خىل ئىچىملىك تەييارلاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى «شاراب» دەپ ئاتاپتۇ . ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپتۇ ، تۈرلۈك بەزمە ، زىياپەتلەردە شاراب ئىچىش ئومۇملىشىپتۇ .

شۇ زامانلاردىكى پادىشاھلارنىڭ بىرىدە شارابنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ، كەيپىياتنى تېخــــمۇ جانلاندۇرۇش ، ئەمما شارابنىڭ ئىچىلىش مىقدارىنى كېمەيتىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپتۇ ۋە پۈتۈن مەملىكىتىگە : «كىمدەكىم شارابنىڭ سۈپىتىنى تېخــمۇ

ياخشىلاپ ، ئىچىلىش مىقدارىنى ئازايتىپ ، ئاز شاراب بىلەن كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرالايدىغان ۋە جانلىنىش ۋاقتىنى ئۇزارتالايدىغان بولسا ، ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك مال ـ دۇنيا مۇكاپات بېرىلىدۇ » دەپ جاكارلاپتۇ .

شۇ زاماندا ياخشىلىقنى هارام بىلىپ ، ئەسكىلىكتە داڭقى چىققان ، خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ ، كۈنى تەستە قالغان بىر ئادەم بولۇپ ، ئىسمى مەلئۇن ئىكەن . ئۇ پادىشاھنىڭ جاكارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئاچ كۆزلۈكى غەليان كۆتۈرۈپ ، تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ۋە پادىشاھقا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ ئۈچ ئايلىق مۆهلەت سوراپتۇ . پادىشاھ ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ ، بەلگىلەنگەن مۆهلەت ئىچىدە ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىسا ، كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ، سورىغان نەرسىلىرىنى بېرىپتۇ . مەلئۇن ئۆيىگە كېلىپلا ئىش باشلاپتۇ ، ئۇنداق قىپتۇ ، بۇنداق قىپتۇ ، قىلمىغان ئىشلىرى قالماپتۇ ، ئەمما بىرەر ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەي ، ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە گېلىدىن تاماق ئۆتمەي يىغلاشقا باشلاپتۇ . شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، كۆزى چېقىر ، بۇرنى پاناق ، يۈزى گۆشلۈك ، بويى پاكارغىنا كەلگەن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى سودىگەر قىياپەتلىك بىر كوسا ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە :

— ھەي مەلئۇن ، نېمىگە يىغلايسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

مەلئۇن پوتلىسىنى ئېقىتقان هالدا زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ ، يىغلاشنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ .

— يىغلىما ، بۇنىڭ چارىسى ئاسان . سەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغىنىڭدا بىر يولۋاس ، بىر تۈلكە ، بىر قىزىل خوراز تەلەپ قىلغىن . ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قانلىرىنى ئۈزۈم سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ «خېمىرتۇرۇچ» ياسىغىن ، شۇ چاغدا ئىشلىرىڭ

ئوڭۇشلۇق بولىدۇ ، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ ھېلىقى ئادەم ۋە شۇئان كۆزدىن غايىب بوپتۇ . بۇ ئادەم ئەسلىدە پۈتۈن دۇنيادىكى شۇملۇقلارنىڭ پىر ـ ئۇستازى لەنىتى شەيتان ئىكەن .

مەلئۇن شەيتاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شاراب ياساپ ئىچىپ بېقىپتۇ . بىر ئازدىن كېيىن ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن ئەقلى لال بولۇپ ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ـ دە ، بىر تۇلۇق شاراب تەييارلاپ پادىشاھقا تەقدىم قىپتۇ . پادىشاھ بۇ شارابنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ، دەرھال ۋەزىر ، ئەمىر ، ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى قاتناشقان بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . بىر نەچچە قەدەھ ئىچىلگەندىن كېيىن شۇنداق بىر ئەھۋال سادىر بوپتۇكى ، ھەممە كىشى ھەيرانلىقتىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قاپتۇ . مۆرىمەسلەر ناخشىغا ، سۆرەلمىلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ ، قورقۇنچاقلار باتۇرغا ئايلىنىپتۇ ، تاماق قويۇلغان شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىشىپ ، پادىشاھقا قول شىلتىپ ، چۈۋۈنقىلىرىنى چۈۋۈغىلى تۇرۇپتۇ . بەزى توڭلار بولسا ، ئالاھىدە مۇلايىملىشىپ ، يېنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ شېرىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كېتىپتۇ . ئادەتتە ياۋاش ، مۆمىن دېگەنلەر يەڭ شىمايلاپ ئاداۋىتى بارلار بىلەن جېدەللەشكىلى باشلاپتۇ ، بەزىلەر بولسا ھايا ـ نومۇس دېگەنلەرنى تاشلىۋېتىپ ، ئاياللارغا ئېسىلىۋېلىشقا ، بەزى ئاياللار بولسا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئەرلەرگە چاپلىشىۋېلىشقا باشلاپتۇ . زىياپەت خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان بولسىمۇ ، كىشىلەر قورساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقىنى سېزىشمەپتۇ ۋە ئادەتتە تۆكەپ كېتىدىغان زىياپەت تاماقلىرى ئېشىپ قاپتۇ .

كىشىلەر شۇ زىياپەتتىكى ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىشىپ ، قورقۇنچاقلارنىڭ باتۇرغا ئايلىنىشى يولۋاس قېنىنىڭ ئارىلاشقانلىقىدىن ، بەزىلەرنىڭ بەك مۇلايىم ياكى ھارامزادىلىشىپ

كېتىشى تۈلكە قېنى قوشۇلغانلىقىدىن ، هايا ـ نومۇسنىڭ يوقىغانلىقى قىزىل خورازنىڭ قېنىدىن ، قورساقنىڭ ئاچماسلىقى ئۈزۈم سۈيىنىڭ قۇۋۋىتىدىن دەپ خۇلاسە قىلىشىپتۇ .

شۇ قېتىمقى زىياپەتتىن كېيىن شاراب ئىشلەش تېخىمۇ تەرەققىي قىپتۇ ، ئەمما جەمئىيەت كەيپىياتى يامانلىشىپ ، جېدەل ـ ماجىرا ، بۇزۇقچىلىق ، قاتىللىق قاتارلىق ھەر خىل جىنايى قىلمىشلار ئەۋج ئاپتۇ . بۇ ئىشلارغا قارىتا بەزى دانىشمەنلەر «بۇ شاراب ئەمەس ، ھەلەق ئىكەن» دەپ نام بېرىپتۇ . ئۇزۇن يىل ئۆتۈپ بۇ نام ئومۇملىشىپتۇ . ئۇزۇن جەريانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ھەلەق» سۆزى «ھاراق» قا ئۆزگىرىپتۇ . ھاراق مانا شۇنداق پەيدا بولغانىكەن .

## 9 . مەھمۇد كاشغەرىگە ئات قويۇش رىۋايىتى

زور پالاكەت ۋە دىشۋارچىلىقتىن ئامان قالغان شاھ تۇنجى نەۋرىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى شەرىپىگە شىكارغا چىققان 40 يىگىت مىنگەن ئاتلارنى نەزىر قىلىپ ، شۇكرانىسىغا دۇئا ـ تەكبىر ئۆتكۈزۈپتۇ . ئۇ يۇرتتىكى پۇتكۇل ئۆلىما ـ فۇزۇلا ، يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپ ، نەۋرىسىگە ئىسىم قويۇش تويى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ ، ئاكابىرلارغا خەۋەر بېرىپتۇ . ھەممە يىغىلىپ «ئات تويى» نى كاتتا زىياپەت ، تەنتەنە بىلەن «قىزىل مەسچىت ئاتام» دىكى ئوردىدا ئۆتكۈزۈپتۇ . زىياپەت ئاخىرىسىدىكى دۇئايى خەيرىدىن كېيىن ، يېڭى نەۋرىسىنى تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئاق كىگىزگە ياتقۇزۇپ ، بىر توققۇز سىپاھ كۆتۈرۈپ ، ئوردا مېھمانخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىرىپ ، يەردە قويماي كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ .

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى تەڭ : «شاھىمىزغا قۇتلۇق بولسۇن» دەپ مۇبارەكبادلىق قىپتۇ . ئاندىن يۇرت قازىسى ئوغۇلنى قولىغا

ئېلىپ پېشانە ۋە تاپانلىرىغا سۆيۈپ : «شاھزادە يەتتە ئىقلىمغا شاھ بولغاي» دەپتۇكەن ، شاھى ئېھتىرام مىيىـــــــقىـــــــدا كۈلۈپتۇ . ئىككىنچىسى قولىغا ئېلىپ : «كاتتا باھادىر ۋە ئەقىللىق بولۇشى قولاقنىڭ چوڭلۇقى ، پېشانىسىنىڭ كەڭلىكىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ ، ئەلۋەتتە بۇ خاسىيەت شاھزادىگە خاستۇر» دەپتۇكەن ، شاھقا بۇ گەپمۇ بىر نەۋئى تۇيۇلۇپتۇ . ئۈچىنچىسى ، تۆتىـــنچىـــــــــســـــــى ، بەشىنچىسى ، ئالتىنچىلىرىمۇ شاھقا ياخشـــــى كۆرۈنۈش ئۈچۈن خۇشامەتتىن ياغلىما سۆزلەرنى قىپتۇ . يەتتىنچى نۆۋەتتە قۇدىسى سەيپىددىن نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ : «تەڭرىم بىزگە بۇ يېڭى مېھماننى ئاتا قىپتۇ . مەن ئۇنىڭغا شۈكرىلەر بەجا كەلتۈرىمەن . ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قىلغان ياخشىلىقى - مىراسى ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىنىشتىن ئەۋزەل ئەمەس . تەڭرىم نېسىپ قىلسا ، تەربىيىمىز بىلەن نەۋرىمىز ئالىم بولغۇسىدۇر» دەپتىـــــكەن ، پۈتكۈل مېھمانخانىدىكىلەر باركاللا توۋلىشـــــــــــپ كېتىـــــپتۇ ، ئارقىدىنلا «ئاللاھۇ ئەكبەر . . .» دېگەن تەكبىر ساداسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ ، شاھنىڭ خۇشاللىق يېشى كۆز چانقىدىن نۇرۇز بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ . يۈگۈرۈپ كېلىپ سەيپىددىننى قۇچاقلاپ ، يېڭى نەۋرىسىنى بىللە كۆتۈرۈپ ، چۆرگىلىتىپ ئاندىن يەرگە دەسسىتىپتۇ . شاھ نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ باش - كۆزىدىن سۆيۈپ ، خالايىققا قاراپ :

«ئىلىم ئىلەدۇر نىزامى ئالەم ،
ئاداپ ئىلەدۇر كامالى ئادەم .»

دەپتۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن : «مەن يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھلىقىدىن ئەۋلادىمنىڭ ئالىم بولغىنىنى چوڭ دەرىجە دەپ بىلىمەن ، ئالىملىق ئىككىلا دۇنيا نىجاتلىقى ۋە شاھلىقىدۇر . مېنىڭ دىلىمدىكـــى

ئارزۇيۇمنى ۋەلىي (ئالدىن بىلگۈچى ، كارامەت قىلغۇچى ) گە ئوخشاش قۇدىمىز سەيپىددىن ئاكا تاپتى . مەن ھەقىقىي رىزا بولدۇم . بۇگۈندىن باشلاپ ، بۇ كىشىنىڭ نامىنى پۈتكۈل ئەل «سەيپىددىن ۋەلىيۇللا » دەپ ئاتىغاي » دەپ پەرمان قىپتۇ . ھەممە بەيەكبار تەزىم بىلەن «خوش » دەپ رىزالىق بىلدۈرۈپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، بالىسىنىڭ ئىسمىنى نېمە قويۇش ھەققىدە مەسلىھەت ـ مەشىپرەتلەر باشلىنىپتۇ .

ئۆلىمالاردىن بىرى : «شاھىمىز ، بۇگۈن جانابلىرى ئىلىمپەرۋەرلىكلىرىنى ئايان قىلىپ ، ئارزۇلىرىنى شاھلىقتىن يۇقىرى دەپ تونۇپ ، بىزگە سائادىتىمىزنى كۆرسەتتىلە ، بىز ئىلىم ئەھلىلىرى تولىمۇ مەمنۇن بولدۇق . شۇڭا بىز سىلىدەك شاھىمىزنىڭ دەۋرى بىلەن ماختىنىمىز . ھەممىمىز مۇشۇ ماختىنىش ۋە مەمنۇنىيىتىمىزگە شۈكۈر بەجا كەلتۈرۈپ ، بۇ ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلىمىز . بىزنىڭ مۇشۇ نىيەت ـ مۇددىئايىمىزنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ، قۇتلۇق قەدەملىك پەرزەنتلىرىگە بەش ھەرپتىن ئىبارەت بولغان «مخمۇد » (ماختانغۇچى ) ئىسمىنى قويۇشنى ئىلتىجا قىلىمىز . چۈنكى ، بۇ ئىسمىنىڭ ھەر بىر ھەرپىدە بىر مەنە يوشۇرۇنغان : بىرىنچى ھەرپ بولغان «م » (مىم ) مەمنۇنىيەتنى بىلدۈرىدۇ ، «خ » (ھى ) ھەمدۇ ئېيتقۇچى دېگەن مەنىنى ، «م » (مىم ) مۇددىئا ـ مۇرادىغا ئېرىشكەن دېگەن مەنىنى ، «ۋ » (ۋاۋ ) ۋاپادارلىق دېگەن مەنىنى ، «د » (دال ) دىيانەتكارلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ » دەپتۇ .

شاھى ئېھرام خالايىق مۆتىۋەرلىرى ئالدىدا «نۇرە دىدەمىزنىڭ ئىسمى مەھمۇد بىننى ھۇسەيىن بولسۇن ، ئوغلىمىز ھۇسەيىن بۇ مۇبارەك پەرزەنت ھۆرمىتىدىن بۇگۈندىن باشلاپ «ئەمىر سۇلتان ھۇسەيىن » دەپ ئاتالسۇن . خالايىق ئىچىدە ئىلىم ـ ھۇنەر شۇنداق روناق تاپسۇنكى ، ئىلىم ـ ھۇنەر بىلمىگەن بىرەر كىشى

سەلتەنىتىمىز تەۋەسىدە كۆرۈلمىگەي ، ھەر قانداق كىشى پەزىلىتىنى ئارتتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ بىباھالىقىنى كۆرسەتكەي ، ئىلمۇئىرپانغا قىيا باققۇچىلارنى ھاشارغا ھەيدەپ ، ئۇلارنىڭ سىلىقىنى ئېغىرلاتقاي» دەپ پەرمانى ئالىي قىپتۇ .

شاھزادە مەھمۇد تەلپۈنگەندە ، شاھى ئېھرام قۇۋانىپ بىر توققۇز قوي ئۆلتۈرۈپ ، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە «ھەقىق تويى» قىپتۇ . ئۆلتۈرۈلگەن قوي سۆڭەكلىرىگە تىغ تەگكۈزمەي ئۇستىخانلارنى تارتۇقلاپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇستىخانىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ «كېپەنلەپ» بالىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن ئۈچۈن ، «قىزىلجاي ئاتام» دىكى زەرەتگاھلىققا دەپنە قىپتۇ .

## 10 . نۇرئالانۇرخاننىڭ سەئىد ئېلى ئارسلانخانغا ھامىلىدار بولۇشى

نۇرئالانۇرخان كىچىكىدىنلا ھەزرىتى ئەلى ھەققىدىكى جەڭنامىلەرنى ئوقۇشقا بەكمۇ ئامراق ئىكەن . ئۇ ھەزرىتى ئەلى توغرىسىدىكى جەڭنامىلەرنى كۆپ ئوقۇپ ، ئۇنىڭ ۋەسپى تەرىپلىرىنى جىق ئاڭلاپ ، ھەزرىتى ئەلىگە بولغان ئىخلاسى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپتۇ . كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇ ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرۇپ ھەزرىتى ئەلىنى يادىغا كەلتۈرۈپتۇ ھەمدە «ئى خۇدايا ، مېنىڭ ۋاقتىمدا شۇنداق بىر زات ئۆتكەن بولسا ، مەن شۇ زاتنىڭ جۈپتى بولغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى» دېگەنلەرنى ئويلاپ ، خىيال ئىلكىدە ئۇخلاپ قاپتۇ . چۈشىدە ھەزرىتى ئەلىنى كۆرۈپتۇ . ئۇ بۇ چۈشتىن بەكلا سۆيۈنگەن بولسىمۇ ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ . بۇ ئىش ئۆز ئائىلىسىگە ئۆچمەس داغ چۈشۈرىدىغان نومۇسلۇق ئىش بولغاچقا ، ئاتا - ئانىسىغا نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەپتۇ ، ئويلا - ئويلا ، ئويلىغانسېرى قورقۇنچ بېسىپتۇ ، ھامىلىنى يوقىتىشقا ھېچبىر

ئامال قىلالماپتۇ . ئۇ كىشىلەرنىڭ قېشىدا تۇرغاندا ، قورساقتىكى ھامىلە خۇددى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بۇۋىمەريەمنىڭ قارنىدا يېتىپ تۇرۇپ قانداق سۆزلىگەن بولسا شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەيدىكەن . بۇ ئەھۋال ئوردىدا پىتنە - پاساتنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بوپتۇ ۋە كۇنىسېرى ئۇلغىيىپ ، نۇر ئالانۇرخاننىڭ ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ . ئانا ئۆز قىزىنىڭ قىلمىشىدىن باشتا غەزەپلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئارتۇقچە بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ . نۇرئالانۇرخاننىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قۇلىقىغىمۇ ئاڭلىنىپتۇ . سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەرغەزەپكە كېلىپ ، قىزىنى ئۆلتۇرمەكچى بوپتۇ ، بىراق ئانىسى قاچۇرۇۋېتىپتۇ . بۇ ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھوشۇر ئېيىنىڭ ئونى (جۇمە) كۇنى ئىكەن . نۇرئالانۇرخان بېشىغا كونا بىر لېچەكنى سېلىپ ، تىلەمچى ئايال قىياپىتىدە ياسىنىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ . ئۇ شۇ يۇرگىنىچە ئاتۇش تەۋەسىدىكى بىر يولغا كىرىپتۇ . يول يېرىملاشقاندا نۇر ئالانۇرخان تەۋەللۇت قىپتۇ . بېشىدىكى لېچەكنىڭ يېرىمىنى يىرتىپ بالىنى يۆگەپتۇ - دە ، يول قىرغىقىغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپتۇ . بىر يەرگە بارغاندا يول توسۇلۇپتۇ . ئۇ ئالدىدىكى تاغدىن ئۆتەلمەي ، خۇداغا تېۋىنىپ ئىبادەت قىلىۋاتقاندا ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىر قولىدا قىلىچ ، يەنە بىر قولىدا بوۋاقنى كۆتۈرگەن ھالدا يېتىپ كەپتۇ . ئۇ نۇر ئالانۇرخاندىن سوراپتۇ .

— بۇ بالا سېنىڭمۇ ؟

نۇر ئالانۇرخان سۇلتان يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال غايىبتىن ئاڭلانغان ئاۋازغا ئاساسەن :

— ھەئە ، مېنىڭ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

— دادىسى بارمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلتان .

— ھەئە ، بار ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نۇر ئالانۇرخان .
— كىم ؟
— ھەزرىتى ئەلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھۇ .
— گۇۋاھ بارمۇ ؟
— بار ، ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن ئەبۇلپەتتاھ گۇۋاھ بولالايدۇ .

سۇلتان قىزنى ئېلىپ شەھەرگە يېنىپتۇ ، خالايىق يىغىلىپتۇ ، بۇ مەيدانغا ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن ئەبۇلپەتتاھمۇ ھازىر بوپتۇ . سۇلتان خالايىق ئالدىدا ئەبۇ نەسىر سامانىدىن سوراپتۇ .

— سىز ھەزرىتى ئەلىنى كۆرگەنمۇ ؟
ئەبۇ نەسىر سامانى :
— ھەئە ، ئۇرۇش مەيداندا بىللە بولغان ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . سۇلتان بالىنى ئەبۇنەسىرسامانىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ . ئۇ بالىنى كۆرۈپ : «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئەلىنىڭ پەرزەنتى ، مەندىكى ئامانەتنى ئالغىلى كەلدىڭىزمۇ ؟» دەپتۇ ۋە كۆپچىلىككە قاراپ :

— ئاگاھ ھەم دانا بولۇڭلاركى ، ھەزرىتى رەسۇلىللا بىر تال خورمىنى ماڭا ئامانەت بەرگەن . بۇ ئوغۇل دۇنياغا كەلگەندە ئەنە شۇ خورما بىلەن ئېغىزلاندۇرۇشۇمنى ۋە ئىسىم ـ شەرىپلىرىنى ئۆزىنىڭ ، ئاتىسىنىڭ ، بوۋىسىنىڭ ئىسمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قويۇشۇمنى ئېيتقان . مەن بۇ خورمىنى ئاغزىمدا 333 يىل ساقلىدىم . ئەمدى ئامانەتنى تاپشۇرىمەن ، — دەپتۇ ـ دە ، خورمىنى ئېلىپ ، بالىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇپتۇ ، نام ـ شەرىپىنى «ھەزرىتى مۇھەممەد سەئىد ئېلى ئارسلانخان» دەپ قويۇپتۇ . ئاندىن ھەزرىتى رەسۇلىللانىڭ بۇ ئوغۇلنىڭ نام ئەھۋالى ھەققىدىكى مەكتۇپىنى سۇلتانغا تاپشۇرۇپتۇ . سۇلتان مەكتۇپتىكى بېشارەتكە

بىنائەن ئوغۇلنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپتۇ . ئىككى تارغاق ئارىسىدىن نۇر بىلەن يېزىلغان تۆۋەندىكى خەت كۆرۈنۈپتۇ :

ئانىسى نۇرئالانۇرخان ،
ئاتىسى شاھى مەرداندۇر .
خۇدا يولىدا جان بەرگەن ،
شەھىدۇ ئارسلانخاندۇر .

بۇۋىسى ئۇۋەيس ئەۋلىيا ،
كەرەملىك شاھى سۇلتاندۇر .
بىلەي دېسەڭ ئاتى ئۇنىڭ ،
ساتۇق بۇغرائى خاقاندۇر .

بۇنــــى ئاڭلاپ جامائەت ھەيران قاپتۇ . سۇلتان خۇرسەن بولۇپ ، نەچچە يۈز قوي ، كالا ، تۆگە سويدۇرۇپ ، يۇرتقا كاتتا نەزىر بېرىپتۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۇرت خەلقىنىڭ بۇ بالىغا بولغان ئىخلاسى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ ئېتىقادى كۈچىيىپتۇ .

## 11 . خانئۆي

خەلق ئارىسىدا خانئۆي توغرىسىدىكى مۇنداق بىر رىۋايەت تارقىلىپ كەلمەكتە :

بۇتپەرەسلەر زامانىسىدا بۇ يەردە قوش سېپىللىق ھەيۋەتلىك بىر شەھەر بولغانىكەن . شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى نۇرغۇن ھەشەمەتلىك بۇتخانىلار ۋە بۇددا مۇنارلــــىرى بولۇپ ، غەربتە لايلىقتىن شەرقتە تاكى پەيزىۋاتقىچە بولغان چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان باغۋارانلىق كەڭرى يۇرت بۇ شەھەرگە تەۋە ئىكەن . بۇتپەرەسلەرنىڭ خانى مۇشۇ شەھەردە تۇرىدىكەن .

ئىچكىرىدىكى سىپىلنىڭ ئىچى خاننىڭ ئوردىسى ئىكەن .

كۆنلەردىن بىر كۈنى ، بۇتپەرەسلەرنىڭ خانزادىسى قىرىق نەپەر سەرۋاز بىلەن تاغ ياقىلاپ كۈنپېتىش تامان ئوۋغا چىقىپتۇ . ئۇلار يول يۈرۈپ ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ بىر شىبىغىللىق سايغا كەلگەندە ، مال ئارتىلىپ چۆكلاندۇرۇپ قويۇلغان ئون نەچچە تۆگىنى ۋە كۈنپېتىش تامان قاراپ تىزىلىپ تۇرغان ، باشلىرىغا ئاق يۆگىگەن يەتتە - سەككىز ئادەمنى كۆرۈپتۇ .

ئۇلار بۇ غىلاڭ سايدا كېلىۋاتقان شۇنچە كۆپ قوراللىق ئادەملەردىن چۆچۈمەي ، تۆگىلىرى ۋە ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ماللىرىدىنمۇ ئەنسىرىمەي خاتىرجەم ھالدا رۇكۇ ، سەجدە ، تەكبىر ، دۇئا بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىپتۇ . ئەجەبلەنگەن خانزادە سەرۋازلىرىغا توختاشنى بۇيرۇپ ، ئاتلىرىنى دېۋىتىپ ئۇلارغا يېقىنلاپ كەپتۇ . ئاڭغىچە بۇ نامەلۇم ئادەملەر ئۆز ئىبادەتلىرىنى تۈگىتىپ ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ خانزادىگە سالام بېرىپتۇ . خانزادە ئۇلاردىن :

— سىلەر نېمە ئادەملەر ؟ قەيەردىن كەلدىڭلار ؟ نەگە بارىسىلەر ؟ نېمە ئىش قىلىسىلەر ؟ نېمىشقا بۇ چۆلدە بىزدەك قوراللىق ئادەملەرگە ئۇچراپ قالساڭلارمۇ قورقمايسىلەر ، ماللىرىڭلاردىن ئەنسىرىمەيسىلەر ؟ بايا كۈنپېتىشقا قاراپ نېمە ئىش قىلدىڭلار ؟ — دەپ سوراپتۇ .

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يۈزلىرىدىن نۇر ، كۆزلىرىدىن ئەقىل - پاراسەت جۇلالىنىپ تۇرىدىغان پېشقەدەمرەك بىرى ئالدىغىراق چىقىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ، جاۋاب بېرىپتۇ .

— بىز بولساق مۇسۇلمان ، بۇخارادىن بولىمىز ، سىلەرنىڭ ئېلىڭلارغا تىجارەت بىلەن كەلدۇق . بايا بىز ناماز پېشىن ئوقۇپ ئاللاغا ئىبادەت قىلدۇق . بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش مۇددىئاسى بولمىغاندىن كېيىن ، ئاللاتائالامۇ

باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە بىــــزگە زىيان يەتكۈزۈش مۇددىئاســـى سالمايدۇ . سىلەر ئۇۋغا چىقىپسىلەر . مۇشۇنداق بىر چۆلدە ئىپسىلماللار يۈكلەنگەن ئون نەچچە تۆگە ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىرى بولمىش يەتتە ـ سەككىز ياشانغان قورالسىز ئادەم قاتارلىق تەييار ئولجىدىن ۋاز كەچكىنىڭلارنىڭ ئۆزى ئاللاتائالانىڭ قۇدرەت ـ كارامىتى ئەمەسمۇ ! — دەپتۇ ـ دە ، خانزادە ۋە ئۇنىڭ سەرۋازلىرىنى چۇشلۇك تاماقفا تەكلىپ قىپتۇ .

تاماق شۇنچىلىك مول بوپتۇكى ، ياغلىق قاتلىمىلار ، سۇتتە يۇغۇرۇپ پىشۇرۇلغان سەپەر توقاچلىرى ، كۇنجۇت سېپىلگەن گىردە ـ شىرمانلار ، سىيادان بىلەن پىياز چېكىلگەن ھەمەكلەر ، جىگدىلىك تالقان ، سېرىقماي ، قۇرۇت ، ئىرىمچىكلەر ، گۇلە ـ قاق ، مېغىز ، پىستە ـ بادام‍لار ، ياغاچ جام ۋە چۆچەكلەرگە ئۇسۇلغان قىمىز ، ئىركىت ، قېتىقلار داستىخانغا تولۇپتۇ . ناشتا ئاخىرلاشقاندا ساھىبخانىلار ئاللاتائالانىڭ بەرگەن نېمىتىگە شۇكۇر ـ سانا ئېيتىپ دۇئا قىلىشىپتۇ ، مېھمانلار بولسا رەھمەت ـ تەشەككۇر ئىزھار قىلىشىپتۇ . ئاخىرىدا سودىگەرلەر خانزادە ۋە سەرۋازلارغا يىپەك ، شايى ، يۇڭ چەكمەن ، ئىپار ، ئەنبەر ، ئالماس كۆزلۈك تىللا ئۈزۈكلەرنى سوۋغات قىلىشــىپتۇ . خانزادە ۋە سەرۋازلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتىپتۇ ۋە ئوۋ رايىدىن كېچىپ سودىگەرلەرنى باشلاپ ئوردىغا قايتىپتۇ .

خان سودىگەرلەرنى شاھانە زىياپەت بىلەن كۈتۈۋېلىـــپ ، ئۇلارنىڭ تارتۇق قىلغان قىممەت باھالىق سوۋغاتلىرىدىن مەمنۇن بولغان بولسىمۇ ، خانزادىنىڭ قول بىلەن ياسىغان لاي بۇتنى «يارانقۇچى ئىگەم» دەپ سەجدە قىلىشتىن ۋاز كېچىپ مۇسۇلمان بولۇش توغرىسىدىكى دەۋەتلىرىنى قەتئىي رەت قىپتۇ .

خاندىن كۆڭلــى قالغان خانزادە سودىگەرلەرنـــى باشلاپ مەھشەتتىكى خانزادە ئوردىسىغا كېتىپتۇ . خانزادىنىڭ تەشەببۇسى

ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئەقىل ئىشلىتىشى بىلەن، دەسلەپتە خانزادە ئوردىسىدىكىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سەرۋازلىرى، يېقىن - يىراق يارۇبۇرادەرلىرى مۇسۇلمان بوپتۇ. قايتا - قايتا قىلىنغان دەۋەتلەر ئاقمىغاندا، خانزادە خانغا قارشى غازات باشلاپ خانئۆيگە باستۇرۇپ بېرىپتۇ، لېكىن بۇتپەرەسلەرنىڭ قەتئىيلىكى ۋە قەيسەرلىكى غالىب كەپتۇ.

ئامال قىلالمىغان خانزادە ئادەملىرىنى چاقماق دەرياسىغا ئەۋەتىپ ئېقىنىنى توسۇپ شەھەرگە سۇ قويۇپ بېرىپتۇ، يەنە ئايغاقچى ئەۋەتىپ شەھەرگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ. سۇ ۋە ئوتنىڭ ئىچىدە قالغان شەھەر ئاسانلا يەر بىلەن يەكسان قىلىنىپتۇ. هايات قالغان كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ كۆچۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خانئۆي شەھىرى خاراب بوپتۇ.

## 12. توققۇزاق

ئوۋچىلار تەرىپىدىن ئىلى ۋادىسىدىن قوغلانغان ساكلارنىڭ پادىشاھى سەككىز قەبىلىنى ئەگەشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ياشايدىغان سۇلۇق (سۇلې - قەشقەر) رايونىغا كېلىپ، كۆكئارت (پامىر) نىڭ شەرقىي تەرەپلىرىدە ماكانلىشىپتۇ. ئەمىنلىك، مۇنبەت زېمىن ۋە يايلاقتا ئېرىشىپ هاللىنىۋاتقان ساكلار ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز شەھەرلىرى ۋە قورغانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ. يەرلىك ۋە ئىرانلىق دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ قەدىمكىدىنى — شامان دىنىدىن چىقىپ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئەنقاز شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، دىنىي ۋە مىللىي مۇراسىملىرى مانىكەنت (مەنگەن) دەپ ئاتىلىدىغان بەش دەرۋازىلىق شەھەردە بولىدىكەن.

ساكلار ئۆز تەۋەسىنى ئىلىك خانلارغا سۆيۈرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىش ئارقىلىق باشقۇرىدىكەن، بۇنداق سۆيۈرغال زېمىنلەر ئىلىك

خانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن . ساكلارنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالىرىغىچە يەرلىك خەلقتىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «ساك» دېگەن نامنى قوشۇپ چاقىرىشىدىكەن . ئېكساق (ئىلىك ساق) ، بەيساق (بەگساق) ، تۆگىساق (تۆگە ساق) ، ئوغۇساق (ئوغۇز ساق) ئىنساق (ئانا ساق) ، قۇنساق (قۇن ساق) دەپ ئاتالغان بۇ يۇرتلارنىڭ نامى ئۇنىڭغا ساك پادىشاھى تەرىپىدىن قويۇلغان كىچىك ئىلىك خانلارنىڭ نامى ئىكەن .

كۈزدە مول ھوسۇل تويى ئۆتكۈزۈش ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسى بولۇپ ، بۇ ھەممىدىن چوڭ توي ھېسابلىنىدىكەن . بۇ خىل توينىڭ مۇراسىمى توققۇز كۈن داۋاملىشىدىكەن . ئەڭ ئۇچقۇر ئات ، ئەڭ كۆچتۆگۈر نار ، ئەڭ سېمىز كالا - قويلار ، ئەڭ سوقۇشقاق بۇقا - قوچقارلار ، يوغان سەركىلەر ، توقماققا چىقىدىغان ئۆچكىلەر ، تالاشتۇرىدىغان ئىت ، سوقۇشتۇرىدىغان خوراز ، ئاجايىپ يوغان قوغۇن - تاۋۇز ، كاۋا - قاپاقلار ، ئوخشىغان بۇغداي - قوناق باشقىدىن ياسالغان دەستىلەر ، غۇژمەك - غۇژمەك بولۇپ پىشىلگەن ئالما ، ئانار ، شاپتۇل ، بېھى ، ئامۇت ، ئۈزۈم شاخلىرىنى ئالغاچ كەلگەن ساكلار مانى كەنتىگە يىغىلىپ ، مول ھوسۇل خۇشاللىقىنى نامايان قىلىپ ، چېلىشىش ، ئات بەيگىسىدىن تارتىپ خوراز سوقۇشتۇرۇشقىچە بولغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشىدىكەن ، بوزا ، قىمىز ، شاراب ئىچىشىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ ، ساما سېلىشىدىكەن . شۇ سەۋەبتىن ساكلار بۇ ئورۇننى «توققۇز ساك» (بارلىق ساكلار يىغىلىدىغان جاي) دەپ ئاتىغانىكەن . كېيىنچە ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «توققۇز ساك» «توققۇزاق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بوپتۇ[1] .

[1] «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 2005 - يىل نەشرى ، 1 - توم .

# § 3 . چۆچەكلەر ، لەتىپە ۋە مەسەللەر

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا چۆچەك ، لەتىپە ، مەسەللەر بايان خاراكتېرىدىكى پروزىك ئەسەرلەر تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ ، مەزمۇنى ، خاراكتېرى ، ئىپادىلىنىش شەكلى جەھەتتىن ھەر قايسىسى ئۆزىگە خاس مۇستەقىل ژانىر ھېسابلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ ژانىرلىق خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەرلەردە مەخسۇس توختالغاچقا ، بىز بۇ يەردە يەنە تەكرار شەرھلىمەيمىز .

شۇنىسى ئېنىقكى ، چۆچەكلەر ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىققان قويۇق ئەدەبىي تۈسكە ئىگە بىر ژانىر بولۇپ ، ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان توقۇلما پېرسوناژ ، چەكسىز ماكان ۋە چەكسىز زامان ئارقىلىق فانتازىيىلىك سۇژېت ئىچىدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئارزۇ - غايىلىرىنى قىزىقارلىق ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان ئاغزاكى نەسرىي ئەسەرلەردۇر .

چۆچەكلەر خەلق ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ ، خېلى كۆپ چۆچەكلەر رايون ۋە مىللەت چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن . شۇڭا چۆچەكلەرنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئايرىشمۇ بىر قەدەر قىيىن . لېكىن چۆچەكلەرمۇ خۇددى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاشلا پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش جەريانىدا مۇئەييەن خەلق توپىنىڭ ياشاش مۇھىتى ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ، ئۆرپ - ئادىتى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس ھالدا مىللىي ۋە يەرلىك خاسلىققا ئىگە بولىدۇ .

قەشقەر رايونىغا تارقالغان چۆچەكلەر ئۇيغۇر خەلق

چۆچەكلىرى ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى . ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا باشلانغان مەملىكەت كۆلەملىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە «ئۈچ توپلام» ئىشلەش خىزمىتى جەريانىدا قەشقەر رايونىدىن توپلانغان چۆچەكلەر 500 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ ، بۇلار توپلاپ نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ 50% ىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ . بۇ هال قەشقەر رايونىنىڭ چۆچەكلەرگە ناهايىتى باي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ . بىز مەزكۇر تەتقىقاتىمىزدا شۋېتسىيىلىك مەشهۇر ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ياررىڭ ئەپەندى 1929 ـ يىللىرى قەشقەردىن توپلىغان قەشقەر چۆچەكلىرى ۋە لەتىپىلىرىدىن بىر قانچىنى ئۆرنەك تەرىقىسىدە مىسال قىلىمىز . بۇ ئەسەرلەر گۇننار ياررىڭنىڭ 1980 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان «قەشقەر ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن .

## 1 . پادىشاھنىڭ ئۈچ سوئالى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ بار ئىكەن . بىر كۈنى بۇ پادىشاھ ھەممە ۋەزىرلىرىنى قىچقىرىپ :

— مېنىڭ ئۈچ سوئالىم بار . كىم بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالىسا ، شۇ كىشى مېنىڭ بىرىنچى قول ۋەزىرىم بولىدۇ . ئەگەر ئۈچ سوئالىمغا جاۋاب تاپالمىساڭلار ، ھەممىڭلارنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن ، — دەپ قاتتىق ھۆكۈم قىپتۇ .

— قېنى ئاڭلاپ باقساق ، — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر .

— سوئالىم شۇلدۇركى ، بىرىنچى ، دۇنيادا ھەممىدىن ئېغىر نەرسە نېمە؟ ئىككىنچى ، دۇنيادا ھەممىدىن يېنىك نەرسە نېمە؟ ئۈچىنچى ، دۇنيادا ھەممىدىن تاتلىق نەرسە نېمە؟ — پادىشاھ ھەممە ۋەزىرلەرگە سوئالنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ، — چىقىڭلار ! ئۈچ كۈن ئىچىدە شۇل سوئالىمغا جاۋاب تېپىپ

كېلىڭلار ! — دەپ گېپىنى تامام قىلىپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ .

ۋەزىرلەر ئورددىن چىقىۋېتىپ ، بىر - بىرىگە : «ئۇ ئاسان سوئاللار ئىكەن ، ھەر قايسىمىز جاۋابىنــى تاپالايدىكەنمىـــز» دېيىشىپ ، ئانچە غەم قىلىشماپتۇ .

ئەتىسى ھەممىدىن چوڭ ۋەزىر پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ دەپتۇ :

— ئەي پادىشاھىئالەم ! مەن سوئاللىرىغا جاۋاب تاپتىم .

— قانداق جاۋاب تاپتىڭ ، ئېيت ! — دەپتۇ پادىشاھ .

— دۇنيادا ھەممىدىن ئېغىر نەرسە تاش ئىكەن . ھەممىدىن يېنىكى پاختا ئىكەن ، ھەممىدىن تاتلىقى ھەسەل ئىكەن ، — دەپتۇ ئۇ ۋەزىر .

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ :

— ئەخمەق ! ھازىر كۆزۈمدىن يوقال ! سەن دېگەن ئۇ گەپلەرنى كىچىك بالىمۇ دېيەلەيدۇ ، — دەپ ئۇ ۋەزىرنى ھەيدەپ چىقىرىپتۇ .

ئۇ ۋەزىر بېشىنى قاشلاپ : «بۇ قانداق سوئال ئىكەنكىن ؟ مېنىڭ دېگىنىم پەقەت توغرا كەلمەپتۇ ، بۇ زادى قانداق سوئال ئىكەن ؟» دەپ ، تولا غەمكىن بوپتۇ . بېرىپ باشقا ۋەزىرلەرگە بولغان ۋەقەنى بايان قىپتۇ ، ھەممە ۋەزىرلەر غەمناك بولغىلى باشلاپتۇ . پادىشاھ بەلگىلەنگەن قارارغا ئاز قاپتۇ . يەنە بىر ۋەزىر بېرىپ پادىشاھقا ئېيتىپتۇ :

— ئەي پادىشاھىئالەم! مەن سوئاللىرىغا جاۋاب تاپتىم .

— قېنى ، دېگىن ! قانداق جاۋاب تاپتىڭ ! — دەپتۇ پادىشاھ .

— دۇنيادا ھەممىدىن ئېغىرى چويۇن ، ھەممىدىن يېنىكى تۇپراق ، ھەممىدىن تاتلىقى ناۋات ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ ۋەزىر .

پادىشاھ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ ، ئۇنىمۇ ھەيدەپ چىقىرىپتۇ .

ئۇ ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىدىن چىقىپ ، ناھايىتى غەمكىن بولۇپ ، بەك قورقۇپتۇ . بۇ ۋەزىر بىرىپ باشقا ۋەزىرلەرگە بولغان ۋەقەنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ . شۇ ئاندا ئۇ ۋەزىرلەرمۇ تولا غەمكىن بولۇپ «ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟» دېيىشىپتۇ . ئاخىر ، «بۇ شەھەرنىڭ كاتتا ئىمام ، قازى ئاخۇن ، كاتتا كىشىلىرىنى چاقىرايلى ، شۇلار بىر ئىلاج تاپالارمىكىن ؟» دېگەن مەسلىھەتنى قىلىشتى . شۇ ئان ۋەزىرلەر : «مۇشۇ شەھەرنىڭ ھەممە كاتتىلىرى ۋە ئەقىللىقلىرى كەلسۇن !» دەپ ھۆكۈم قىپتۇ . لېكىن ھېچقايىسىسى توغرا كەلگۈدەك جاۋاب تاپالماپتۇ . بىرى دەپتۇ : «تۆمۈر» ، بىرى دەپتۇ «تاش» ، شۇنداق نەرسىلەرنى دەپ ھەر قايسىسى ئۆزى بىلگەنچە ھەرىكەت قىپتۇ . لېكىن ھېچقايىسىسىنىڭ جاۋابى ئول سوئالغا توغرا كەلمەپتۇ . ئاخىر ، «قانداق قىلارمىز ؟» دەپ ، ۋەزىرلەرنىڭ بېشى قېتىپتۇ . پادىشاھ بەلگىلىگەن ۋاقىتقا ئاز قاپتۇ . ئۇلار «پادىشاھقا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز ؟» دەپ تولا غەمكىن بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ . شۇ كېچىسى ھېچقايىسىسى ئۇخلىيالماپتۇ . تامام كېچە بىئارام بولۇشۇپ تۇرۇپتۇ . تاڭ ئاتقاندا ۋەزىرلەرنىڭ بىرى :

— بۈگۈن ئۈچىنچى كۈن ، پادىشاھقا نېمىدەپ جاۋاب ئېيتىمىز ؟ — دەپتۇ .

ۋەزىرلەر ئەمدىلا ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ ، كىيىمنى كىيىپ تۇرسا ، بىر كەمبەغەل كىشى قىزى بىلەن كىرىپتۇ . ئۇ قىز ۋەزىرلەرگە ئېيتىپتۇ :

— ئەي ۋەزىرلەر ! بۇ سوئاللارغا مەن جاۋاب بېرەلەيمەن ، — دەپتۇ .

ۋەزىرلەردىن بىرى سەكرەپ قوپۇپ ، خۇشلۇق بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ قىزدىن سوراپتۇ :

— دەڭ ! نېمە جاۋاب تاپتىڭىز ؟

— ئالدىرىمىسىلا ! ھېچ ۋاقىتتا مەن سىزلەرگە دېمەيمەن ، —

دەپتۇ ئۇ قىز .

ۋەزىرلەر زورلۇق قىلغىلى باشلاپتۇ . ھەر قانچە زورلۇق قىلسىمۇ ، ئۇ قىز دېگىلى ئۇنىماپتۇ . بىر ۋەزىر :

— نېمە ئۇچۇن دېمەيسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ . ئۇ قىز بولسا :

— مەن پادىشاھنىڭ ئۆزىگە دەيمەن ، — دەپتۇ .

— سەن قانداق پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرەلەيسەن ؟ سەن بىر كەمبەغەل بىچارە ئادەمنىڭ بالىسى تۇرساڭ ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا قانداق گەپ قىلالايسەن ؟ — دەپ دوق قىپتۇ ۋەزىرلەر .

— ئۇنداق بولسا ئۆزلىرى جاۋاب تاپسىلا ! مەن ھېچ نېمە دېمەيمەن ، — دەپ ئۇ قىز چىقىپ كەتكىلى قوپۇپتۇ . شۇ ۋاقىتتا پادىشاھنىڭ : «ئىككى سائەتتىن كېيىن ئوردىغا ھەممە ۋەزىرلەر جەم بولسۇن ! سوئالىمغا جاۋاب بەرسۇن ! » دېگەن ھۆكمى كەپتۇ . بۇ چاغدا ۋەزىرلەر قورقۇنچتىن تىترەپ ئۇ قىزنى مەھكەم تۇتۇپ يالۋۇرغىلى باشلاپتۇ . ھەر قانچە يالۋۇرسىمۇ ئۇ قىز ھېچ نېمە دېگىلى ئۇنىماپتۇ .

— جىق پۇل بېرىمىز ، — دەپتۇ بىر ۋەزىر .

— ھەر قانچە جىق پۇل بەرسىلىمۇ دېمەيمەن ، — دەپتۇ ئۇ . ۋەزىرلەر سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئۇ قىزدىن سېتىۋېلىپ ، ئۆزىمىز تاپتۇق ، دەپ ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا يۈز ـ ئابرۇي ، مەنسەپ تاپماق ئۈچۈن شۇنداق ھىيلىگەرلىكنى قىلىپ بېقىپتۇ . لېكىن ھەر قانچە قىلسىمۇ ، ئۇ دېگىلى ئۇنىماپتۇ . كېيىن ۋەزىرلەر سودىلاشقىلى باشلاپتۇ : «10 مىڭ بېرىمىز ، 20 مىڭ سەر . . .50 مىڭ سەر . . . » ، ھەر قانچە جىق دېسە ، ئۇ قىز زىنهار ئۇنىماپتۇ . ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق قىز ئىكەن . شۇنداق سودىلىشىپ تۇرغاندا : پادىشاھ تەختتە ئولتۇرۇپ «ۋەزىرلەر جەم بولسۇن» دەپ ھۆكۈم چىقىپتۇ . ھەممە ۋەزىرلەر ئالاقزادە بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ .

ئۇ قىز بالا «ۋەزىرلەر پادىشاھقا نېمە جاۋاب بېرىدۇكىن؟» دەپ نېرىدىن تۇرۇپ قاراپتۇ. ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھەممىسى تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇپ سالام قىپتۇ. پادىشاھ ئاچچىقى بىلەن سوراپتۇ:

— سوئالىمغا كىم جاۋاب تاپتى؟

ھەممە ۋەزىرلەر يەرگە قارىشىپ شۈك ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا، نېرى تۇرغان قىز پادىشاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ سالام قىلىپ:

— ئەي پادىشاھئالەم! مەن سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلەيمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ قىز بالىغا قاراپ، ھەيران بولۇپ دەپتۇ:

— ئەي بالام! قېنى دەڭ!

ئۇ قىز ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئېيتىپتۇ:

— دۇنيادا ھەممىدىن ئېغىرى غەم يېيىشتۇر، ھەممىدىن يېنىكى ئادەمنىڭ خىيالىدۇر، ھەممىدىن تاتلىقى ئۇيقۇدۇر!

بۇ ۋاقىتتا پادىشاھ ھەيران بولۇپ، ھەم خۇش بولۇپ:

— كېلىڭ بالام! راست تاپتىڭىز، — دەپ ئۇ قىز بالىنىڭ پېشانىسىنى سۆيۈپ قويۇپتۇ، ئاندىن يەنە، — بۈگۈندىن تارتىپ سىز مېنىڭ كېلىنىم بولىسىز. ھەممە ۋەزىرلەردىن سىز ئەقىللىق ئىكەنسىز، — دەپ جاكار قىپتۇ. ئاندىن ئۇ قىزنى تەختىنىڭ قېشىغا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ھەممە ۋەزىرلەر ئىزا تارتىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدىن ئاستا چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ شۇ كۈندىن باشلاپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي تاماشا قىلىپ، ئەل ـ خالايىققا ئاش بېرىپ، شۇ قىزنى شاھزادىگە نىكاھلاپ قويۇپتۇ.

## 2 . باي ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى

بىر باينىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . بۇ ئۈچ ئوغۇل خوتۇن ئالغىلى تەييارلىق قىلدى . بۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ھاماچىسىنىڭ رەسىدە بولغان ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىدى .

بىر كۈنى باي چوڭ ئوغلىغا بىر ئادەمنى ئەۋەتتى ، ئۇنىڭغا :

— بۇ بالام كىمنىڭ قىزىنى ئالىدۇ ، سوراپ بېقىڭ ! — دېدى .

چوڭ ئوغۇل :

— ھامامنىڭ قىزىنى ئالىمەن ، — دېدى .

باي ھېلىقى كىشىنى ئوتتۇرانچى ئوغۇلغا ئەۋەتتى . ئۇ كىشى يەنە ئوتتۇرانچى ئوغۇلدىن سورىدى .

— ھامامنىڭ قىزىنى ئالىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى ئوتتۇرانچى ئوغۇل .

باي ھېلىقى كىشىگە :

— ئەمدى كەنجى ئوغۇلدىن سوراپ بېقىڭ ، كىمنىڭ قىزىنى ئالىدۇ ؟ — دېدى .

ئۇ ئادەم ئوغۇللارنىڭ كەنجىسىدىن سوراپ باققاندا ، ئۇ كەنجى ئوغۇلمۇ :

— ھامامنىڭ قىزىنى ئالىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .

باي ، «ھامىمىسىنىڭ قىزى بىر تۇرسا ، بۇ ئۈچ ئوغۇل قانداق ئالىدۇ» دەپ ھەيران بولدى . باينىڭ بىر بۇرادىرى بار ئىدى . شۇنىڭغا :

— بۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئىشىنى قانداق قىلماق كېرەك ؟ — دەپ مەسلىھەت قىلدى .

بۇ ئادەم بايغا :

— شۇ ئۈچ بالىنى بىر سەپەرگە چىقارسىلا ! قولىغا پۇل بېرىپ شەھەر كۆرۈشكە ماڭدۇرسىلا ! شۇ شەھەرلەردە خوتۇن

ئېلىپ ئۆيلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس . ئىش بولسا شۇ چاغدا كۆرمەمدۇق ، — دەپ مەسلىھەت بەردى .

باي ئۈچ ئوغلىغا جىق پۇل بېرىپ ، شەھەردىن يولغا سېلىپ قويدى . ئۈچ ئوغۇل ماڭا - ماڭا ، سەھرا - يېزىلاردىن ، شەھەرلەردىن ئۆتتى . بىر ۋاقىتتا ، يولدا چۆمۈچ كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغان بىر ئادەمنى كۆردى . ئۇلار ئۇ ئادەمدىن چۆمۈچنى سورىدى .

— ساتامسەن ؟

— ساتىمەن ، — دېدى ھېلىقى ئادەم .

— نەچچە پۇل ؟

— مىڭ تىللا .

— نېمىگە لازىم كېلىدۇ ؟

— بۇ چۆمۈچ بىلەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ تۆپىسىگە سۇ قۇيسا ، ئۆلۈك تىرىلىدۇ .

ئۇلار مىڭ تىللا بېرىپ چۆمۈچنى سېتىۋالدى . ئاندىن يولغا راۋان بولدى . يەنە بىر جايدا كېتىپ بارسا ، بىر ئادەم بىر زىلچا كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى . ئۇلار ئۇ ئادەمگە يېتىشىۋېلىپ سورىدى :

— ساتامسەن ؟

— ساتىمەن .

— نەچچە پۇل ؟

— مىڭ تىللا .

— بۇ زىلچىنىڭ نېمە ھۈنىرى بار ؟

— بۇ زىلچىغا ئولتۇرسا ، قىرىق كۈنلۈك يولنى بىر سائەتتە باسىدۇ .

ئۇلار ئۇنىڭغىمۇ مىڭ تىللا بېرىپ ، زىلچىنى سېتىۋالدى . ئۈچەيلەن يەنە بىر كوچىدا كېتىپ بارسا ، بىر ئادەم بىر ئەينەك

كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى . ئۇلار ئۇ ئادەمنى توختىتىپ سودىلاشتى .

— ساتامسەن ؟

— ساتىمەن .

— نەچچە پۇل ؟

— مىڭ تىللا .

— بۇ ئەينەكنىڭ نېمە ھۈنىرى بار ؟

— قىرىق كۈنلۈك يىراق يەردىن قەيەرنى خالىسا شۇ يەرنى كۆرسىتىدۇ .

ئۇلار مىڭ تىللا بېرىپ ئەينەكنى ئالدى . كىچىك ئوغۇل چۆمۈچنى ئالدى ، ئوتتۇرانچى ئوغۇل زىلچىنى ئالدى ، چوڭ ئوغۇل ئەينەكنى ئالدى . ئۇلار ماڭا ـ ماڭا بىر يەرگە بېرىپ توختىدى . ئاندىن مەسلىھەت قىلىشتىكى :

— سەپەرگە چىققىنىمىزغا خېلى كۈن بولۇپتۇ . ئەل ـ يۇرتىنىڭ نە هالدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز . ئاتا ـ ئانىمىزنى ، هامىمىزنىڭ قىزىنى بىر كۆرەيلى!

ئۈچ ئوغۇل ئەينەككە قارىدى . قارىسا ، هامىسىنىڭ قىزى ئۆلۈپتۇ . ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى يېرىم بولۇپ ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈلدى . شۇ ئاندا ئۈچەيلەن ھېلىقى زىلچىغا ئولتۇردى . زىلچا هاۋادا ئۇچتى . قىرىق كۈنلۈك يولنى بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتا بېسىپ ، ئۇلارنى هامىسىنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزدى . هامىسىنىڭ ئۆيىگە كىرسە ، كىشىلەر هازا تۇتۇپ تۇرۇشۇپتۇ . تاختىراۋاننىڭ تۆپىسىدە ئۆلۈكنى يۇيۇپ تۇرىدۇ . كەنجى ئوغۇل دەرهال مىڭ تىللاغا ئالغان چۆمۈچتە سۇ ئەكېلىپ ، قىزنىڭ بېشىغا قۇيدى . قىز تىرىلدى ، هازىدارلار خۇشال بولۇشتى . ئەمما تالاش ـ تارتىش چىقتى . چوڭ ئوغۇل قىزنى «مەن ئالىمەن» دېسە ، ئوتتۇرانچىسى «مەن ئالىمەن» دېدى ، كەنجى ئوغۇل «مەن ئالىمەن» دېدى .

چۈنكى چوڭ ئوغۇلدا ئەينەك بار . ئەينەكتە قىزنىڭ ئۈلگەنلىكىنى كۆردى . ئەگەر شۇ ئەينەكتە كۆرمىسە ، بىلمەس ئىدى . ئوتتۇرانچىسىدا زىلچا بار . ئەگەر زىلچا بولمىسا ، قىرىق كۈنلۈك يولنى بىر سائەتتە بېسىپ كېلەلمەس ئىدى . ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىسە ئۆلۈكنى يۇيۇپ كۆمۈپ قويار ئىدى . كەنجى ئوغۇلدا چۆمۈچ بار ئىدى . ئەگەر چۆمۈچ بولمىسا ، ئۆلۈك تىرىلمەس ئىدى . قىزنى كىم ئالىدۇ ، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا كۆپ جەڭگى - جېدەل بولدى . ئېيتىڭلار شۇ قىز كىمگە مەنسۇپ ؟

## 3 . نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ياغ ئېلىشى

بىر كۈنى خوتۇنى نەسرىددىن ئەپەندىگە : «ياغ ئەكىرىڭ! » دەپ بىر پىيالە بېرىپتۇ . ئەپەندى ياغقا چىقىپ ، شۇ پىيالىگە ئىككى يېرىم سەر ياغ ئاپتۇ ، سىغمىغان ياغنىڭ تېگى ئېشىپ قاپتۇ . ئەپەندى ئېشىپ قالغان ياغنى پىيالىنىڭ ئارقىسىغا ئالاي دەپ :

— پىيالىنىڭ مەيېرىمۇ بار ، ئېشىپ قالغان ياغنى مەشەگە قۇيۇڭ ، — دەپتۇ - دە ، پىيالىنى شۇنداق ئۆرۈپتىكەن ، ھەممە ياغ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ . ياغچى «بۇ . . . » دەپ تۇرۇپ قاپتۇ . ئەپەندى يەنە پىيالىنىڭ ئارقىسىنى كۆرسىتىپ :

— ياغنى قۇيۇڭ ! — دەپتۇ .

ياغچى قۇيۇپ بېرىپتۇ . ئەپەندى شۇ ياغنى خوتۇنىنىڭ قېشىغا ئەكىرىپتۇ . خوتۇنى :

— مۇشۇنچىلىك ئاز ياغنى ئەكىردىڭىزمۇ ؟ — دەپتۇ . ئەپەندى :

— ئەي ئەخمەق ، بۇ تەرىپىدىمۇ بار ئەمەسمۇ ؟ — دەپ ، پىيالىنى شۇنداق يەنە بىر ئۆڭتۈرۈپتىكەن ، ياغ تامام تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ ، ياغ تۆگىگەندىن كېيىن ، ئەپەندىنى خوتۇنى ئۇرۇپ ، تالاغا ھەيدەپ چىقىرىپتۇ .

## 4 . قارلىغاچ بىلەن يىلان

بۇرۇنقى زاماندا ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە قارلىغاچ بىلەن يىلان تونۇشقان بولۇشۇپتۇ ، قارلىغاچ يىلاننى «ئاكا» ، يىلان قارلىغاچنى «سىڭلىم» دېيىشىدىغان بوپتۇ .

بىر ئادەم بىر يىلاننى چاناپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ . بۇنى كۆرۈپ قارلىغاچنىڭ يىلانغا ئىچى ئاغرىپتۇ ـ دە ، دەرھال دەريا بويىدىن سېغىز لاي ئېلىپ كېلىپ ، يىلاننى ئۇلاپ داۋالاپتۇ . يىلان ساقىيىپتۇ ۋە قارلىغاچقا : «سىڭلىم ، مېنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغان ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن بۇندىن كېيىن سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى بېقىپ بېرەي» دەپتۇ . قارلىغاچ : «رەھمەت سىزگە ، بەك ئوبدان گەپ بولدى ، مەن سىرتقا چىققاندا ، سىز ئۆيدىكى ئۈچ بالامدىن خەۋەر ئېلىپ قويسىڭىز ، تولىمۇ خاتىرجەم بولاتتىم» دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قارلىغاچ يىلاننى تۇمشۇقىدا كۆتۈرۈپ ، ئۇۋىسىغا ئېلىپ كەپتۇ ۋە بالىلىرىغا : «ئوماق بالىلىرىم ، يىلان ئاكاڭلار سىلەرگە قارايدىغان بولدى» دەپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قارلىغاچ بالىلىرىغا يەم ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ . شۇئان يىلان نىيىتىنى بۇزۇپ ، قارلىغاچنىڭ بالىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يېۋېتىپتۇ . ئاندىن يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ . بىر هازادىن كېيىن قارلىغاچ بالىلىرىغا يەم ئېلىپ كەپتۇ ، قارىغۇدەك بولسا ، بالىلىرى كۆرۈنمىگۈدەك ، قارلىغاچ يىلاننى ئويغىتىپ ، «ئاكا ، بالىلىرىم قېنى ؟» دەپ سوراپتۇ .

— باياتىن كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ ، — دەپتۇ يىلان خۇپسەنلىك بىلەن ، — كۆرمىدىم .

قارلىغاچ سىرتقا چىقىپ بالىلىرىنى ئىزدەپتۇ ، لېكىن هېچ يەردىن تاپالماپتۇ ، ئاخىرى ئۈمىدسىزلىنىپ ئۇۋىغا قايتىپ كېلىپ ، يىغلاشقا باشلاپتۇ . يىلان ئېچىنغان قىياپەتتە : «سىڭلىم كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ، بۇندىن كېيىن بالا چىقارسىڭىز ، چوقۇم

ياخشى قاراپ بېرىمەن» دەپتۇ . قارلىغاچ يىلاننىڭ گېپىنى ئىشەنمىگەن قىياپەتتە سالماقلاپ كۆرگەچ ، قارلىغاچنىڭ بىر تال پەي تىڭشىغاچ سىنچىلاپ قارىسا ، يىلاننىڭ ئاغزىدا بىر تال پەي تۇرغۇدەك ، قورسىقىغا قارىسا تومپىيىپ قاپتۇ . . . «ھە ، گەپ بۇنداق ئىكەن ـ دە ، ئۇقتۇم» دەپتۇ قارلىغاچ ئىچىدە ۋە يىلانغا قاراپ : «يارىڭىزغا دورا سۈركەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، بېرىپ دورا ئەكېلەي» دەپ دەرھال ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ ـ دە ، باغقا بېرىپ ، تىرناقلىرىنى تاشقا بىلەپ راسا ئىتتىكلىتىپتۇ ، ئاندىن قاناتلىرىنى قېقىپ ، بىر پەرۋاز قىلغانچە ئۇۋىسىغا قايتىپ كەپتۇ . «ئاكا ـ ئاكا ، — دەپتۇ قارلىغاچ ئۇۋىغا كىرگەن پېتى ،— يارىڭىزغا دورا سۈركەپ قوياي ، كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ .» يىلان كۆزىنى شۇنداق يۇمۇشىغا قارلىغاچ پىچاقتەك ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن يىلاننىڭ قورسىقىنى بىر تىلىپلا يىرتىۋېتىپتۇ . قارلىغاچنىڭ بالىلىرى يىلاننىڭ قورسىقىدىن چىقىپتۇ . غەزەپلەنگەن قارلىغاچ ئېغىر يارىلانغان يىلاننى تۇمشۇقىدا كۆتۈرۈپ ، ئاسماننىڭ قەھرىگە ئېلىپ چىقىپ ئۇنى يەرگە تاشلاپتۇ . يىلان تىن ئالماي ئۆلۈپتۇ . قارلىغاچ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ .

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، شۇندىن بۇيان قارلىغاچ يىلاننى ئۆچ كۆرىدىكەن ۋە «ۋاپاغا جاپا» دېگەن تەمسىل شۇندىن قالغان ئىكەن .

### 5 . ئىككى ئۆمۈچۈك

پېشايۋان ئاستىدا بىر قارا ئۆمۈچۈك بىلەن بىر بوز ئۆمۈچۈك بولۇپ ، ئۇلار تور توقۇپ ئۇششاق ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيتتى . قارا ئۆمۈچۈكنىڭ تورى ھاشاراتنى كۆپ تۇتقانلىقتىن ، قورسىقىنى بەخۇدۇك تويغۇزۇپ سەمرىگىلى تۇردى . بوز ئۆمۈچۈكنىڭ تورى ھاشاراتنى ئانچە تۇتالمىغاچقا ، ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ قېلىپ ئورۇقلاپ كەتتى .

بىر كۈنى ، بوز ئۆمۈچۈك قارا ئۆمۈچۈككە ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىۋېدى ، قارا ئۆمۈچۈك ئۆزى توقۇغان تورنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ : «سەن مۇنۇ تورغا ئىنچىكىلەپ قاراپ چىققىن ـ دە ، ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ تورى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باق ! » دېدى .

بوز ئۆمۈچۈك قارىغۇدەك بولسا ، قارا ئۆمۈچۈكنىڭ تورى ناھايىتى سىپتە ، تۆشۈكلىرى قېلىن ھەم رەتلىك توقۇلغان ، ئۆزىنىڭ توقۇغان تورى بولسا قوپال ، مايماق ـ سايماق ، تۆشۈكلىرى بەك شالاڭ توقۇلغان . بوز ئۆمۈچۈك ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپ : «دۇرۇس ، قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرسەڭ ، شۇنچىلىك نەپ ئالىسەن ، دېگەن گەپ راست ئىكەن ! » دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە .

## § 4 . قوشاقلار

قوشاق — ئىنسانىيەتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان تىل سەنئىتىنىڭ بىرى . ئۇ خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە شادلىقلىرىنىڭ ھەمراھى . ئەمگەكچى خەلقنىڭ بىلىم قامۇسى ۋە پەلسەپۋى كىتابى ، ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ ھېسسىيات جاھاننەماسى ، ئىنسانىيەت بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ۋە ئېستېتىك تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەڭ يارقىن نەمۇنىسى .

ئادەتتە ، قوشاق مۇستەقىل تۆتلۈكلەر (تۆت مىسرا) دىن تەشكىل تاپقان ، بىر پۈتۈن ئوي ـ پىكىرنى قاپىيىلىك ۋە رىتىملىق ئىپادىلەيدىغان ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ۋە ناخشا قىلىپ ئېيتىلىدىغان ئاغزاكى شېئىر نەمۇنىلىرى بولۇپ ، بۇ ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا

«قوشۇغ» شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

بۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى «تەرتىپلىك يوسۇندا بەلگىلىك قاپىيىلەر بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان سۆزلەر» دېگەنلىكتۇر. قوشاق ھەر قايسى رايون ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئىچىدە چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. قەشقەر ئۇيغۇرلار ئەڭ مەركەزلىك توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن، قەشقەر قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ «9 - بەش يىللىق پىلانى» دىكى نۇقتىلىق تۈر بولغان «ئۈچ توپلام» («قوشاقلار توپلىمى»، «ماقال - تەمسىللەر توپلىمى»، «ھېكايە - چۆچەكلەر توپلىمى») خىزمىتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قانات يايغان مەزگىللەردە قەشقەر رايونىدا ناھىيىنى بىرلىك قىلىپ توپلاپ رەتلەنگەن قوشاقلارنىڭ ئومۇمىي سانى 25 مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق بولۇپ، «ئۆلكە تومى» غا تاللانغان، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ 42% نى تەشكىل قىلغان.

دەرۋەقە، قەشقەر قوشاقلىرى قازسا تۈگىمەيدىغان بىر كان، مەڭگۈ ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان سېھىرلىك كىتاب. ئۇيغۇرلار بۇ مۇنبەت زېمىنگە ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ، سەنئەت ئەڭ ھېرىسمەن خەلق سۈپىتىدە سەنئەتنى قەدىرلەشتەك بۇ سېھىرلىك ئەنئەنىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاق قاراشلىرىنى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى، كېلەچەككە بولغان ئارزۇ - غايىلىرىنى، مۇھەببەت ۋە نەپرەت تۇيغۇلىرىنى ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ ئوبرازلىق بولغان قوشاق شەكلىدە ئىزھار قىلدى. مەلۇمكى، بۇنداق ئالاھىدىلىكنىڭ يېتىلىشىدە چوڭقۇر قاتلاملىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بار.

ئادەتتە، ماكان نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، چۆل بىلەن بوستانلىق

ئوتتۇرىسىدىكى تىنىمسىز هايات يېتىلدۈرگەن چاڭقاق ۋە قۇرغاق ئىستەك قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ روهىي دۇنياسىدىكى دولقۇنسىمان پسىخىك هالەتنى هاسىل قىلغان . ئۇلاردىكى ئاسان غىدىقلىنىدىغان ۋە تاشمايىللىق سەزگۈ ئۇستىگە قۇرۇلغان پسىخىك تىندۇرما ئۆزىنى ئەڭ نەپىس تۇيغۇ ئارقىلىق شېئىرىي تىل ئىمكانىيىتىدە ئىپادىلىنىشىنى تەقەززا قىلغان . قىسقىسى ، «بۇ يەردىكى قۇياش نۇرىنىڭ تونۇردەك قىزدۇرۇشى بىلەن قەشقەر بوستانلىقىنى قاماپ تۇرغان سۇسىز چۆللۈكلەرنىڭ ئالقۇندەك يالىلدىشىدىن شەكىللەنگەن تىنىمسىز زېرىكەرلىك هايات ئۇلارنى شېئىرىي تۇيغۇغا باي ، هېسسىياتچان ، تىل ماهىرلىقى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چاڭقاق روهىي دۇنياسىغا تەسەللى تېپىشقا ئۈگەتكەن . »[1]

زامان نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، قەشقەر قەدىمىي ماكان بولۇش سۈپىتى بىلەن پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە . قەشقەر خەلقى تارىختا نۇرغۇن قىسمەتلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن . 15 ـ ئەسىردە يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇن قەشقەر رايونى «يىپەك يولى مەدەنىيىتى» نىڭ تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرق ۋە غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدا سەركەردىلىك رول ئوينىغان . ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان قەشقەر كارۋانلىرى يىپەك يولىنى بويلاپ دۇنيانىڭ هەر قايسى تامانلىرى بىلەن زىچ ئالاقىلىشىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى مەدەنىيەت ئىنېرتسىيىسىنى تولۇقلىغان ، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قاناتلىرىنى قاناتلاندۇرۇپ ، شېئىرىيەت ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان بىر خىل جۇشقۇن روهنى يېتىلدۈرگەن . شۇڭا ئىلاهىيەتچىلىك ، روهانىيەتچىلىك ، سوفىزم هامىيلىرى ئۆز لاگېرىنى قۇرغان ، يەنە بىر تەرەپتىن ، دەهشەتلىك نىزا ـ

[1] ئەسەت سۇلايمان : «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روه» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە ) ، 1997 ـ يىللىق 5 ـ سان .

ئۇرۇشلار ، خانىۋەيرانلىق ھۆكۈم سۈرگەن ، روھانىيەت بىلەن سەنئەت كەسكىن توقۇنۇشقان جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىدىمۇ قەشقەر خەلقى سەنئەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، جاھالەتكە قارشى غەزەپ ـ نەپرىتىنى ناخشا ـ قوشاقلىرى ئارقىلىق ئەۋجىگە كۆتۈردى . ئۇلار سەنئەتكە شۇنچىلىك ھېرىسمەنكى ، پۈتكۈل ماددىي جەمئىيەتتىن ۋاز كېچىپ ئاشىقلىقنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۈردى . ئاشۇ جاھالەتلىك مۇھىتتا ياشىغان مۇقامشۇناس ، خەلق شائىرى قىدىرخان يەركەندىنىڭ مۇنۇ ناخشىسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ :

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى ،
جاھانغا جانكى قالۇن ساداسى .
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى ،
ئالەمدە يوقكى ئۇنىڭ باھاسى .

مانا بۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا ـ قوشاقنى گەۋدە قىلغان سەنئەتكە بولغان پوزىتسىيىسىنىڭ ئىخچام ئىپادىسى .

قەشقەر قوشاقلىرى شۇ رايوندا ياشىغۇچى ئەمگەكچىلەر ھاياتىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى سۈپىتىدە ، تېما ، مەزمۇن جەھەتتىن كەڭلىككە ۋە كۆپ قاتلاملىققا ، شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىققا ۋە رەڭدارلىققا ، بەدىئىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ئوبرازچانلىققا ، ھېسسىيلىققا ۋە مۇزىكىدارلىققا ئىگە . بۇ خۇسۇسىيەت خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولسىمۇ ، قەشقەر قوشاقلىرى تۆۋەندىكى ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن باشقا رايونلارنىڭ خەلق قوشاقلىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ .

1 . قەشقەر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئىچكى رىتىمدارلىقى ناھايىتى جانلىق ۋە كۈچلۈك بولۇپ ، روشەن ئاھاڭدارلىققا ئىگە . تۇراق ، رىتىم ، ۋەزىن ۋە قاپىيىلىرى ئىنتايىن روشەن تۈزۈلگەن

بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەدىئىي پاساھىتىنى نامايان قىلغان بولۇپ، كىشىگە يۇقىرى ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا جازىبىدارلىقتا ۋە جەلپكارلىقتا ئىگە قەشقەر قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

2. قەشقەر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەتتە بىر كۇپلېت قوشاقنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا تەبىئەت مەنزىرىسى سۈرەتلىنىپ، كېيىنكى ئىككى مىسراسىدا تەبىئەت سۈرىتى بىلەن ئىچكى مەنتىقىلىق باغلىنىشچانلىققا ئىگە بولغان ئىجتىمائىي پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن:

ئاسمانلار ئالاڭلاپتۇ،
يولتۇزلار شالاڭلاپتۇ.
مەن يارغا نېمە قىلغان،
يار مەندىن يامانلاپتۇ.

شامال چىقسا لىڭشىيدۇ،
سەمەن يولىدا تېرەك.
ئانچە ـ مۇنچە كەپ تۇرسىلا،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

ئېگەرنى توقۇپ قويدۇم،
قاشقىسى بار تورۇققا.
كىمنىڭ رەھمى كېلەركىن؟
بىزدەك دىلى سۇنۇققا.

تارام ـ تارام ئېرىقلار،

چوڭ دەرياغا قىيتىلار .
پارتىيىگە ئەگەشسەك ،
تەردىن ئالتۇن تېپىلار .

3 . قەشقەر خەلق قوشاقلىرى مەجازىي ۋاستىلەرگە تويۇنغان بولۇپ ، كۆپ خىل تەسۋىرىي ۋاستىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنىڭ ئۆلگىسىنى ياراتقان . بۇ بەدىئىي ۋاستىلەر ناھايىتى تەبىئىي ھالدا قەشقەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ ماسلىشىپ خۇددى ستېرېئولۇق سۈرەتتەك قەشقەرنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى نامايان قىلغان .

مەسىلەن :

مۇرەڭدىكى كەتمەنمۇ ،
ئۇچاڭدىكى چەكمەنمۇ .
ناخشا ئېيتىپ ھارمايسەن ،
سەنمۇ مەندەك دەردمەنمۇ .

راۋاپ چالىمەن ئۆزۈم ،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم .
ئۆز يۇرتتا مۇساپىرمەن ،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم .

تاغدىكى بەرگى قىياقتەك ،
قاشلىرىڭدىن ئۆرگىلەي .
تەلمۈرۈپ تۇرغان كېيىكتەك ،
كۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەي .

4 . قەشقەر خەلق قوشاقلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قەشقەرگە

خاس كونكرېت كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ـ جاي ناملىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ ، ئۆزىنىڭ قەشقەرگە تەۋە قوشاقلار ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەلىللەپ بېرىدۇ .

مەسىلەن :

بىر ياغلىق ئانار ئالدىم ،
ھېيتگاھدىكى مەمەتتىن .
بۇ كۆيەك مىراس قالغان ،
سېنىڭ بىلەن مەندەكتىن .
(كاككۇك بىلەن زەينەپتىن )

ئاتۇشنىڭ بازارىدا ،
بەشكېرەمنىڭ يېمىشى .
يۈرىكىدە ئوتى يوقنىڭ ،
مەشرەپ بىلەن نېمىشى .

نەگە بارىسەن قاغا ،
ئەركەشتامدىكى يا (ر ) غا .
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ ،
يۈرەكىم قانمىدى يا (ر ) غا .

خۇشاۋاتنى چۆل دەيدۇ ،
چۆل ئەمەستۇر ئاۋاتتۇر .
قوغۇننى قەن دەيدۇ ،
قەن ئەمەستۇر ناۋاتتۇر .

كوزىچى يار بېشىدىن ،
ھېجىر تاۋاق ئالىمەن .

شۇ تاۋاقتا سۇ ئىچسەم ،
يار ۋەسلىگە قانىمەن .

سىنى قەشقەردە دەپ ئاڭلاپ ،
بىلىمنى سەيلىدە باغلاپ .
سىنى كەلمەيدۇ دەپ ئاڭلاپ ،
باياۋان چۆللىدە يىغلاپ .
(نەقرات : ئۆرگىلىمەن ، ھەر جايدا سىنى دەيمەن )

چاپىنىڭنىڭ ياقىسىنى ،
مەنناپ ئۇستام ئويغانمۇ ؟
ئىتىڭىز چىرايلىقكەن ،
ئەپەندى مەخسۇم قويغانمۇ ؟

ئاۋاتى يەي ئاۋاتى ،
بەشكىرەمنىڭ ناۋاتى .
يۇرىكىمنى كۆيدۇرگەن ،
لەۋەن يارنىڭ پەريادى .

چالدى سازىنى مۇڭلۇق ،
نەغمىكەش بىلەن باخشى .
ھەممە سورۇن ئىچىدە ،
دولان مەشرىپى ياخشى .

ۋىچىر - ۋىچىر قۇشقاچلار ،
كىرىۋالدى كاماغا .
خۇشتار ئىكەن قەشقەرلىق ،

ھېيتكادىكى ساماغا .

ئىشىك ئالدىغا چىقسام ،
يۈرايدۇ بەشكېرەم باغى .
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن ،
كۆيۈك ئوتىنىڭ داغى .

بەشكېرەمدە باغ تولا ،
ئەتراپىدا تاغ تولا .
سەن يارىمنىڭ دەردىدە ،
يۈرىكىمدە داغ تولا .

بىز قەشقەردىن چىققاندا ،
ئالتىنچى ئاي روزىدى .
باشقا ئەلەم كەلگەندە ،
ئاتا - ئانام بولسىدى .

سېنىڭمەنۇ سېنىڭمەن ،
سېنىڭ بولماي كىمنىڭ مەن .
ئەزىزانە قەشقەردىن ،
سېتىۋالغان قۇلۇڭمەن .

ئەنجان دوپپام بار دەيسەن ،
كەمچەت بىلەن يازلايسەن .
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم ،
يۈز مىڭ تۈرلۈك نازلايسەن .

سۈزۈك سۇنى لاي قىلغان ،
ئوغۇساقنىڭ توپىسى .
چوكانلارنى ئۆز قىلغان ،
بىزنىڭ باغنىڭ ئوسمىسى .

5 . قەشقەر تىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن لۇغەت فوندى ئىنتايىن باي ھەمدە يەرلىك پۇرىقىمۇ كۈچلۈك . قەشقەر قوشاقلىرى ئەنە شۇ قەشقەر تىلىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى تولۇق نامايان قىلغان بولۇپ ، تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بەزى قوشاقلارنىڭ قەشقەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ . تۆۋەندە مىسال قىلىنغان قوشاقلارنىڭ ئىچىدىكى ئاستىغا سىزىلغان سۆز - ئاتالغۇلار ئاساسەن قەشقەر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر جۈملىسىدىندۇر .

دۇتارىمنى ساز قىلغان ،
تارا بىلەن بۇلبۇلەك .
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن ،
يېنىمدىكى دۇمبۇلەك .

تۇخۇم ئالساڭ چېكىپ ئال ،
تاشلىۋەتكىن پاخشىنى .
بەختلىك ياشاي دېسەڭ ،
تاللاپ سۆيگىن ياخشىنى .

چىراغ بارمۇ ياققۇدەك ،
ئۇچكە بارمۇ چاققۇدەك .

بۇ مەلىدە بىر قىز بار ،
ئالداپ ئېلىپ قاچقۇدەك .

ياغ بولمىسا جىنچىراغ ،
ئوت ياققانغا كۆيمەيدۇ .
مەيلى بولمىسا يارنىڭ ،
يېلىنغانغا سۆيمەيدۇ .

هويلاڭدىكى تېرەكنىڭ ،
تۈۋىدە كاساڭ بولۇر .
ئىككى يار تۇتقان كىشىنىڭ ،
كاللىسى ساساڭ بولۇر .

باغقا كىردىم شوراڭدىن ،
بىر تال ئۈزدۈم غوراڭدىن .
تاكتاكچى يامان ئىكەن ،
ئايرىۋەتتى جورامدىن .

ئىشىك ئالدى جۇسەيلىك ،
سەيلىمىسەكمۇ سەيلەگىلىك .
سەن قارىمىساڭ يارىم ،
يېنىمدا بىرسى پەيلەگىلىك .

هامىتەكتىن سورىماي ،
باغقا كىردىم شورىدىن .
يوبدان ئەتكەن خانقىزنىڭ ،
سۆيۈۋالدىم لېۋىدىن .

6 . قەشقەر قوشاقلىرىنىڭ قاپىيە تۈزۈلۈشى كۆپرەك AABA شەكلىدە بولۇپ ، مۇزىكىدارلىقى ناھايىتى كۈچلۈك . مەسىلەن :

يار بولسا تۈزۈك بولسا ،
قولىدا ئۈزۈك بولسا .
لەۋلىرى قىزىل ئالما ،
چىرايى سۈزۈك بولسا .

يارىمنىڭ ئۆيى قاشتا ،
بەلگىسى قارا تاشتا .
ماڭا مەيلىڭ بولمىسا ،
نېمىشقا ئوينىغان باشتا .

قاشىنىڭ قارىسى سەندە ،
ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندە .
چىللىغاندا كەلمىگەن ،
يۈزى قارا شەرمەندە .

ئىشىك ئالدى باراڭ يارىم ،
باراڭلىقتىن ماراڭ يارىم .
كۆيگىنىمنى بىلمەيسىز ،
ئەقلى يوق ساراڭ يارىم .

7 . قەشقەر قوشاقلىرى ئىچىدە مەزمۇن تۈرى جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىدىكى تۈرلەرنىڭ ھەممىسى بولۇشتىن تاشقىرى ، باشقا رايونلارنىڭ قوشاقلىرىدا

ئۆچرىمايدىغان ياكى ئاز ئۇچرايدىغان مەزمۇن تۈرىدىكى قوشاقلارمۇ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، يولچىلىق (سەپەر) قوشاقلىرى، يۇمۇرلۇق ھەجۋىي قوشاقلار، كۆلدۈرگە قوشاقلىرى، سالام خەت قوشاقلىرى (ئىرسالناملار)، ئۆرپ - ئادەت ۋە ھۈنەر - سەنئەت قوشاقلىرى، ھەر خىل مەزمۇندىكى سۆزىتلىق تەرمە قوشاقلار (سۆز ئويۇنلىرى)... قاتارلىقلار.

بۇ خىل مەزمۇندىكى قوشاقلار قەشقەر تۇرمۇشىنىڭ كۆپ قاتلاملىقى ۋە كۆپ خىللىقىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قوشاقلارنىڭ بىلىش قىممىتى، تەربىيىۋى قىممىتى يۇقىرى. مەسىلەن:

## ھىجران قوشىقى

قوي قوزىسىدىن، چىغرىق پوزىسىدىن،
لەغمەن كويزىسىدىن، گاڭپەن سوزىسىدىن.
ئوچاق مورىسىدىن، سۇ كوزىسىدىن،
توي ناغرىسىدىن، دېھقان زاغرىسىدىن.
تۆگە بوتىلىقىدىن، چارۋا ئوتلىقىدىن،
سامان ئارىسىدىن، دۇتار تارىسىدىن.
يۇرت قازىسىدىن، ئەجداد ۋارىسىدىن،
چىنار شېخىدىن، چىراغ يېغىدىن.
باغۋەن بېغىدىن، غىلاپ تىغىدىن،
پەرھات شېرىندىن، لەيلى مەجنۇندىن.
تاھىر زوھرادىن، ۋامۇق ئۇزرادىن،
كاككۇك زەينەپتىن ئايرىلغاندەك ئايرىلىپ.
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ،

كۆرۈشەيلىك يېرىم دىدار خەت بىلەن .
ئۆلۈپ كەتمەي پىغان ھەمدە دەرد بىلەن ،
ھەسرىتىمنى ئۇشبۇ خەتتىن بىلىۋال ،
ئەسسالام دەپ سالام بەردىم ئىلىك ئال .

## يالغۇز قالغان دادىنىڭ يىراقتىكى ئوغۇللىرىغا يازغان سالام خېتى

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھېممىت ، ھېكىم باللىرىم ،
ئاندىن قالسا ئانىڭىز ، ئىمىنقىزخان خانلىرىم .
بىزنى سورىساڭ ھەر ھالدا يامان ئەمەس ھالىمىز ،
ھەر كۆنلۈكى سېغىنىپ ، يولغا قاراپ قالىمىز .
چوڭ ئېرىقتىن سۇ باشلاپ ئوتياش تەردىم ھويلىغا ،
سوزۇپ لەغمەن ئېتەلمەي ھاجەت بولدۇق چويلىغا .
چامغۇرنى قېزىپ كۆكلەپ كۆمۈۋالدىم ئورىغا ،
تېزەك تېپىپ قۇرۇتۇپ ، قويۇۋالدىم مورىغا .
نان ياپقىلى ئوچاق يوق ، ئوچاق سالدىم شور بىلەن ،
ئەتراپىنى سۇۋاشقا لايىنى ئەتتىم سۇ بىلەن .
بويتاق ئۆتۈش تەس ئىكەن ئۆيدە خوتۇن بولمىسا ،
ئاش - تاماقتا قىينالدىم ، قۇرۇق ئوتۇن بولمىسا .
جۇۋان - چوكان كۆپ ئىكەن ، ئالايمۇ دەپ ئويلىدىم ،
چوڭ بوپقالدى باللىرىم ، سەت تۇرار دەپ ئويلىدىم .
تىڭشاپ تۇرسام رادىئودىن كەلدى غەزەل قازاقچە ،
ئۇكاڭلارغا ئەۋەتىڭلار بېشىغا بىر قۇلاقچە .
ئىشتىن كېلىپ ئاخشامدا كۆڭلەك - ئىشتان يامىدىم ،
ئاچ قالسامۇ مىدىرلاپ زادى ئىشتىن قالمىدىم .

يالغان سۆزلەپ دىيەنباۋدا[1] ئاپىرۋالدىڭ ئاناڭنى ،
نېمە بولسا بولسۇن دەپ ، يالغۇز قويدۇڭ داداڭنى .
ئاناڭنى دەپ داداڭنى تاشلىۋەتسەڭ مەيلىمۇ ؟
قېرىغاندا قىينىلىپ نېمە بولسام مەيلىمۇ ؟
كۆك كەپتەرنى ئۇچۇرسام كېلىپ قوندى پەغەزگە ،
ئىچىمدىغۇ گەپ تولا ، ئازراق يازاي قەغەزگە .
تېز ئەۋەتكىن ئاناڭنى ، قالغان ئىشنى بىلىۋال ،
مۇشۇ سالام خېتىمنى خاتىرەڭگە ئېلىۋال .

## قاپىيە ئويۇنى

چېرىككە ياراق لازىم ،
ئامبالغا راۋاق لازىم .
ياغچىغا قاداق لازىم ،
ھورۇنغا تاياق لازىم .
ئىتلارغا يالاق لازىم ،
تاماققا تاۋاق لازىم .
گۈللەرگە ماياق لازىم ،
ئوقياغا ساداق لازىم .
بىلىمسىزگە ساۋاق لازىم ،
مېھمانغا ياتاق لازىم .
ئاتلارغا پاتاق لازىم ،
قويلارغا شاپاق لازىم .
ئۈزۈمگە ساپاق لازىم ،
تۇزلۇققا قاپاق لازىم .

[1] دىيەنباۋ — تېلېگىرامما .

يامانغا ھاپاق لازىم ،
مەيخورغا قاۋاق لازىم .
پاتىڭغا[1] سوراق لازىم ،
تاملارغا سوۋاق لازىم .
بىشىڭغا تۇماق لازىم ،
ئوغرىغا چوماق لازىم .
دېھقانغا ئوغاق لازىم ،
قازانغا تۇۋاق لازىم .
ياتقانغا قوپماق لازىم ،
ئۇرۇقنى چاچماق لازىم .
ئويۇنغا چاقچاق لازىم ،
سەتەڭگە پاقماق لازىم .
دەرياغا ئاقماق لازىم ،
جۇۋىچىغا ئويماق لازىم .
نەزىرگە قۇيماق لازىم ،
قىرغىزغا شىرداق لازىم .
قىزچاقا مونچاق لازىم ،
كەپتەرگە قىسماق لازىم .
ئاشپەزگە قىڭراق لازىم ،
توپلەيگە پايپاق لازىم .
چىللاققا باغاق لازىم ،
چاقىرسا بارماق لازىم .
قوشۇنغا بايراق لازىم ،
چاغانغا دۇمباق لازىم .
تۆگىگە قامغاق لازىم ،

① پاتىڭ — سوت .

بىلىقىقا قاماق لازىم .
ياخشىغا ئاتاق لازىم ،
بانكىغا ساناق لازىم .
ئەدىبكە يازماق لازىم ،
گېزىتكە باسماق لازىم .
قېتىقىقا كوزىچاق لازىم ،
قامچىغا تاسماق لازىم .
دارغا سىرتماق لازىم ،
بالىنى ئوقۇتماق لازىم .
ئەسكىدىن قاچماق لازىم ،
دۈشمەننى ئاتماق لازىم .
ئەلنى ئەلگە قاتماق لازىم ،
ئارتۇق ئاشنى ساتماق لازىم .
تۈگمەندە ئۇن تارتماق لازىم ،
دەريادا سۇ ئاقماق لازىم .
ئەسكى تامنى چاقماق لازىم ،
تۈندە چىراغ ياقماق لازىم .
ھەقىقەتكە باقماق لازىم .
سالامنى ئىلىك ئالماق لازىم ،
كەتمەننى چىڭ چاپماق لازىم .
كېپەزگە سۇ ئاچماق لازىم ،

مەسچىتكە ئىمام لازىم ،
مەشرەپكە مۇقام لازىم .
ناۋايغا چوقام لازىم ،
ئېشەككە توقام لازىم .
تۆرگە غوجام لازىم ،

ئامبارغا توغام لازىم .
بېخىلغا زالىم لازىم ،
يۇرتقا ئالىم لازىم .
ئاتقا يۇگەن لازىم ،
سەپەرگە كۆرگەن لازىم .
تەشكىلگە باشلىق لازىم ،
ھەۋەسكە ياشلىق لازىم .
توخۇغا تاشلىق لازىم ،
شەھەرگە بازار لازىم .
ئۆلۈككە مازار لازىم ،
مانتىغا قاسقان لازىم .
مېھمانغا داستىخان لازىم ،
ئوچاققا ئوتۇن لازىم .
ئەركەككە خوتۇن لازىم ،
قويغا قوتان لازىم .
كەپتەرگە پوكان لازىم ،
قالىغاچقا كۆۋرۈك لازىم .
ناخشىچىغا زوۋۇك[1] لازىم ،
سەيگە سامساق لازىم .
قاتلىمىغا قايماق لازىم ،
خۇمدانغا توپا لازىم .
خېنىمغا ئۇپا لازىم ،
پېشايۋانغا سۇپا لازىم .
بوياقچىغا كوزا لازىم ،
مەكتەپلەرگە جوزا لازىم .

[1] زوۋۇك — كاناي ، ياڭراتقۇ .

ئۆيگە بورا لازىم ،
كېسەلگە دورا لازىم .
سەۋزىگە ئورا لازىم ،
چايخانىغا كورا لازىم .

## سەيەر قوشىقى

قەشقەر دېگەن قەدىم شەھەر باغۇ ھەرەمدۇر ،
سۇيى ئەلۋەك ، مېۋىسى مول بېھىشكەرەمدۇر .
قەشقەر دېگەن ئۆزى پەستە ،
ئوتتۇرىسى رەستە ـ رەستە .
قەشقەردىمۇ بار مۇشتى يوغانلار ،
شۇڭا ئۆز يۇرتىغا سىغمىدى ، نى ـ نى ئوغۇللار .
باي ـ غوجاملار چىقىدۇ ئىلىغا سەيلە ـ ھەۋەستە ،
يېتىمچىلار پاناھ ئىزدەپ چىقار بەس ـ بەستە .
قەشقەردىن چىقساڭ يېڭىشەھەر ،
لويىلىرى دارېنلارغا ئېڭىشەر .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ياندۇرما ،
خۇدا ساقلا ! ئاتا ـ ئانامدىن تاندۇرما .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قىزىللىق ،
خۇرجۇن ـ خالتاڭ مۇرىلىرىڭگە ئېسىقلىق ،
ئۆيدىن ئايرىلىپ باستى سېنى خىجىللىق .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ شاپتۇللۇق ،
خۇرجۇنۇڭدىكى زاغراڭنى غاجاپ ماڭسەن ئۇدۇللۇق .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ پەيزاۋات ،
پەيزاۋاتنىڭ قوغۇنلىرى قەن ـ ناۋات ،

پۈلى بارلار قوغۇن يەيدۇ، پۈلى يوقلارر پەندىيات،
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ داش،
داشقا بېرىپ «بۇ چۆلدىن قانداق چىقارمىز» دەپ قاتتى باش.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ لوڭكۇ،
ئاتا ـ ئانا، يۇرت ـ ماكاندىن
بىزنى ئايرىغان زالىملار سىڭكۇ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ جاڭزا،
جاڭزىغا بېرىپ قونار يېرىڭ ئەسكى پاڭزا.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ غولتوغراق،
بۇ يەرگە چىقىپ غەم يېدىڭ يۇرتۇڭدىكىدىنمۇ ئارتۇقراق.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئۆردەكلىك،
يۇرتتىن ئايرىلغان بەكمۇ گۆدەكلىك.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قاراقىلچىڭ،
سانىماي سەككىز دېمەڭ ئىلىخودىمۇ پۇل چىڭ.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ مارالبېشى،
ھەر كىشى ئۆز جېنى بىلەن
كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى،
ئىسىت ئانامنىڭ ئېتىپ بەرگەن ئۇگرە ئېشى.
ئالدىرىماڭ، بۇ تېخى، دەردىنىڭ بېشى.
بۇ يەردىن ئۆتسەڭ تۇمشۇق،
مۇساپىرلارنىڭ ئالدىنى توسقان ئالتە چېرىك ـ ئۇششۇق.
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چارباغ،

تېرەڭنى سۇرتۇشكە ئەسقاتتى بېلىڭدىكى بەلباغ .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئوي قوتان ،
ئەجەبمۇ كۆپ ئىكەن بۇ يەردە ئوتان .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئوقۇ مازىرى ،
بېشىڭدا قاينايدۇ قىيامەتنىڭ بازىرى .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تەڭتوغراق ،
ئىلــــغا بېرىپ قىــــلغان پۇشايماندىن مەشەدىن قايتقىنىڭ ياخشىراق .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كەلپىننىڭ ئاچىلى ،
بۇ يەر بەك چۆل ئىكەن دەرھال قاچىلى .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يانقۇدۇق ،
بۇ يەرگە كەچ بېرىپ ھەممە ئىشىككە بىر قېتىمدىن دوقۇردۇق ،
سەيەردىكى مۇساپىرلارنى بىز خۇداغا تاپشۇردۇق .
بۇ يەردىن ئۆتسەڭ يايدا ،
كېچىسى مېڭىۋال بۇ يولنى ، ئۆزۈڭگە پايدا .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چىلان ،
نەلەدە قالدى ، ئۆيدە توقۇغان پىلان .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ شوتا قۇدۇق ،
ئالدىمىزنى توسقان ئىككى ئوغرىنى تۇتۇۋېلىپ راسا ئۇردۇق .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ خاڭگۇڭ ،
خاڭگۇڭلۇق كۆرۈپ دېدى ، بىزنى : قەشقەرلــــك گاڭگۇڭ .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ سايئېرىق ،

ئۆزۆن يولنى پىيادە مېڭىپ تاپانلىرىمىز تامامى يېرىق .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئايكۆل ،
ھەر مەھەللىدە بار ئىكەن بىردىن چوڭ كۆل .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئاسوق دەريا ،
ئون ئالتە پۇلنى بەرسەڭ كىمە بىلەن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان ئاكىلىرىڭ تەييا .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئاقسۇ ،
پۇلۇڭ بولمىسا تېپىلمايدىكەن بىر چىنە قايناق سۇ .
بۇرۇن چىققانلار كېيىن چىققانلارنى باقسۇن .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يېتىمسەن جامغا ،
جامغا بېرىپ زار بولدۇق بىر چىشلەم نانغا .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قارا يۇلغۇن ،
خېيىمخەتەر ئالدىڭدا تېخى نۇرغۇن .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تۇڭگان مازا ،
ساڭىمۇ كەپتىغۇ مۇشۇ چۆلدە قازا .
ئۆلۈكۈڭ چۆلدە قاپتۇ كىم تۇتقاندۇ ھازا .
بىزگىمۇ كېلىپ قالارمۇ مۇشۇ چۆلدە قازا ،
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چۇشۇرگۇ ،
خوتۇن ، بالا - چاقىلىرىم كىرىپ قاپتۇ چۇشۇمگە .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تالا شۇ ،
قانداق قىلىسەن بېشىڭغا كەلگەن بالا شۇ .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يېڭىئاۋات ،
ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنگە سۈيى ئىكەن قەن - ناۋات .
بۇ يەردىن ئۆتسەڭ قىزىلبۇلاق ،

يول ئازابىدا ئانا سۈتى بولدى بۇرنىمىزدىن بۇلاق .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قوغان ،
قوغاننىڭ لويىسى 80 پۇلنى بەر دەپ ئالدىمىزنى توربغان .

بۇ يەردىن ئۆتسەڭ قىيىنلىق ،
يېتىمچى باللار قولىغا ئالدى بىردىن تىيىنلىق (ھاسا) .

بۇ يەردىن ئۆتسەڭ تامغۇتاش ،
مۇز داۋاننى كۆرۈپ قاتتى باش .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ مۇزات دەپ داۋان بار ،
ئۆتەلەمدۇق - ئۆتەلمەمدۇق دەپ كۆڭلىمىزدە گۇمان بار .

قەدەم قويدۇق مۇزاتقا تاڭدا ،
سىيرىلىپ ئۆلگەن ئات - ئۇلاغ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ھاڭدا .

داۋاندىن چۈشسەك شىپالىق ،
كۆتۈرۈلدى كۆڭۈلدىكى دىشۋارلىق .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئايغىر ئالدى ،
ئات - ئېشەك ھاڭدا قالدى ، خۇرجۇن - قاچاڭنى ئوغرى ئالدى .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ توغراسۇ ،
كىمنىڭ چاپىنى كونا بولسا ئوغرى شۇ .

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ پالاس قارىغاي ،
يالغۇز يولۇچى بارمىكەن دەپ ئوغرى مارىغاي .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كېلىسەن شوتىغا ،
ئىتتىك ماڭمىساڭ شوتىنىڭ لويىسىدىن يەيسەن تاياق يوتىغا .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تىكەس ،
ھەممە يېرىدە ئېگىز ئۆسكەن ئوت - خەس .
تىكەس دېگەن بىر تۈز ،
يۇرتۇڭ يىراقتا قالدى ئۈمىدىڭنى ئۈز .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئىلى دەريا ،
تۆت تەڭگە بەرسەڭ ئۆتكۈزىدىغان سالچىلار تەييا .
دەريادىن ئۆتسەڭ پايتىما زەڭگى ،
بىر چىلىمغا ئولىشىپتۇ بەش - ئالتە بەڭگى .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كۈرە ،
ئىلىغا كەلدۇق دەپ بەزىسى يىغلاپ ، بەزىلىرى كۈلە .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئۆرۈكلۈك ،
نېنى تۈگەپ خۇرجۇن ئاغزى يۈرۈكلۈك .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ كېلىسەن كانىغا ،
خۇرجۇن - خالتاڭ يېڭى بولسا تېگىشىپ يەيسەن نانىغا .
بولمىسا ئەزرائىل تىكىلىدىكەن شېرىن جانىغا ،
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ چىغلاڭ .
چىخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ مۆڭلىنىپ يىغلاڭ .
ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تاشلەپكە ،
قورساق ئاچ بولسىمۇ ، جان هايان قالدى بازارغا بېرىپ نان تېپىپ كە (ل ) .
ياكى گېلىمىزغا نان بېرىپ ئىشقا سالىدىغان ئادەم

بولسا باشلاپ كە (ل ) ،

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ خەنزۇ بازىرى ،

كۆرۈۋال يېتىمچى باللار ، مۇشۇ ئىلخونىڭ ئاۋات بازىرى ،

تېنەپ يۈرگەن مۇساپىرلىغا ھەممىسىنىڭ چۈشىدىكەن نەزىرى .

ئىلگىرى - كېيىن چىققانلىرىمىز خەنزۇ بازىرىغا يىغىلدۇق ،

بېشىمىزدىن ئۆتكەننى دېيىشىپ گاھى كۈلدۇق ، گاھى يىغلىدۇق .

شۇ ئەسنادا بىر تارانچى كېلىپ : «ھەي ئالتە شەلىك بۇياققا ئۆت -

نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت .

چىقىپ ئىشلىسەڭ بولامدۇ خاڭدا ،

ئۇمىدىڭ بارمۇ - يوقمۇ جاندا ؟

يېتىۋېرەمسەن ئىشلىمەي جاقاڭدا .

دېدى - يۇ ، كەتتى ،

بۇ گېپى جېنىمىزدىن ئۆتتى .

خورجۇننى ئالدۇق ،

ئۆشنىمىزگە سالدۇق ،

چىقتۇق خاڭغا ،

خاڭدىكىلەرمۇ زار ئىكەن بىر بۇردا نانغا .

«مىڭ رەھمەت» ، «چىقماڭ بالام ئىلىغا» دەپ توسقان ئاتام بىلەن ئانامغا ،

خاڭدا ئىشلەيمىز دەپ چۈشۈپتۇق ، بىر چوڭقۇر ھاڭغا .

ساق چىقساق يۇرتقا كېتىۋالارمىز قازا قىلساق سالام

دەڭلا ،
يۇرتنا قالغان بالا ـ چاقامغا .

8 . قەشقەر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلانغان قوشاقلارمۇ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . بۇنداق تارىخىي قوشاقلار تارىخنىڭ ھەمراھى ۋە ئەينىكى سۈپىتىدە ، رېئال تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئىگىلەشكە ياردەم بېرىدۇ . مەسىلەن ، قەشقەردە پەيدا بولغان تارىخىي قوشاقلار ئىچىدە بىر قەدەر تىپىك بولغىنى ماتىتەي ھەققىدىكى قوشاقلاردۇر .

ماتىتەينىڭ ئەسلىي ئىسمى مافۇشىڭ ، ئەرەبچە ئىسمى مۇھەممەت يۇنۇس ، ئەل ئىچىدە «يۇنەنما» (يۈننەنلىك ما فامىلىلىك خۇيزۇ) دەپ ئاتالغان . «تىتەي» ئۇنىڭ ئەمەل دەرىجىسى بولۇپ ، شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى دىۋىزىيە قوماندانى (شىجاڭ) دەرىجىلىك ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەل دەرىجىسى . مافۇشىڭ مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن قەشقەرنىڭ تىتەيلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن . ئۇ قەشقەر يېڭىشەھەردە ئۇغلى ماجىۋۇ (ئەملى «نىتەي» بولۇپ ، بىرىگادا قوماندانى ، لۈجاڭ دەرىجىلىك) قەشقەر شەھىرىدە تۇرۇپ 10 نەچچە يىل قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان . ئۇ چېكىدىن ئاشقان زالىم بولۇپ ، گەرچە يېشى 60 تىن ھالقىغان بولسىمۇ كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ قەشقەردىكى مەزگىلىدە كۆپلەپ خوتۇن ئالغان . ئەل ئىچىدە «ماتىتەينىڭ 40 خوتۇنى بار» دېگەن سۆز تارقالغان . ماتىتەي دەۋرىدە خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋاڭ ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ بولۇپ ، «قۇشقاچ ئالۋىڭى» ، «موم ئالۋىڭى» دېگەندەك سېلىقلار بىلەن خەلققە ئىنتايىن جەبىر ـ زۇلۇم سالغان ، بۇنىڭ بەدىلىگە سەيلە ـ تاماشا قىلىش ئۈچۈن يېڭىشەھەرنىڭ مەركىزىگە

«لو» نامىلىق ھەشەمەتلىك راۋاق (قەيتۇر) ياساتقان ھەمدە ھازىرقى سوخۇ (دويۇتنىڭ جاڭگاللىقى) غا شەخسىي ئوردا سالدۇرغان. ماتتەيىنىڭ ئالۋىڭدىن باش تارتقانلار «پادىشاھقا قارشى چىقتى» دەپ ئېغىر جازالانغان. بۇ قورچاق مىلتارىست ئۆزى خان - ئۆزى بەگ بولۇۋېلىپ، ھەتتا ياڭ زېڭشىنغا خىرىس قىلغان. نەتىجىدە، ياڭ زېڭشىن ئۇنى يوقىتىۋېتىش قارارىغا كېلىپ، ماتتەيدىن زەربە يەپ ئۇچتۇرپانىڭ ھاكىمى بولۇپ قەشقەردىن يۆتكەلگەن ماشاۋۋۇنى ئىشقا سالىدۇ. نەتىجىدە، 1924 - يىلى ماشاۋۇ ئاقسۇدىن قوشۇن تويلاپ ئىككى سەپ بويىچە بىرلا ۋاقىتتا قەشقەر يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىدۇ. ماتتەي قولغا چۈشۈپ ماشاۋۋۇ تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىدۇ. ئۆلۈكى ئۈچ كۈن سازايى قىلىنىدۇ. ماجۇۋۇ تەسلىم بولماي قارشىلىق كۆرسەتكەچكە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 14 يىل قەشقەرنى سورىغان ماتتەي ھاكىمىيىتى پاجىئەلىك تەقدىر بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. تۆۋەندىكى قوشاقلار ئەنە شۇ تارىخنىڭ ئىنچام سۈرىتىدۇر.

## ماتتەي ھەققىدە

ماتتەي تۇلۇمچاشقان،
ئالۋاڭنى تولا چاچقان.
يوقسۇلنى تولا ئېزىپ،
سوخۇدا ئۆلۈپ ياتقان.

سوخۇ يولى قومۇشلۇق،
ئوغاق سېلىپ ئورغان يوق.

ئىككى - ئۈچ يىل شە[1] سوراپ ،
ماتتەيدەك بولغان يوق .

سوخۇ يولى يامان يول ،
شورى بار ، توپاسى يوق .
ماتتەينىڭ پۇقراغا ،
زۇلمى بار ، ۋاپاسى يوق .

ماتتەينىڭ پوچتىسىنىڭ ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن .
ماتتەينىڭ ۋاقتىدا ،
كۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن .

ماتتەي ئاتمىش ياشتا ،
كۆۋرۈك سالدى توققۇزتاشقا[2] .
ماتتەينىڭ ئالۋىڭى ،
بالا بولدى جىمى باشقا .

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم ،
باغلىغىلى تانام يوق .
ماتتەينىڭ دەستىدە ،
كەمبەغەلگە ئارام يوق .

ماتتەي چېرىك ئالسا ،
پۇلغا زورلىغان بايلار .

---

① شە — شەھەر .
② توققۇزتاش — يەر نامى .

ئېلىنغا قېچىپ بېرىپ ،
كۆمۈر كولىغان باللا .

ئوق سېلىپمۇ ئاتقان تاز ،
ئوق سالمايمۇ ئاتقان تاز .
قارا لايىنى موم قىلىپ ،
خەقنى ئالداپ ساتقان تاز .

ماتىتەيىنىڭ بايلىقى ،
خەزىنىدە تولۇپ تاشقان .
ئۆزىنى يوغان چاغلاپ ،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان .

كەتمەكچى بولۇپ قالدۇق ،
كۆۋرۈك بىلەن يول ئالدۇق .
ماتىتەيىنىڭ ئەسكىرىنى ،
سېپىل تۈۋىگە قاق سالدۇق .

## ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدىكى مەرسىيە قوشىقى

ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى 1862 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەد كەنتىدە ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ئۆز يۇرتى ۋە قەشقەر مەدرىسىلىرىدە ئوقۇغاندىن كېيىن بۇخاراغا بېرىپ سەككىز يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان . 1901 ـ يىلى قەشقەرگە قايتىپ «خانلىق مەدرىسە» دە مۇدەررىسلىك قىلغان . بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىش داۋامىدا ئەينى مەزگىلدىكى «ئۇسۇلى جەدىت»

ئىسلاھاتچىلىق پىكرى ئىچىمىزنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ، بىر تەرەققىيپەرۋەر ، مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇپ يېتىلگەن . 1907 ـ يىلى ئۇ ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغان . ھەج پائالىيىتىدىن كېيىن تۈركىيە ۋە مىسىردا بىر قانچە ئاي تۇرۇپ ، ئۇ يەرلەردە بارلىققا كەلگەن بۇرژۇئازىيە ئىسلاھاتچىلىق يېڭىلاش دولقۇنى ئەمەلىيىتى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن . ئۇ يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، جاھالەت ، نادانلىق ، تەپرىقىچىلىك ۋە گادايلىق سەۋەبىدىن خار ۋە زەبۇن بولۇپ ياشاۋاتقان خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئىسلاھاتچىلىق تەشەببۇسلىرى بىلەن ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغان . ئۇ مۇشۇ يىللاردا «نەسىھەت ئامما» ، «ئەقائىد زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر ) ، «مۇتالىيە ھىدايەت» (توغرا يول ئۈستىدە ئىزدىنىش ) ، «مىفتاھىل ئەدەب» (ئەدەبىيات ئاچقۇچى ) ، «سەرف نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس ) ، «بىدايەتۇس سەرب» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس ) ، «تەلىمى سەبىيات» (گۆدەكلەرگە تەربىيە ) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ ، خەلقنى ئويغىنىشقا ، نادانلىق ۋە جاھالەتكە خاتىمە بېرىپ دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشقا چاقىرغان ھەمدە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ بايراقدارى ، ئەلگە تونۇلغان مەرىپەت جەڭچىسى بولۇپ قالغان .

ئابدۇقادىر داموللام مۇتەئەسسىپ ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن 1924 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى (سەيشەنبە ) كېچىدە ياللانغان قاتىل ئارقىلىق قەشقەر كونا ئوردىدىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى . بۇ تەرەققىيپەرۋەر زاتنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈن قەشقەر ۋە پۈتۈن شىنجاڭنى

ماتەمگە چۆمدۈردى . شائىرنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ ئېيتىلغان قوشاقلار ، مەرسىيەنامىلەر خەلقنىڭ بۇ ئۇلۇغ زاتقا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىنى ، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە ۋە جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىدى . تۆۋەندىكى مەرسىيە قوشىقى ئاشۇ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسىدۇر .

تاغمۇ تاشلار تەۋرىنىپ ،
قاتتىق چاقماق چاققانمۇ ؟
تۈمەن سۈيى قان بولۇپ ،
بۈگۈن تەتۈر ئاققانمۇ ؟

قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى ،
چاڭ - تۇمانلار باسقانمۇ ؟
قەشقەرنىڭ جاھانىنى ،
قايغۇ - ماتەم باسقانمۇ ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز ،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز .
داموللامغا دەيۈزلەر ،
قەست قىلالماس دەپتىمىز .

بۇلبۇل ئىدىڭ بۇ باغدا ،
سايرار ئىدىڭ ھەر چاغدا .
دۈشمەن سەندىن ئايرىدى ،
قالدۇق بىز ئەلەم - داغدا .

ئېتىڭ بەكمۇ چىرايلىق ،

ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ .
خەلقىمىزگە يول باشلاپ ،
ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ .

ئۆلتۈرگۈزدى دۈشمەنلەر ،
كۆرەلمىگەن رەقىبلەر .
ساڭا تۆكۈپ كۆز يېشى ،
يىغلاپ قالدۇق دەردمەنلەر .

جايىڭ بولسۇن جەننەتتە ،
ھۆرلەر بولسۇن خىزمەتتە .
ئۇنتۇمايمىز داموللام ،
سىلىنى ئەبەدىلئەبەتكە !

## § 5 . ئاتىلار سۆزى (ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلەر )

تىل ۋە يېزىق گاھى چاغلاردا شەمشەرنىمۇ باش ئەگدۈرەلەيدۇ ،
نۇرغۇن دانىشمەنلەر ھەيۋەتلىك قوشۇنغا ئەمەس ،
بەلكى ئاقىلانە تىلغا تايىنىپ غەلىبە قىلغان .
(بالتاسار گراسىئان ، ئىسپانىيىلىك )

دەرۋەقە ، تىلنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ماقال ـ تەمسىللەر ۋە خەلق ئىدىئوملىرىغا مۇجەسسەملەشكەن .
ماقال ـ تەمسىل دېگىنىمىز ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ

ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ بېرىدىغان، كىشىلەرگە ئۈلگە، ئىبرەت بولىدىغان شېئىرىي ئاھاڭداشلىق فورمىسىدىكى ئوبرازلىق ۋە ئىخچام تىل جەۋھىرىدۇر.

ماقال - تەمسىللەر كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى تىلى ئەمەس، بەلكى خەلق تىلىنىڭ تاللىنىپ ۋە تاۋلىنىپ چىققان مېغىزى، ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا قالدۇرۇلغان ھېكمەتنامە. ئۇ خەلق تىلىنىڭ گۈزەللىكىنى، ئاھاڭدارلىقىنى، مەزمۇندارلىقىنى ۋە دەلمۇدەللىكىنى نامايان قىلىپ نۇتۇق سەنئىتىگە كۈچ - قۇۋۋەت ۋە شانۇشەۋكەت بېغىشلايدۇ. دەرۋەقە، «ئەر كۆركى ساقال، سۆز كۆركى ماقال» دۇر. ماقال - تەمسىللەر كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ قايمىقى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشچانلىقى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، جايىدا ئىشلىتىلگەن ماقال - تەمسىللەر خۇددى تاشقا گۈل چەككەندەك، كىشىدە ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرىدۇ.

ماقال - تەمسىللەر تىل بىناسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئۇ باشقا تىل تەركىبلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر خىل تىلنىڭ مۇكەممەل تۇر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ماقال - تەمسىللەر ئۆز ماھىيىتى بىلەن خەلقنىڭ پەلسەپىسى بولغاچقا، ئىنسان پەيدا بولغان ئاشۇ يىراق ئۇيۇق سىزىقىدىن تارتىپ، تۇرمۇش مىزانى سۈپىتىدە مەنىۋى يېتەكچى ۋە مەسلىھەتچى بولدى. ئۇ تۇرمۇش تەجرىبىسىنى يەكۈنلىدى (سەبرىنىڭ تېگى ئالتۇن)، كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇردى (بىراۋغا كولىمە زىنھار، ساڭا كولگۈچىلەرمۇ بار)، مەسلىھەت بەردى (يول بىلمىسەڭ يول سورىغىن يۈرگەندىن، گەپ بىلمىسەڭ گەپ سورىغىن بىلگەندىن)، ئەمگەكنى ئۇلۇغلىدى (ئىشلىگەننىڭ ئاغزى ئاشقا تېگەر، ئىشلىمىگەننىڭ بېشى تاشقا تېگەر)، تەبىئەتنى قوغدىدى (بىرنى

كەسسەڭ مىڭنى تىك ) ؛ ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلىدى (بىرلەشكەن ئۆزار ، بىرلەشمىگەن تۇزار ) ، مەرپەتلىك بولۇشقا ئۈندىدى (ئىلىملىك نۇر ، ئىلىمسىز خور ) ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى مەدھىيىلىدى (ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا ، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس ) . . .ئومۇمەن ، خەلق ماقال - تەمسىللىرى تۇمەن مىڭ خىل جاۋاھىراتلار بىلەن تولغان چەكسىز دېڭىزدۇر ، شەخسىي تۇرمۇش مەسىلىلىرىدىن بىر پۈتۈن جەمئىيەت مەسىلىلىرىگىچە بولغان چەكسىز بوشلۇقنىڭ ئەڭ ئىخچام ، ئەڭ ئوبرازلىق ستېرېئولۇق سۈرىتى ، ئەڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىك قىممەت ياراتقان تۇرمۇش ئېنسىكلوپېدىيىسىدۇر . ماقال - تەمسىللەر مەزمۇن ، خاراكتېر جەھەتتىن ھەم خەلقئارا ئورتاقلىققا ، ھەم روشەن مىللىي خاسلىققا ئىگە .

قەشقەر خەلقى تىلغا تولىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ، گەپ سۆزنى بەكرەك زىغىرلايدىغان ، ئېغىمىزلىق ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر ، ئىززەت - ئىكراملىق ، زوۋانداراز خەلقتۇر . قەشقەرنىڭ بۇنداق تىل پىسخىكىسى بۇ رايوندا ماقال - تەمسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فرازېئولوگىيىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپرەك ئىجاد قىلىنىشىغا ۋە كەڭ ئومۇملىشىشىغا ئاساس بولغان . ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن ۋە ئەڭ كۆپ خاتىرىگە ئېلىنغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ قەشقەر رايونىدىن توپلانغانلىقى يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى بولسا كېرەك . 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن بىرى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ «ئۈچ توپلام» خىزمىتىدە قەشقەر رايونىدىن توپلانغان ماقال - تەمسىللەر 12 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ ، پۈتۈن شىنجاڭدىن توپلانغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ تەخمىنەن 55% نى تەشكىل قىلغان . بىز تۆۋەندە قەشقەرنىڭ خاسلىقى بىر قەدەر روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن ماقال - تەمسىللەردىن ئۆرنەك

بىرنىمىز :

△ ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر .

△ قەشقەرنىڭ قىشى ئاز ، سوغۇقى ئەتىياز .

△ ھەسىنىكام ئاچچىق ، ئامۇتى تاتلىق .

△ تويغا ناغرا ، شورپىغا زاغرا .

△ سازلىقنىڭ يېكىنى بار ، گۇلنىڭ تىكىنى .

△ سەللە يوغان ئىمان يوق ، داستىخان يوغان بىر نان يوق .

△ قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ .

△ تۆت كەپتەرگە يەتتە كۇۋۇك ، يازدا ياتقان قىشتا رووۇك .

△ ئۇسسۇلنى باشلىغان داپچى ، جېدەلنى باشلىغان لاپچى .

△ دەريانىڭ بېشى بۇلاقتىن ، بىلىمنىڭ بېشى قۇلاقتىن .

△ ياخشى گەپ ئىسسىتقۇ ، يامان گەپ سوۋۇتقۇ .

△ بارلىق ياراشتۇرىدۇ ، يوقلۇق تالاشتۇرىدۇ .

△ ئانارنى چۆلگە تىك ، ئەنجۈرنى كۆلگە .

△ مۇشۇكنى ھارۋىغا قاتسا كارۋات ئاستىغا سۆرەپتۇ .

△ ياخشىغا بەرسەڭ نېپى تېگەر ، يامانغا بەرسەڭ گېپى (تېگەر ) .

△ يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە ، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە .

△ ئۈزۈم سالار ھەر كىشى ، باراڭغا ئالار ئەر كىشى .

△ باي بولغاندا گىردە ياخشى ، ئاچ قالغانداجىگدە (ياخشى ) .

△ سۇ كېتىدۇر تاش قالىدۇ ، ئوسما كېتىدۇر قاش قالىدۇ .

△ ھوشۇر ئېيىدا قۇيماق يەپ ، سەپەر ئېيىدا كېكىرىپتۇ .

△ تەربىيە كۆرگەن ئىمانلىق بولۇر ، تەربىيە كۆرمىگەن يىلانلىق بولۇر .

△ ئىمانلىق — ئوت ، ئىمانسىز — پوق .

△ بىلىم كۈندە لازىم ، چىراغ تۈندە (لازىم ) .

△ مالسىزلىقتىن ئاڭسىزلىق يامان .

△ دوستۇڭ كۆپەيسە كامال تاپىسەن ،

△ دۈشمىنىڭ كۆپەيسە زاۋال (تاپىسەن) .
△ نىيىتى يامانىنىڭ قازنى تۆشۈك .
△ بىر سىيىق ئامۇت مىڭ ئامۇتنى سىيىتىپتۇ ،
△ نامازشامدىن قېچىپ تاراۋىغا ئۇچراپتۇ .
△ ئەل ئامان شەرىڭ ئامان .
△ ئېرىقى قۇرۇسا ، بېلىقى ساق قالماس .
△ دەريانى بۆلگەن تارام ، قوشۇننى بۆلگەن قارام .
△ تۈزلەڭلىكتە تاغ بولماس ، ھۇرۇن ئادەمدە باغ (بولماس) .
△ يازنىڭ تېزىكى قىشتا دورا .
△ مېھنەتتىن قاچما ، مىننەتتىن قاچ .
△ ئانارنىڭ دانىسى كۆپ ، ھۇرۇننىڭ باھانىسى (كۆپ) .
△ سەن سالۇر ، مەن سالۇر ، ئاتقا ئوتنى كىم سالۇر .
△ سازەندە تىرىڭ - تىرىڭ ، تامەخور بېرىڭ - بېرىڭ!
△ توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپتۇ .
△ ئۈمىد ياشنىتار ، غەم قاقشىتار .
△ ئۆزۈڭنى پەس كۆرمە ، ئۆزگىنى خەس (كۆرمە) .
△ بالا ، قىلغان ئىشى چالا .
△ تەن ساقلىق زور بايلىق .
△ سايىنىڭ تۈلكىسىدىن قىزنىڭ كۈلكىسى يامان .
△ بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس .
△ ئىنەكنى ساغار ئانىكام ، سۈتىنى ئىچەر بالىكام .
△ ئارىچىغا ئالتە تاياق .
△ چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ .
△ ئايىنىڭ ئون بەشى ئايدىڭ ، ئون بەشى قاراڭغۇ .
△ باي بايغا باقار ، سۇ سايغا .
△ ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ ، كەتمەن چاپقان جىگدە .
△ بېگىڭگە يەتكۈچە بېلىڭ ئۈشتۈلار .

△ قازى ئاچ قالسا بازار كېزىدۇ ، سوپى ئاچ قالسا مازار (كېزىدۇ ) .

△ كىم چاپاننى يېڭى كەيسە باي خوجامنىڭ ئوغلى شۇ ، كىم چاپاننى كونا كەيسە تامنى تەشكەن ئوغرى شۇ .

△ زەدەكتىن خەۋەر يوق ، پولۇ دەم يەپ قاپتۇ .

△ تۆگىنىڭ مەيلى بولسا يانتاققا بويىنىنى ئۇزاتسۇن .

△ تاپقىنى گۈل كەلتۈرۈر ، تاپمىغىنى بىر باش پىياز .

△ كېپىنەك پەرۋانە بولماس ، ياسانچۇق مەردانە (بولماس ) .

△ بەرگەن خۇداغا يېقىن ، بەرمىگەن گۇناغا (يېقىن ) .

△ تىرىك بازارغا ئالدىرار ، ئۆلۈك مازارغا (ئالدىرار ) .

△ تاۋۇزنىڭ خېمى باققالنىڭ غېمى .

△ پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرماپتۇ .

△ يول ئازابى ـ گۆر ئازابى .

△ باغنى باقساڭ باغ بولار ، پاتمان ـ پاتمان ياغ بولار ، يېقىمسىز باغ تاغ بولار ، يۈرەك ـ باغرىڭ داغ بولار .

△ ياخشى ھاۋا ـ تەنگە داۋا .

△ سامساق — ئۇنى يېگەننىڭ تېنى ساق .

△ ئاق لەيلى بار يەرگە ئاش تەرمە .

△ بۇغداي تەرسەڭ كۆزگە تەر ، ئارپا تەرسەڭ بوزغا (تەر ) .

△ شالاڭ ئاش باش كۆرستەر ، قويۇق ئاش چەش كۆرستەر .

△ قىغسىز يەر — پۇلسىز ئەر .

△ ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار ، كۈن قوتانلىسا كۈندە (ياغار ) .

△ ھوت — كەتمەن سېپىنى تۇت .

△ سېغىز يەر — مېغىز يەر ، شور يەر — پور يەر .

△ ياش تۆككىچە ، مۇشت تۈگ .

△ ھەق ئېگىلەر ، سۇنماس .

△ ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە .
△ ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك .
△ ئەقىل ياشتا ئەمەس ، باشتا .
△ موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە .
△ قاغىلار قاق ئېتىدۇ ، ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتىدۇ .
△ قاغا بالام ئاپئاق بالام ، كىرپە بالام يۇمشاق .
△ توخۇ داڭگال چۇشەر ، ئۆچكە جاڭگال (چۇشەر ) .
△ ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق .
△ ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ .
△ ئادەمنىڭ تەمى سۆز بىلەن ، ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن .
△ پولۇ قورۇشتىن ، شورپا سورۇشتىن .
△ ئېتى ئۇلۇغ ، سۇپرىسى قۇرۇق .
△ قول - قولنى يۇسا ، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيار .
△ قىشنىڭ گۈلى ئوت .
△ يالغان گەپنىڭ ئات ئېگىرى توقۇغلۇق .
△ ئىشقى يوق ئېشەك ، دەردى يوق كېسەك .
△ باللىق ئۆي — بازار ، باللىسىز ئۆي — مازار .
△ قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسىدۇ .
△ بازار چاققانىنىڭ .
△ تويغا بارساڭ تويۇپ بار ، بەش بالاڭنى قويۇپ بار .
△ ئاشنى باداڭدىن سورا ، ئىشنى كاداڭدىن (سورا ) .
△ قورققانغا قوش كۆرۈنەر ، كۆلەڭگىسى بەش (كۆرۈنەر ) .
△ قىرىق هۈنەر هۈنەر ئەمەس ، ئەسلىي هۈنەر — چويلىچىلىق .
△ ئاغزىمغا كەلدى دەپ دېمە ، ئالدىمغا كەلدى دەپ يېمە .
△ يامانغا ياغ ياراشماس ، ئۆچكىگە يۇمغاقسۇت .
△ دوست سۆزىنى تاشلىما ، تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما .

△ ئىككى ياخشى ئىچىدە قىل ئۆزۈلمەس ،
△ تۆمۈر زەنجىرنى ئۆزىدۇ ئىككى بىلمەس .
△ تاما ـ تاما كۆل بولۇر ، تاماي قالسا چۆل بولۇر .
△ تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر ، يالغۇز يېگەن يەرگە (سىڭەر ) .
△ يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس ، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس .
△ يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولۇر ، خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق (بولۇر ) .
△ ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش ، ئىشلىمىسەڭ قالىسەن تاتلاپ باش .
△ تاينى باقساڭ ئات بولۇر ، بۆرىنى باقساڭ يات (بولۇر ) .
△ يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن ، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن .
△ بىر تال باش ، بىر قوشۇق ئاش .
△ پىلانسىز ئىش — قېلىپسىز خىش .
△ تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز .
△ ئالتۇن چىرىماس ، دەۋا قېرىماس .
△ كۆسەي ئۆزۈن بولسا قول كۆيمەس .
△ ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ، ئۆلۈم ئاشكارا بولۇر .
△ ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ ، يۈزۈڭگە چۈشەر .
△ قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقار .
△ ھەقنىڭ رىزقى نەق .
△ بىگىز قاپتا ياتماس .
△ قولنى كەسمىگۈچە قان چىقماس .
△ ئۆمچى يوق مازاردىن شەيخمۇ قېچىپتۇ .
△ ئادەمنىڭ ئالدى گۈل ، كەينى تىكەن .
△ قازاننىڭ گۈۋاھچىسى چۆمۈچ .
△ كىشىگە دېسەڭ گەپ بولىدۇ ، ئىچىڭگە سالساڭ دەرد

(بولىدۇ ) .
△ شامال چىقمىسا ، دەرەخ لىڭشىماس .
△ ئۆزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي دەۋاغا .
△ خېرىدارلىق بولمىسا زىبالىقىڭ نە كېرەك .
△ ئىشىكى يوق موللامنىڭ قولىقى تىنچ ،
△ ساقال دېگەن تۈك ، سەللە دېگەن بۆك .
△ تۈتۈننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر .
△ يەيدىغان زەھەر بار ، يېمەيدىغان ھەسەل (بار ) .
△ ئاشنى تۈگەتكەن قوشۇق ، يۇلنى تۈگەتكەن ھوشۇق .
△ دىل بىلەن تۈگكەن تۈگۈچنى قول بىلەن بولماس يېشىپ .
△ كۆپ تۈكۈرسە كۆل بولار .
△ ئەل قىساسى مىنەلھەق .
△ يېرىڭ تاش بولسىمۇ ، سۈيۈڭ باش بولسۇن .
△ ھۈنەر بولسا قولۇڭدا ، نان تېپىلار يولۇڭدا .
△ ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس .
△ يۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە ، بىر ئۇچى يۈرەكتە .
△ ئاقىلغا ئىشارەت ، نادانغا جۇۋالدۇرۇز .
△ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق .
△ يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشناڭ ياخشى .
△ جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق ، ئىناق بولماي سائادەت (يوق ) .
△ ياغ بىلەن گۆش بىر تۇغقان ، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن .
△ ياخشى بىلەن دوست بولساڭ كۈندە بازار ،
△ يامان بىلەن دوست بولساڭ كۈندە ئازار .
△ ئەجىر قىلساڭ چۆلگە ، پۈركىنىسەن گۈلگە .
△ يەپ تۈر ، بەك تۈر .
△ سۆيدۈرگەنمۇ تىل ، كۆيدۈرگەنمۇ تىل .
△ ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت .

△ ئاۋۋال يول قوي ، كېيىن قول قوي .
△ سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇت .
△ پالغا ئىشەنمە ، پالسىزمۇ يۈرمە .

## «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن ئۈرنەكلەر

△ تاغ تاغقا قاۋۇشماس ، كىشى كىشىگە قاۋۇشار .
(تاغ تاغقا قوۋۇشماس ، كىشى كىشىگە قوۋۇشار . )
△ تىلىن تۈگمىشنىنى تىشىن يازماس .
(تىل بىلەن تۈگكەن تۈگۈچنى چىش بىلەن يەشكىلى بولماس . )
△ ئۇلا بولسا يول ئازماس ، بىلىك بولسا سۆز يازماس .
(بەلگە بولسا يولدىن ئازماس ، بىلىم بولسا سۆزدىن قايماس . )
△ قۇت بەلگىسى بىلىك .
(بەخت بەلگىسى بىلىم . )
△ گاۋچى نەچە ئال بىلسە ، ئازىغ ئانچا يول بىلىر .
(ئوۋچى قانچە ھىيلە بىلسە ، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلىدۇ . )
△ كىڭەشلىگ بىلىك ئۇزرەشۇر ، كېڭەشسىز بىلىك ئوپراشۇر .
(كېڭەشلىك ئىش تۈزۈلەر ، كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار . )
△ ئەۋەل سىڭەك سۈتكە تۈشۇر .
(ئالدىراقسان چىۋىن سۈتكە چۈشەر . )
△ ئىككى قوشقار باشى بىر ئەشەچتە پىشماس .
(ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا پىشماس . )
△ تەگمە كىشى ئۆز بولماس ، يات ياغۇق تۇز بولماس .
(ئۇچرىغانلا كىشى ئۆز بولماس ، يات بىلەن تۇغقان تەڭ

بولماس . )

△ قارغا قازقا ئۆتكۈنسە پۈتى سىنۇر .

(قاغا غازنى دورىسا پۇتى سۇنار . )

△ كىم كۈر بولسا كۆۋەز بولۇر .

(كىم جەسۇر بولسا ، مەغرۇر بولىدۇ . )

△ قانىخ قان بىلە يۇماس

(قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس . )

△ ئەردەم باشى تىل .

(ئەدەپ ـ ئەردەمنىڭ بېشى تىل . )

△ يازماس ئاتىم بولماس ، ياڭلىماس بىلگە بولماس .

(خاتالاشمايدىغان ئوۋچى بولماس ، يېڭىلىشمەيدىغان دانىشمەن بولماس . )

△ قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

△ كۈل ئۇرگۈنچە كۆز ئۇرسەيگ .

(كۈل پۈۋلىگۈچە ، چوغ پۈۋلىگەن تۈزۈك . )

△ قوش قىلىچ قىنقا سىغماق . )

(قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس . )

## ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەل قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن ئۆرنەكلەر[1]

△ ئەقىل ، ئەدەپ ياشلارنىڭ گۈزەل ھۆسنى . ئەقىل ، ئەدەپنى يوقاتقانلار ھايات سەھنىسىدىن تېزرەك يوق بولغىنى ياخشىراق .

△ ئەگەر سەن ئەقلىڭنى توغرا ئىشلىتەلىسەڭ ، ياتقان

[1] باتۇر روزى : «ئابدۇقادىر داموللا» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 2003 ـ يىلى نەشرى .

ئورنىڭ كېچىدىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن دائىم يورۇپ تۇرىدۇ .

△ ئەقىلىڭدىن مەسلىھەت سورا ، ئەقلىڭدىن باشقىنى كېرەكسىز ھېسابلا .

△ ئىلىمدىن باشقىنى سەرمايە دەپ ھېسابلىما ، چۈنكى ئىلىم دېگەن تۈگىمەس خەزىنە .

△ ئىلىم بىلەن نىجاتلىق تاپ ، مەڭگۈ ياشايسەن ، نادانلار ئۆلۈك ، ئالىملار تىرىك .

△ دوزاخ ئىشىكىنى پېچەتلەيدىغان نەرسە پەقەت ئىلىم ، بىلىملىك كىشىنىڭ ئۆخلىشى تەقۋادار زاھىتنىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشىدىن ئەۋزەل .

△ ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچ ، ئورۇنسىز يەر بولسىمۇ ، چۈنكى ياخشىلىق ئۇرۇقى قەيەرگە چېچىلسا ، ھەرگىز زايا بولمايدۇ .

△ ھەر قاچان ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلىسەڭ ، سەنمۇ ھۆرمەتكە ئىگە بولىسەن ، ئەگەر ئىپلاس ئادەملەرنى ھۆرمەتلىسەڭ ، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ سېنى يەرگە ئۇرىدۇ .

△ خەير - ئېھسان قىلىش ئورنىغا قىلىچنى ئىشلىتىش زىيانلىق بولغىنىدەك ، قىلىچ ئورنىغا خەير - ئېھساننى قويۇشمۇ زىيانلىق .

△ دۇنيا بىر ھالەتتە داۋام قىلمايدۇ ، ئۇ بەزىدە ئالدىنى قىلىدۇ ، بەزىدە كەينىنى قىلىدۇ .

△ تۇرمۇش لوگىكىسى شۇنداق ، دۇنيادا نادان كىشىلەر ئاتاقتا ئېرىشىدۇ ،

ئالىم كىشىلەرنى جاپا - مۇشەققەتلەر چىرمىۋالىدۇ .

△ ھەي بىلەي تاش ! قاچانغىچە تۆمۈرنى ئىتتىكلىتىسەنۇ ، ئۆزۈڭ كەسمەيسەن ؟ !

△ ئەسلىي نەسلىم مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدۇ دېمە ، چۈنكى

مەڭگۈلۈك نەسەب ياشلار قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلەردۇر .

△ قىزىلگۈل چوقۇم تىكەندىن ئېچىلىدۇ ، نەرگىز گۈلىمۇ پىيازدىن ئۆسىدۇ .

△ قىلىچنىڭ ئۆزىنى چىڭ تۇت ، غىلىپىنى تاشلا !

△ مۇھەببەت ـ مۇرۇۋۋەت ۋاپادارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ، مۇھەببەت ئەھلىگە گۈزەل ئەخلاقلىق ، ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەردىن باشقىسى كېرەك ئەمەس .

△ ئىنسان كىشىلەردىن ئايرىلىپ تاغ چوققىسىغا چىقىۋالسىمۇ ، زىددىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ .

△ بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس ، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر ! جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس ، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر .

△ ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر .

△ سۇ ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا سېسىيدۇ ، ئاي كىچىكلىكتىن ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ ، تولۇقلىنىپ ، 15 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئايلىنىدۇ .

△ بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى قايتا ـ قايتا تېتىپ كۆردۈم ، لېكىن مەن تېتىغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە گادايلىقتىن تەمى ئاچچىق نەرسە يوق ئىكەن .

△ ئەقىل دېگەن زىننەت ، كەم سۆخەنلىك دېگەن سالامەتلىك ، شۇڭا ئورۇنسىز سۆزنى سۆزلىمە .

## ئەل ئىچىدىكى ھېكمەتلەردىن ئۆرنەكلەر

△ بەخت كېلىدۇ نەدىن ؟

— پېشانەڭدىكى تەردىن .

△ سۇ سالسا سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى ،

ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى .
△ ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن سەل سېنى ئاختۇرسىمۇ ،
ئىچمە نامەرد ئاشىنى ئاچلىق سېنى ئۆلتۇرسىمۇ .
△ ئۆز يېرىدە قۇزغۇنەك ھەم غاز ئالار ، ھەم ئۆردەك ،
كىشى يېرىدە بوزلاچىن نە غاز ئالسۇن نە ئۆردەك .
△ كادىر بولساڭ سىلىق بول ، سۇغا چۈشكەن بېلىق بول .
△ زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس ،
جاپانى تارتمىغان ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس .
△ جاپانى كىم تولا چەكسە ، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن ،
گۆھەرنى ئالغىچە تاشتىن ، نى سەۋدا ئۆتۇر باشتىن .
△ دۆلەت قونسا بىر چىۋىنىنىڭ باشىغا ،
جىمى قۇشلار سالام بېرەر قاشىغا .
△ سەبرى — گۆھەر ، سىر — ئالتۇن .
△ ئەر سۆزىدىن قايتمايدۇ ، يولۋاس باسقان ئىزىدىن .
△ ئادىمىزاتنىڭ كۆلمىكى باردۇر ، ھامان بىر كۈن ئۆلمىكى باردۇر .
△ ياخشىلىققا يامانلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر ،
يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر .
△ ئامانەتكە خىيانەت نامەرد ئىشىدۇر ،
پالاكەتنىڭ ئامرىقى قورققاق كىشىدۇر .

## § 6 . داستانشۇناسلىق (ئېپوسشۇناسلىق )

### 1 . داستاننىڭ ئۇقۇمى ۋە تەرىپى

ئۇيغۇر تىلىدىكى «داستان» كەلىمىسى ئەسلىدە ئىران مۇزىكا سەنئىتىدە قوللىنىلغان مەخسۇس نام بولۇپ ، «مۇزىكىنىڭ پەدە

ئورنى » ، تېمپىراتسىيە (تاۋۇشتىن كۆي تۈزۈش ئۇسۇلى ، لاد تىزمىلىرىنى كومپوزىتسىيىلەش تىپى ) ، مېلودىيە (كۆي ، ئاھاڭ ، نەغمە ، مۇقام ، ناۋا ) قاتارلىق مەنىگە ئىگە ئىدى . شۇڭا ئىران مۇزىكا مەدەنىيىتى ئىچىدىكى يۈرۈشلەشكەن مۇزىكا سىكىللىرى ، يەنى مۇقامنىڭ ئومۇمىي نامى «داستىگاھ» دەپ ئاتالغان . مۇقام مەنىسىگە تەڭ بولغان بۇ ئاتالغۇ يۇقىرىقى مەنىدە تۈپ سۆز «داستان» نى ئېتىنىك مەنبە قىلغان . مۇشۇ مەنە قاتلىمى بويىچە ، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر مۇقام «چوڭ نەغمە» (مۇقام بېشى ) ، «داستان» ۋە «مەشرەپ» دەپ ئاتالغان ئۈچ چوڭ مۇزىكا بۆلىكىدىن تەركىب تاپقان .

كېيىن ئومۇمەن مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىدىغان ئېپىكلىق ئەسەرلەرنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە پارس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا قوللىنىلغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىرنىڭ خاس نامىغا ئايلاندى .

ئىران تىلىدىكى «داستان» ئىبارىسىنىڭ لۇغەت مەنىسى «ھېكايە ، ۋەقە ، رىۋايەت ، سەرگۈزەشت ، بايان ، قىسسە ، شان - شۆھرەت ، شەجەرە ، ماختاش ، تەرىپلەش »[1] دېمەكتۇر .

ئەمما ئەدەبىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە بۇ نام خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (كېيىنرەك يازما ئەدەبىيات ) دىكى يىرىك ھەجىملىك ، مۇرەككەپ سۇژىتلىق قەھرىمانلىق شەجەرىسى كۆلىمىدىكى ئېپىك شېئىرلارنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ئاتالغۇ يۇنان تىلىدا «ئېپوس» ، «ئېپوفىيە» دەپ ئاتالغان . رۇس تىلىدا «پوئېما» دېيىلىپ ، ئاساسەن يازما ئەدەبىياتتىكى يىرىك سۇژىتلىق لىرو - ئېپىك شېئىرلارغا قارىتىلغان .

«پوئېما» ئاتالغۇسى بىلەن بىللە ، يەنە شېئىرىيەتتە «باللادا»

---

(1) بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى فاكۇلتېتى تۈزگەن «پارسچە - خەنزۇچە لۇغەت» بېيجىڭ سودا نەشرىياتى ، 1981 - يىلى نەشرى ، 979 - بەت .

قاتارلىق مۇشۇ تىپقا （叙事诗） ۋە «سىكىل» （诗体小说） تەئەللۇق نامىلارمۇ ژانىر سۈپىتىدە قوللىنىلغان. خەنزۇ تىلىدا پەرقلىق ھالدا، يازما ئەدەبىياتقا تەئەللۇق داستانلار 叙事长诗 ياكى 长诗 دەپ ئاتالغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە داستانلار 史诗 دەپ ئاتىلىپ مەزمۇن، خاراكتېر بويىچە ئايرىم - ئايرىم تۈرلەنگەن.

ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «ئېپوس»، «داستان»، «پوئېما» دېگەن بۇ ئۈچ ئاتالغۇ پاراللېل ھالدا قوللىنىلغان بولۇپ، خەلق ئەدەبىياتىدا «ئېپوس» ياكى «داستان» ئاتالغۇسى، يازما ئەدەبىياتتا بولسا «داستان» ياكى «پوئېما» ئاتالغۇسى ئىشلىتىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردا بولسا يازما داستانلارنىڭ ھەجىمىگە ئاساسەن «شېئىرىي رومان»، «شېئىرىي ترىلوگىيە»، «شېئىرىي قىسسە» قاتارلىق ژانىر نامىلىرىمۇ پەيدا بولدى. لېكىن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھەر قانداق بىر ئەدەبىي ژانىرنىڭ نامى ھەجىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئەمەس، بەلكى مەزمۇن، خاراكتېر ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىچىلىككە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ژانىر نامىلىرىنى ئىلمىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

ئادەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن داستانلار بىلەن يازما ئەدەبىياتتىكى داستانلار ئۇقۇم مەنىسى ۋە ژانىرلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، مەزمۇن ماھىيىتى، سۇژېت لىنىيىسى، ئاساسلىنىدىغان ئوبيېكتى ۋە تەسۋىرلەش ۋاستىلىرى جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. خەلق داستانلىرى كۆپرەك ئەنئەنىۋى سۇژېت لىنىيىسى ئاساسىدا بىرەر تارىخىي رىۋايەتلىك شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزىنى فانتازىيىلىك شەكىللەر بىلەن شېئىرىي ئوبرازلاشتۇرۇلغان يۈكسەك دەرىجىدىكى تىپىكلەشكەن بىر خىل مۇرەككەپ مۇزىكىلىق

ئەسەر بولۇپ ، ئۇنىڭ داستان بولۇشى ئۈچۈن ئەدەبىي تېكىست ، مۇزىكا ۋە كۆپ خىل ماھارەتلىك كۈيلىگۈچى (ۋائىز ـ مەدداھ ، داستانچى ، ئۆلەنچى ، جىرچى ـ ئىرچى ) دىن ئىبارەت ئۈچ شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك .

بۇنىڭدىن خەلق داستانلىرىنىڭ ئەسلىدە مۇزىكىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ژانىر ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ (كېيىنكى دەۋرلەردە بەزى خەلق داستانلىرىنىڭ مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكى تەدرىجىي ئاجىزلاشقان ) .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «داستان» ، «ئېپوس» بىلەن بىرلىكتە يەنە «قىسسە» (شانۇشەۋكەت ، تەرىپلەش ، ماختاش ، ھېكايىلەش ) ئاتالغۇسىمۇ ئىشلىتىلىدۇ . «داستان» ۋە «قىسسە» ئاتالغۇلىرى پارس ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا ئۇيغۇر تىلى ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى باشقا خەلقلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتىغا 9 ـ ~ 10 ـ ئەسىرلەردە سىڭىپ كىرگەنلىكى مەلۇم . چۈنكى مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ناملار ئۇچرىمايدۇ .

«قىسسە» بىلەن «داستان» شەكىل جەھەتتىن مەلۇم پەرققە ئىگە ، «قىسسە» دېگىنىمىز ، مەنە جەھەتتىن پوئېتىك داستانلىرىنىڭ ھېكايىلەشتۈرۈلگەن بايانىي شەكلى بولۇپ ، ئۇلار مەزمۇن ماھىيىتى جەھەتتىن تەڭداش مەنىگە ئىگە .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «قىسسە» نىڭ ئىستېمال مەنىسى كۆپرەك «ئەرەب ـ پارس» مەنبەلىرىدىكى تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرى ۋە دىنىي توقۇنۇش سۇژىتلىرىدىن تۈزۈلگەن جەڭنامە داستانلىرى ، جۈملىدىن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ھېكايىلاشتۇرۇلغان (بايانلاشتۇرۇلغان ) كۆرۈنۈشى بولۇپ ، ئۇيغۇر ۋائىزلىق ئەدەبىياتى كۆپرەك «قىسسە» شەكلىنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلغان . ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە تەرجىمانلىرى ئەينى

زامانلاردا شەرقنىڭ كلاسسىك داستانلىرىنى ئىجادىي هالدا «قىسسە» گە ئايلاندۇرغان. مەسىلەن، 18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەردە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاهنامە» داستانى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» سى، هىندى ئەدەبىياتىدىكى مەشهۇر داستان «كەلىلە ۋە دىمنە» قاتارلىق يىرىك داستانلار «قىسسە» گە ئايلاندۇرۇلغان. 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى «داستان» كەلىمىسى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا نېمىدەپ ئاتالغان؟

بۇ هەقتە ئېنىق يازما مەنبە يوق، ئەمما تەكشۈرۈش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، هازىرقى چۇۋاش ۋە ياقۇتلارنىڭ تىلىدا «ئولونگە» دەيدىغان قەدىمكى تۈركىي تىلغا مەنسۇپ بىر ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ سۆز «داستان» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسىگە تەڭ. شۇڭا چۇۋاش ۋە ياقۇتلار ئۆزلىرىنىڭ داستانلىرىنى «ئولونگە» دەپ ئاتايدۇ.

بۇ نام قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، جۈملىدىن هازىرقى قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېك تىللىرىدا «ئۆلەن» گە ئۆزگەرگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە «ساۋ» (sav)، «قوشۇق»، «يىر ـ جىر» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى «ئۆتمۈشتىن قالغان هېكايىلەر»، «مۇزىكىلىق شېئىر ـ قوشاقلار» دەپ ئىزاهلايدۇ. هازىرمۇ بۇ ئاتالغۇلار ئەينەن ياكى قىسمەن تارايغان مەنىدە ئىستېمال قىلىنماقتا. قەدىمكى تۈركىي تىلدا يەنە «ئېرتەگ» دېگەن ئاتالغۇ بولۇپ، داستان تۈركۈمىدىكى هېكايە ـ قىسسەلەر شۇ نام بىلەن ئاتالغانلىقى مەلۇم. (بۇ نام هازىر قازاق، قىرغىز تىللىرىدا ئىشلىتىلىدۇ). يەنە قىرغىز تىلىدا ساقلانغان «جومۇق»، «جومۇقچى» سۆزلىرىمۇ «داستان» ۋە «داستانچى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن تۈركىي تىلدا «داستان» ئاتالغۇسىغا ماس كېلىدىغان يۇقىرىقىدەك هەر خىل ناملار بولسىمۇ، لېكىن تۇراقلاشمىغان.

ئالىملار داستانغا ناھايىتى كۆپ تەبىرلەرنى بەرگەن. يىغىنچاقلىغاندا:

(1) خەلق داستانلىرى مۇكەممەل سۇژىت ۋە جانلىق پوئېتىك ئوبرازلار ئارقىلىق بىر دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت زور مەسىلىلەرنى تىپىكلەشتۇرۇپ بەرگەن يىرىك ھەجىملىك مۇزىكىلىق ئەسەر.

(2) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا داستان ئۆتمۈش زامانلار توغرىسىدا قەھرىمانلىق غايىسى كۆلىمىدىكى ھېكايىلەر ۋە رىۋايەتلەردۇر.

(3) قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپوسلار قەھرىمانلىق دەۋرىدە تۇرغان ئۇلۇس ـ مىللەتنىڭ ساپ ئىپتىدائىي كۈچىنى ۋە مىللىي روھنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدىغان ئېپىكلىق ئەسەر بولۇپ، بىر مىللەت روھىي ماھىيىتىنىڭ كۆرگەزمىخانىسىدۇر.

داستان مۇشۇ مەنىلەردە بىر خىل مۇرەككەپ سەنئەت ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ داستان بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك:

(1) مۇكەممەل ۋەقەلەر قۇرۇلمىسىدىكى ئەدەبىي تېكىست.

(2) قەھرىمانلارنىڭ روھىي ھالەتلىرى ۋە ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىگە ماس ھالدىكى مۇزىكىلىق مېلودىيە.

(3) غەزەلخانلىق سەنئىتىنى پۇختا ئىگىلىگەن داستانچى (كۈيلىگۈچى). داستانچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى خەلق ئارىسىدىكى داستانچىلارنىڭ نامى بىلەن باغلىقتۇر. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ داستانچىلىرىنى «مەدداھ» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتايدۇ.

«مەدداھ» نىڭ لۇغەت مەنىسى «مەدھىيىلىگۈچى» دېگەنلىك بولۇپ، ئىستېمال مەنىسى قىسسە ۋە داستان كۈيلەشنى كەسىپ

قىلغان ماھارەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق خەلق سەنئەتكارلىرىغا قارىتىلغان، مەدداھلىقنى ئوبيېكت قىلغان غەزەلخانلىق ئەدەبىياتى (说唱文学) ھەم ئېپىك باياننى، ھەم ناخشا ـ مۇزىكىنى، ھەم دراماتىك ھەرىكەتنى ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرگەن ئۆنىۋېرسال سەنئەت شەكلى.

مەدداھلار (داستانچىلار) بىر تەرەپتىن، خەلق داستانلىرىنى كۈيلىگۈچى، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تارقاتقۇچى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھېكايە ـ رىۋايەتلەر ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئىجادىي ھالدا ئۆزگەرتىپ يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغۇچى، كۆپكە قادىر بولۇشتەك سەنئەت ماھارىتى بىلەن خەلققە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلغۇچى سەنئەتكاردۇر.

غەزەلخانلىق ئەدەبىياتى بەلگىلىك ئەنئەنىۋى قانۇنىيەتكە ئىگە ئالاھىدە خاراكتېرلىك ئاممىۋى سەنئەت شەكلى بولۇپ، ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە.

## 2 . داستانلارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى

خەلق داستانلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (فولكلور) نىڭ گۈلتاجىسى ۋە ئۆلمەس پىرامىداسى بولۇپ، تېماتىك مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

(1) داستانلارنىڭ يارىتىلىشى خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي كۈرەشلىرى، ھايات سەرگۈزەشتلىرى، ئەخلاقى، ئېستېتىك قاراشلىرى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت، ئازادلىق ۋە باراۋەرلىك، قەھرىمانلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزملىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت ھەققىدىكى ئىدېئاللىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. خەلقىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى رېئال قاراشلىرى ۋە غايىۋى ئىنتىلىشلىرى داستانلارنىڭ تېماتىك مەزمۇنى، ئوبرازلار سىستېمىسى، سۇژىتى ۋە

كومپوزىتسىيىلىك ماھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.
(2) خەلق داستانلىرى خەلقنىڭ قەھرىمانلىق غايىسى كۆلىمىدىكى يىرىك ئىپىكلىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تارىخىي ۋەقەلىك خەلق فانتازىيىسى ئاساسىدىكى ئومۇملاشقان ۋە تىپىكلەشكەن بەدىئىي ئوبرازلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى ئىپىك ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىپىك ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان ۋەقە ھادىسىلەر مەزمۇن تەرەپتىن قەھرىمانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار بەلگىلىك تارىخىي شەخسكە، يەنى خەلقنىڭ غايىسىدىكى باھادىرلارغا بىرلەشتۇرۇلىدۇ. پەۋقۇلئادە، كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولغان بۇنداق ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئوبرازىغا پۈتۈن بىر دەۋرنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى، ئىمكانىيەت ۋە ئىنتىلىشلىرى مۇجەسسەملەشكەن.
(3) فانتازىيە — داستانلارنىڭ بەدىئىي فۇنكسىيىسىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. مەيلى قايسى تۈردىكى داستان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇرلىرى ئاساسىدىكى فانتازىيە سىڭگەن بولىدۇ. بۇنداق فانتازىيە خەلق داستانلىرىنى يۈكسەك غايىۋىلىككە ئىگە قىلىپ، بەدىئىي ئېستېتىك ئۇنۇم يارىتىدۇ.
فانتازىيىنىڭ لۇغەت مەنىسى — ئىنساننىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئويلاپ چىقىرىش، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى، ئىجادىي تەسەۋۋۇر، پەرەز، ئەمەلگە ئېشىش قىيىن بولغان ياكى مۇمكىن بولمىغان خىيالىي ئارزۇ. فانتاستىكا — خىيالدا، تەسەۋۋۇردا تۇغۇلغان ئاجايىپ غەيرىي تەبىئىي ھادىسە، ئوبراز قاتارلىقلار ھەمدە شۇنداق خىيالىي ھادىسە ۋە ئوبرازلار تەسۋىرى.
(4) داستان ئىنسانلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدىكى مىفولوگىيە دەۋرىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن

بولۇپ ، ئۇنىڭ گېنى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە تۇتىشىدۇ .

مەلۇمكى ، ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت تارىخى بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ :

1 ـ باسقۇچ : تېخى لوگىكىلىق تەپەككۇر چەمبىرىگە كىرمىگەن ئوبيېكتلاشتۇرۇش دەۋرى . بۇ دەۋر ئىنسانلارنىڭ بالىلىق (گۆدەكلىك ) باسقۇچى بولۇپ ، بۇ باسقۇچتا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا ، ئۇ ئەتراپىدىكى شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنى كونكرېت ھالدا ئاڭسىز بەدىئىيلەشتۈرۈش بىلەن چەكلەنگەن . بۇ دەۋر ئادەملىرىدە ئاددىي ھالدىكى ئۆزلۈك (شەخس ) فانتازىيىسى بولسىمۇ ، لېكىن سىستېمىلىق ھالدىكى ماددىغا چوقۇنۇش ھەرىكىتى ۋە تەبىئەت سىرلىرىنى ئوبرازلاشتۇرىدىغان ئاساسلىق پەرھىزلىرى تېخى بارلىققا كەلمىگەن . ئەركىن پىكىر بىلەن سۇغىرىلغان بۇ گۆدەكلىك دەۋر ئەدەبىياتى كوللېكتىپ ئاڭ ۋە كوللېكتىپ ئىرادە بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى قوغداشنى نىشانلىغان مەنتىقسىز تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ كونكرېتلاشقان بەدىئىي خاتىرىسىدۇر . سەنئەت تارىخىدا بۇ باسقۇچ «يەككە ئەپسانىلەر» دەۋرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

2 ـ باسقۇچ : مىفولوگىيە دەۋرى . — «مىف» گرېكچە سۆز بولۇپ ، ئىلاھلار ۋە پالۋانلار ھەققىدىكى توقۇلما ، ئەپسانە ـ رىۋايەت دېمەكتۇر .

ماركسنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا ، ئەپسانە ئىنسانلار خىيالىدا ئاڭسىز ھالدا بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ قەدىمكى زامان كىشىلىرى ئاغزىدا ئومۇمىي ھالدا بارلىققا كەلگەن ئىجادىيىتى ، شۇڭا ھەر قانداق ئەپسانە تەسەۋۋۇر ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىدۇ ، بويسۇندۇرىدۇ ، تەبىئەت كۈچلىرىنى

ئوبرازلاشتۇرىدۇ .

دېمەك ، «ئەپسانە خەلق فانتازىيىسى ئارقىلىق بىر خىل ئاڭسىز بەدىئىي شەكىل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدۇر . »

ماۋدۇننىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا ، ئەپسانە تارىختىن ئىلگىرىكى خەلق ئارىسىدا تارقالغان ھېكايىلەر بولۇپ ، ئۇنى بايان قىلغۇچىلار ئىنسان ئىقتىدارىدىن ئېشىپ چۈشكەن خىيالىي تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىنى ئىلاھلاشتۇرغان توقۇلمىلاردىن ئىبارەت . ئۇ لوگىكىلىق تەسەۋۋۇر چەمبىرى ئىچىدىكى كوللېكتىپ ئاڭنىڭ ئىنكاسى بولۇپ ، ئانىمىزم دەۋرىنىڭ تۇپ قاراشلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن . ئانىمىستىك ۋە توتېمىستىك قاراشلار نېگىزىدە بارلىققا كەلگەن مۇنداق ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار سىستېمىسى غەيرىي تەبىئىي ھالدا سەنئەت تارىخىدا مىفولوگىيە دەۋرىنى شەكىللەندۈرگەن . ئەپسانە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەڭ زور ئورتاقلىقا ئىگە بولغان بىر خىل ئاڭ كاتېگورىيىسى بولۇش سۈپىتىدە ، ئىنساننىڭ ئالەم ۋە ئۆزىگە قارىتا بىر خىل باللارچە چۈشەندۈرۈش سىستېمىسى ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەتكە قارىتا ئېلىپ بارغان بىر مەشغۇلات سىستېمىسى ، دەرىجىدىن تاشقىرى ئىلىم ـ پەن سىستېمىسى ۋە ئالەم بىلەن ئادەمنىڭ سىرى ھەققىدە تۇنجى قېتىملىق ئويلىنىش سىستېمىسىدۇر . دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، كىشىلەر تارىختىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى «ئەپسانىلەر دەۋرى» دەپمۇ ئاتايدۇ .

3 ـ باسقۇچ : ئېپىك دەۋرى ، يەنى ئېپوسلار دەۋرى بولۇپ ، بۇ تارىختا «قەھرىمانلىق دەۋرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بېلىنسكىي ئېيتقاندەك ، «ئېپوس قەدىمكى تۇرمۇشنىڭ ئەينىكى» بولۇپ ، پاترىئارخال ئۇرۇقچىلىق دەۋرى (ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق

جەمئىيىتى ) ئېپوسلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان . ئېپوسلار دەۋرىگە كەلگەندە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، سەنئەتنىڭ ۋەقەلىكنى ئاڭلىق رەۋىشتە بەدىئىي ئۆزلەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتى كۆچىيىپ باردى . ئىنسانىيەتنىڭ ئەنە شۇ ئاڭلىق سەنئەت پائالىيەت باسقۇچىدىلا رېئاللىققا ياندىشقان بىر قەدەر مۇكەممەل ، يىرىك ھەجىملىك قىسسە ۋە ئېپوسلار ئىجاد قىلىنىشقا باشلىدى .

بولۇپمۇ ، خەلق داستانلىرىنىڭ ئۆزىكى بولمىش قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىدە ياۋايىلىقنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدىن مەدەنىيلىك (سىۋىلىزاتسىيىلىك ) باسقۇچىغا قەدەم قويغان دەۋرلەردە ئىجاد ئېتىلگەن بىر خىل ئاغزاكى ئىجادىيەت تۈرى ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ئۇ تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن پاترىئارخال ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەمدە كۆچمەنلىك ھايات بىلەن مەھكەم باغلانغان . بۇنداق ئېپوسلار خۇددى شۇ تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ، پاترىئارخال ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىدە تۈرلۈك ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا نىزالار داۋام قىلىشۋاتقان ۋە ئۇلار مۇئەييەن تېررىتورىيىلەرگە مۇقىم جايلىشىشۋاتقان ھەمدە ئۆز ئالدىغا مىللەت ۋە خەلق سۈپىتىدە ئۇيۇشۇشقا باشلىغان دەۋرلەردە يارىتىلغان . جەمئىيە تەرەققىياتى تارىخىنىڭ ئاشۇ ئوبيېكتىپ ئېھتىياج باسقۇچىدا بىر قاتار ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ مۇئەييەن خەلق سۈپىتىدە تەشكىل تېپىشى ، ئىپتىدائىي دۆلەتچىلىك ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقى ئۈچۈن باسقۇنچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان مەردانە كۈرەشلىرى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئۈچۈن باي سۇژېت مەنبەسى بولدى . شۇنداق قىلىپ ئېپوسلار «قەھرىمانلىق دەۋرى» دەپ ئاتالغان ئاشۇ ئېھتىياج باسقۇچىتىكى جەڭگى - جېدەللەر ، كۈرەشلەرنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلدى .

دېمەك ، ئېپوسلار بىلەن ئەپسانىلەر ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك . خۇددى ماركس كۆرسەتكەندەك : «يۇنان ئەپسانىلىرى يۇنان سەنئىتىنىڭ (جۈملىدىن يۇنان ئېپوسلىرىنىڭ ) قورال ئامبىرى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ تۇپرىقى» دۇر .

دەرۋەقە ، مىف (ئەپسانە ) بىلەن ئېپوس ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ژانىرغا مەنسۇپ . ئەپسانىلەرنىڭ تېماتىك قۇرۇلمىسى رېئاللىقتىن تاشقىرى خىيالىي فانتازىيە ئۇستىگە قۇرۇلىدۇ ۋە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئالەم بىلەن ئادەمنىڭ پەيدا بولۇش سىرلىرىنى ئىزاھلاش نىشانلىنىدۇ . ئېپوسلاردا بولسا غايىۋىلاشقان ۋە مۇبالىغىلاشقان رېئاللىق ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت ھەققىدىكى ئىدېئاللىرى ۋە ئارزۇ ـ ئۇمىدلىرى ئەكس ئېتىلىدۇ . ئېپوسنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىكى دۇنيا قاراش ئاساسىدا پەيدا بولىدىغانلىقىنى يۇنانلىقلارنىڭ ئەما شائىرى ھومېر تۈزگەن «ئىلليادا» ۋە «ئودىيسا» ھەمدە ھېسود تۈزگەن «خۇدالار شەجەرىسى» قاتارلىق ئېپوسلار تولۇق ئىسپاتلايدۇ .

(5 ) ئېپوسلار بىلەن ئۇنىڭ ئىجادچىسى بولغان خەلقنىڭ تارىخى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت مەۋجۇت . ھەر قانداق ئېپوس ئۆزى تەۋە بولغان خەلقنىڭ تارىخىي رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ، شۇڭا ئېپوسلار «ئاغزاكى تارىخ» دەپمۇ قارىلىدۇ . گوركىينىڭ «خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن پىكرىدىمۇ ئېپوسلارنىڭ تارىخقا يېقىنلىق خاراكتېرى نەزەردە تۇتۇلغان .

(6 ) داستانلار ماكرولۇق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، رايون ۋە

مىللەت كۆلىمىدىكى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە مەدەنىيەت سىستېمىلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆلمەس پىرامىدا ھېسابلىنىدۇ ، شۇنداقلا مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، دۇنيادىكى يىرىك مەدەنىيەت سىستېمىلىرى داستانلارنى بەلگە قىلىدۇ . ئالايلۇق ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمكى مىسىر مەدەنىيەت تىپى مىسىرنىڭ ئىپتىدائىي كۆپ خۇدالىق دىنىدىكى ئىلاھلارنىڭ شەجەرىسىدىن تۈزۈلگەن «ئۆلۈكلەر مەكتۇپى» (مېيىتنامە) بىلەن «ۋىستكار فافىروسى» دىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك داستان بىلەن خاراكتېرلەنگەن ، ئىككىنچى مەدەنىيەت تىپى بابىل ـ سومىر مەدەنىيىتى مەشھۇر «گىلگامىش» داستانىنى خاراكتېرلىك بەلگە قىلغان . ئۈچىنچى مەدەنىيەت تىپى — يۇنان مەدەنىيىتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1194 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1184 ـ يىلىغىچە يۈز بەرگەن «ترويا ئۇرۇشى» تەسۋىرلەنگەن «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن .

قەدىمكى ھىندى مەدەنىيەت تىپى بولسا 100 قەسىدە (200 مىڭ مىسرا) دىن تۈزۈلگەن «ماخابخاراتا» (ئۇلۇغ بخاپخاراتا ئۇرۇقى) بىلەن 28 مىڭ مىسرادىن تۈزۈلگەن «رامايانا» (رامانىڭ ساياھىتى) ناملىق داستانلار بىلەن خاراكتېرلەنگەن .

پارس مەدەنىيەت تىپى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىردە 12 مىڭ كالا تېرىسىگە ئالتۇن ھەل بىلەن پۈتۈلگەن «ئاۋىستا» ۋە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى قەلىمىگە مەنسۇپ «شاھنامە» داستانلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن .

قەدىمكى ئالتاي مەدەنىيەت تىپى «ئوغۇزنامە» ، «ئالىپ

ئەرتۆشا » ، «ئالپامىش » ، «ماناس » ، «جاڭغىر » ، «گۆرئوغلى » قاتارلىق داستان تۈركۈملىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ۋە باشقىلار .

(7 ) داستانلارنىڭ بەدىئىي يۈنىلىشى ۋە كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلۈشى مىللىي ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبقا ئىگە بولىدۇ . بۇ هال داستانلارنىڭ روشەن مىللىي خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلۈشى شەرق داستانچىلىق ئەنئەنىسىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نەزم ۋە نەسرىي شەكىللەرنى ئاساس قىلغان . ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ بەدىئىي يۈنىلىشى جەھەتتىمۇ نىسپىي مۇقىملىق مەۋجۇت . ئۇسلۇب جەھەتتىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك شۇ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن .

(8 ) خەلق داستانلىرىنىڭ ئوبرازلىرى هەم خاسلىققا ، هەم ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان كونكرېت ئادەم بىلەن ئىلاهىي روهنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت . بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ، خەلق داستانلىرىدا دىنىنىڭ تەسىرى قويۇقراق بولىدۇ ، بۇنىڭغا تارىخىي نۇقتىدىن قاراش كېرەك .

(9 ) خەلق داستانلىرىدا سىمۋول ، مۇبالىغە ، ئوخشىتىش قاتارلىق بەدىئىي ، تەسۋىرىي ۋاستىلەر كەڭ قوللىنىلىدۇ .

(10 ) خەلق داستانلىرىنىڭ تىلى ئاممىباپلىققا ، جانلىقلىققا ، ئوبرازچانلىققا ۋە مۇزىكىدارلىققا ئىگە . بولۇپمۇ تىل جەھەتتە ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىدا بارلىققا كەلگەن ماقال ـ تەمسىل خاراكتېرىدىكى هېكمەت دۇردانىلىرى داستانلاردىن كەڭ ئورۇن ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى

ئاشۇرغان . داستانلار يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ، ئەسىرلەر مابەينىدە خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان .

## 3 . قەشقەر خەلق داستانلىرى

قەشقەر يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۆشۈكى . شۇڭا بۇ رايوندا داستانچىلىقنى ئاساس قىلغان مەدداھلىق (ۋائىزلىق ) ئەدەبىياتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان . ھازىرغىچە توپلاپ رەتلەنگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى 109 دىن ئاشىدۇ . بۇ داستانلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قەشقەر رايونىغا كەڭ تارقالغان ۋە قەشقەر رايونىدا ئۆتكەن ئەدىبلەر ، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە كاتىپلار تەرىپىدىن ئىجادىي ھالدا خاتىرىگە ئېلىنىپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن . بۇ داستانلارنىڭ بەزىلىرى خەلقئارا سۈژىتقا ئىگە بولۇپ ، كۆپلىگەن مىللەت ـ ئۇلۇسلارغا ئورتاق ؛ بەزىلىرى تېخى مىللەت شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ئۇرۇق ـ قەبىلىچىلىك دەۋرىگە تەۋە ؛ بەزىلىرى (يېقىنقى دەۋردە پەيدا بولغان تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى داستانلار ) بىر قەدەر ئېنىق ھالدا ماكان ۋە زامان ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . شۇڭا بىر پۈتۈن مىللەتكە ئورتاق بولغان خەلق داستانلىرىنىڭ تەۋەلىكىنى رايونلار بويىچە ئايرىش (قىسمەن يەرلىك داستانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) مۇمكىن ئەمەس ، ئەمما تارقىلىش دائىرىسى ۋە ئومۇملىشىش دەرىجىسىگە قاراپ داستانلارنىڭ رايون تەۋەلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ . مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا ، قەشقەر رايونىدىكى داستان ۋە قىسسەلەرنى تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۈرۈش مۇمكىن :

| باش تېمىسى | تارقالغان ئورنى | تارقىلىش شەكلى | ئىسمى | نومۇر |
|---|---|---|---|---|
| قەھرىمانلىق | تۈركىي تىللىق قوۋملار | يازما | ئوغۇزنامە | 1 |
| قەھرىمانلىق | تۈركىي تىللىق قوۋملار | يازما | ئالىپ ئەر توڭا | 2 |
| قەبىلە ئۇرۇشلىرى | تۈركىي تىللىق قوۋملار | يازما | شۇ خاقان | 3 |
| جەڭنامە | تۈركىي تىللىق قوۋملار | يازما | بىكەچ ئارسلان تىكىن | 4 |
| دىنىي قىسسە | قەشقەر شەھىرى | يازما ۋە ئاغزاكى | بۇغراخان | 5 |
| دىنىي قىسسە | قەشقەر شەھىرى ، يەكەن ، خوتەن | يازما ۋە ئاغزاكى | ئابۇ مۇسلىم | 6 |
| باتۇرلۇق قىسسىسى | قەشقەر شەھىرى ، يەكەن ، خوتەن | يازما ۋە ئاغزاكى | جەمشىتنامە | 7 |
| باتۇرلۇق قىسسىسى | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | ھاتەمنامە | 8 |
| باتۇرلۇق قىسسىسى | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | رۇستەم پالۋان | 9 |
| قەھرىمانلىق قىسسىسى | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | قەھرىمانى قاتىل | 10 |
| جەڭنامە | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | ئىسكەندەرنامە | 11 |
| تەرجىمەئى قىسسە | يەكەن ، قەشقەر شەھىرى ، قاغىلىق | يازما | باھار دانىش | 12 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىشقى رومانتىكا | قەشقەر شەھىرى ، يەكەن ، كونىشەھەر | يازما | مەلىكە دىلئارام | 13 |
| مۇھەببەت | يەكەن ، قەشقەر شەھىرى ، قاغىلىق | يازما | شاھزادە نىزامىدىن- مەلىكە رەنا | 14 |
| مۇھەببەت | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | تاھىر - زۆھرا | 15 |
| مۇھەببەت | قەشقەر شەھىرى ، يەكەن ، كونىشەھەر… | يازما ۋە ئاغزاكى | پەرھاد - شىرىن | 16 |
| مۇھەببەت | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يەكەن … | يازما ۋە ئاغزاكى | لەيلى - مەجنۇن | 17 |
| مۇھەببەت قىسسىسى | قەشقەر شەھىرى ، يەكەن ، قاغىلىق ، كونىشەھەر | يازما ۋە ئاغزاكى | يۇسۇپ - زىلەيخا | 18 |
| مۇھەببەت | قەشقەر رايونى | يازما | غېرىب - سەنەم | 19 |
| باتۇرلۇق | قەشقەر رايونى | يازما | ئەمىرگور ئوغلى | 20 |
| قەھرىمانلىق | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يەكەن ، قاغىلىق | يازما | يۇسۇپ - ئەھمەت | 21 |
| ئىشقى رومانتىكا | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | مەلىكە گۈلرۇز | 22 |
| مۇھەببەت | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يەكەن ، قاغىلىق… | يازما ۋە ئاغزاكى | سەنۇبەر | 23 |
| مۇھەببەت ، ساداقەت | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يېڭىشەھەر ، يېڭىسار ، يەكەن | يازما ۋە ئاغزاكى | ھۆرلىقا - ھەمراجان | 24 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 25 | قەمەرشاھ ـ شەمسى جانان | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يېڭىشەھەر ، يېڭىسار ، يەكەن | مۇھەببەت |
| 26 | نوزۇگۇم | ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر | مۇھەببەت ، ھەققانىيەت |
| 27 | سېيت نوچى | ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يەكەن ، يېڭىشەھەر | باتۇرلۇق |
| 28 | چىن تۆمۈر باتۇر | ئاغزاكى | قەشقەر رايونى | باتۇرلۇق ، ۋەتەنپەرۋەرلىك |
| 29 | كاككۈك بىلەن زەينەپ | ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، پەيزاۋات | ئىشقى رومانتىكا |
| 30 | بولبۇلگويا | يازما | قەشقەر شەھىرى ، يەكەن ، قاغىلىق ، كونىشەھەر··· | ساداقەت ، مۇھەببەت |
| 31 | ئىمام ھۈسەيىن | يازما | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يەكەن ، قاغىلىق | دىنىي قىسسە |
| 32 | ئابدۇراھمان پاشا | ئاغزاكى | قاغىلىق ، يەكەن ، قەشقەر شەھىرى | جەڭنامە |
| 33 | نەزەر مۈپتى | ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، يەكەن | ھەجۋىيات |
| 34 | ھېكايىتى شەكەرستان | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر رايونى | مېۋىلەر مۇنازىرىسى |
| 35 | تۇتىنامە | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر رايونى | ئىشقى رومانتىكا |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 36 | قىرىق بىر پالۋان | ئاغزاكى | قەشقەر رايونى | باتۇرلۇق ، دوستلۇق |
| 37 | ئادەم ئاتا ـ ھاۋا ئانا | ئاغزاكى | قەشقەر رايونى | دىنىي قىسسە |
| 38 | رابىئە ـ سەئىدىن | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، يېڭىشەھەر ، پەيزاۋات | ئەركىنلىك ، مۇھەببەت |
| 39 | شېرىپ بوجاڭ | يازما ۋە ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، شەھەر ئەتراپى | ئېزىش ـ ئېزىلىش |
| 40 | خالىدەم | ئاغزاكى | قەشقەر شەھىرى ، كونىشەھەر ، ئاتۇش ، پەيزاۋات | مۇھەببەت ، ۋاپادارلىق |
| 41 | شاھزادە ۋە شىر | يازما | قەشقەر رايونى | ساداقەتمەنلىك ، ۋاپادارلىق |
| 42 | چاشتانى ئېلىكبەك | يازما | قەشقەر رايونى | باتۇرلۇق |
| 43 | نىگار ـ مەجنۇن | ئاغزاكى | تاشقورغان تاجىكلىرى | سۆيگۈ ـ مۇھەببەت |
| 44 | دوختەرى زەرىن | ئاغزاكى | تاشقورغان تاجىكلىرى | مۇھەببەت |
| 45 | پەنج بورادەر | ئاغزاكى | تاشقورغان تاجىكلىرى | دېھقاننى ئۇلۇغلاش |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قەھرىمانلىق | تاشقورغان تاجىكلىرى | ئاغزاكى | تەيفون (قولچاق) | 46 |
| مۇھەببەت | تاشقورغان تاجىكلىرى | ئاغزاكى | گۈلى رۇقىيە | 47 |
| مۇھەببەت ۋاپادارلىق | تاشقورغان تاجىكلىرى | ئاغزاكى | پەرى گۈلچېھرە | 48 |

يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن داستان - قىسسىلەرنىڭ بەزىلىرى پارسچە، ئەرەبچە يازما مەنبەلەردىن تەرجىمە قىلىنغان ياكى ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر مەدداھلىق ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئاغزاكى شەكىلدە تارقالغان. مەسىلەن:

«تەزكىرەئى بۇغراخان» (بۇغراخان تەزكىرىسى) ناملىق تارىخي قىسسىنى يەكەنلىك خوجا مۇھەممەت شېرىپ ياركەندى يازغان. ئۇنى مۇھەممەت گودائىبنى مۇھەممەت ئىبراھىم ھىجرىيە 1193 (مىلادىيە 1769 - يىلى) يىللىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

«لەيلى - مەجنۇن» ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقالغان رىۋايەت بولۇپ، ئۇنى دەسلەپ ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى (مىلادىيە 1141 - — 1209 - يىللىرى)، ھىندىستاندا ياشىغان تۈركىي تىللىق شائىر خۇسراۋ دېھلىۋى (مىلادىيە 1253 - — 1325 - يىللىرى)، ئابدۇراھمان جامى (مىلادىيە 1414 - — 1492 - يىللىرى) لار پارس تىلىدا داستان شەكلىدە يېزىپ چىققان، كېيىن ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايى (مىلادىيە 1441 - — 1505 - يىللىرى) تۇنجى قېتىم ئۇنى تۈرك تىلىدا يېزىپ چىققان ۋە شۇ ئاساستا يەكەنلىك موللا پازىل، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدىبلىرىمۇ «لەيلى - مەجنۇن» نامىدا

ئايرىم داستان يازغان ۋە مۇشۇ مەنبەلەر ئاساسىدا خەلق ئارىسىغا تارقالغان .

«ئىسكەندەرنامە» ئابدۇراھمان جامىنىڭ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان پارسچە ئەسىرىدىن پايدىلىنىپ يەكەنلىك شائىر زاھىدئاخۇن پازىلباي مىلادىيە 1881 — 1882 - يىللىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا مۇشۇ نام بىلەن يازغان .

«يۇسۇپ - زىلەيخا» ئابدۇراھمان جامىنىڭ پارسچە يازغان شۇ ناملىق داستانىغا ئاساسەن ، يەكەنلىك شائىر موللا يۇنۇس مىلادىيە 1807 - يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا شۇ نام بىلەن يازغان . ئۇنىڭ يەنە «مۇھەببەتنامە» ناملىق ئۆزلەشتۈرمە نۇسخىسىمۇ بار . «باھار دانىش» ئىرانلىق يازغۇچى شەيخ ئىنايىتۇللا (1677 - ؟ ) نىڭ ئەسىرىگە ئاساسەن ، سابىراخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى (ناقىس — مىلادىيە 1840 — 1920 - يىللىرى ) ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئىجادىي يېزىپ چىققان .

«تۇتىنامە» ھىندىستاندا ياشاپ ، پارس تىلىدا ئەسەر يازغان مەۋلانە نەخشەئى (1330 - ؟ ) نىڭ ئەسىرى بولۇپ ، نامەلۇم ئۇيغۇر تەرجىمان 18 - ئەسىردە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان . يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، «پەرھات - شىرىن» ، «ھېكايىتى ھۆرلىقا» ، «قەمەرشاھ - شەمسى جانان» ، «سەنۇبەر» ، «جەمشىتنامە» ، «قەھرىمانى قاتىل» ، «رۇستەم پالۋان» ، «مالىك ئەژدەر» قاتارلىق داستان - قىسسىلەرمۇ 18 - ، 19 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە تەرجىمانلىرى ئارقىلىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنىپ ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان .

تۆۋەندە قەشقەرنى گەۋدە قىلغان پۈتكۈل ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تىپىك تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» بىلەن مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە

ئۇچۇر بەرگەن «ئالپ ئەر توڭا» ۋە «شۇ خاقان» داستانلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز :

دەرۋەقە ، «ئوغۇزنامە» ھەققىدە ئالدى بىلەن چەت ئەللەردە ۋە كېيىنرەك رايونىمىزدا خېلى كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان ، لېكىن «ئالپ ئەرتوڭا» بىلەن «شۇ خاقان» ئېپوسلىرى ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى يىپ ئۇچىدىن باشقا ، بىزدە ھېچقانداق يېتەرلىك مەلۇمات يوق . بۇ ئېپوسلارنىڭ سۈژىت مەنبەسى قەشقەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ، بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنىمىز .

( 1 ) «ئوغۇزنامە»

«دەدە قورقۇت ھېكايەتلىرى» ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن «ئوغۇز ئەپسانىسى» نىڭ بېشىدا مۇنداق بىر ئۇچۇر بار : «بىزنىڭ نە پادىشاھىنىڭكىدەك پەرمانىمىز ، نە لوقمانىنىڭكىدەك دەرمانىمىز يوق . سازدىن ـ سۆزدىن ئاڭلىغانلارغا ، ئاق ـ قارىنى ئايرىغانلارغا داستانلارنىڭ بېشى بولغان بىر داستانىمىز — ئوغۇز داستانى بار . بۇ داستان بىر يايلاق . . . بۇ داستان بىر بۇلاق . . . تارىخلار بۇ يايلاقتىن كېچەر ، ئەپسانىلەر بۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچەر ، سىزمۇ ئىچىڭ بىر يۇتۇم بۇ ئابىھاياتتىن مەرھەمەت . . .» بۇ بۆلەك تەبىئىي ھالدا «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكى ۋە بارلىق تۈركىي داستانلارنىڭ بېشى ، ئۈلگىسى ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇرىدۇ .

«ئوغۇزخان» ھەققىدىكى تارىخىي رىۋايەتلەر ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن . بەزىلەر بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 2 ـ ～ 3 ـ ئەسىرلەردىمۇ خەلق ئارىسىدا بار ئىدى دەپ قارايدۇ . دېمەك ، «ئوغۇزنامە» نىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنمۇ تولۇق ئورگىنال شەكلىنىڭ بارلىقى مەلۇم① .

① ئەھمەت زەكى ۋەلىدى توغان : «ئوغۇز داستانى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسى باستۇرغان ماشىنكا نۇسخىسى (ئۇيغۇرچە) ، 117 ـ بەت .

«ئوغۇزنامە» 6 ـ ئەسىردە ئۆيسۈن تېررىتورىيىسىدە، ئوغۇز ـ قىپچاق تىلىدا يېزىققا ئېلىنغان[1] لىقى مەلۇم. مەزكۇر ئېپوسنىڭ يېزىققا ئېلىنىشى بۇ ئېپوسنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى سۈژىت ۋە بايان ئەندىزىسى جەھەتتىكى تۇراقلىقىنى ساقلاپ قالغان. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرىنى ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

① نەسرىي ـ نەزمىي ئارىلاش كۆچۈرۈلگەن نۇسخا.

بۇ ئۇسلۇبتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدىن هازىرچە مەلۇم بولغىنى ئىككى: بىرى، هازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ شەهىرىدىكى پۇقرالار كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان A نۇسخا، 21 ياپراق، 42 بەتتىن تۈزۈلگەن. بۇ نۇسخا 13 ـ ئەسىردىكى ئىلخانىلار دەۋرىدە (مىلادىيە 1251 ـ يىللاردا ئىراندا هۆكۈم سۈرگەن تۈركلەشكەن موغۇل خانلىقى) بۇددىست ئۇيغۇر كاتىپلىرى تەرىپىدىن تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ نۇسخا فرانسىيىلىك پ.پىللىئوت (P. pelliot) تەرىپىدىن تېپىلىپ، 1930 ـ يىلى ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ ئېلان قىلىنغان.

1932 ـ يىلى بۇ ھەقتە ۋ.بانگ (W. bang) ۋە رەشىد رەھمەتى ئارات خاس ئەسەرلەرنى يازغان، بۇ نۇسخا فرانسۇزچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، تۈركچە تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان.

يەنە بىرى، پروفېسسور چىڭ سۇلۇ ئەپەندىنىڭ بايانلىرىدىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا نامەلۇم بىر ئۇيغۇرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرگەن نۇسخىسى. بۇ قولىيازمىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي پارچىلىرى پارىژ شەهىرىدىكى خ. چارلىز .چىفىر (Herre . charlesschefer) كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ قالغان. كېيىنچە (19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى) بۇ نۇسخا

---

[1] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، 1996 ـ يىلى نەشرى، 88 ـ بەت.

تۈركولوگ ۋ .رادلوفنىڭ قولىغا چۈشكەن . ئۇ فوتو سۈرەتكە ئېلىپ ھەم كونا مانجۇ يېزىقى بىلەن باستۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ «بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك داستانى›» دېگەن كىتابىنىڭ ئاخىرىغا قىستۇرۇپ ئېلان قىلغان . ئۇ كىتابقا يازغان گېرمانچە مۇقەددىمىسىدە «ئوغۇز خاقان ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ بىر رەسمىي تارىخىي پارچىسى» دېگەن بىر پارچە ماقالە يېزىپ «ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جايى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى ، رىۋايەتنىڭ مۇقىملاشقان نۇسخىسى ھەم ئۇ يېزىلغان يېزىق خاتىرىسى تەخمىنەن 10 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ئەمەس» دېگەن[1] . بۇ ئىككى نۇسخا ئەمەلىيەتتە بىر نۇسخىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ بۇنى دەلىللەش كېرەك .

② ساپ نەسرىي شەكىلدە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلار . باشتىن ـ ئاخىر تۈرك تىلدا يېزىلغانلىرىدىن خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىرخان (1605 ~ 1664) نىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ۋە «شەجەرەئى تەراكىمە» (ھىجرىيە 1074 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابىدىكى نۇسخا ، «دەدە قورقۇت ھېكايەتلىرى» (15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا تولۇقلىنىپ قەلەمگە ئېلىنغان) ، «قىسسەسۇل غەرايىپ» ، «تارىخى كاشىغەر» ، «تارىخى ھەمىدىي» (موللا موسا سايرامى ، 1908 ـ يىلى يازغان) قاتارلىق ئەسەرلەردىكى ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن .

پارسچە ، تاجىكچە كىتابلاردىن 14 ـ ئەسىردە ياشىغان پارس تارىخچىسى راشىدىن (1247 — 1318) نىڭ «جامئۇلتەۋارىخ» ناملىق ئەسىرى ، «تارىخ ئەبرا ئولوس» ناملىق ئەسىرى ، «زەينۇل ئەخبار» ناملىق ئەسىرى ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن . بۇ نۇسخىلاردا «ئوغۇزنامە» نىڭ ھېكايە

[1] چىڭ سۇلۇ : «تاڭ ، سۇڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» ، خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە) ، 1994 ـ يىلى ، 3 ـ بەت .

ۋەقەلىكلىرىگە ئىسلام تۈسى بېرىلگەن، نەتىجىدە، ئوغۇزخان بىردىنلا پەيغەمبەرنىڭ ئەۋرىسىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ ئېپوس ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يېزىقىدا يېزىپ قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسى، ئېپوستا بايان قىلىنغان تۇرمۇش مەنزىرىسى ئۇنىڭدىكى تارىخىي رىۋايەتلەرنىڭ بەكمۇ قەدىمكى زامانلاردا پەيدا بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. رۇس تۈركولوگى شىرباك: «مەزكۇر داستاننىڭ بەزى ۋەقەلىكلىرى نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدىكى ئېپىك ئىجادىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىنى نامايان قىلغان» دەيدۇ[1].

17 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەبۇلغازى باھادىرخان ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئوغۇزخان ھەققىدە خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ، ئۇنى «شۇ دەۋردىن بەش مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان پارس خەلقلىرىنىڭ ئەجدادى كىيۇمارىس بىلەن دەۋرداش» دەپ قارايدۇ[2]. «ئوغۇزنامە» دا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكلەرنىڭ تارىخىي رىۋايەتلىك خاراكتېرىنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن ئوغۇزخاننىڭ كىملىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ھاجەت تۇغۇلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تارىختىكى قايسى شەخسنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى «ئوغۇزخان» نىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى بىلەن ئورتاقلىقنى ساقلىغان؟ بۇ مەسىلىنى يەنىلا «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىن ئىزدىگەن تۈزۈك.

بۇ ھالقىلىق مەسىلىدە تالاش ـ تارتىشتا تۇرۇۋاتقان مۇنداق بەش خىل قاراش بار:

بىرىنچى، ئوغۇزخان = مودۇ تەڭرىقۇت

ئىككىنچى، ئوغۇزخان = ئىستەمى خاقان

ئۈچىنچى، ئوغۇزخان = ئىسكەندەر زولقەرنەيىن

---

① «مىراس ژۇرنىلى» 1996 ـ يىلى، 4 ـ سان، 52 ـ بەتتىكى نەقىل؛ شىرباك: «ئوغۇزنامە ۋە مۇھەببەتنامە» نىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرى، موسكۋا، 1959 ـ يىلى، (رۇسچە).

② ئەھمەت زەكى ۋەلىدى توغان: «ئوغۇزنامە» ئىستانبۇل، 1972 ـ يىلى.

تۆتىنچى ، ئوغۇزخان = چىڭگىزخان

بەشىنچى ، ئوغۇزخان = نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋرىسى ياكى يافەسنىڭ نەۋرىسى

بىرىنچى خىل قاراشنى ئەڭ بۇرۇن رۇسىيە تۈركولوگى ن . يا .بىچۇرىن «ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى زاماندا ياشىغان خەلقلەر توغرىسىدا ئومۇمىي مۇھاكىمىلەر» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇ تۈرك خەلقلىرى تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر تارىخىي شەخسلەردىن ھون تەڭرىقۇتى مودۇ تەڭرىقۇت ئوغۇزخانغا تەققاسلىنىشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ . مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردە چوغاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشىغان ھون قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەن ھون تەڭرىقۇتلۇقىنى قۇرىدۇ . مودۇ تەڭرىقۇت (باتۇر تەڭرىقۇت — مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 210 ـ ~ 174 ـ يىللار ) دەۋرىدە ناھايىتى روناق تاپىدۇ . ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققان مودۇ تەڭرىقۇت م . ب 209 ـ يىلى شەرققە يۈرۈش قىلىپ ، ئالدى بىلەن ساك قوۋملىرى — ماساگىتلارنى بويسۇندۇرىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن خېشى كارىدورىدا ياشايدىغان ئۇلۇغ ياۋچىلارنى بويسۇندۇرىدۇ . ئارقىدىنلا ئۇ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ، سىلىنگا ۋادىسىدىكى تۇرالارنى ، يېنسەينىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشايدىغان قىرغىزلارنى ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنى بويسۇندۇرىدۇ . مودۇ تەڭرىقۇت دەۋرىدە ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى شەرقتە ھىنگان تاغلىرى ، شىمالدا لىنا دەرياسى ، بايقال كۆلىنىڭ شىمالى ، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلى ، ئارال كۆللىرىنىڭ بويىغىچە سوزۇلغان ئىدى .

دەرۋەقە ، «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخانىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشى (ئوغۇزخانمۇ دادىسى قاراخاننى ئۆلتۈرۈپ تەختكە

چىقىدۇ ) ۋە ھەربىي يۈرۈشلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا ، مودۇ تەڭرىقۇتنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . لېكىن مەسىلىنى چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرگىنىمىزدە «ئوغۇزنامە» دىكى تەپسىلاتلارنىڭ مودۇ تەڭرىقۇت دەۋرىدىن كۆپ بۇرۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . مودۇ تەڭرىقۇتنىڭ تەختنى قولغا ئېلىشى ئۈچۈن ئاۋازلىق ئوقيا بىلەن ئۆز ئېتى ، ئايالى ۋە دادىسىنى ئۆلتۈرۈشتەك ھىيلە - مىكىرلىك ۋەقە مۇتىفى «ئوغۇزنامە» نىڭ بىرلەمچى نۇسخىسىدا يوق بولۇپ ، بۇ سۇژىت كېيىنكى ئىسلاملاشقان نۇسخىلىرىغا خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسلۇبى ئاساسىدا قوشۇلۇپ قالغان . رۇس ئالىمى بىرنىشتېين ھەققانىي ھالدا بۇ پىكىرنى رەت قىلىدۇ① . لېكىن ئۇزاق زامانلارنىڭ تارىخىي ئىزنالىرىنى تارىخىي رىۋايەت شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ ئېپوستا مودۇ تەڭرىقۇتنىڭ ھون ئىمپېرىيىسىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان يۈرۈشلەرنىڭ بىر قىسمى «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇشىمۇ مۇمكىن .

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر ئوغۇزخاننى تۈرك خەلقلىرى تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى بولغان ئىستەمى خاقان (مىلادىيە 255 - يىلىدىن 576 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) غا تەققاسلايدۇ .

ئاۋار خانلىقى دەۋرى (مىلادىيەنىڭ 400 - ~ 551 - يىللىرى ، جورجان خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) دە ئالتاي تۈركلىرى شۇ خانلىققا قارام بولۇپ ، رۇدا ئېرىتىش ، تۆمۈر قوراللارنى ياساش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى . ئاۋارلارنىڭ زۇلمى ۋە ھاقارىتىگە چىدىمىغان كۆك تۈركلەر مىلادىيەنىڭ 551 - يىلى

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 2002 - يىلى نەشرى ، 159 - بەت .

ئاۋار خانلىقىنى تارمار قىلىپ تۇمەن (مىلادىيە 552 ـ — 553 ـ يىلى خان بولغان) ۋە ئىستەمى خاننىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ، ئۆتۈكەن تېغى باغرىدا قارار تاپتى. بۇ تارىخىي غەلىبە مۇشۇ خانلىق مەركىزى بىلەن باغلانغان «ئەرگىنەقۇن» داستانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ داستاندىكى بۆرىنىڭ يول باشلىشى گەرچە «ئوغۇزنامە» ۋە «شەجەرەئى تۈرك» تىكى بۆرىنىڭ يول باشلىشىغا ناھايىتى ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىگە ئائىت ئاساسلىق تارىخىي ئىزنالار «ئەرگىنەقۇن» داستانىدا ئۇچرىمايدۇ ھەمدە ئىستەمى خاننىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىگىمۇ ماس كەلمەيدۇ، شۇڭا بۇ قاراشمۇ تارىخىي نۇقتىدىن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

ئۈچىنچى خىل قاراش، يەنى ئوغۇزخاننىڭ چىڭگىزخانغا تەققاسلىنىشىغا كەلسەك، دەرۋەقە ئوغۇزخاننىڭ ئۆز زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىش بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ئۆز زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىشىدەك تارىخىي ئىزلار بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ، شۇنداقلا «ئوغۇزنامە» نىڭ كېيىنكى ئىسلاملاشقان ۋارىيانتلاردىكى ئوغۇزخاننىڭ مۇسۇلمانلىشىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى بىلەن چىڭگىزخاندىن كېيىنكى موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئىسلاملىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشتەك ۋەقەلىكلەر ئارىسىدا بەلگىلىك ئوخشاشلىق مەۋجۇت. لېكىن ماھىيەتتىن قارىغاندا، چىڭگىزخاننىڭ 13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن رېئال شەخس ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئوغۇزخاننىڭ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئۆزىنى «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن» دېگەن باياناتى ئوغۇزخاننىڭ چىڭگىزخاندىن تولىمۇ يىراق شەخس ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

تۆتىنچى خىل قاراش، يەنى ئوغۇزخاننىڭ ئىسكەندەر زولقەرنەينگە تەققاسلىنىشىغا كەلسەك، «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا

«قالاچ» قەبىلە نامى (ئۇنىڭدىن باشقا قارلۇق، قاڭقىل قەبىلە ناملىرىمۇ بار) نىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلىك سۇژىت ھەمدە ئېپوسنىڭ كېيىنكى ئىسلاملاشقان ۋارىيانتلىرىدىكى ئوغۇزخاننىڭ 24 ئۇرۇقى توغرىسىدىكى مۇتىفلار بىلەن ئىسكەندەر زولقەرنەين بىلەن تۈركلەرنىڭ «شۇ» xu ئىسىملىك خاقانى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى ئەسلىتىدىغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «تۈركمەن»، «ئۇگە» ۋە «ئۇيغۇر» ماددىسىدا بايان قىلىنغان رىۋايەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق مەۋجۇت. مۇشۇنداق ئوخشاشلىقا ئاساسەن بەزىلەر ئوغۇزخاننى ئىسكەندەر زولقەرنەينگە تەققاسلايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، زۇلقەرنەين نامى بىلەن ئاتالغان شەخس — ماكىدونىيىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىمپېراتورى (كرالى) ئالىكساندىر ماكىدۇنىسكىدۇر. ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 300 ـ — 327 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىياغا باسىمچىلىق يۈرۈش قىلغان ۋە بۇ كەڭ رايونلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگوغا قىلغان باسىمچىلىق يۈرۈشىدە كېسەل بولۇپ ئۆلگەن. ئىسكەندەر بىلەن ئوغۇزلارنىڭ ئارىسىدىكى جەڭگى ـ جېدەللەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ماددىلاردا بايان قىلىنغان. ناھايىتى ئېنىقكى، ئوغۇزخاننىڭ كېيىنكى يۈرۈشلىرى ۋە «ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا خاس ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە ئېتىقادلار گرېك نەسىللىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئوغۇز خەلقىدىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. ئەگەر ۋەقەلىكلەردىكى ئوخشاشلىق نۇقتىسىدىن تەققاسلاشقا توغرا كەلسە، ئوغۇزخاننى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئالغان «شۇ» خاقانغا تەققاسلاش مۇمكىنچىلىكى زور. ھازىر خېلى كۆپلىگەن ئېپوسشۇناسلار «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئۈچ ماددا (رىۋايەت) نى ئەسلىدە «شۇ داستانى» نىڭ پارچىلىرى دەپ قاراشماقتا. ئەگەر شۇنداق دېيىلگەندە، «شۇ داستانى»

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ بىر بۆلىكى سۈپىتىدە تېخىمۇ تارىخىي ئېنىقلىققا ئىرىشىدۇ .

بەشىنچى خىل قاراش ، يەنى ئوغۇزخاننى ئەجەم پادىشاھلىقىنىڭ دەسلەپكى پادىشاھى كىيومارىسقا تەققاسلاش ، بۇ «ئوغۇزنامە» نىڭ «شەجەرەئى تۈرك» قاتارلىق ئىسلاملاشقان ۋارىيانتلىرىدا تىلغا ئېلىنغان رىۋايەتلىك بايانلارغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراش ھېسابلىنىدۇ . «شەجەرەئى تۈرك» نىڭ 1 ـ بابىدا ئوغۇزخاننىڭ بوۋىسى بولمىش «تۈتەك (يافەسنىڭ نەۋرىسى ، تۈركنىڭ چوڭ ئوغلى ) ئەجەم پادىشاھلىقىنىڭ دەسلەپكى پادىشاھى كىيومارس بىلەن زامانداش ئىدى» دېگەن بايان ئۇچرايدۇ[1] .

كىيومارس ئىرانلارنىڭ مىلادىيەدىن 5000 يىللار بۇرۇنقى ئەپسانىۋى پادىشاھى ۋە ياراتقۇچى ئىلاھى دەپ قارىلىدۇ . ئۇ بىر ئەپسانىۋى شەخس بولغاچقا ، ئوغۇزخاننىڭ تارىخىي شەخسىيىتىگە سېلىشتۇرۇش ياكى تەڭلەشتۈرۈش ئاساسسىز بولسا كېرەك .

ئۇنداق بولسا «ئوغۇزخان» زادى تارىختىكى قايسى شەخسنىڭ سىيماسى؟ بىز ئېپوس قەھرىمانلىرىنىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ھەققىدىكى ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغىنىمىزدا ، ئوغۇزخاننىڭ مەلۇم بىر تارىخىي شەخستىن يىراق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز . چۈنكى «ئوغۇزنامە» مۇئەييەن يىلنامە بىلەن چەكلەنگەن دەۋرلەردە مەلۇم بىر شەخس تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەسەر ئەمەس ، بەلكى كۆپلىگەن دەۋرنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەن خەلق ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى . ئۇنىڭ قەلەمگە ئېلىنىپ نىسپىي مۇقىملاشقان دەۋرى بىلەن خەلق ئارىسىدا ئەپسانە ـ رىۋايەت شەكلىدە دەسلەپ بارلىققا كەلگەن بىرلەمچى

---

[1] ئەبۇلغازى باھادىرخان : «شەجەرەئى تۈرك» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 2002 ـ يىلى ، 7 ـ ، 8 ـ بەتلەر .

نۇسخىسىنىڭ دەۋرى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بولىدۇ . خۇددى گىگېل ئېيتقاندەك ، «ئالاھىدە ئېپوسلارنىڭ سۇژىتى پەقەت بىر ئەر شەخس بىلەن بىر گەۋدىلەشكەندە ، ئاندىن شېئىرىيەتنىڭ ھاياتى پەللىسىگە يېتەلەيدۇ . »[1] بۇ يەردە دېيىلگەن بىر ئەر شەخس ھەرگىزمۇ كونكرېت تارىخىي شەخس ئەمەس ، بەلكى خەلقنىڭ روھىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىدېئال شەخسلەردۇر . بۇنداق مۇكەممەللىككە ئېرىشكەن ئىدېئال شەخسلەر ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ساناقسىز كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭگەن مىللىي روھنى ئۆزىگە يىغىپ ، ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ ھۆر ، ھەقىقىي ئىنسان گۈزەللىكىنى نامايان قىلالايدىغان شەخسكە ئايلىنىدۇ . ئۇلار يېتەكچى ئورۇندا تۇرغاندىلا ، ئەينى دەۋرنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۇلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن باغلىنىدۇ . دېمەك ، ھەر قايسى دەۋرنىڭ روھى سىڭگەن ئېپوس ۋەقەلىكلىرى ئىچىدىكى ھەر بىر سۇژېت ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەكىللىنىپ ، ئاخىرى مۇكەممەل ئەسەرگە ئايلىنىدۇ .

بىز «ئوغۇزخان» نىڭ تارىخىي شەخسىيىتى توغرىسىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بەش خىل قىياسەن قاراشلاردىن كۆرۈپ ئالالايمىزكى ، ئوغۇزخان ھېچقاچان بىرلا تارىخىي شەخسنىڭ سىيماسى ئەمەس ، شۇڭا ئوغۇزخاندىن ئىبارەت بۇ دەسلەپكى ئەجداد قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى مەلۇم بىر كونكرېت تارىخىي شەخسنىڭ سىيماسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كۆرە ، ئۇنى ئوغۇز تۇركلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىكى بىر قاتار قەھرىمانلارچە ئېلىپ بارغان شانلىق كۈرەش جەريانىنىڭ مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈشى دەپ قاراش تارىخىي چىنلىققا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ .

---

[1] گىگېل : «ئېستېتىكا» ، سودا نەشرىياتى (خەنزۇچە ) ، 1996 - يىلى ، 3 - توم ، 134 - ، 137 - بەتلەر .

## قەھرىمانلىق ئېپوسى — «ئالپ ئەر توڭا»

ئۇيغۇرلار (كەڭ مەنىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر)نىڭ يەنە بىر مۇھىم قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئالپ ئەرتوڭا» دىن ئىبارەت. بۇ داستان تولۇق نۇسخىسى بىلەن دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. بىز پەقەت 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دەپ قىسقارتىپ ئېلىنىدۇ) دە خاتىرىلەنگەن «ئالپ ئەر توڭا» شەنىگە بېغىشلانغان 12 كۇپلېت مەرسىيەنامە ھەمدە «ئاۋېستا»، ئورخۇن ئابىدىلىرى، «شاھنامە»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەردىكى «ئالپ ئەر توڭا» غا ئائىت خاتىرىلەرگە ئاساسەن قەدىمكى تۇرانلار دەۋرىدە مۇشۇنداق يىرىك بىر ئېپوسنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

بىز ئالدى بىلەن ئېپوسنىڭ تارىخىي سخېمىسىنى سىزىپ چىقىشتىن ئىلگىرى ئىشەنچلىك مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان «ئالپ ئەر توڭا» غا ئائىت خاتىرىلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

A. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا:

«دىۋان» دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى ھەققىدە تارىختا بىرىنچى بولۇپ ئىشەنچلىك مەلۇمات بەرگەن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق دەستۇرىدۇر. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدەك رېئال ۋەقەلەر بىلەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ كەتكەن گۇگۇملۇق مەجمۇئە ئەمەس ياكى شەرق سالنامىلىرى ئۇسلۇبىدىكى غايىۋى ئىلاھلارنىڭ

ئادىمىيلەشكەن قىياسلىرىمۇ ئەمەس ، بەلكى ئۇلۇغ تىلشۇناس ئۆزى قەيت قىلغاندەك ، جاپالىق ئەمەلىي تەكشۈرۈشنىڭ شېرىن مېۋىسى . شۇڭا مەھمۇد كاشغەرى بۇ ئەسەرنى قانداق يېزىپ چىققانلىقى ھەققىدە مۇنداق ئىزاھات بېرىدۇ : «ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىقتىم . تۈرك ، تۈركمەن ، ئوغۇز ، چىگىل (چىيىل ) ياغما ، قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ چىقىپ ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم . شۇنىڭ بىلەن بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى .»[1] ئۇ يەنە بۇ كىتابنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسىنى ئىزاھلاپ : «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر ، سەجئىلەر (قاپىيىلىك نەسر — ئى ) ، ماقال - تەمسىللەر ، بېيىت - قوشاقلار ، رەجەزلەر (شېئىرىيەتتە ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرىلىرىدىن بىرى ، بۇ يەردە «قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار» دېگەن مەنىدە كەلگەن — ئى ) ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم ، ئۆگەنگۈچى ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن ، بىر نەچچە يىللار مۇشەققەت چېكىپ ، سۆزلەرنى جاي - جايىغا قويدۇم ، تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم ، چىگىشلىرىنى يەشتىم .»[2]

بۇ بىرگە «دىۋان» دىكى تارىخىي ئۇچۇرلارنىڭ خېلى ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ . بۇ پارچىلارنىڭ ئەسلىي تېكىستى مۇنداق :

ئالپ ئەر توڭا ئۆلدىمۇ ،
ئەرسىز ئاژۇن قالدىمۇ .

---

[1] مەھمۇد كاشغەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە ) ، فاكسىمىل ، I توم 3 - بەت .

[2] مەھمۇد كاشغەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 1981 - يىلى ، 4 - بەت .

ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ ،
ئەمدى يۇرەك يىرتىلۇر .
[ خاقان ئەفراسىياپ ئۆلدىمۇ ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ ، يۈرەكلەر پارە ـ پارە بولماقتا . ]
( «دىۋان» I توم ، 59 ـ بەت )
بىلگە بۆگۈ يۇنچىدى ،
ئاژون ئەتى يانچىدى ،
ئەردەم ئەتى تىنچىدى ،
يەرگە تەگىپ سۇرتۇلۇر .
[ بىلىملىكلەرنىڭ هالى خارابلاشتى ، زامان ئۇلارنى چىشلەپ تارتتى ، ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ گۆشى بۇزۇلۇپ ، ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكتىن يەردە سۆرۈلۈپ يۈرمەكتە . ]
( «دىۋان» III توم ، 414 ـ ، 415 ـ بەتلەر )
ئۆزلەك قاموغ كۇفرەدى ،
ئەردەم ئارىخ سەۋرەدى .
يۇنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى ،
ئەردەم بەگى چەرتىلۇر .
[ زامان زەئىپلەشتى ، ئەردەم ـ پەزىلەت ئازايدى ، بۇزۇق ـ يامان ئادەملەر تەۋرەپ باش كۆتۈردى . پەزىلەت بىگى ، يەنى خاقان ئەفراسىياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى . ]
( «دىۋان» I توم ، 1391 ـ بەت )
ئۆگرە يۇكى مۇنداغ ئوق ،
مۇندا ئازىن تىلداغ ئوق .
ئاتسا ئاژون ئوغراپ ئوق ،
تاغلار باشى كەرتىلۇر .
[ زاماننىڭ ئادىتى شۇنداق ، بۇنىڭدىن باشقا بىر مۇنچە

قورقۇنچلۇق سەۋەبلەرمۇ بار ، زامان تاغ بېشىنى چەنلەپ ئوق ئاتسا ، تاغنىڭ بېشىمۇ پارە - پارە بولۇپ كېتىپتۇ .]

( «دىۋان» I توم ، 217 - بەت )

ئۆلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ ،
يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ .
سىقىرىپ ئۈنى يۇنلايۇ ،
سىقتاپ كۆزى ئۆرتۇلۇر .

[ئادەملەر (ئەفراسىياپنىڭ) ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ بۆرىلەردەك هۇۋلاشتى ، ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى ، بەزىدە مۇڭلۇق نەغمىدەك ئۈن سېلىپ پەرياد چېكىشتى ، كۆپ يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ كەتتى .]

( «دىۋان» I توم ، 254 - بەت )

كۆڭلۈم ئىچىن ئۆرتەدى ،
پىتمىش باشىغ قارتادى .
كەچمىش ئۆدۈك ئىرتەدى ،
تۈن كۈن كەچۈپ ئىرتەلۈر .

[ (ئۇنىڭ) مۇسىبىتى يۈرەك - باغرىمنى كۆيدۈرۈۋەتتى ، ساقىيىپ ، پۈتۈپ بولغان يارامنى تاتىلاپ ئېچىۋەتتى ، ئۆتكەن ئىشلارنى — ئىشق - سېغىنىشنى ئەسلەتتى ، زامان ئۆتكەنسېرى كۆڭۈل ئۇنى ئىزدەيدۇ .]

( «دىۋان» I توم ، 326 - بەت )

بەگلەر ئاتىن ئارغۇرۇپ ،
قازغۇ ئانى تۇرغۇزۇپ .
مەڭزى يۈزى سارغارىپ ،
كۆركۈم ئاڭار تۇر تۇلۇر .

[بەگلەر ئاتلىرىنى هارغۇزۇپ ، چېپىپ كېلىشتى ، ئۇلارنى قايغۇ بېسىۋالدى . ئۇلارنىڭ يۈزلىرى زەپەرەڭدەك سارغايدى .]

( «دىۋان» I توم ، 633 ـ بەت )

ئۆزلەك ياراغ كۆزەتتى ،
ئوغدى توزاق ئۇزاتتى .
بەگلەر بەگىن ئازىتتى ،
قاچسا قالى قۇرتۇلۇر .

[ زامان پۇرسەت كۆزەتتى ، يەر ئاستىغا ئوغرىلىقچە تۇزاق قۇرۇپ قويغانىدى ، بەگلەر بېگىنى ئازدۇردى ، ئۇ قاچسىمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالامتى ؟ (بەگلەر بېگى — ئەفراسىياپنى كۆرسىتىدۇ )]

( «دىۋان» II توم ، 338 ـ بەت )

باردى كۆزۇم يارۇقى ،
ئالدى ئۆزۇم قونۇقى .
قاندا ئەرىنچ قانىقى ،
ئەمدى ئودىن ئوغۇرۇر .

[كۆز نۇرۇم كەتتى ، ئۇ مېنىڭ روھىمنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى . ئەمدى ئۇ قەيەردىكىن ؟ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ . ]

ئۆزلەك كۈنى تاۋراتۇر ،
يالىڭۇق كۈچىن كەۋرەتۇر .
ئەردىن ئاژون سەۋرىتور ،
قاچسا تاقى ئارتىلور .

[زامان كۈنلىرى ئىنسانىنىڭ كۈچىنى خورىتىش ئۈچۈن قەستلەيدۇ (بۇ يەردە ئەفراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ) ، ئۆلۈمدىن قاچقان كىشى ئۆلۈمگە تۇتۇلىدۇ .]

( «دىۋان» II توم ، 490 ـ بەت )

ئۆزلەك ئارىغ كەۋرەدى ،
يۇنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى .
ئەردەم يەمە سەۋرادى ،

ئاژۇن بەگى چەرتلۈر .

[زامان پۈتۈنلەي زەئىپلەشتى ، بۇلۇڭ - پۇچقاقتا قالغان يامانلار كۆچەيدى ، ياخشى خىسلەتلىكلەر ئازىيىپ كەتتى . چۈنكى دۇنيانىڭ ئەمرى ، يەنى ئەفراسىياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى .]

( «دىۋان» III توم ، 55 - بەت )

ياغى ئوتىن ئۆچۈرگەن ،
تويدۇن ئانى كۆچۈرگەن .
ئىشلار ئۈزۈپ كۆچۈرگەن ،
تەگدى ئوقى ئۆلدۈرۈر .

[ ئۆلگەن كىشىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئەسلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ ، ئۇ ئۇرۇش ئوتلىرىنى ئۆچۈرەتتى ، دۈشمەنلەرنى قارارگاھىدىن قوغلاپ چىقىراتتى ، ھەر قانداق مۈشكۈل ئىشنى ھەل قىلاتتى ، ئۇنىڭغا زاماننىڭ ئۆلتۈرگۈچى ئوقى تەگدى .]

( «دىۋان» I توم ، 677 - بەت )

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش مەقسىتىدە مىسال ئۈچۈن تاللانغان 242 كۇپلېت شېئىرىي پارچىلار ئىچىدىكى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەرسىيەنامىلەر مۇئەللىپىنىڭ ئىزاھاتى بويىچە ئالپ ئەر تۇڭا (ئەفراسىياپ) ئىپوسىنىڭ پارچىلىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن تاشقىرى «دىۋان» دا يەنە ئەفراسىياپنىڭ تارىخىي شەخسىيىتىگە ئائىت تۆۋەندىكى ئۇچۇرلار بار :

△ «بارسقان ئەفراسىياپ ئوغلىنىڭ ئىتى ، بارسقان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان ، بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر .»

( «دىۋان» III توم ، 569 - بەت )

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا ، بارسقان قاراخانىيلارنىڭ چوڭ

شەھەرلىرىدىن بىرى . ئۇ ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبى بويىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتلاردا يەتتە سۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى .

△ «كاشغەر ‹ئوردوكەنت› دېيىلىدۇ . بۇنىڭ مەنىسى «خان تۇرىدىغان شەھەر ، مەركەز» دېگەن بولىدۇ . بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن ، ئەفراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان» .

(«دىۋان» فاكسىمىل 1 ـ جىلد ، 173 ـ بەتلەر)

△ «qaz ـ ئەفراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى بولۇپ ، ‹qaz win قازۋىن› شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلغان . بۇ سۆزنىڭ ئەسلى ‹قاز ئويۇنى ، qaz oyuni› دۇر . چۈنكى ، ئۇ قىز شۇ يەردە تۇراتتى ۋە ئوينايتتى ، شۇڭا بەزى تۈركلەر ‹qaz win قازۋىن› نى تۈرك ئېلىنىڭ چېگرالىرىدىن بىرى ھېسابلايدۇ ، ‹qum قۇم› شەھىرىمۇ چېگرا ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ‹qum قۇم› تۈركچە سۆزدۇر . ئەفراسىياپنىڭ قىزى بۇ يەردە دائىم ئوۋ قىلاتتى . بەزىلەر ‹marwaxxahijan ـ مەرۋەششاھىجان› شەھىرىنىمۇ تۈرك چېگرالىرىدىكى شەھەر ھېسابلايدۇ . چۈنكى قىزنىڭ ئاتىسى ‹توڭا ئالپ ئەر› ، ئاشۇ ئەفراسىياپنىڭ ئۆزىدۇر . ئەفراسىياپ ‹tәmhurәs› تىن 300 يىل كېيىن ‹marw ـ مەرۋ› شەھىرىنى بىنا قىلغان . بەزىلەر پۈتۈن ‹mawaraunnahr ماۋەرە ئۇننەھر› نى تۈرك ئېلى دەپ ھېسابلايدۇ ، ئۇ ‹yәnkәnd يەنكەنت› تىن باشلىنىدۇ ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئېتى ‹diz ruyin مىس شەھىرى› دۇر . ئۇنىڭ مۇستەھكەملىكىگە قاراپ شۇنداق دېيىلگەن . بۇ ‹buhara بۇخارا› غا يېقىن . بۇ يەردە ئەفراسىياپنىڭ قىزى قازۋىننىڭ ئېرى ‹siyawux سىياۋۇش› ئۆلتۈرۈلگەن . مەجۇسىيلەر ھەر يىلى بىر كۈن بۇ يەرگە كېلىپ سىياۋۇش ئۆلگەن جايدا يىغلىشىدۇ . قۇربانلىق قىلىپ ، قېنىنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئېقىتىدۇ . مۇنداق قىلىش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ قالغان» .

( «دىۋان Ⅲ توم ، 204 ـ ، 205 ـ بەتلەر )
«qaz – suvi» قاز سۈيى ئىلى «ila» دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان چوڭ بىر دەريانىڭ نامى . بۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ، ئافراسىياپنىڭ قىزى ئۇنىڭ بويىدا بىر شەھەر بىنا قىلغان . بۇ ئىسىم ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان .
( «دىۋان» Ⅲ توم ، 206 ـ بەت )

B . «قۇتادغۇ بىلىك» تە :

277 . بۇ تۆرك بەگلەرىندە ئاتى بەلگۈلۈگ ،
توڭائالىپ ئەر ئەردى قۇتى بەلگۈلۈگ .
(بۇ تۆرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگىلىك ،
توڭا ئالىپ ئەر[1] ئىدى بەختى بەلگىلىك . )
276 . كۆرۈ بارسا ئەمدى بۇ تۆرك بەگلەرى ،
ئاژۇن بەگلەرىندە بۇلار بەگلەرى .
(بۇ تۆرك بەگلىرىگە سېلىنسا نەزەر ،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر . )
278 . بەدوك بىلىكى بىرلە ئۆكۈش ئەردەمى ،
بىلىكىگ ئوقۇشلۇغ بۇدۇن كۆدرۈمى .
(ئىلىمدە بۈيۈك كۆپ ، پەزىللىك دىلى ،
بىلىملىك ، ئەقىللىق ، خەلقىنىڭ خىلى . )
279 . نە ئۆدرۈم نە كۆدرۈم نە ئەرسىگە ئەرەن ،
ئاژۇندا تەتىك ئەر يەدى بۇ جەھان .
(ئىدى ئۇ سەرخىل ، زېرەك ئەر ئوغلان ،
دۇنياغا زېرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران . )

---

[1] توڭا ئالىپ ئەر — قاپلان سۈپەت ئەر .

280 . تەجىكلەر ئايۇر ئانى ئەفراسىياب ،
بۇ ئەفراسىياب تۇتتى ئەللەر تالاپ ،
(تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئەفراسىياپ ،
بۇ ئەفرەسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ . )

281 . ئەدى ئارتۇق ئەردەم كەرەك ئوگ بىلىك .
ئاژۇن تۇتقۇقا ئۆتىدۇ سۇنسا ئەلىگ ،
(جاھاننى تۇتاي دەپ سۇنۇشقا ئىلىگ .
كېرەك كۆپ پەزىلەت بىلەن كۆپ بىلىك . )

282 . تەجىكلەر بىتىكدە بىتمىش مۇنى ،
بىتىكدە يوق ئەرسە كىم ئۇقغاي ئانى .
(تاجىكلار كىتابتا پۇتۇپتۇ بۇنى ،
كىتابقا پۇتمىسە ، كىم ئۇققاي ئۇنى . )

C . «ئورخۇن ئابىدىلىرى» دە :

1 . «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» (شىمالىي تەرەپ ، 6 ~ 7 ـ قۇرلار ) ئۇچۇنچ بو (لچو ) دا ئوغۇز بىرلە سوڭۇشىدىمىز . كۆل تېگىن ئازمان ئاقىغ مىنىپ تەگدى ، سانچىدى ، سۇسىن سانچىدىمىز ، ئىلىن ئالتىمىز ، تۆرتۇنچ چۇش باشىنتا سوڭۇسدىمىز ، تۇرك بۇدۇن ئاداغ قامشادى يايلاق بۇ (لداچ ) ى ئەرتى ، ئوزا كەلمىس سۇسىن كۆل تېكىن ئاغىتىپ توڭرا بىر ئوغۇش ئالپاغو ئۇن ئەرىگە ، توڭا تېكىن يوغىنتا ، ئەگىرىپ ئولۇرتىمىز[1] .

(مەنىسى : ئۇچىنچى قېتىم ، بولچودا ئوغۇزلار بىلەن سوقۇشتۇق ، كۆل تېكىن ئازمان دېگەن ئاق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى ، نەيزە سانجىدى . قوشۇنغا نەيزە سانجىدۇق . ئېلىنى

[1] «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 1983 ـ يىلى ، 74 ـ بەت .

ئالدۇق . تۆتىنچى قېتىم ، بىز چۇش دېگەن بۇلاقتا سوقۇش قىلدۇق . تۈرك خەلقى تەۋرىنىپ قالدى (؟) ئەھۋال يامانلاشتى . كۆل تېكىن ئۆزۈپ كەلگەن قوشۇننى چېكىندۈرۈپ ، توڭرا (توڭا) تېكىن مازىرىدا توڭرا قەبىلىسىنىڭ بىر ئۇرۇقىدىكى ئون نەپەر باتۇرنى ئۆلتۈردى .)

2 . «بىلگە قاغان» مەڭگۇ تېشى»

... ئۈچۈنچ چۇش باشىدا سوڭۇسدۇم ، تۈرك بودۇن ئاداق قامشاتتى . يايلاق (31) بولتاچى ئەرتى . ئوزا يانپا كەلىگمە سۇسىن ئاغتتىم . ئوكۇس ئولتەچى ئاندا تىرىلتى . ئاندا توڭرا يىلپاغۇتى بىر ئوغۇشۇغ توڭا تىگىن يوغىندا ئەگىرە توقىدىم . تۇرتۇنچ ئەزگەندى قادازدا سوڭۇسدۇم[1] .

(مەنىسى : ئۈچىنچى قېتىم چۇش دېگەن بۇلاق بېشىدا سوقۇشتۇم . تۈرك خەلقى تەۋرىنىپ قالدى ، ئەھۋال يامانلاشقان ئىدى . مەن بۆسۈپ كەلگەن (دۈشمەن) قوشۇننى چېچىۋەتتىم . جېنىدىن ئايرىلىشقا ئاز قالغان نۇرغۇن كىشىلەر قۇتقۇزۇۋېلىندى . شۇ چاغدا ، توڭرا تېكىن مازىرىدا توڭرا باتۇرلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر ئۇرۇقنى ئايلىنىپ يوروپ زەربە بەردىم .

ئىزاھ : كۆل تېكىن تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى بىلگە خاقان (مىلادىيە 734 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ئىنىسى بولۇپ ، مىلادىيەنىڭ 731 - يىلى 47 يېشىدا ۋاپات بولغان . «كۆل تېكىن مەڭگۇ تېشى» مىلادىيە 732 - يىلى كۆل تېكىن جىيەنى يوللۇغ تىگىن تەرىپىدىن تىكلەنگەن بولۇپ ، 1889 - يىلى هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ خوشو - سايدام (HOXO -

[1] «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 1983 - يىلى ، 95 - بەت .

saydam ) دىن تېپىلغان . «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» مىلادىيەنىڭ 735 ـ يىلى ئورنىتىلغان بولۇپ ، «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر جايدىن تېپىلغان . ھەر ئىككى مەڭگۈتاش ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا . ھەر ئىككى مەڭگۈ تاش پۈتۈكىدە بىردەك «توڭرا تىگىن مازىرى» ۋە «توڭرا قەبىلىسى» نىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان . بۇ بىزگە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ دەسلەپكى ئانا ماكانى بولغان ئورخۇن ۋادىسىدا توڭا ئالىپ ئەر (ئەفراسىياپ ) نىڭ مازىرى بولغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتلىرى توڭا (توڭرا ) قەبىلىسى بولۇپ ئۇيۇشقانلىقىدەك تارىخىي ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇ . ئەمما ئەفراسىياپ ھەقىقەتەن ئەنە شۇ «توڭرا تىگىن مازىرى» غا دەپنە قىلىنغانمۇ ياكى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بۇ قەھرىمان بوۋىسىنىڭ شەنىگە ئاتاپ «ئابىدە» تەرىقىسىدە تىكلەپ قويغان مازارلىقمۇ؟ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم . شۇنىسى ئېنىقكى ، بۇ ئىككى مەڭگۈ تاشتىكى پۈتۈكلەر تۇرانلارنىڭ قەھرىمان سەركەردىسى ئالىپ ئەر توڭا (ئەفراسىياپ ) نىڭ رېئال تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى دەلىللەشتە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك يىپ ئۇچى ھېسابلىنىدۇ .

D . «شەجەرەئى تەراكىمە»[1] دە :

ئارسلان ئوغلى سەربىنكىنىڭ خان بولغانلىقىنىڭ زىكرى كوكەم باقۇي شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك قېرىندىشى سەربىنكىنى پادىشاھ قىلدى . ئۇمۇ 10 يىل پادىشاھلىق قىلىپ دادىسىنىڭ

(1) ئەبۇلغازى باھادىرخان : «توركلەرنىڭ سوي ـ كۈتىكى (نەسلى ) ‹شەجەرەئى تەراكىمە›» ، ئىستانبول ، 1974 ـ يىلى ، 81 ـ ، 82 ـ بەتلەر .

ئارقىسىدىن كەتتى . . . . . .

سالجۇقلار تۈركمەن بولۇپ ، قېرىندىشى (ئىز باسار — ئا ) يوق دېيىلىپ ، ئېلىگە ۋە خەلقىگە پادىشاھ قويۇلمىدى . پادىشاھ بولۇشقا تۈركمەننىڭ قېنىق ئۇرۇقىدىكىلەرلا مۇناسىپ دېيىشتىلەر ۋە شۇ ۋەجىدىن ئەفراسىياپنىڭ بىر ئوغلى كەيخىسراۋدىن قېچىپ تۈركمەننىڭ قېنىق ئۇرۇقىنىڭ ئىچىگە بېرىپ ، ئۇ يەردە يەرلەشتى . (ئۇلار ) بىز ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئەفراسىياپنىڭ نەسلىدىن بولۇرمىز ، دېيىشىپ ئاخىرى ئوتتۇز بەش گوبەك (سەنە ) دە ئاتىلىرى ئەفراسىياپقا ئېرىشتىلەر .

ئوغۇز ئېلى كوكەم باقۇي بىلەن سەربىنكتىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا پادىشاھ چىقىرالمىدى . ئوغۇز قوۋمىنىڭ مىڭ قىشلاق ۋە ئەبۇلخان يەرلىرىدە ئولتۇرغانلىرى ئۆرگەنچتە كىم پادىشاھ بولسا شۇنىڭغا تەۋە بولدى ۋە خوراساندىمۇ كىم پادىشاھ بولسا شۇنىڭغا (ئەفراسىياپقا — ئا ) تەۋە بولدى . ماۋارە ئۇننەھر ۋە باشقا يۇرتتىكىلەرمۇ شۇنداق بولدىلەر .

E . «شاھنامە»[1] دە :

«كاۋۇسنىڭ ئەفراسىياپنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپقانلىقى» بابىدىن پارچە :

ئۇلارغا شاھ دېدى : بۇ ئافراسىياپ ،
دىلىدا يوقمۇ توپا ، ئوت ، ھاۋا ، ئاب .

---

[1] «شاھنامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 1998 - يىلى نەشرى ، 168 - ، 169 - بەتلەر .

تەڭرى ئۆنى بىلمىدىم ، نېدىن يارانقان ،
يا باشقا ئۆرۈقتىن تېرىپ تارانقان .
نەچچە پەيمان بىلەن ئىچتى ئۇ قەسەم ،
گۆرۈگە قويدى تىلىن ، دىلىن ھەم .
ئەمما قوشۇن يىغسا ئۇ شۇ تۇراندىن ،
شۇ ھامان ياندۇ ئەھدۇ پەيماندىن .
ئۆزۈم جەڭگە كىرەي ئەمدى ، — دەيتتى شاھ ،
يورۇق كۈنىن ئەمدى قىلاي قاپقارا . »
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
مۇ بەدلەر ئاڭادەر : «سىپاھ ئۇچۇن ؟
جەڭگە سەن بارسەن بۇمۇ نە ئۇچۇن .
نېمىشقا بايلىقنى قىلىسەن بەرباد ؟
خەزىنە ئىشكىن ئاچىسەن كۇشاد ؟
ئىككى قېتىم شۇنداق سۇرئىتىڭ بىلەن ،
جەڭگە چىقتىڭ ، ئەسىر ئالدىڭ دۇشمەن .
بۇ قېتىم تالىلىغىن باشقا پەھلىۋان ،
رەقىبكە ماس كېلەر گورزىسى گەردان . »
ئۇلارغا شاھ دېدى : «ئۆزۈمدىن ئۆزگە ،
ئاڭا تەڭ باراۋەر كۆرۈنمەس كۆزگە .
ئەفراسىياپ ماڭا باتۇر ، غەم يېمە ،
مەن چىقاي مىسالى سۇئارا كېمە .
ساڭا ئەمدى جاۋاب ، مەن كېڭەش قۇراي ،
ئاشۇ كېڭەش بىلەن ئىشنى پۇتكۈزەي » .

«ئەفراسىياپنىڭ ئەربابلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلغانلىقى» (1)

---

(1) «شاھنامە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 1998 ـ يىلى نەشرى ، 174 ـ بەت .

بابىدىن پارچە :

دانىشمەنلەردىن شاھ يىغدى ئەنجۇمەن ،
ھوشيار ئىش بىلەر ۋە دانالاردىن .
ئۇلارغا دېدى : «بۇ بوينۇمدا پەلەك ،
قىسمىتىم قىلمىدى ئۇرۇشتىن بۆلەك .
قانچىلىغان پالۋان مېنىڭ قەستىمدە ،
كېلىپ خاكى تۇپراق بولدى دەستىمدە .
نەچچە باغ - بوستاننى قىلدى باياۋان ،
شەھەر كوچىلاردىن ئاقتى قىزىل قان .
جاھان شاھى قىلسا گەر بېدادلىق ،
ياخشىلىق يوق بولۇر ، يوق بولۇر شادلىق .
ۋاقتىدا بالىسىنى تۇغالماس قۇلان ،
بۇركۇت بالىسى كور تۇغدىلار كۆپ زامان .
كېيىك ئەمچىكىدە سۇت قالماس سىرە ،
بۇلاق سۇلىرى ھەم بولىدۇ خىرە .
سۇزۇك سۇلار تىنىپ ، قۇرۇپ قالىدۇ ،
ئەتىر مۇئەتتەرلىكنى نەدىن ئالىدۇ .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
بۇگۇن جارى قىلاي سۇلھى ئادالەت ،
ئەندۇ غارات ئەمەس ، راھەت كامالەت .
بازار قىزىتمىسۇن ئەجەل ناگاھان ،
مەندىن ئارام تاپسۇن جاھان بىر زامان .
ئۇچتىن ئىككى جاھان زىرى پايىمدۇر ،
ئىران بىلەن تۇران ھەم سارايىمدۇر .
قانچە سەركەش باتۇر ، باشلىرىدا تاج ،
تۆلەپ تۇرىشىدۇ ماڭا كاتتا باج .

ئەگەر سىلەر ماقۇل كۆرسەڭلەر، يېزىپ —
ئەۋەتەي رۇستەمگە بۇگۇن بىر مەكتۇب.
سىياۋۇش بىلەن سۇلھى ئىشكىن ئاچاي،
سوۋغاتلار ئەۋەتەي، ئالتۇنلار چاچاي.»

ئىزاھ: «شاھنامە» نىڭ «زال ۋە رودابە قىسسىسى» — «مانۇچېھىر» قىسمىدىن باشلاپ، «ئىرانلىقلارنىڭ خۇسرەۋ ھۇزۇرىغا قايتىپ كەلگەنلىكى» بابىغىچە، جەمئىي 5535 بېيىتتا تۇران قەھرىمانى ئالىپ ئەرتوڭا (ئەفراسىياپ) بىلەن ئىران تەختىدە يۈز يىگىرمە يىل ئولتۇرۇپ، مەملىكەتنى گۈللەندۈرگەن مانۇچېھىردىن كەيخىسراۋغىچە نەچچە ئەۋلاد ئىران شاھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق ئۇرۇشلار خاتىرىلەنگەن.

دەرۋەقە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىردە 12 مىڭ كالا تېرىسىگە ئالتۇن ھەل بىلەن پۈتۈلگەن زاروئاستىر دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئاۋىستا» ھەمدە پارس ـ تاجىك كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئېپتىخارى ۋە پېشۋاسى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (مىلادىيە 940 ـ — 1020 ـ يىللار) نىڭ مىلادىيە 977 ـ يىلىدىن 1007 ـ يىلىغىچە 30 يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ، «ئاۋىستا» نىڭ ئىلھامى بىلەن يېزىپ چىققان شاھانە ئەسىرى «شاھنامە» دە بولسۇن، ئەسەر مۇئەللىپلىرى مىللىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئەفراسىياپنى ھىيلىگەر، باسقۇنچى سۈپىتىدە سەلبىي ئورۇندا قويۇپ تەسۋىرلەنگەن. بۇنداق تەسۋىرلەشنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرىنى ئەلۋەتتە چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىنكى، سەمىمىي مۇھەببەت ۋە دوستلۇق غايىسى بىلەن سۇغىرىلغان «شاھنامە» ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىي قەھرىمانى ئالىپ ئەر توڭا (ئەفراسىياپ)، ئۇنىڭ ئوغۇل ـ

قىزلىرى ۋە ھاكىمىيەت ۋارىسلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك مەنبە سۈپىتىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر . ئەڭ ئەھمىيەتلىك نۇقتا شۇكى ، «شاھنامە» ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئىلھام بولغان «ئاۋىستا» تولۇق نۇسخىسى بىلەن دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن «ئالپ ئەر تونگا» ئېپوسىنى مەيلى نەسرىي ياكى نەزمىي ئۇسۇلدا قايتا تىكلەشنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتتى ۋە شۇنداق قىلىشقا بىزدە ئىشەنچ تۇرغۇزۇلدى .

«شاھنامە» دىكى ئەفراسىياپقا ئائىت ۋەقەلىكلەرنىڭ تارىخىي سۈژىت سخېمىسىنى مۇنداق جەدۋەللەشتۈرۈش مۇمكىن .

△ يىما (كيومارس ) ئەپسانىۋى پىشدالىتلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى شاھى ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئەجدادى .

△ سىقماق — كيومارسنىڭ ئوغلى .

△ خوشناق — سىقماقنىڭ ئوغلى .

△ پەرىدون (تەھمور ) — خوشناقنىڭ ئوغلى .

△ سالىم ، تۇر ، ئىراج — پەرىدۇننىڭ ئوغۇللىرى .

△ سالىم — رىم ۋە غەربتىكى ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانى .

△ تۇر — چىن ۋە تۇران يەرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى .

△ ئىراج — ئىران ۋە ئەرەب يەرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى .

△ سالىم بىلەن تۇر بىرلىشىپ ئىنىسى ئىراجنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ .

△ ئىراجنىڭ نەۋرىسى مانۇچېھر تۇرنى ئۆلتۈرۈپ ، بوۋىسىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ .

△ پەشەڭ (پىشان ) — تۇرنىڭ ئوغلى .

△ ئەفراسىياپ — پەشەڭنىڭ ئوغلى .

△ نەۋرۇز — مانۇچېھرنىڭ ئوغلى .

△ ئەفراسىياپ — نەۋرۇزنى ئۆلتۈرىدۇ .

△ نەتىجىدە ، ئىرانلىقلار بىلەن تۇرانلىقلارنىڭ ئارىسىدا

قىساس ئۆچمەنلىكىنىڭ ئۇرۇقى چېچىلىدۇ .
رۇستەم — زال (داستان) نىڭ ئوغلى بولۇپ كىيانىيلار سۇلالىسى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 932 - يىلى قۇرۇلغانلىقى تەخمىنلىدۇ)نىڭ قۇرغۇچىسى .
△ ئەفراسىياپ رۇستەمگە : «مانۇچېھىرنىڭ ئىنىسى كەيكۇباتنى ئېلىپ كەل» دەپ بۇيرۇيدۇ .
△ رۇستەمنىڭ ھىمايىسىدە كەيكۇبات كىيانىيلار سۇلالىسىغا شاھ بولىدۇ .
△ كەيكۇ بات قېرىغاندا ئورنىغا ئوغلى كەيكاۋۇس پادىشاھ بولىدۇ .
△ رۇستەم ئەفراسىياپنىڭ قىزى تەھمىنەنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ،
△ رۇستەمدىن سوھراپ ئاتلىق بىر ئوغۇل پەرزەنت تۇغۇلىدۇ .
△ سوھراپ ئەفراسىياپنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولىدۇ .
△ سوھراپ تۇرانلارغا سەركەردە بولۇپ ، ئىرانغا يۈرۈش قىلىدۇ .
△ جەڭدە دادىسى رۇستەم پالۋان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ .
△ كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى سىياۋۇش دادىسىدىن رەنجىپ ئەفراسىياپنىڭ يېنىغا بارىدۇ .
△ ئەفراسىياپ سىياۋۇشنى كۈيئوغۇل قىلىدۇ .
△ ھەسەتخور ئەمەلدارلارنىڭ ئىغۋاسى بىلەن ئەفراسىياپ بۇخارانىڭ يېنىدا كۈيئوغۇل سىياۋۇشنى ئۆلتۈرىدۇ .
△ سىياۋۇشنىڭ ئوغلى كەيخىسراۋ دادىسىنىڭ قىساسى ئۈچۈن بوۋىسى ئەفراسىياپقا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ .
△ كەيخىسراۋ ئەفراسىياپنىڭ ئوغلى شەيدانى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەفراسىياپنى ئۆلتۈرىدۇ .

△ كەيخىسراۋ تۇرانلىقلارنىڭ غەزنىپىدىن قورقۇپ، ئەفراسىياپنىڭ يەنە بىر ئوغلى جاھان خاننى شاش (تاشكەنت) قا پادىشاھ قىلىدۇ.

△ كىيانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۈچىنچى پادىشاھى بولغان كەيخىسراۋ شاھلىق تەختىنى تاغىسى لاھراسپقا تاپشۇرىدۇ.

△ لاھراسپنىڭ ئوغلى كەشتاسپ كىيانىيلار سۇلالىسىنىڭ بەشىنچى شاھى بولىدۇ.

△ كەشتاسپنىڭ ئوغلى ئىسفەندىيار رۇستەم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

△ ئىسفەندىيارنىڭ ئوغلى بەھمان كىيانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئالتىنچى شاھى بولىدۇ.

△ بەھماننىڭ قىزى ھەمەي كىيانىيلار سۇلالىسىنىڭ يەتتىنچى شاھى بولىدۇ.

△ ھەمەينى دارا I نى ئۆلتۈرۈپ، كىيانىيلار سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ ئاخمانىيلار سۇلالىسىنى قۇرىدۇ.

△ يۇنان تارىخچىسى ھېرودوت كەيخىسراۋنى تۇران ـ ساك سەركەردىسى تۇمارىس ئۆلتۈرگەن دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

△ ئاخمانىيلار سۇلالىسى (پېرسىيە ئىمپېرىيىسى — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 550 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 331 ـ يىلىغىچە) دەۋرىدە تاجىكلار پۈشتىدىن زاروئاستىر (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 ـ — 7 ـ ئەسىرلەر) دېگەن كىشى زاروئاستىر (زەردۇشت) دىنىنى ئىجاد قىلغان.

△ ئاخمانىيلار سۇلالىسىنى ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەر زولقەرنەيىن ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

خۇلاسە

يۇقىرىدا «ئالىپ ئەرتوڭا قىسسىسى» گە ئائىت تارىخىي

مەنبەلەردىكى نۇقتىلىق ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە تەبەرىنىڭ «تارىخى تەبەري» ، ئىبىن ئەل ئەسەرىنىڭ «تارىخى كامىل» ، نار شاھىنىڭ «بوخارا تارىخى» ، موللامۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەممىدي» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ ئەفراسىياپ ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلار بار . بۇ ئۇچۇرلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە ئېرىشىمىزكى :

1 . ئىرانلىقلار تەرىپىدىن «ئەفراسىياپ» دەپ ئاتالغان بۇ تارىخىي شەخس يۇقىرىدىكى A ، B ۋە C مەنبەلەردە قەيت قىلىنغاندەك «توڭا ئالىپ ئەر» ، «ئالىپ ئەر توڭا» ، «توڭراخان» ، «بەگ» ، «بەگلەر بېگى» دەپ سۈپەتلەنگەن شەخسنىڭ دەل ئۆزىدۇر . مەنبە A دا تۈركلەرنىڭ مەشھۇر باتۇرخانى «ئەفراسىياپ» ، «توڭا ئالىپ ئەر» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇ خۇددى شىردەك قەھرىمان ئىدى . توڭا — شىر بولۇپ پىلنى يەڭگۈچى كۈچلۈك ھايۋاننىڭ لەقىمى ، دەپ كۆرسىتىدۇ .

2 . ئەفراسىياپ لېگىندىسى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشايدىغان قەدىمكى ساك قەبىلىلىرىنىڭ ئاخمانىيلار (پېرسىيە) ئىمپېرىيىسىدىن ئىلگىرىكى ئىران شاھلىرىنىڭ باسقۇنچىلىقلىرىغا قارشى ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ مۇھىم جەريانلىرىنى ئىپادىلەيدىغان تارىخىي قەھرىمانلىق قىسسىسى (ئېپوسى) ھېسابلىنىدۇ .

3 . ئەفراسىياپ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى تۈركىي ساك تارىخىنى ئىزاھلاشتىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ ، ئەفراسىياپنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرلەردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىرگىچە 300 يىل داۋاملاشقان تۈركىيلەر بىلەن ئىرانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش خاتىرىسىنى ئەسلىتىدۇ . شۇڭا ئەفراسىياپ شەنىگە بېغىشلانغان «ئالىپ ئەرتوڭا» ئېپوسىنى «ئوغۇزنامە» ، «تۇمارىس» ، «شۇ

خاقان» قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېپوسلىرىدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

4. ئەفراسىياپ تارىختىكى قايسى شاھنىڭ پروتوتىپى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئاشۇ يىراق تارىخىي دەۋردە ئۆتكەن رېئال شەخستۇر. بۇنى يۇقىرىدىكى A ۋە C مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن يىپ ئۇچلىرى تولۇق دەلىللەپ بېرىدۇ. بۇ ئىككى مەنبەدىكى ئالاقىدار بايانلار قانداقتۇر ئەپسانىۋى توقۇلما بولماستىن، بەلكى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە دەلىللەش نەتىجىسىدە ئېرىشكەن تارىخىي مەلۇماتلاردۇر. ئەلۋەتتە مەنبە E («شاھنامە») دىكى ۋەقەلەرنىمۇ پۈتۈنلەي ئەپسانە دېگىلى بولمايدۇ.

5. ئەفراسىياپ رىۋايەتلىرى ماھىيەتتە قەدىمكى تۈركىيلەر ۋە ئىرانلىقلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدىكى مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىدىن بېشارەت بېرىدۇ. «ئاۋېستا» ۋە «شاھنامە» دىكى تۇر (تۈركىيلەرنىڭ ئەجدادى) ۋە ئىراج (ئىرانلارنىڭ ئەجدادى) نىڭ ئەجدادى بىلەن ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرىمۇ ئاشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

6. ئېپوس (داستان) لار مۇكەممەل سۇژېت ۋە جانلىق پوئېتىك ئوبرازلار ئارقىلىق بىر دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت زور مەسىلىلەرنى تىپىكلەشتۈرۈپ بېرىدىغان يىرىك ھەجىملىك ئېپىكلىق ئەسەر بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەر ماھىيەت جەھەتتىن تارىخىي چىنلىققا يېقىن تۇرىدۇ، ئەمما ئۇ بەدىئىي ئەدەبىيات ژانىرى سۈپىتىدە تارىخنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس، ئەگەر ئېپوس قەھرىمانلىرى بىلەن رېئال تارىخىي شەخسلەر ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى (=) قويۇلسا، ئۇ چاغدا ئېپوسلارنىڭ بەدىئىي ئېستېتىك ئۇنۇمىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. خۇددى گېگېلنىڭ «ئالاھىدە ئېپوسلارنىڭ سۇژېتى پەقەت بىرەر شەخس بىلەن بىر گەۋدىلەشكەندىلا، ئاندىن

شېئىرىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتەلەيدۇ» دېگىنىگە ئوخشاش، بۇ يەردە دېيىلگەن بىر شەخس ھەرگىزمۇ كونكرېت تارىخىي شەخس ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ روھىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىدىئال شەخسلەردۇر. بۇنداق مۇكەممەللىككە ئېرىشكەن ئىدېئال شەخسلەر ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ساناقسىز كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭگەن مىللىي روھنى ئۆزىگە يىغىپ ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ھۆر، ھەقىقىي ئىنسان گۈزەللىكىنى نامايان قىلالايدىغان شەخسكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا «ئالپ ئەر توڭا» دىن ئىبارەت بۇ دەسلەپكى ئەجداد قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى مەلۇم بىر كونكرېت تارىخىي شەخسنىڭ سىيماسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كۆرە، ئۇنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تۈركۈمىنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىكى ئېلىپ بارغان بىر قاتار شانلىق كۈرەش جەريانىنىڭ مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈشى دەپ قاراش تارىخىي چىنلىققا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

## «شۇ» (xu) داستانى

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ بىرى — «شۇ» داستانى بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق نۇسخىسى خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلانمىغان. پەقەت بۇ داستاننىڭ بەزى پارچىلىرىنى مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تۆۋەندىكى ئۈچ سۆزنىڭ سىمانتىكىلىق مەنىسىنى ئىزاھلاش مەقسىتىدە خاتىرىلىگەن.

1. تۈركمەن: بۇلار ئوغۇزلاردۇر، بۇلارنىڭ تۈركمەن دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار. («دىۋان» Ⅲ توم، 564 — 568 ـ بەتلەر)

2. ئۇيغۇر: بىر ئەلنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار («دىۋان» Ⅰ توم، 151 — 153 ـ بەتلەر).

3. ئۆگە: تەجرىبىلىك، ئەقىللىق، كاداڭ، ئاددىي خەلق

ئىچىدىن چىققان قېرى سال كىشىلەرگە بېرىلگەن ، تېگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق («دىۋان» I توم ، 123 ـ بەت) ئەسلىي مەتىن (تەرجىمىسى ئېلىندى)

A . «تۈركمەن» ماددىسى

تۈركمەن ، بۇلار ئوغۇزلاردۇر . بۇلارنىڭ تۈركمەن دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار :

زۇلقەرنەيىن سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ ، تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا ، تۈركلەرنىڭ «شۇ (xu)» ئىسىملىك بىر ياش خاقانى بار ئىدى . ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى . بالاساغۇننىڭ يېنىدىكى «شۇ» قەلئەسىنى شۇ ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان . بۇ قەلئەنىڭ ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر شەرپىگە 360 قېتىم دۇمباق چېلىناتتى . ئادەملىرى ئۇنىڭغا : «زۇلقەرنەيىن يېقىن كېلىپ قاپتۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ؟ قانداق بۇيرۇقلىرى بار ئىكەن؟» دەيدۇ . ئەسلىدە خاقان «شۇ» خوجەند دەرياسى بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيىننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن بۇ دەريا قىرغىقىغا تارخانلاردىن تەركىب تاپقان قىرىق كىشىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتكەنىكەن . چارلىغۇچىلار مەخپىي كەتكەچكە ئۇلارنىڭ خاقاننىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن . خاقاننىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان بىر كۆلچىكى بولۇپ ، سەپەرگە چىققاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن . ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن ، غاز ـ ئۆردەكلەر چۈشۈپ شۇڭغۇپ ئوينايدىكەن ، خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈمۈش كۆلچىكىنى كۆرسىتىپ ، «غاز ، ئۆردەكلەرگە قاراڭلار ، ئۇلار سۇغا قانداق شۇڭغۇيدىكەن؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . خاقاننىڭ بەرگەن جاۋابى ئادەملىرىنى ئويغا سېلىپ قويۇپتۇ . ئۇلاردا «خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ ئەمەس ، چېكىنمەكچىمۇ ئەمەس» دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپتۇ .

زۇلقەرنەين دەريادىن ئۆتۈپتۇ . چارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىنى خاقانغا كېچىسى كېلىپ مەلۇم قىپتۇ . خاقان شۇ كېچىسىلا دۇمباق چالدۇرۇپ ، شەرققە قاراپ يول ئاپتۇ . خاقاننىڭ تەييارلىقسىزلا يولغا چىققانلىقىدىن ، خەلق ئارىسىدا ئەنسىزلىك ، تەشۋىش پەيدا بولۇپتۇ . ئۇلاغ تاپالىغانلار ئالدىراش - تېنەش ئۇدۇل كەلگەن ئۇلاغلارغا مىنىشىپ خاقاننىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ . ئالدىراشچىلىقتا ئۇ بۇنىڭ ، بۇ ئۇنىڭ ئۇلىغىنى ئېلىۋاپتۇ . تاڭ ئاتقاندا قارارگاھ تۈپتۈز بىر سايغا ئايلىنىپتۇ . ئۇ چاغلاردا تىراز ، ئىسپجاب ، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر بىنا قىلىنمىغان ئىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن بىنا قىلىنغان . ئۇ يەرلەردە چېدىرلاردا ياشايدىغان كۆچمەنلەر ھايات كەچۈرەتتى . خاقان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كېچىلەپ كېتىپ قالغاندا ، 22 كىشى ئۇلار بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇلاغ تاپالمىغانلىقتىن ، بالا - چاقىلىرى بىلەن شۇ يەردە قېلىپ قاپتۇ . مەن ئۇلارنىڭ ناملىرىنى كىتابنىڭ بېشىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدىم . ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ شۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم ، مەسىلەن ، «قىنىق» ، «سالغۇ» ۋە باشقىلار . بۇ 22 ئائىلە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىيادە بېرىش ياكى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا ، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىككى كىشى كەپتۇ . ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ بىللە ئىكەن . ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى دۈمبىلىرىگە ئارتىپ ، قوشۇننىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان ، ھارغان - ئاچقان ، ئېغىر يۈكنىڭ دەستىدىن تەرگە چۆمگەنىكەن . بۇ ئىككى ئائىلە قېپقالغان ھېلىقى 22 ئائىلىگە يولۇقۇپ ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ . 22 ئائىلىدە ئۇلارغا «ئەي ئادەملەر ، ھېلىقى ئادەم (زۇلقەرنەين) بىر يولۇچى ، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ ، بىزنىڭ يەرلەردە قېپقالمايدۇ ، ئۆتۈپ كېتىدۇ ، بىز بەربىر ئۆز يېرىمىزدە ئۆزىمىز قالىمىز» دەپتۇ . ئۇلار ئىككى ئائىلىگە تۈركچە «مۇشۇ

يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار » دەپتۇ . كېيىن ئۇلار «خالاچ » دەپ ئاتىلىپ قالغان ، خالاچلارنىڭ ئەسلى شۇ ، ئۇلار ئىككى قەبىلىدۇر .

زۇلقەرنەين كەتكەندىن كېيىن ، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىلىرىنى كۆرۈپ ، ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا بۇلار «تۈرك مانەند — تۈرككە ئوخشايدۇ » دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇلارغا بۈگۈنگە قەدەر نام بولۇپ قالغان .

تۈركمەن (تۈرك مانەند ) لەر ئەسلىدە 24 قەبىلىدۇر . لېكىن ئىككى قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان خالاچلار بەزى جەھەتتە ئۇلاردىن ئايرىم تۇرىدۇ . شۇڭا ئۇلار ئوغۇزلار قاتارىغا كىرمەيدۇ . بۇ سۆزنىڭ ئەسلى شۇدۇر .

خاقان «شۇ » چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ . زۇلقەرنەين ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ . ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەينگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ ، زۇلقەرنەينمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ . توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەين ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ ، بۇ توقۇنۇش «ئالتۇنقان » دېگەن يەردە بولغانىكەن ، بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە «ئالتۇنخان » دەپ ئاتىلىدۇ . زۇلقەرنەين ئەنە شۇ يەردە خاقان (شۇ ) بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ . ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ ، زۇلقەرنەين چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن خاقان «شۇ » قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ . ئاندىن ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان «شۇ » شەھىرىنى سالدۇرۇپ ، ئۇ يەرگە بىر تىلسىم قۇردۇرىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە لەيلەكلەر ئۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ ، ئۇنىڭدىن ئۆچۈپ ئۆتەلمەيدۇ . تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ .

B . «ئۇيغۇر» ماددىسى

ئۇيغۇر : بىر ئەلنىڭ ئىسمى ، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار . بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەين تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن .

ماڭا مۇھەممەت چاقىرتونقاغان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل تۇغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى : زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا ، تۈرك خاقانى «شۇ» ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەنىكەن . ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىنىنىڭ قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن . ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا ، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن . زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن ، بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلمايدۇ ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ . شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل «خۇزخور» دەپ ئاتىلىپتۇ ، كېيىن «خ» ھەرپى «ا» غا ئالماشقان . مۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئالمىشىشى ، بولۇپمۇ «ا» نىڭ «خ» غا ، «خ» نىڭ «غ» ۋە «ا» غا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە . مۇشۇ كىتابنى يازغان مەھمۇد ئېيتىدۇكى ، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ «خەمىر» دېيىلىشى شۇنىڭدىن كەلگەن . چۈنكى ئوغۇزلار «ئەمىر» دېيىلمەي ، «ا» نى «خ» غا ئالماشتۇرۇپ «خەمىر» دەيدۇ ، شۇڭا تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇزلىرىدىن ئالغان بوۋىمىزنى «خەمىر تەگىن» دەپ ئاتايدۇ . خۇددى «ئۇيغۇر» سۆزىدە كۆرسەتكىنىدەك ، بۇ يەردە «ا» ھەرپى «خ» غا ئالماشقان ، «خ» ھەرپى «ا» غا ئالمىشىش بىلەن بىللە «خۇز» سۆزىدىكى «ز» ھەرپىمۇ «ي - يا» غا ئالماشقان . بۇ «ز» ھەرپىنىڭ «ي» غا ئالمىشىشى تۈپ قائىدە .

شۇنىڭدىن كېيىن «خۇر» سۆزىدىكى «خ» ھەرپى «غ» غا ئالماشقان. «غ» نىڭ «خ» غا، «خ» نىڭ «غ» غا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. ئۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كىشىلەر، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇ. بۇ شەھەرلەر:
1. سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان 2. قوجو. 3. چانبالىق. 4. بېشبالىق. 5. ياڭى بالىق.

C. «ئۆگە» ماددىسى

ئۆگە — تەجرىبىلىك، ئەقىللىق، كاداڭ، ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان قېرى ـ سال كىشىلەرگە بېرىلگەن، تېگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق. بۇ سۆز مۇنداق كېلىپ چىققان: زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى «شۇ» ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. خاقانىنىڭ ۋەزىرى: «سىز زۇلقەرنەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى» دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى «ئۆگە» سۆزىنى قوللىنىپ «ئۆگەنىمۇ» دېگەن. ۋەزىر «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خاقان سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىننىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغانىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالىرى قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن، ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىدىن: «بۇ نېمە؟» دەپ سوراشقاندا، ئۇلار: «ئالتۇنقان» دېيىشكەن. شۇڭا شۇ جايدىكى

چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان . ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى . زۇلقەرنەين كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھ تۈزگەن .

مۇلاھىزە :

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تەسۋىرلەنگەن يۇقىرىقى ئۈچ ماددىدا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئوغۇز (ئۇيغۇر ) لارنىڭ تارىخىي داستانى «شۇ» ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ يىپ ئۇچى بار . بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن :

1 . بۇ ئۈچ ماددىنىڭ سۇژىت لىنىيىسى بىر بولۇپ ، مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان . بۇ ئۈچ ماددىدا بىردەك زۇلقەرنەيننىڭ نامى زىكرى قىلىنىدۇ . بۇ شەخس — ماكىدۇنىيىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى كىرالى (پادىشاھ ) ئىسكەندەر ماكىدۇنىسكىي بولۇپ ، شەرقلىقلەر تەرىپىدىن سۈپەتلىنىپ «زۇلقەرنەين» (ئەرەبچە ، زۇ — ئىگە ، قەرىن — تەرەپ ، تامان ، دۇنيانىڭ ھەر ئىككى ئۇچى ، ئەين — ئىگىلىك قوشۇمچىسى ، تولۇق مەنىسى «دۇنيانىڭ ئىككىلا تەرىپىنىڭ ئىگىسى» دېمەكتۇر ) ئاتالغان . بۇ داستاننىڭ ئاساسىي مۇتىفى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 330 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 327 ـ يىللارغىچە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان باسمىچىلىق يۈرۈشىنى ئەسلىتىدۇ ۋە شۇ تارىخ بىلەن باغلىنىدۇ .

مىلادىيەدىن بۇرۇن 7 ـ ئەسىردە قۇرۇلغان ئىران ئاخمانىيلار خانلىقىنىڭ باسقۇنچىلىق سىياسىتىگە قارشى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرگىچە 300 يىل داۋام قىلدى . بولۇپمۇ ئاخمانىيلار خانلىقىنىڭ زالىم ھۆكۈمدارى دارا I (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 522 ـ ~ 484 ـ يىللار ) دەۋرىدە

باسمىچىلىققا قارشى كۆرەش تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى . شۇنداق بىر جىددىي ۋەزىيەتتە يۇنان ھۆكۈمدارى فەيلاقۇس تەربىيىسىدە ئۆسكەن ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەر ئۈچ مىڭ پىيادە ۋە بەش مىڭ ئاتلىق قوشۇن دارا I بىلەن ئېلىشىپ ، ئاخمانىيلار ئىمپېرىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 331 - يىلى ئەجەم يۇرتلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ ئاخمانىيلار خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئاخمانىيلار ئىشغالىيىتىدىكى تۈرك ئوغۇز يۇرتلىرىغا يۈرۈش قىلىپ ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 329 - يىلى ناۋتاكا ( ؟ ) ۋە ماراكەنت (سەمەرقەنت ) قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، ئوغۇز زېمىنلىرىغا قاراپ كېڭىيىدۇ . تۈرك خانى «شۇ» زۇلقەرنەيننىڭ ھەدەپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىغا قارشى تەدبىر قوللىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مەخپىي ھالدا خوجەند دەرياسى ۋادىسىغا 40 نەپەر چارلىغۇچى ئەۋەتىدۇ . چارلىغۇچىلار زۇلقەرنەيننىڭ خوجەند دەرياسىنىڭ بۇ قېتىغا بېسىپ كىرگەنلىكى ھەققىدە كېچىسى كېلىپ «شۇ» خاقانغا ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ . بۇ مەلۇماتقا ئاساسەن ، ئىسكەندەر دەۋرىدە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 330 - يىللار ) تۈرك يۇرتلىرى سەمەرقەنتتىن باشلىنىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ . سەيھۇن دەريا بويلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خوجەند ۋادىسى ، پەرغانە ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۈرك يۇرتلىرى «شۇ» خاقانىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوردىسى سەيھۇن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىدى . بۇ رايونلاردا ياشايدىغان تۈرك - ئوغۇز قەبىلىلىرى تېخى شەھەرلەشمىگەن بولۇپ ، چېدىرلاردا كۆچمەن ھالەتتە ياشاۋاتقان ئىدى . ئىسكەندەرنىڭ سەيھۇن دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان «شۇ» خاقان بىر كىچىدىلا ئوردىگاھىنى يۆتكەپ ، ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شەرققە قاراپ ۋاقىتلىق چېكىنىدۇ (رىۋايەتتە چىن ، يەنى جۇڭگو زېمىنى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن دېيىلىدۇ ) . بۇ خاتىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، تىراز ، ئىسپىجاپ ، بالاساغۇن ،

سەمەرقەنت قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۈيۈك شەھەرلەر ئۇ دەۋردە تېخى بىنا بولمىغان ئىدى . ئۇ شەھەرلەر ئاشۇ ئېھتىياج بىلەن ئىسكەندەر ئىستېلاسى دەۋرىدە قۇرۇلغانلىقى مەلۇم .

شۇنداق قىلىپ «شۇ» خاقان تەرەپدارلىرى چېكىنگەندىن كېيىن ، ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ، ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن «ئالتۇنقان» (ئالتۇنتاغ) دېگەن يەردە ئىككى تەرەپنىڭ چارلىغۇچى قوشۇنلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ . نەتىجىدە زۇلقەرنەيننىڭ چارلىغۇچى قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ ، شۇ يەردە «شۇ» خاقان بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ . سۈلھىگە ئاساسەن زۇلقەرنەين چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن ، خاقان «شۇ» قايتىپ كېلىپ بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ . ئاندىن بالاساغۇننىڭ يېنىدا ئۆز نامى بىلەن «شۇ» قەلئەسىنى بىنا قىلىدۇ . «شۇ» داستانىنىڭ ۋەقەلىكى شۇنىڭ بىلەن تۈگەللىنىدۇ . بىرىنچى نۇقتىدا بۇ داستاننىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغان دەۋردە پەيدا بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز .

2 . ئەھمىيەتلىك نۇقتا شۇكى ، داستانغا ئاساسلانغاندا ، «شۇ» خاقان مۈلكىي ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇرۇغ ـ جەمەتلىرى بىلەن شەرققە كۆچكەندە ، پەقەت 22 كىشى ئات ـ ئۇلاغلىرى بولمىغاچقا ، ئۇلار بىلەن بىللە كېتەلمىگەن ۋە ئائىلىلىرى بىلەن بىللە ، يۈك ـ تاقلىرىنى دۈمبىلىرىگە ئارتىپ ، پىيادە قوشۇننىڭ كەينىدىن ئىككى ئائىلە (ئۇلار «خالاچ» ياكى «قالاچ» دەپ ئاتالغان) مۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ، 24 ئائىلە بولىدۇ . مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ ھەقتە شۇنداق ئىزاھات بېرىدۇ . «مەن ئۇلارنىڭ ناملىرىنى كىتابنىڭ بېشىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندىم ، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ شۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتكەندىم .» ئۇلار ئەنە شۇ 22 ئۇرۇقنىڭ ئۆزىدۇر . بۇ رىۋايەت ئىككى خىل شەكىلدە مۇلاھىزە قىلىنىشى مۇمكىن .

بىرىنچى ئېھتىماللىققا ئاساسەن ، «شۇ» غا قېتىلماي ئورنىدا قالغان 22 ئائىلە ھەممە ئوغۇز يۇرتلىرىدىن بۇ 22 ئائىلە سېپىگە

قېتىلغان ئىككى خالاچ ئائىلىلىرى بىلەن بىللە جەمئىي 24 ئوغۇز ئۇرۇقىنى تەشكىل قىلغان. بۇ پەرەزنى قوبۇل قىلىش ناھايىتى قىيىن. چۈنكى ئوغۇزلارغا ئائىت بۇرۇنقى ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلىدىن تۆرەلگەنلەر ئوغۇز ئۇرۇقلىرىنى تەشكىل قىلغان. شۇڭا نوقۇل ھالدا، «شۇ» خاقانغا ئەگەشمەي ئورنىدا قالغان 22 ئائىلىدىن ئوغۇزلار شەكىللەنگەن دېيىش ئەقىلگە سىغمايدۇ.

مۇئەللىپ قۇۋۋەتلەيدىغان ئىككىنچى ئېھتىماللىق شۇكى، «شۇ» خاقاننىڭ چېكىنىش مەزگىلىدە ئۆز ئورنىدا قالغان 22 ئائىلە، داستاندا تەسۋىرلەنگەنگە ئوخشاش، چېكىنىشتە ئات ـ ئۇلاغلىرى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن نائىلاج يۇرتىدا قالغانلاردۇر. ئەگەر ئۇلار «شۇ» خاقانى ياقلىماي، ئۇلاردىن بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسا ئىدى، قەدىمكى ئۇرۇقچىلىق ھاياتىنىڭ مەنتىقسى بويىچە ئۇلارنىڭ ئوغۇز ئۇرۇقلىرىدىن ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن ئىدى.

بىزنىڭچە، داستاندا ئېيتىلغاندەك، شەرققە چېكىنىش (كۆچۈش) مەسىلىسىدە «شۇ» خاقان بىلەن ئوغۇز ئۇرۇقلىرى ئارىسىدا مەلۇم ئىختىلاپلار كۆرۈلگەن. بۇنى ئۇلارنىڭ ئىككى «خالاچ» ئائىلىسىگە قىلغان مۇنۇ خىتابىدىن كۆرگىلى بولىدۇ: «ئەي ئادەملەر، ھېلىقى ئادەم (زۇلقەرنەين) بىر يولۇچى، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ، بىزنىڭ يەرلەردە قېلىپ قالمايدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز بەرىبىر ئۆز يېرىمىزدە ئۆزىمىز قالىمىز» دەپتۇ. ئۇلار ئىككى ئائىلىگە تۇركچە «مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار» دەپتۇ. كېيىن ئۇلار «خالاچ» دەپ ئاتىلىپ قالغان، خالاچلارنىڭ ئەسلىي شۇ، ئۇلار ئىككى قەبىلىدۇر. («دىۋان» Ⅲ توم، 564 ـ — 568 ـ بەتلەر).

دېمەك، بۇ مەلۇماتلاز «شۇ» بىلەن بىللە چېكىنمەي قالغانلارنىڭمۇ ئوغۇز ئۇرۇقلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنداقلا ئىسكەندەر مەزگىلىدە، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرلەردە ئوغۇزلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3. بۇ داستان ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ

ئالاقىداردۇر . داستاننىڭ ئۆزىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ئوغۇزلار ئەسلىدە 22 ئۇرۇقتۇر . شۇڭا مەھمۇد كاشغەرى كىتابىدا ئاشۇ 22 ئۇرۇقنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن . ئىسكەندەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان مەزگىللىرىدە ئۇلارغا ئىككى قالاچلار قوشۇلۇپ ، 24 ئۇرۇق بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ . مەھمۇد كاشغەرى كىتابىدا ئىككى زىت پىكىر بار . بىرى ، «زۇلقەرنەين كەلگەندىن كېيىن ، بۇ ئادەملەرنىڭ (ئىككى خالاچنى دېمەكچى) ئۇزۇن چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىلىرىنى كۆرۈپ ، ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا بۇلار «تۈرك مانەند — تۈرككە ئوخشايدۇ» دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇلارغا بۈگۈنگە قەدەر نام بولۇپ قالغان . يەنە بىرى ، «تۈركمەنلەر ئەسلىدە 24 قەبىلىدۇر . لېكىن ئىككى قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان خالاچلار بەزى جەھەتتە ئۇلاردىن ئايرىم تۇرىدۇ . شۇڭا ئۇلار ئوغۇزلار قاتارىغا كىرمەيدۇ .» ئىنكارنى ئىنكار قىلىشتىن چىقىدىغان يەكۈن بويىچە قارىغاندا ، بۇ ئىككى زىت پىكىرنىڭ ماھىيىتىدە ئىككى قالاچ قەبىلىلىرىنىڭمۇ ئىسكەندەر دەۋرىدە تامامەن ئوغۇزلاشقانلىقى ۋە تارىخچى راشىددىننىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدىكى 24 ئوغۇز ئۇرۇقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى كۆرسىتىلىدۇ . دېمەك ، «دىۋان» دا كۆرسىتىلگەن ئىككى ئۇرۇق نەق ئىككى قالاچنىڭ ئۆزىدۇر ، شۇنداقلا بۇ ئىككىسى راشىددىننىڭ كىتابىدا كۆرسىتىلگەن يۇلتۇزخان (ئوغۇزخاننىڭ چوڭ خاتۇنىدىن بولغان ئۈچىنچى ئوغلى) نىڭ ئوغۇللىرىغا تەۋەدۇر .

ئوغۇز ئۇرۇقلىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «جامىئۇل تەۋارىخ» تىكى سېلىشتۇرما جەدۋىلى

| رەت نومۇرى | «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا | «جامىئۇل تەۋارىخ» تا | تەۋەلىكى |
|---|---|---|---|
| 1 | قىنىق | قايى | كۈنخاننىڭ ئوغلى |
| 2 | قايىغ | بايات | كۈنخاننىڭ ئوغلى |
| 3 | بايۇندۇر | ئالقاۋلى ئاۋۇل | كۈنخاننىڭ ئوغلى |
| 4 | ئىۋا - يىۋا | قارا ئاۋۇل | كۈنخاننىڭ ئوغلى |
| 5 | سالغۇر | يازىر | ئايخاننىڭ ئوغلى |
| 6 | ئافشار | دۆگەر | ئايخاننىڭ ئوغلى |
| 7 | بەكتىلى | دۇردورگا | ئايخاننىڭ ئوغلى |
| 8 | بۆگدۈر | ياپۇرلى | ئايخاننىڭ ئوغلى |
| 9 | بايات | ئاۋشار | يۇلتۇزخاننىڭ ئوغلى |
| 10 | يازغىر | قىزىق | يۇلتۇزخاننىڭ ئوغلى |
| 11 | ئەيمور | بەگدىلى | يۇلتۇزخاننىڭ ئوغلى |
| 12 | قارا بۆلۈك | قارچىن | يۇلتۇزخاننىڭ ئوغلى |
| 13 | ئالقا بۆلۈك | بایاندۇر | كۆكخاننىڭ ئوغلى |
| 14 | ئىگدىر | بەچەنە | كۆكخاننىڭ ئوغلى |
| 15 | ئورەگىر | چاۋۇلدۇر | كۆكخاننىڭ ئوغلى |
| 16 | تۇتۇرقا | چەپنى | كۆكخاننىڭ ئوغلى |
| 17 | ئولا يوندلۇغ | سالور | تاغخاننىڭ ئوغلى |
| 18 | تۆگەر | ئەيمۇر | تاغخاننىڭ ئوغلى |
| 19 | پەچەنەك | ئالايوتلۇ | تاغخاننىڭ ئوغلى |
| 20 | چوۋۇلدۇر | ئۈزۈگۈر | تاغخاننىڭ ئوغلى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 21 | چەبنى | يىگدىر | دېڭىزخاننىڭ ئوغلى |
| 22 | چارۇقلۇغ | بۈگدۈز | دېڭىزخاننىڭ ئوغلى |
| 23 | | يىۋا | دېڭىزخاننىڭ ئوغلى |
| 24 | | قىنىق | دېڭىزخاننىڭ ئوغلى |

بۇ جەدۋەلدىن قارىغاندا، راشىدىن «جامىئۇ تەۋارىخ» تا كۆرسەتكەن ئۇرۇقلار ياپارلى، قىزىق، قاراچىن قاتارلىق ئۈچ ئۇرۇق «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۆرسىتىلمىگەن. بۇنىڭغا تەڭداش «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى چارۇقلۇق «جامىئۇل تەۋارىخ» تا ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئېھتىمال ئىسىملاردىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت بولۇشى مۇمكىن.

4. بىرىنچىسى، «ئۇيغۇر» ۋە «ئۆگە» ماددىسىدا سۆزلەنگەن رىۋايەتلەرمۇ «شۇ» داستانىنىڭ پارچىسى سۈپىتىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئىسكەندەر ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتكەن خاقانىڭ دەل «شۇ» خاقان ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر. بۇ قوشۇن «قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىنىنىڭ قاناتلىرىغا ئوخشايدىغان، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتالايدىغان»، «باشقىلارغا موھتاج بولماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغان»، «قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان»، قەدىمكىي گرېك تەلەپپۇزىدا «خۇزخور» دەپ ئاتالغان «ئۇيغۇر» لاردىن تەشكىللەنگەن. بۇ رىۋايەت بىزگە «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنونىمنىڭ زۇلقەرنەين دەۋرىدىلا ھازىرقى تەلەپپۇزى بويىچە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پارچىدا تەكرار تىلغا ئېلىنغان «ئۇيغۇر ئېلى»، «ئالتۇنقان»

دېگەن جايلار «ئۇيغۇر» ماددىسىنىڭ ئاخىرىدا ساناپ ئۆتكەن بەش ئۇيغۇر شەھەر (سولمى — قاراشەھەر، قوچو — تۇرپان، چانبالىق — سانجى، بېشبالىق — جىمسار، گۇچۇڭ، ياڭى بالىق — ماناس ئەتراپلىرى) لىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ئېنىق.

بۇ ماددىدا ئىسمى ئاتالغان مۇھەممەت چاقىر تۇنقاخان قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بالاساغۇنغا ھاكىم بولغان تارىخىي شەخستۇر. دېمەك، يۇقىرىقى رىۋايەتلەر تارىخىي چىنلىققا يېقىن.

5. ئۇنداق بولسا، مەزكۇر داستاننىڭ باش قەھرىمانى «شۇ» زادى كىم؟ دېگەن مەسىلە بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بىز ھازىرغىچە «شۇ» خاقاننىڭ شەخسىيىتى ۋە تارىخىمىزدا ئۆتكەن قايسى رېئال شەخسنىڭ پروتوتىپى ھەققىدە «دىۋان» دىكى ئۈچ ماددىدىن باشقا ھېچقانداق ئۇچۇر مەنبەسىگە ئېرىشەلمىدۇق. شۇڭا ئۇنى پۈتۈنلەي خىيالىي ياساپ چىقىرىلغان ئەپسانىۋى ئوبراز دېيىشكىمۇ ياكى مەلۇم بىر تارىخىي شەخسنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۇرۇشكىمۇ ئامالسىزمىز.

شۇنىسى ئېنىقكى، داستان ژانىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە قارىغاندا، مەلۇم بىر داستاندىكى بىر قەھرىمان تارىختىكى بىرلا تارىخىي قەھرىماننىڭ ئۆزىگىلا تەڭ بولمايدۇ، بەلكى ئۆزىدىن بۇرۇن ياكى كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردىكى كۆپلىگەن تارىخىي قەھرىمانلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرۇپ ھەم رېئال، ھەم غايىۋى ئوبرازلارغا ئايلىنىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق ئېپوسلارغا ئوخشاش «شۇ» داستانىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. لېكىن «دىۋان» دىكى «شۇ» داستانىغا ئالاقىدار پارچىلاردا ئىپادىلەنگەن ۋەقەلىكلەرنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى خېلى يۇقىرى بولۇپ، مۇئەييەن تارىخىي قىممەتكە ئىگە. ئالايلۇق، زۇلقەرنەين بىلەن «شۇ» خاقان باشچىلىقىدىكى ئوغۇز قوۋملىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار ئەينى تارىخىي دەۋردە ماراكەند (سەمەرقەنت) لىكلەرنىڭ ئىستېداتلىق

سەركەردىسى سىپتامىنىنىڭ ئىسكەندەر باسقۇنچىلىقىغا قارشى مەردانە كۆرەشلىرىنى ئەسلەتسە، ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرلەردىلا 24 ئوغۇز ئۇرۇقلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇلارغا «شۇ» خاقان يېتەكچىلىك قىلغانلىقى، «شۇ» خاقانىنىڭ شەرققە يۈرۈشى، ئوغۇز ئۇرۇقلىرىنىڭ ئاخىرىدا «خۇزخور» ياكى «ئۇيغۇر» ئېتنونىمى بىلەن ئاتىلىشى، ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىنا قىلىنىشى، «ئالتۇنقان» (ئالتۇن خان) نىڭ تەكرار تىلغا ئېلىنىشى («ئوغۇزنامە» داستانىدا «ئالتۇنقان» تىلغا ئېلىنغان)... قاتارلىق پاراللېل سۇژېتلار ئوغۇزخاقانىنى ئەسلىتىدۇ. شۇڭا مەزكۇر داستانىنىڭ قەھرىمانى «شۇ» نى ئوغۇزخان ۋە ياكى ئۇنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ، جۈملىدىن، ئىسكەندەر باسقۇنچىلىقىغا قارشى مەردانە كۆرەشكە ئاتلانغان كونكرېت تارىخىي شەخس — سەمەرقەنتلىك سىپتامىن بولۇشى مۇمكىن دەپ تەخمىنلەشكىمۇ بولىدۇ.

ئىش قىلىپ، «شۇ» داستانى «ئالپ ئەر تۇڭا»، «ئوغۇزنامە» قاتارلىق يىرىك داستانلار تۈركۈمىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە تارىختىن كۆپ ئىلگىرىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرلەرگە بېرىپ تۇتىشىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر.

ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، بىز بۇ چەكلىك سەھىپىمىزدە قەشقەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىدىن بىر قەدەر تىپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئالتە تۈرنى تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلەندۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تېپىشماقلار، بالىلار ئويۇنلىرى، ئەلنەغمە تىياتىرلىرى ۋە ئۇنىۋېرسال تەرمىلەر قاتارلىق ئالاھىدە تۈرلەرمۇ قەشقەر رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ تۈرلەر ئىچىدىكى بەزىلىرىنىڭ سەنئەت ۋە ھەرىكەت تۈسى ئىنتايىن قويۇق بولغاچقا، كېيىنكى مۇناسىۋەتلىك بابلاردا ئايرىم توختىلىمىز.

## قوشۇمچە ماتېرىيال I

### قەشقەر رايونىدىكى خەلق ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ تىزىملىك جەدۋىلى
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

| ئالاھىدىلىكى | يۇرتى | ياشىغان يىلى | ئىسىم - فامىلىسى | رەت نومۇرى |
|---|---|---|---|---|
| توپلاپ رەتلىگۈچى | قەشقەر كونىشەھەر | 19 - ئەسىر | ئاشۇراخۇن غېرىبى | 1 |
| چۆچەكچى | قاغىلىق ناھىيىسى | 1928 - يىل | ئابدۇرېھىم ھېيت | 2 |
| داستانچى | يېڭىسار ناھىيىسى | 1939 — 1986 | ئابدۇرېھىم ئىسمايىل | 3 |
| لەتىپە، يۇمۇرچى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 1925 — 1988 | ئابلىزخان مەسۇم | 4 |
| قوشاقچى | مارالبېشى ناھىيىسى | 1938 - | ئابلەت زېرىپ | 5 |
| قوشاقچى | مارالبېشى ناھىيىسى | 1926 - | ئالماس ئابدۇللايوف | 6 |
| داستانچى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 1896 — 1971 | ئاۋۇت راۋاب | 7 |
| قوشاقچى | مەكىت ناھىيىسى | 1902 - | ئايىمخان مېھمان | 8 |
| توپلاپ رەتلىگۈچى | قەشقەر شەھىرى | 1943 - | ئابدۇرېھىم ساۋۇت | 9 |
| توپلاپ رەتلىگۈچى | قەشقەر شەھىرى | 1941 - | ئابدۇكېرىم رەھمان | 10 |
| لەتىپىچى | قاغىلىق ناھىيىسى | 1951 - | ئابدۇللا ئوسمان | 11 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 12 | ئەھمەت ھاجىبەگ ۋاپاتى | 15 ـ ئەسىر | قەشقەر شەھىرى | داستانچى ، قوشاقچى |
| 13 | ئەمەت باۋۇدۇن | 1912 — 1976 | قەشقەر شەھىرى | داستانچى |
| 14 | ئىيسا مىراب | 18 ـ ئەسىر | مارالبېشى ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 15 | ئەمەت ئۆمەر | 1916 — 1987 | قەشقەر شەھىرى | لەتىپە ، يۇمۇرچى |
| 16 | باقى راۋاب | 1835 — 1915 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى ، ناخشىچى |
| 17 | باۋۇدۇن يۈسۈپ | 1818 — 1984 | پەيزاۋات ناھىيىسى | لەتىپىچى |
| 18 | بايز ساتار | 18 ـ ئەسىر | يېڭىسار ناھىيىسى | داستانچى |
| 19 | تاشۋاي | 1864 — 1898 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | داستانچى ، قوشاقچى |
| 20 | تاشاخۇن | 1909 — 1974 | يوپۇرغا ناھىيىسى | لەتىپىچى |
| 21 | توختىيار قالۇن | 1881 — 1956 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | داستانچى |
| 22 | تۇراخۇن | 1844 ـ | يېڭىشەھەر ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 23 | تۇردىخان ئىسلام | 1922 — 1974 | يەكەن ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 24 | تۇردى شەيخ | 1775 — 1850 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى |
| 25 | تۇرغۇن موللا | 1890 — 1984 | يېڭىسار ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 26 | تۇرغۇن مۆمىن | 1949 ـ | يېڭىسار ناھىيىسى | قوشاقچى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 27 | خەيرىنسا توختى | 1825 ـ | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 28 | خەلچىخان مەمتىلى | 1946 ـ | پوسكام ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 29 | روزەك باشى | 1872 — 1942 | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 30 | روزەك باشى | 1905 — 1978 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى ، ئەلنەغمىچى |
| 31 | روزى قادىر | 1925 ـ | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | توپلاپ رەتلىگۈچى |
| 32 | رازىيە قادىر | 1948 ـ | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 33 | ساۋۇراخۇن ناقىس | 1843 — 1922 | يېڭىسار ناھىيىسى | لەتىپىچى |
| 34 | سالاھىدىن بەگ | 1820 — 1913 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى |
| 35 | سابىرجان سېيىت | 1967 ـ | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | توپلاپ رەتلىگۈچى |
| 36 | ساۋۇت داۋۇت | 1943 ـ | يەكەن ناھىيىسى | توپلاپ رەتلىگۈچى |
| 37 | سايىت تىلەب | 1916 ـ ؟ | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 38 | سەلەي چاققان | 1790 — 1850 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | لەتىپىچى |
| 39 | سېيىت نوچى | 1875 — 1923 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 40 | سىدىق راشىدىن | 1976 — 1909 | مارالبېشى ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 41 | سېيىت زۇنۇن | 2001 — 1931 | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | توپلاپ رەتلىگۈچى |
| 42 | شاھ ھەسەن | 1959 — 1880 | قەشقەر شەھىرى | داستانچى |
| 43 | شېرىپ خۇشتار | 1922 ـ | قەشقەر شەھىرى | توپلاپ رەتلىگۈچى |
| 44 | خوجا ياقۇپ ياركەندى | 19 ـ ئەسىر | يەكەن | داستانچى |
| 45 | خوجا ئابدۇراخمان | 1987 — 1914 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 46 | قىدىرخان ياركەندى | 1575 ـ 1500 | يەكەن ناھىيىسى | داستانچى ، قوشاقچى |
| 47 | قاسىم تۇردى | 1951 — 1889 | قەشقەر شەھىرى | قوشاقچى |
| 48 | قەمىردىن كېرىم | 1988 — 1927 | يەكەن ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 49 | قادىر بۇلاق | 2004 — 1935 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 50 | قۇۋان ئىمىن مەزىن | 1908 ـ | يوپۇرغا ناھىيىسى | قوشاقچى |
| 51 | قادىر مەخسۇت | 1929 ـ | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | داستانچى |
| 52 | كېرىم ئېلى | 1978 — 1897 | پەيزاۋات ناھىيىسى | لەتىپىچى |
| 53 | موللا مۇھەممەت تۆمۈر | 19 ـ ئەسىر | قەشقەر شەھىرى | داستانچى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تۇپلاپ رەتلىگۈچى | قەشقەر شەھىرى | 1725 — 1850 | مۇھەممەت سادىق كاشغەرى | 54 |
| لەتىپىچى | قەشقەر شەھىرى | 19 - ئەسىر | موللا مەتيار خەلپىتىم | 55 |
| تۇپلاپ رەتلىگۈچى | قەشقەر شەھىرى | 19 - ئەسىر | موللامىرسالىھ قەشقەرى | 56 |
| تۇپلاپ رەتلىگۈچى | قەشقەر شەھىرى | 19 - ئەسىر باشلىرى | موللا ھاجى | 57 |
| قوشاقچى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 1919 - | مۇھەممەت راخمان | 58 |
| تۇپلاپ رەتلىگۈچى | قەشقەر شەھىرى | 1924 - 2008 | مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم | 59 |
| قوشاقچى | پەيزاۋات ناھىيىسى | 1915 - | مۇھەممەت يۈسۈپ | 60 |
| داستانچى | قەشقەر شەھىرى | 1914 - | مۆمىنجان قارىم | 61 |
| داستانچى | قەشقەر شەھىرى | 1878 — 1964 | نۇراجىم | 62 |
| تۇپلاپ رەتلىگۈچى | يەكەن ناھىيىسى | 1946 - | نېمىتۇللا ئەبەيدۇللا ھاجىم | 63 |
| داستانچى | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 1840 - | ھۆسىينخان پەيزى | 64 |
| داستانچى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 1885 — 1949 | ھاجى ئەلنەغمە | 65 |
| تۇپلاپ رەتلىگۈچى | قەشقەر شەھىرى | 1942 - | ھاجى ئەھمەد كۆلتېكىن | 66 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قوشاقچى ، داستانچى | قەشقەر شەھىرى | 1720 — 1792 | ھېلىم توختى | 67 |
| داستانچى | يەكەن ناھىيىسى | 19 - ئەسىر | ئۆمەر باقى يەركەندى | 68 |
| توپلاپ رەتلىگۈچى | قەشقەر شەھىرى | 1920 — 1994 | ئوسمان قاسىم | 69 |
| لەتىپىچى | پەيزاۋات ناھىيىسى | 1891 — 1981 | ئىشقىيار | 70 |
| توپلاپ رەتلىگۈچى | پوسكام ناھىيىسى | 1940 - | ئىمىنجان ئاۋۇت | 71 |
| قوشاقچى ، شائىر | يەكەن ناھىيىسى | 19 - ئەسىر | ئىبراھىم مەشھۇرى | 72 |
| توپلاپ رەتلىگۈچى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 1927 - | ئىسمايىل ئىبراھىم | 73 |
| داستانچى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 1910 — 1978 | يۈسۈپ قادىرخان | 74 |
| داستانچى ، قوشاقچى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 1927 - | تۇرسۇن بارات | 75 |
| قوشاقچى ، ئەلنەغمىچى | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 1934 | توختى مۇھەممەت | 76 |

# Ⅲ باب قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى سەنئىتى

## 1 § . ئەل ئىچى گۈزەل سەنئىتى

«قەشقەر» نىڭ ئەسلىدىكى تەلەپپۇزى «كاشىغەر» بولۇپ، بۇ نامنىڭ ئېتمولوگىيىلىك مەنىسى «كاھىشلىق (سىرلىق خىش) شەھەر (جاي)» دېمەكتۇر. يەنە «قەشقەر» دېگەن نامدىكى «قاش» سۆزىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قاشتېشى» غا باغلاپ، «قاشتېشى شەھىرى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دېگۈچىلەرمۇ بار. يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىل مەنە ماھىيەت جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ سىمۋوللۇق نام ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ كاھىش ياكى قاشتېشىدەك گۈزەل بولغانلىقىغا تەققاسلانغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، قەشقەر ئەسلىدە ئىسمى جىسمىغا لايىق «يېشىل مەرۋايىت» تەك گۈزەل جاي بولۇپ، بۇ جايدا ياشىغۇچى خەلقلەر قەدىمدىن تارتىپ گۈزەللىككە تەلپۈنىدىغان ۋە گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە.

بىز تۆۋەندە قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى گۈزەل سەنئىتىگە ئائىت كونكرېت مەزمۇنلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 1 . رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى

قەشقەرنىڭ رەسساملىق سەنئەت ئەنئەنىسى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە جايلاشقان «توققۇزھۇجرا بۇددا مىڭئۆيى، (خاڭدى يېزىسى 8 ـ كەنت تەۋەلىكىدە)» «مورا

بۇددا ئىبادەتخانىسى» (بەشكېرەم يېزىسى كەپتەرخانا كەنتى) ، «توققۇز قازناق بۇددا ئىبادەتخانىسى» (ئوپال يېزىسى موللام بېغى كەنتى) ، «مىڭيول بۇددا مۇنارىسى ئىزى (مۇش يېزىسى مىڭيول كەنتى) ، قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى «چىپان مىڭئۆيى» (چىپان يېزىسى 8 ـ كەنتى) ، «ئازغانسال قىيا تاش سۈرەتلىرى» (چىپان يېزىسى ئازغانسال كەنتى) ، «سېغىزيار قىيا تاش سۈرەتلىرى» (كۆكيار يېزىسى پوسا كەنتى) ، مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى «توققۇزساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسى (مارالبېشى 15 ـ تۇەن توققۇزساراي كەنتى) ، «تۇمشۇق بۇددا خارابىسى» (مارالبېشى 15 ـ تۇەن يېڭى مەھەللە كەنتى) ، «كوكولما بۇددا خارابىسى» (مارالبېشى 25 ـ تۇەن 1 ـ ليەن) ، تاشقورغان تەۋەلىكىدىكى «قەدىمكى تاش قەلئە» (تاشقورغان ناھىيە بازىرى) ، «شەيتان جىلغا قىيا تاش سۈرەتلىرى» (دەپتەر يېزا رەسسام كەنتى) ، «ئارسال قىيا تاش سۈرەتلىرى» (دەپتەر يېزا رەسسام كەنتى) ، «ئالقۇ يول قىيا تاش سۈرەتلىرى» (دەپتەر يېزا رەسسام كەنتى) ، «ئازىغال قىيا تاش سۈرەتلىرى» (دەپتەر يېزا رەسسام كەنتى) ، «باش ئەندىجۇن قىيا تاش سۈرەتلىرى» (دەپتەر يېزا رەسسام كەنتى) ، «تۆۋەنكى ئاق تېرەك قىيا تاش سۈرەتلىرى» (دەپتەر يېزا رەسسام كەنتى) ، «يۇقىرىقى كۆلېگدىر قىيا تاش سۈرەتلىرى» (دەپتەر يېزا رەسسام كەنتى) ، «ساھىبقىران قىيا تاش سۈرەتلىرى» (تاشقورغان يېزىسى قۇزغۇن كەنتى) . . . قاتارلىق قەدىمكى ئىزلارغا نۇرغۇنلىغان رەسىملەر چېكىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەبىئىي غارلارغا ، تاغ باغرىدىكى قىيالارغا ، چوڭ قورام تاشلارغا سىجاش ، چېكىش ، ئويۇش ئارقىلىق ئىشلەنگەن ھەرخىل مەزمۇندىكى ئىپتىدائىي سۈرەتلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تاشچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ . قەشقەر رايونىغا مىلادىيە 1 ـ ، 2 ـ ئەسىرلەردە

ھىندىستان ۋە كەشمىر ئارقىلىق بۇددا دىنى سىڭىپ كىرگەن بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ رايون بۇددىزمنىڭ شەرققە تارقىلىشىدىكى مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى . بۇددىزم دەۋرىدە قەشقەردە رەسساملىق ۋە ھەيكالتىراشلىق سەنئىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدى . چۈنكى بۇددا دىنى تەرىقىتى بۇتقا چوقۇنۇش ، جاندارلارغا چوقۇنۇشنى ئاساس قىلاتتى . شۇڭا بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ، راھىبلارنىڭ ئىستىقامەتخانىلىرى (بۇددا مىڭئۆيلىرى ) بۇددىزمغا ئائىت تەسۋىرىي سۈرەتلەر ۋە بۇرھاننىڭ قىياپىتى لاي ھەيكەللىرى بىلەن بېزىلاتتى ، ھەتتا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر بىر ئائىلىلەردىمۇ مەخسۇس بۇت تەكچىسى بولۇپ ، بۇ تەكچىلەرگە ئۆزلىرى ياسىۋالغان بۇتلارنى تىزىپ قوياتتى . ئەنە شۇ بۇددا دىنىنىڭ ئېتىقاد تەقەززاسى بىلەن رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق ئالاھىدە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ھەمدە كۆپلىگەن رەسساملار بارلىققا كەلگەن .

قەشقەر رايونىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىگە ئائىت مىڭئۆي رەسىملىرى ۋە بۇددا نوم ـ سۇترالىرىغا سىزىلغان قىستۇرما رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبى ئومۇمەن كۇچا مىڭئۆيلىرى ئۇسلۇبى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ ، قەندىھار رەسساملىق ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرى كۆرۈنەرلىك ئورۇندا تۇرىدۇ . لېكىن ئادەملەرنىڭ تەقى ـ تۇرقى ، پېرسوناژلارنىڭ چىرايى ، كىيىنىش شەكىللىرى ، رەسىملەرنىڭ رەڭ بىرىكمىلىرى ئۇيغۇرچە خاسلىققا ئىگە قىلىنغان . قەشقەردىكى ئۇيغۇر رەسساملارمۇ كۇچا ۋە دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆي رەسساملىرىغا ئوخشاش ، رەسىمدىكى كۆرۈنۈشلەرنى «كۆلەڭگە » ۋە قاپارتما نەقىش ئارقىلىق ستېرېئولۇق ئۇنۇم ھاسىل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن . رەڭ بېرىش سەنئىتىدىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ ، ئۇلار مۇتىدىل توق قىزىل رەڭنى ئاساس قىلىپ ، توق جىگەر رەڭدىن سۇس سېرىق رەڭگىچە بولغان

ئوخشاشمايدىغان ھەر خىل رەڭلەرنى يېشىل رەڭ بىلەن سۇس ھاۋارەڭگە قوشۇپ ئىشلەتكەن . ئادەملەرنىڭ چىرايى ئۇلارنىڭ ئورۇن ـ مەرتىۋىسى ۋە جىنسىغا قاراپ ناھايىتى ئەركىن ـ ئازادە ، ئوبرازلىق ۋە جانلىق سىزىلغان . دېمەك ، بۇددىزىم دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ رەسساملىق سەنئىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، رەسساملىق تېخنىكىسى جەھەتتە ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە . بۇ ھەقتە گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق تۈركولوگ ئاننا مارىيا ۋۇن گابائىن خانىم ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر رەسسامچىلىقى توغرىسىدا» ( «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىلى 4 ـ ۋە 5 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ) ناملىق ماقالىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن .

9 ـ ، 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن قەشقەرنىڭ رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان گۈزەل سەنئىتى ئىسلام مەدەنىيىتىگە ماس ھالدا ئۆزگىچە تۈسكە ئىگە بولدى ۋە تېخىمۇ نەپىسلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى . بۇرۇنقى بەزى مۇھاكىمىلەردە «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى رەسساملىق سەنئىتى زاۋاللىققا يۈزلەندى» دېگەندەك خاتا ھۆكۈملەر ئوتتۇرىغا چىققتى . دەرۋەقە ، ئىسلام ئەقىدىسىدە جانلىقلارنىڭ ، بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ، بۇتلارنى ياساش مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن رەسساملىق سەنئىتى ئومۇميۈزلۈك چەكلەنگەن ئەمەس . رەسساملىق سەنئىتىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ۋە تۈرى ناھايىتى كەڭ ، كۆپ خىل بولۇپ ، نوقۇل ئادەمنى سىزىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ . شۇڭا ئىسلام رەسسامچىلىقى گۈزەل تەبىئەتنى ئوبرازلىق سۈرەتلەشتەك ئۆزىگە خاس يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى ۋە مەزمۇن ، خاراكتېر جەھەتتىن تېخىمۇ كېڭەيدى . ئىسلامىيەتتىن كېيىن قەدىمكى بالىلارنىڭ ئورنىنى ھەيۋەتلىك گۈمبەز ، قەبرىلەر ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئورنىنى مەسچىتلەر ، بۇددا مىڭئۆيلىرىنىڭ

ئورنىنى خانئۆيلىرى ، ئوردا ـ سارايلار ۋە جانلىقلار ، بوت تەكچىلىرىنىڭ ئورنىنى نەپىس بويۇملار تىزىلىدىغان تەكچىلەر ۋە مېھرابلار ، بوددا مۇنارلىرىنىڭ ئورنىنى ئەزان ئېيتىدىغان پەشتاق ـ مۇنارلار . . . ئىگىلىدى . قەشقەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ دەۋرلەردە ئىسلام مېمارچىلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغان مەسچىت ـ مەدرىسلەر ، مازارلار ، خانىقا ـ تىلاۋەتخانىلار ، خانلارنىڭ ئوردا ـ سارايلىرى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ ، بۇ قۇرۇلۇشلار ئۆزىگە خاس گۈزەل سەنئەت بىلەن بېزەلدى . مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە قەشقەر رايونىدا مەسچىت تەخمىنەن 585 كە ، مەدرىس 375 كە ، خانىقا 849 غا يەتكەن . 40 مىڭچە نوپۇسقا ئىگە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىچىدە 621 مەسچىت ۋە مەدرىسە بىنا قىلىنغانلىقى مەلۇم . بۇ قۇرۇلۇشلار ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىشلەر ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئويما ۋە قاپارتما سۈرەتلىرى ، ھەر خىل نۇسخىدا يېزىلغان خۇش خەتلىك ئايەتلەر بىلەن بېزەلگەن . بولۇپمۇ بۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا گەۋدىلەنگەن قەشقەر نەققاشچىلىق سەنئىتى ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ . مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇر بولغان ھېيتگاھ جامەسى ، ئاپاق خوجا مازىرى ، ساچىيە مەدرىسىسى ، يەكەن ئالتۇن مەسچىت . . . قاتارلىق تىپىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ئويمانەقىشلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ يۈكسەك ماھارىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ (قەشقەرنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ھەققىدە كېيىنكى بابلاردا يەنە مەخسۇس توختىلىمىز ) .

دېمەك ، قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى رەسساملىق سەنئىتى ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، نەققاشچىلىق ، ئويمىكارلىقنى گەۋدە قىلغان ھالدا ، ھەر خىل گۈل ـ گىياھلارنى ، تارىم بوستانلىقىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى ، تاغ ـ

دەريالارنى ، هايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنى جانلىق ۋە ئوبرازلىق سىزىش ئاساس قىلىنغان . بۇ خىل سىزمىلار گېئومېتىرىك شەكىلدە گىرەلەشتۈرۈلۈپ ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان توقۇلما بۇيۇملىرىدا ، كىيىم ـ كېچەكلىرىدە ، ئالتۇن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىدا ، گىلەم ـ تەڭلىماتلىرىدا ، كۇلالچىلىق مەھسۇلاتلىرىدا ، كەشتىچىلىك ، مىسكەرچىلىك ، ساندۇقچىلىق ، تۆمۈرچىلىك ، پىچاقچىلىق ، ئېگەر ـ توقۇمچىلىق ، بىناكارلىق ، بېزەكچىلىك ، قەندىھارچىلىق . . . قاتارلىق يۈزلىگەن ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىدا جۇلالاندى . رەسساملىق سەنئىتى ئۇچۇن ئەڭ زۆرۈر ۋاستە بولغان رەڭ تېخنىكىسىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولۇپ ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ، قوپاللىقتىن نەپىسلىككە ، سىداملىقتىن ستېرېئولۇقا يۈزلەندى ۋە رەڭ تۈرلىرىنىڭ بىرىكىش گارمونىيىسى ئىلمىيلىشىپ ، كىشىلەردە روشەن ئېستېتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلىدىغان رەڭ ئۇسلۇبى بارلىققا كەلدى .

بۇ دەۋرلەردە ، بولۇپمۇ قەشقەر ۋە يەكەندە ئىسلام مىنياتورا (MENYATORA) لىق سەنئىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان . مىنياتورا ئاساسەن كىتاب ـ رىسالىلەرنىڭ ئىچىدىكى قىستۇرما رەسىملەرنىڭ خەلقئارا نامى بولۇپ ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بىر خىل رەسساملىق ژانىرى ھېسابلىنىدۇ . 18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەردە قەشقەر ۋە يەكەندە ھەر خىل مەزمۇندىكى كىتابلارنى چاپ ئېتىش ، كۆچۈرۈپ كۆپەيتىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ، بۇ كىتاب ـ رىسالىلەرنىڭ بەزىلىرىدە مىنياتورا رەسىملىرى ئۇچرايدۇ . بۇ مىنياتورىلارنىڭ بەزىلىرى رەڭلىك ، بەزىلىرى رەڭسىز سىزىلغان بولۇپ ، مەلۇم ھېكايىچانلىق تۈسى بار . ئۇنىڭدا كۆپرەك ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى سىزىش ئاساس قىلىنغان بولۇپ ، بۇ ئوبرازلار مەلۇم دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ۋە

ھەجۋىيلەشتۈرۈلگەن . ئادەملەرنىڭ ، ھايۋانات ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى تەسۋىرىي سىزىش ئاساس قىلىنغان بۇ مىنىياتورىلار «ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئادەم ۋە جاندارلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش مەنئى قىلىنغان» دېگەن قاراشنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

20 - ئەسىردىن باشلانغان ئىچكى - تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۈچىيىشى ، يېڭىچە مائارىپ ئوقۇتۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە قەشقەرنىڭ رەسساملىق سەنئىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى . 1981 - يىللىرى دىن تارقىتىش مەقسىتىدە شۋېت مىسسىئونېرلىرى قەشقەرگە كىردى . ئۇلار غەربچە دوختۇرخانا قۇرۇش ، مەكتەپ ئېچىش ئارقىلىق خەلقنى ئۆزىگە رام قىلماقچى بولدى . شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ، يېڭىسار ۋە يەكەندە مەكتەپ ئېچىپ بىر قىسىم يېتىم - يېسىر ئۇيغۇر بالىلىرىنى قوبۇل قىلدى . ئۇلار ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىنىڭ ئىچىدە رەسىم دەرسىمۇ تەسىس قىلىنغان ئىدى . 1924 - يىلى قەشقەردە ئومۇمىيۈزلۈك مىللىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ ، ئۇيۇشما قارىمىقىدا يېڭى مەكتەپلەر كۆپلەپ قۇرۇلدى . 1935 - يىللىرى قەشقەردە دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلدى . ئۇنىڭدا يېڭى پەنلەر قاتارىدا خۇش خەت ۋە رەسىم دەرسلىرى تەسىس قىلىنىپ ، بەلگىلىك دەرىجىدە رەسساملىق ماھارىتىنى ئىگىلىگەن بىر تۈركۈم تۇنجى ئۇيغۇر رەسساملىرى يېتىشىپ چىقتى . قەشقەر شەھەرلىك ئابدۇكېرىم مەمتىلى ، ئەمەت بەختى ، ئابلىمىت زۇنۇن . . . قاتارلىقلار 40 - يىللارنىڭ بېشىدا ئاددىي سامان قەغەز ياكى پاتلانغان رەختكە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان تەشۋىقات رەسىملىرىنى سىزىپ قەشقەر شەھەر رەستىلىرىدە كۆرگەزمە قىلىنىپ كېيىنكى ئەۋلاد رەسىم سەنئەتكارلىرىنىڭ يېتىلىشىگە يول ئاچقان .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، رەسساملىق سەنئىتىدىمۇ باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىغا ئېرىشىپ بىر تۈركۈم كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى رەسساملار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. يېڭى مەزمۇندىكى كۆپلىگەن رەسىملەر بارلىققا كەلدى. شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت رەسساملىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئابدۇكېرىم مەمتېلى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ قاتارلىق پرولېتارىيات داھىيلىرىنىڭ ئۆلچەملىك رەسىمىنى سىزغان. بۇ 1 ـ ئەۋلاد ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسام ئۆزۈنىڭچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ۋە 1953 ـ يىلى قۇرۇلغان قەشقەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە رەسىم ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. رەسسام، ھەيكەلتىراش ئابلىمىت زۇنۇن قەشقەر شەھەر خەلق باغچىسىغا لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ۋە لۇشۇنىنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ ئورناتقان. رەسسام ئەمەت بەختى ھەيۋەتلىك تۇلپارنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، ھېيتگاھ مەيدانىغا ئورناتقان. جۇڭگو رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەھمەد قەشقەردىكى ئەنە شۇ قويۇق رەسساملىق مۇھىتىدا ئۆسۈپ تەربىيىلەنگەن رەسىم پېشۋالىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر گۈزەل سەنئەت مائارىپچىسى غازى ئەھمەد ئۇيغۇر رەسسامچىلىقىنىڭ سەركىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئانا يۇرت قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى رېئال تۇرمۇشىغا تويۇنغان ئۆزگىچە خاسلىقتا ئىگە ئۇسلۇب بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ

ئادەتلىرىنى ، مۇقام ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل ماھارەتلىرىنى ، دىيارىمىزدا ياشىغان مەشھۇر ئالىملار ۋە تارىخىي شەخسلەرنى ، گۈزەل تاغ ـ دەريا ۋە يېزا ـ قىشلاقتىكى قايناق مەنزىرىلەرنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىپ ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا كۆرگەزمىلەرگە قويۇپ ، ئۇيغۇر رەسسامچىلىقىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى . ئۇنىڭ «مەھكىمە شەرئى» ، «جىنايى ھۆكۈم» ، «مۇقام» قاتارلىق دۇنياۋى تەسىر قوزغىغان ماي بوياق رەسىملىرى جۇڭگونىڭ نادىر رەسىملىرى قاتارىدا دۆلەتلىك مۇزېيدا مەڭگۈلۈك ساقلىنىدىغان ئەسەر بولۇپ تاللاندى . ئۇنىڭ قەشقەردىكى شاگىرتلىرىدىن مۇھەممەت ھېيت ، جورى قادىر ، خالىق داۋۇت ، تۇردى ئىمىن قاتارلىقلارنىڭ بىر تۈركۈم ماي بوياق ، جۇڭگوچە رەسىم ، دۇغ بوياق ۋە سۇ بوياق رەسىملىرى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق رەسىم كۆرگەزمىلىرىگە تاللىنىپ كۆپ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى .

1983 ـ يىلى قەشقەردە ۋىلايەتلىك رەسساملار جەمئىيىتى قۇرۇلدى . بۇ جەمئىيەت قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ ، ھەر يىلى قەرەلسىز ئىشتىن سىرتقى رەسساملارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ ، قەشقەر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساسلارنى ياراتتى ۋە كۆپ قېتىم ئىشتىن سىرتقى رەسساملارنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇردى . ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 42 نەپەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 29 نەپەر ، مەملىكەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىككى نەپەر . 1990 ـ يىلدىن كېيىن قەشقەردىكى ئىشتىن سىرتقى رەسساملارنىڭ 30 پارچە رەسىم ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى . قەشقەر ئەل ئىچى رەسساملىق

سەنئىتى توغرىسىدا سۆزلىگەندە مەكىت دېھقانلار رەسساملىق سەنئىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . مەكىت دېھقانلار رەسىملىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەل ئىچى رەسساملىق سەنئىتى ساھەسىدىكى بىردىنبىر ئۆلگىلىك تىپ بولۇپ ، 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا ئۇيغۇر گۈزەل سەنئەت بېغىدىكى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان بىر گۈل سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان .

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ — 70 ـ يىللىرىدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئەل ئىچى رەسساملىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ ، ئىشچىلار رەسىملىرى ، جەڭچىلەر رەسىملىرى ، بېلىقچىلار رەسىملىرى ۋە لۇشيەن ، جىنشيەن ، چىجياڭ قاتارلىق ناھىيىلەردە دېھقانلار رەسىملىرى بارلىققا كەلدى . مۇشۇنداق بىر چوڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ ئىلھامى ۋە تەسىرىدە ئەزەلدىن قويۇق سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان دولان يۇرتىدىمۇ «مەكىت دېھقانلار رەسىملىرى» بارلىققا كېلىپ ، رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان كۆچكە ئايلاندى ۋە مەملىكەت بويىچە گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى .

«مەكىت دېھقانلار رەسىملىرى» سەنئەتخۇمار دولانلىقلارنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغان ، سەنئەت ئىجادىيىتىگە باي ئۆزگىچە ئىجادىيەت روھىنى نامايان قىلىپ ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى مەكىت بوستانلىقىنىڭ پاختىچىلىقىنى ئاساس ، باغۋەنچىلىكنى قوشۇمچە قىلغان يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىپ ، ئۈچ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىدەك رېئاللىقنى ئىپادىلىدى . بۇ «مەكىت دېھقان رەسساملار ئائىلىسى» ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت

ئورگانلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشى ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارماقلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى ۋە توغرا يېتەكلىشى بىلەن پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ ھەم زورىيىپ ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . 30 نەچچە يىلدىن بۇيان قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى ۋە مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت سارىيى كۆپ قېتىم دېھقانلار رەسىملىرى ئىجادىيىتى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ ، دېھقان رەسساملىرىنىڭ رەسىم سىزىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە تەشكىللىدى . بۇنىڭ بىلەن مىڭ پارچىدىن ئارتۇق «مەكىت دېھقانلار رەسىملىرى» بارلىققا كەلدى . بۇنىڭ 600 نەچچە پارچىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەملىكەتلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك رەسىم كۆرگەزمىلىرىگە قاتناشتۇرۇلدى ، ھەتتا دېھقان رەسساملىرىنىڭ بىر قىسىم رەسىم ئەسەرلىرى چەت ئەللەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان رەسىم كۆرگەزمىلىرىگە تاللاندى . مەكىت دېھقان رەسساملىرىنىڭ 80 نەچچە پارچە رەسىمى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى . 160 نەچچە پارچىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى .

بۇ نەتىجىلەر ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت ، تەنتەربىيىدە ئىلغار ئورۇن بولغان داڭلىق مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئەسلىدىكى «مەشرەپ ـ مۇقام يۇرتى» دېگەن نامىنىڭ ئۈستىگە «خەلق رەسساملىرى يۇرتى» دېگەن گۈزەل نامنى قوشتى .

مەكىت دېھقان رەسساملىرى گەرچە ھازىرقى زامان رەسساملىق ئىلمىنى سىستېمىلىق ئۆگەنمىگەن بولسىمۇ ، ئۇلار ئەنئەنىۋى ئىپتىدائىي رەسىم سىزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ،

ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان . ئالدى بىلەن بۇ دېھقان رەسساملارنىڭ رەسىملىرى ھەممە كىشى ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان بىر خىل ئاسان ، ئۇنۇملۇك شەكىلگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى ناھايىتى قويۇق ، رەسىملەردىكى ئوبرازلار ناھايىتى ئەركىن ۋە جانلىق بولۇپ ، يوشۇرۇن ئېستېتىك تۈيغۇغا ئىگە .

مەكىت دېھقان رەسىملىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ ۋە ئاممىباب بولۇپ ، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى جەھەتتە ھەجۋىي ۋە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، رەڭ بېرىش جەھەتتىمۇ دېھقانچە ئاممىباپلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ ، «قانداق چىرايلىق بولسا شۇنداق رەڭ بېرىش» ئۇسۇلى بويىچە بېزەپ ، بىر خىل يوشۇرۇن سىتېرېئولۇق تۈيغۇ ھاسىل قىلىنغان ، بۇ ئارقىلىق «ئاددىيلىقنىڭ ئۆزى گۈزەللىك» ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان .

دېمەك ، مەكىت دېھقان رەسىملىرى ئەنئەنىۋى ئىپتىدائىيلىق بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى گۈزەل سەنئەت باغچىسى بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى سەرخىل گۈللەر كىشىلەرنى تەبىئەتكە تەلپۈندۈرىدۇ ، ئاددىي ـ ساددا ، ئەمما ساغلام ۋە جۇشقۇن بولغان دېھقانچە ھايات خاتىرىسىنى ئەسلەشكە يېتەكلەيدۇ .

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلغان «مەكىت دېھقانلار رەسىملىرى توپلىمى» بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر . بۇ توپلامغا جەمئىي 45 نەپەر دېھقان رەسسامنىڭ 109 پارچە تاللانغان رەسىملىرى كىرگۈزۈلگەن .

ئۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈش مۇمكىن :

| № | ئىسمى | تاللانغان رەسىم سانى | رەسىم نامى |
|---|---|---|---|
| 1 | رەھىم سېلىم | 21 پارچە | «خىسلەتلىك سەھەر» قاتارلىق |
| 2 | راخمان ھاپىز | 11 پارچە | «مول ھوسۇل» قاتارلىق |
| 3 | ئوسمان ئابلا | يەتتە پارچە | «چۆلدە بوستان» قاتارلىق |
| 4 | ئەركىن سېيىت | ئالتە پارچە | «ئوۋچى» قاتارلىق |
| 5 | ئىمىن ۋاپىت | ئالتە پارچە | «يىپ ئېگىرىش» قاتارلىق |
| 6 | ئىمىن پالتۇ | بەش پارچە | «ھۈنەرۋەن» قاتارلىق |
| 7 | ئامانگۈل راخمان | بەش پارچە | «قەدىناسلار» قاتارلىق |
| 8 | تۇرسۇن سىدىق | تۆت پارچە | «ئەجىر لەززىتى» قاتارلىق |
| 9 | ئۆمەر كېرىم | ئۈچ پارچە | «ئەپەندى ھېكايىسى» قاتارلىق |
| 10 | ئەركىن بەكرى | ئۈچ پارچە | «بەسلىشىش» قاتارلىق |
| 11 | رابىگۈل ئابدۇراخمان | ئۈچ پارچە | «چايخانىدا» قاتارلىق |
| 12 | تۇرەك قۇربان | ئىككى پارچە | «پىلە بېقىش» قاتارلىق |
| 13 | بېلىقىز ئوسمان | ئىككى پارچە | «غازاڭ يىغىش» قاتارلىق |
| 14 | ئېزىز ئوسمان | ئىككى پارچە | «مەشىق» قاتارلىق |
| 15 | ئەركىن ھېيىت | ئىككى پارچە | «بازار» قاتارلىق |
| 16 | ئەمەت قۇربان | ئۈچ پارچە | «خامان» قاتارلىق |
| 17 | گۆھەرنىسا | ئىككى پارچە | «پىلە بېقىش» قاتارلىق |
| 18 | ئوبۇل كېرىم | ئىككى پارچە | «ئاتا كەسپى» قاتارلىق |
| 19 | ئوسمان ھۈسىيىن | ئىككى پارچە | «كۆكۈل ئېچىش» قاتارلىق |
| 20 | گۈلنىسا مەخەت | ئىككى پارچە | «چېۋەر قول» قاتارلىق |
| 21 | روشەنگۈل نۇردىن | بىر پارچە | «پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئۈنۈمى» |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 22 | يالقۇنجان | بىر پارچە | «سارغايدى ئويناش» |
| 23 | ئەسقەرجان | بىر پارچە | «داپ مەستانىسى» |
| 24 | ئېلى تۇرسۇن | بىر پارچە | «باراڭ ئاستىدا» |
| 25 | ئوبۇل ئېزىز | بىر پارچە | «توخۇنىڭ كارامىتى» |
| 26 | ئىمىن غېنى | بىر پارچە | «ئىسسىق نان» |
| 27 | ئوسمان ئابدۇرېھىم | بىر پارچە | «ئوۋ ئوۋلاش» |
| 28 | ئېلى ئوسمان | بىر پارچە | «بېيىغان ئائىلە» |
| 29 | ئابباس ساۋۇت | بىر پارچە | «جىرىم تىكىش» |
| 30 | ياسىن رەمەت | بىر پارچە | «غوزا» |
| 31 | ھەسەن راخمان | بىر پارچە | «بېيىش يولى» |
| 32 | ئەسقەر ئىمىن | بىر پارچە | «يېڭى تۇمەن» |
| 33 | ئوسمان مۇھەممەت | بىر پارچە | «باقمىچىلىق ئائىلىسى» |
| 34 | ئالىمجان ئۆمەر | بىر پارچە | «ئوتۇنچى بوۋاي» |
| 35 | نۇر مۇھەممەت | بىر پارچە | «دېھقان ئائىلىسى» |
| 36 | ئابدۇسەمەت | بىر پارچە | «ئۆگىنىش» |
| 37 | مۇھەممەت يۇسۇپ | بىر پارچە | «دەم ئېلىش» |
| 38 | ئۆمەر راخمان | بىر پارچە | «پاختا سېتىۋېلىش» |
| 39 | تۇردى ئىسلام | بىر پارچە | «تۆمۈرچى» |
| 40 | نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن | بىر پارچە | «ھېيت كۈنى» |
| 41 | راخمان ھېيت | بىر پارچە | «قېتىق بازىرى» |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 42 | مەخەت ئامان | بىر پارچە | «بېلىق تۇتۇش» |
| 43 | قاسىم تاجى | بىر پارچە | «پادىچى» |
| 44 | ئابدۇمىجىت تۇرا | بىر پارچە | «ئۈزىتىش» |
| 45 | شېرىنگۇل | بىر پارچە | «دوپپا بازىرى» |

## 2 . خەتتاتلىق (خۇش خەت) سەنئىتى

مەلۇم بىر پارس شائىرىنىڭ ھۆسنخەت (خۇش خەت) توغرىسىدا يازغان مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىرى ئىسىمدە (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى) :

ھۆسنخەت شۇنچە گۈزەلدۇر نازىنىن دىلدارىدىن ،
ئايغا ئوخشاش يورۇتار كېچىنى ئەنۋارىدىن .
گۇل ئاچىلىپ يەتسە ۋاقتى بولىدۇ شۇئان خازان ،
خەت گۇلىستانى ھېمىشە كەتمىگەي گۇلزارىدىن .

دەرۋەقە ، ھۆسنخەت گۈزەل سەنئەت ئىچىدىكى ئەڭ جازىبىدار ، ئەڭ كۆركەم ، ئەڭ ئوبرازلىق ۋە ئەڭ جەلپكار سەنئەت تۇرىدۇر . ئۇ ئۆزىنىڭ رەڭدار تەسۋىرىي شەكلى ئارقىلىق مىللىي تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ كامالىتى ۋە زەكاۋىتىنى نامايان قىلىدۇ . شۇڭا ھەر قانداق بىر مىللىي تىل - يېزىق ئۆزىنىڭ قۇدرىتى ۋە شانۇشەۋكىتىنى ھۆسنخەتتىن ئىبارەت يېزىق سەنئىتىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدە ئۇسلۇبى ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ ۋە كۆرۈرمەنلەرگە چوڭقۇر ئىستېتىك تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ . دېمەك ، ھۆسنخەت مۇئەييەن بىر مىللىي يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ پاساھىتى ۋە بالاغىتى ھەمدە يېزىق تارىخىنىڭ تامغىسىدىن ئىبارەت .

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك ، ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ خىل يېزىق قوللانغان بولۇپ ، يېزىق تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن . ئۇيغۇر يېزىق تارىخىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماددىي ئاساسىغا دەلىل ـ ئىسپات بولىدىغان قەدىمكى مەڭگۈ تاشلار ئەدەبىياتىنىڭ پۈتۈكلىرى ئەنە شۇ ئۇيغۇر خەتتاتلىرىنىڭ چېۋەر قولىدا پۈتۈلگەنلىكى ھەممىگە ئايان . قىسقىسى ، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ھۆسنخەت سەنئىتىگە يۈكسەك ئېتىبار بەرگەن . تارىختا قۇرۇلغان ھەر قايسى ئۇيغۇر خانىدانلىقلىرىنىڭ خانلىق ئوردىسىدا مەخسۇس ھۆسنخەت ماھىرلىرىدىن تەركىب تاپقان بىتىكچىلەر (پۈتۈكچىلەر ) مەھكىمىسى بار بولۇپ ، ئۇلار ئوردا ۋەزىرلىرى بىلەن ئوخشاش ئىناۋەتكە مۇشەررەپ ئىدى . بولۇپمۇ ، ئىسلام مەدەنىيىتى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر ھۆسنخەت سەنئىتى تېخىمۇ تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى . بۇنداق دېيىشىمىزگە سەۋەب بولغان ئاساسلارنى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلاش مۇمكىن :

(1 ) ئەرەب ئېلىپبەسىنى مەنبە قىلغان يېزىقلار كىرىتىكلىك ۋە كىرىتىكسىز شەكىلدە تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى ئەسلىدىنلا ھۆسنخەت ئامىللىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان ئوبرازىي يېزىق ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ شەكلىدىكى نەققاشلىق فۇنكسىيە ئالاھىدىلىكلىرى باشقا يېزىقلارغا قارىغاندا كىشىلەرگە ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېغىشلايدىغان كۆركەم خەت نۇسخىلىرىنى يارىتىشقا ئەپلىك بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە قىلغان . يېزىق شەكلىنىڭ ئۆزىدىكى بۇ ئوبيېكتىپ ئالاھىدىلىك ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقلار (جۈملىدىن قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىقى ) دا ھۆسنخەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم تاشقى ئامىل ھېسابلىنىدۇ .

(2) ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئىسلام مەدەنىيىتى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. ئاللانىڭ ۋەھىدىن پۈتۈلگەن مۇقەددەس دەستۇر — «قۇرئان كەرىم» گە مۇتلەق ئەمەل قىلىش مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بىردىنبىر شەرتىگە ئايلاندى. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئەۋج ئالغان بۇتپەرەسلىك قەتئىي مەنئى قىلىنىپ، بۇت ـ ھەيكەللەرنى ياساش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇش قاتارلىقلار ئىسلام دىنىدا «گۇناھ» دەپ قارالدى. بۇنىڭ بىلەن بۇتلارنى سىزىش ئاساس قىلىنغان رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ ئورنىنى ئىسلام نەققاشچىلىق ۋە خۇش خەتچىلىك سەنئىتى ئىگىلىدى. مەسچىت ـ مەدرىسلەر، مازارلار، ئوردا ۋە قەلئەلەر، خانىقا ۋە سارايلار قاتارلىق ھەشەمەتلىك جامائەت سورۇنلىرى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ھەدىسلەرنى خىلمۇخىل ھۆسنخەت ئۇسلۇبلىرىدا پۈتۈش بىلەن بېزەلدى. ئىسلام بىناكارچىلىقىدىكى بۇ يېڭى ئۇسلۇب ھۆسنخەت سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلىدى.

(3) ئىسلام دىنى ھۆسنخەت سەنئىتىنى «رىزىقنىڭ ئاچقۇچى» دەپ قارايتتى. شۇ ۋەجىدىن ھۆسنخەت ئىلىم ـ پەننىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە مەدرىسە مائارىپىدا مەخسۇس ھۆسنخەت دەرسى تەسىس قىلىندى. شۇنداقلا ھۆسنخەت ماھارىتىنى ئىگىلەش ئەينى دەۋرلەردىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى، ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلارغا قويۇلغان ئاساسىي شەرتلەردىن بىرى بولغاچقا، ھۆسنخەت پۈتۈكچىلىكى جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىغا ئېرىشتى.

قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇڭا بۇ شەھەردە قاراخانىيلار

دەۋرىدىن باشلاپ «ساچىيە مەدرىسىسى» گە ئوخشاش كۆپلىگەن ئالىي بىلىم يۇرتلىرى قۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئالىملىرى تەربىيىلىنىپ يېتىلگەن .

«ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ توپلاشقان ماكانى» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بۇ شەھەردە يۇقىرىقىدەك ئىمكانىيەتلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلىپ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ھۆسنخەت نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن . مەسىلەن ، (1) تۇزخەت (دىۋان خېتى) نۇسخىسى ، (2) نەسخى خەت نۇسخىسى (بۇ نۇسخىنىڭ نەستەتلىق ، نەسخى سۇلۇس ، نەسخى جەللى ، نەسخى مەغرىبى قاتارلىق ۋارىيانتلىرىمۇ بار) ، (3) ئەسلىيەت خەت نۇسخىسى ، (4) رۇقئى خەت نۇسخىسى ، (5) تەئلىق خەت نۇسخىسى ، (6) كۇفى خەت نۇسخىسى ، (7) شەترەنجى كۇفى خەت نۇسخىسى ، (8) رەيھانى خەت نۇسخىسى ، (9) دىۋانى خەت نۇسخىسى ، (10) جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى ، (11) ئىجازەت خەت نۇسخىسى ، (12) سۇلۇس خەت نۇسخىسى ، (13) تۆۋئەم (قوشماق) خەت نۇسخىسى ، (14) تەسۋىرىي خەت نۇسخىسى ، (15) مەغرىبى خەت نۇسخىسى ، (16) كۇرد تەئلىق خەت نۇسخىسى قاتارلىق نۇسخىلار قەشقەردە تاكى ھازىرغىچە كەڭ قوللىنىلىپ كەلمەكتە . بۇ نۇسخىلار ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئۇيغۇر يېزىق ھەرپلىرىنىڭ يېزىلىش شەكلىدىكى رەڭدارلىقنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ گۈزەل كارتىنىسىنى ھاسىل قىلغان .

«ھۆسنخەت» ياكى «خۇش خەت» ئاتالغۇسى ئەرەب ـ پارس تىللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلامدىن كېيىن تىلىمىزغا سىڭگەن بولۇپ ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بىتىك» (پۈتۈك) خەتتاتلار «بىتىكچى» (پۈتۈكچى) دەپ ئاتىلاتتى . قانداق كىشىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى پۈتۈكچى بولالايدىغانلىقى ۋە پۈتۈكچىلەرنىڭ

جەمئىيەتتىكى ئورنى ھەققىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق يازغان :

2703 . بۇ بەگلەر ئىشىڭە تۇسۇلۇر كىشى ،
بۇ ئۇچ تۇرلۇگ ئول كۆر ئەي ئەلچى باشى .
(يەشمىسى : بۇ بەگلەر ئىشىگە يارامىلىق كىشى ،
ئېرۇر ئۇ ئۇچ خىل ، ئەي ئەل ـ يۇرت بېشى . )

2740 . بىرسى بىلىكىگە ئوقۇشلۇق بۆگۈ ،
تاقى بىر بىتىكچى تورۇز سۆزلەگۈ .
(يەشمىسى : بىلىملىك ، ئەقىللىق ، ھېكىمدۇر بىرى ،
بىرى خەتتات ، بەگنىڭ سۆزلىنەر سۆزى . )

2693 . بىتىكچى بىلىكلىگ ئۇقۇشلۇق كەرەك ،
خەتى ئۆز بەلاغەت تاقى ئەدگۈرەك .
(پۈتۈكچى بىلىملىك بولسۇن ئەقىللىق ،
خېتى ئۇز ، بالاغەتتە بەك يېقىملىق . )

2694 . بىتىكدە خەت ئۇز بولسا ئاچلۇر كۆڭۈل ،
ئۇقىغۇ كەلىر باقسا ئاۋنۇر كۆڭۈل .
(خېتى ئۆز يېزىلسا ، كۆڭۈل ئېچىلۇر ،
ئوقىغانچە ئاندىن كۆڭۈل ئاۋۇنۇر . )

2695 . بەلاغەت بىلە خەت تەڭەشسە قالى ،
ئەدى ئەدگۈ ياڭ بۇ بىتىك سۆز تىلى .
(بالاغەت بىلەن خەت ئەگەر تەك يۇرۇر ،
بۇ خەتنىڭ تىلى ياخشى بىر تىل بولۇر . )

2697 . قاموغ ئەدگۇ سۆزلەر بىتىكدە قالۇر ،
بىتىنمىش ئۇچۇن سۆز ئۇنۇتماز قالۇر .
(پۈتۈن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە بولۇر ،

پۈتۈلگەن ئۈچۈن سۆز ئۈنتۈلماي قالۇر . )

دېمەك ، «قۇتادغۇبىلىك» تە مەخسۇس بىر باب (ئوتتۇز تۆتىنچى باب ) پۈتۈكچىلەر (خەتتاتلار ) غا بېغىشلانغان بولۇپ ، بۇ بېيىتلاردا «ئەگەر بولساخان قانچە ئالىم ئۆزى ، كېرەكتۇر پۈتۈكچى بازارغا سۆزى »[1] دېگەندەك پۈتۈكچىلەر ئەل ئارىسىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان . «پۈتۈكچى قانداق بولۇشى لازىملىقى» ھەققىدىكى بۇ بايانلاردىن قارىغاندا ، ئەسەر مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك پۈتۈكچىسى (خەتتاتى ) دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن .

دەرۋەقە ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇن قاتلىمىدا «ئۇلۇغ ھاجىپ»لىق مەنسىپىگە مۇشەررەپ بولغۇچىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى «گۈزەل سەنئەتلىرىنى بىلىمىكى ، گۈزەل كىتابلارنى يازالىشى» دەپ كۆرسىتىلگەن . دېمەك ، ھۆسنخەت سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىلىم - پەن قارىشىدا مەرىپەتنىڭ كونكرېت بەلگىسى بولۇپ كەلگەن . بۇ ئەنئەنە كۆپ مەنبەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ۋە كۆزنىكى بولغان قەشقەردە تېخىمۇ جۇلالىنىپ تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولغان . ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ 1491 - يىلى يازغان «مەجالىسۇن نەفائىس» ( «گۈزەللەر يىغىلىشى» ) ناملىق بىئوگرافىك ئەسىرىدە 355 تىن ئارتۇق مەشھۇر ئالىم يازغۇچى ، شائىر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ھاياتى ، ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا ، خېلى كۆپچىلىكىنىڭ يەنە ھۆسنخەت ماھىرلىرىدىن ئىكەنلىكى مەلۇم .

مەخمۇت جۇراسنىڭ «تارىخى رەشىدىي (زەيلى )» ناملىق

---

[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ : «قۇتادغۇ بىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 1984 - يىلى نەشرى ، 965 - ، 4762 - بەتلەر .

تارىخى ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان (1484 — 1533) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلارمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق خەتتاتلىرىدىن ئىدى. مەخمۇت جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) ناملىق كىتابىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، «سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ... ھەركارۇ دىيارىدا بەمەسەلمانىدا ئىدى (تەگدىشى يوق ئىدى)، ئىلمى مۇسىقىدا ماھىر ئىدى، بەلكى مۇسەننىن ئىدى»، «... خۇش نەۋىس (چىرايلىق ھۆسنخەت يازغۇچى) ئىدى. پارس ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشتا كامىل شائىر ئىدى.»[1] شۇ سەۋەبتىن، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە مەرىپەت مەشئەلچىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھامىيلىقىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى قاتارىدا خەتتاتلىق سەنئىتىمۇ ئالاھىدە تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، مەشھۇر ھۆسنخەتچىلەر بىر قانچە يۈزگە، ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرى بىر نەچچە مىڭغا يەتكەن ئىدى. ئەنە شۇ خەتتاتلار ۋە تەرجىمانلار قولىدا كلاسسىك شەرق ئەدەبىياتىنىڭ سەرخىل نەمۇنىلىرى ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلۈپ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن قەشقەر دىيارىدا ئەۋج ئالغان «كىتابخانلىق مەشرىپى» نىڭ پائالىيەت تۈرلىرى ئىچىدە «بەھەس خۇشنەۋىس» (ئۆزئارا ھۆسنخەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش) نىڭ رەسمىيلىشىشىدىن قارىغاندا، قەشقەردە خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. قەشقەرنىڭ خەتتاتچىلىق تارىخىدا مەشھۇر شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى (1770 — 1848) مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. نىزارى بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ ھۆسنخەت سەنئىتىگە قىزىققان. ئۇ قەشقەردىكى

[1] «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 1987 ـ يىلى نەشرى، 227 ـ بەت.

ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان «خانلىق مەدرىسە» دە ئوقۇش جەريانىدا ئەرەب ، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىرلىكتە ، خەتتاتلىق سەنئىتىدىمۇ يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان . ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ 60 يىلىنى ئۆتكۈزگەن ، ئىجادىيەت ، خەتتاتلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ يوقسۇل شائىرنىڭ ھۆسنخەت قابىلىيىتى ۋە ئىستىداتى قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمرانى زوھورىدىن ھېكىمبەگنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1830 ـ يىلى 60 يېشىدا زوھورىدىن ھېكىمبەگ تەرىپىدىن قەشقەرنىڭ باش مىرزىلىقىغا تەيىنلەنگەن ھەمدە شائىر ئابدۇرەھىم نىزارى باشلىق بەش كىشىلىك دىۋانخانا (كاتىبات ئىشخانىسى ) قۇرۇلغان ، بۇ خىزمەتكە قويۇلغان ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن ئىمىر ھۆسەيىن سەبۇرى (19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان ) ، تۇردى نازىم غەرىبىي (1802 — 1862 ) ، نورۇزئاخۇن زىيائى (19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان ) قاتارلىق كاتىپلارمۇ زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئەدىبلىرى ۋە ئىستىدادلىق خەتتاتلىرى ئىدى . بۇنداق خەتتاتلىق ئەنئەنىسى قەشقەردە مۇقىم تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ، كۆپلىگەن كلاسسىك تارىخىي ۋە ئەدەبىي مىراسلىرىمىز قەشقەردىكى خۇشنەۋىس خەتتاتلار قولىدا كۆچۈرۈلگەن .

ھۆسنخەت ماھارىتىنى ئىگىلەش قەشقەردە يولغا قويۇلغان كونا (ئەنئەنىۋى مەدرىسە مائارىپى ) ۋە يېڭى (20 ـ ئەسىردىن باشلانغان زامانىۋى مائارىپ ) مائارىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىدە قەشقەر سەركەردىلىك رول ئويناپ كەلدى . قەشقەردە تەربىيىلەنگەن بىر قىسىم خەتتاتلىرىمىزنىڭ ماھارىتى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ ، ۋەتىنىمىزگە شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى . ئالايلۇق ، 20 ـ

ئەسىرنىڭ 30 ـ — 40 ـ يىللىرىدا قەشقەر شەھەرلىك ئۆلىما زىياۋىدىن مەخسۇم خەتتاتلىق سەنئىتىدە شىنجاڭ بويىچە داڭلىق چىقارغان . بۇ زات قەشقەرنىڭ سىمۋولى بولغان ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى ئۈستىدىكى تەۋەررۇك ۋىۋىسكىسىنىڭ خېتىنى تەئلىق خەت نۇسخىسىدا ئۆز قولى بىلەن يازغان .

ئۇ كىشى ئاشۇ يىللاردا خەتتاتلىق ئىلمى بويىچە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن . بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرپانلىق ھەسەن قارىي ، قەشقەر شەھىرى ئىچىدىن مەمتىمىن مەخسۇم ، ئاپاق خوجاملىق (ھەزرەت يېزىسى ) كىچىك ئىمىن . . . قاتارلىقلار بار .

داڭلىق ئۆلىما زىياۋىدىن مەخسۇم ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغان . شۇ يەردە بۇ زاتنىڭ كامالەتكە يەتكەن خەتتات ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ ، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ تەلەپ ۋە تەشەببۇسى بىلەن مەككىدە قېلىپ ، زىياۋىدىن مەخسۇم نامىدا مەخسۇس ئەرەب خەتتاتلىق مەكتىپى ئاچقان ھەمدە مەككە جامەسىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋىۋىسكىسىنى ئەرەبىي تەئلىق خەت نۇسخىسىدا ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن . بۇ زات 90 نەچچە يېشىدا مەككىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئوغلى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ، دادىسى نامىدىكى خەتتاتلىق مەكتىپىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقى مەلۇم .

دەرۋەقە ، خەتتاتلىق قەشقەر ۋىلايىتىدە بىر خىل ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت سۈپىتىدە تارىختىي ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىدە سەركەردىلىك رول ئويناپ كەلگەن . بۇ جەرياندا ناھايىتى كۆپ داڭلىق خەتتاتلار يېتىشىپ چىققان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە :

(1) مۇھەممەتئىمىن قارىي ئابدۇرېھىم

پېشقەدەم خەتتات، مۇھەممەتئىمىن قارىي 1927 - يىلى قەشقەر شەھىرى بۇلاقبېشى مەھەللىسىدە هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇھىم ئەدىب ئابدۇرېھىم هاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. يەتتە يېشىدا ھەزرەت كوچا بېشى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندىن باشلاپ، دادىسىنىڭ تەسىرىدە خەتتاتلىق سەنئىتىنى ئۆگىنىپ بۇ ساھەدە پۇختا ئاساس ياراتقان. 1966 - يىلى ھېيتگاھ جامەسى ئاخۇنۇم مۇنبىرىگە ئەرەبچە ھۆسنخەتلەرنى يېزىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ كۆركەم خەتلەر هازىرغىچە ساياھەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ تۇرماقتا. بۇ كىشى يەنە 1980 - يىلى كەسكەنيار مەسچىتىنىڭ تورۇسىغا سۇلۇس خەت نۇسخىسىدىكى ئەرەبچە خەتلەرنىمۇ يېزىپ بەرگەن. 1981 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئۇيۇشتۇرغان نەق مەيداندا ھۆسنخەتتىن ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا يازغان ھۆسنخەت ئەسىرى 2 - دەرىجىلىك ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1996 - يىلى قەشقەر شەھىرى خۇسۇسىي ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ھۆسنخەت كۆرگەزمىسىگە ئۇنىڭ 25 پارچە ھۆسنخەت ئەسىرى قاتناشتۇرۇلۇپ ئايرىم - ئايرىم هالدا 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

(2) غازى ئەھمەد ئەپەندى

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا نام - شۆھرەتكە ئېرىشكەن مەشھۇر رەسسام، جامائەت ئەربابى غازى ئەھمەد ئەپەندى 40 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ قەشقەر شەھىرى قوغان يېزىسىغا تەۋە قوشكۆل باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە دادىسى ئەھمەد قازىئاخۇنۇم (داڭلىق ئۆلىما، مەشھۇر جامائەت ئەربابى ۋە شائىر) نىڭ تەربىيىتىدە بالاخەتتات

بولۇپ يېتىشكەن . كېيىن قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا رەسساملىق سەنئىتىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش بىلەن بىللە ، قوشۇمچە خەتتاتلىق سەنئىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان . ئۇنىڭ ئەرەبچە يېزىلغان ھۆسنخەت ئەسەرلىرى فرانسىيە ، ئىران ، تۈركىيە ، مالايسىيە ، سىنگاپور ، تۇنىس ، كۇۋەيت قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆرگەزمىگە قويۇلغان . 2001 - يىلى كۇۋەيتتە نەشر قىلىنغان دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر خەتتاتلار تونۇشتۇرۇلغان چوڭ ھەجىملىك قامۇسقا غازى ئەھمەدنىڭ سۈرەتلىك تەرجىمىھالى ھەمدە ئىككى پارچە ھۆسنخەت ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن . ئۇنىڭ نۇرغۇن ھۆسنخەت ئەسەرلىرى مۇناسىۋەتلىك گېزىت - ژۇرناللاردا نەشر قىلىنغاندىن باشقا ، ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ مەسچىتى ، ئۇرۇمچى خانتەڭرى مەسچىتى ، بەيتۇلمەئمۇر (ياڭخاڭ ) مەسچىتلىرىنىڭ تاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئەرەبىي سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا يېزىپ بەرگەن . ئۇنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرى خۇددى ماي بوياق رەسىملىرىگە ئوخشاش ئەل ئىچىدە يۇقىرى شۆھرەتكە نائىل بولغان .

(3 ) مەجىد ياقۇپ

مەجىد ياقۇپ 1933 - يىلى قەشقەر شەھىرى ئەنجان كوچىسىدا تىكىمچى ياقۇۋاخۇن مۆمىن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرى ئاقسۇ كوناشەھەردە ئۆتكەن ۋە شۇ جايدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىن باشلاپ ھۆسنخەتكە ئىشتىياق باغلىغان . 1957 - يىلى قەشقەر يول ئاسراش - قۇرۇلۇش ئۇچاستىكىسىدا خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا ئۇنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتى تېخىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان . تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ 200 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت ئەسىرى «شىنجاڭ گېزىتى » ، «ئاقسۇ گېزىتى » ، «قەشقەر گېزىتى » ،

«شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن باشقا، قەشقەر يول ئاسراش - قۇرۇلۇش ئۆچاستىكىسىدا ئىلىپ بېرىلغان تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئۈچۈن هۆسنخەت يېزىپ بېرىپ كىشىلەرنىڭ ياخشى باهاسىغا ئېرىشكەن هەمدە بىر نەچچە قېتىم ئاپتونوم رايون، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن هۆسنخەت مۇسابىقىلىرىدە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك ئەسەر مۇكاپاتلىرىغا نائىل بولغان. خەتتات مەجىد ياقۇپ هازىر ياشانغىنىغا قارىماي ئائىلىسىدە هۆسنخەت ئىجادىيىتى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ.

(4) ئەهمەد خاقانى

خەتتات، تېخنىك ئەهمەد خاقانى 1938 - يىلى قەشقەر شەهىرى خەزىنىچىبەگ مەهەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر مۇهەممەتخان هاجىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ خەتتاتلىق هاياتى 1950 - يىللاردا قەشقەر جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى كىنوخانىسىدا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ باشلانغان.

1982 - — 1983 - يىللىرى قەشقەر شەهەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئۇيۇشتۇرغان هۆسنخەت مۇسابىقىسىگە ئۇنىڭ سۇلۇس ۋە مۇهەققىق خەت نۇسخىسىدا يازغان ئەسەرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن هەمدە شۇ يىلى ئۇ قەشقەر شەهەرلىك خەتتاتلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان. خەتتات ئەهمەدخاقانىنىڭ هۆسنخەت ئىجادىيەت ئۆرنەكلىرى سۈپىتىدە مەهمۇد كاشغەرى ۋە يۈسۈپ خاس هاجىپلارنىڭ يېڭى مەقبەرىسىگە يازغان سۇلۇس خەت نۇسخىسىدىكى كۆركەم خەتلەرنى، ئاپاق خوجا گۈمبىزى ئىچىدىكى قەبرە تاشلىرىغا يازغان تەئلىق خەت نۇسخىسىدىكى شەجەرىلەرنى هەمدە هېيتگاه جامەسىنىڭ سول تەرىپىدىكى مېهرابقا ئورنىتىلغان گەجلىك «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق مۇهاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — هېيتگاه

جامەسى» دېگەن تەئلىق خېتى . . . قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش مۇمكىن .

ئۇ يەنە بىر قانچە ژۇرنال ۋە كىتابلارنىڭ نامى ۋە تىتوللىرىنى تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يېزىپ بەرگەن .

5 . موللا ياقۇپ

يېتىلگەن خەتتات ۋە ئەرەب ـ پارس تىلى تەرجىمانى موللا ياقۇپ پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئەگتېرەك يېزىسىدىن بولۇپ ، 1990 ـ يىلى 110 يېشىدا ۋاپات بولغان . ئۇ داڭلىق خەتتات بولۇپ ، «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق بىر قىسىم كىتابلارنى كۆچۈرۈپ چىققاندىن باشقا ، ئۆزى «خەتتاتلىق قائىدىسى» ناملىق بىر كىتاب يازغان . ئۇ ئازادلىقتىن بۇرۇن ناھىيىلىك «مەھكىمە شەرئى» دە بەش يىل خەتتاتلىق قىلغان .

ھاياتلىقىدا خەتتاتلىق سەنئىتى بويىچە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان .

يۇقىرىقى پېشقەدەم خەتتاتلاردىن باشقا ، يەنە ئەل ئارىسىدا نام ـ شۆھرەتكە ئىگە بولغان تۇرسۇن ھۇسىيىن (1922 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيە بارىن بازىرىدا تۇغۇلغان) ، ئابلا دايى (پەيزاۋات ئەگتېرەكتىن) ، خوجا ئابدۇللا ئوسمان (قەشقەر شەھىرىدىن) ، ئەھەد ئەھمەد (يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە يېزىسىدىن) ، مۇھەممەت ئۆمەر (پەيزاۋات ناھىيە تېرىم يېزىسىدىن) ، مۇھەممەت ئابدۇراخمان (پەيزاۋات ناھىيە بازار ئىچىدىن) ، جۇمە ئابدۇللا (پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبۇيايېزىسىدىن) ، ئابلىمىت قۇربان (ساباھى) (پەيزاۋات ناھىيە يېڭى مەھەللە يېزىسىدىن) ئابلىمىت لاچىن (پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزىسىدىن) ، ياسىن بوۋاق (پەيزاۋات ناھىيە يېڭى مەھەللە يېزىسىدىن) ، ئۆمەر ئوسمان شىپاھى (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن) ، ئەھمەد ساماساق (قەشقەر شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسىدىن) ، ئابدۇرېھىمجان

ئابدۇقادىر (قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسىدىن) ، ئابلىز تالىپ (پەيزاۋات ناھىيە بازار ئىچىدىن) ، زۇنۇن ھوشۇر (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن) ، غۇپۇر ساۋۇت (پەيزاۋات ناھىيە جانباز يېزىسىدىن) ، ھۇسەنجان ئوسمان (پەيزاۋات ناھىيە جانباز يېزىسىدىن) ، ھەسەنجان ئوسمان (پەيزاۋات ناھىيە بارىن يېزىسىدىن) ، تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم سەئىدى (پەيزاۋات ناھىيە بازار ئىچىدىن) ، تۇرسۇنجان بەكرى (پەيزاۋات ناھىيە بازار ئىچىدىن) ، تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم (پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبۇيا يېزىسىدىن) ، ئەنۋەر سەمەد غەربىي (پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبۇيا يېزىسىدىن) ، ساۋۇت داۋۇت (يەكەن ناھىيە بازىرىدىن) . . . قاتارلىق يۇزلىگەن خەتتاتلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن .

ئازادلىقتىن كېيىن ، قەشقەرنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتى تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىدى . 50 ـ يىللاردىن باشلاپ قەشقەردە قۇرۇلغان باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە مەخسۇس خۇش خەت دەرسلىكى تەسىس قىلىنىپ ئوقۇغۇچىلاردا خەتنى چىرايلىق ، كۆركەم يېزىش كەيپىياتىنى جانلاندۇردى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرىغا ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق بىر تۈركۈم يارامىلىق ھۆسنخەت ماھىرلىرىنى يېتىشتۈردى . بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن ، قەشقەرنىڭ ھۆسنخەت پائالىيەتلىرى ئالاھىدە جانلاندى . 1983 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇري مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى ، ۋىلايەتلىك رەسساملار جەمئىيىتى ، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى بىرلىكتە باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ھۆسنخەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى . بۇ پائالىيەتكە 500 دىن ئارتۇق خەتتات قاتنىشىپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 30 خەتتاتنىڭ ئەسىرى تاللىنىپ مۇكاپاتلاندى . 1984 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋىلايەت بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھۆسنخەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى . 1985 ـ يىلى

5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1 ـ نۆۋەتلىك ھۆسنخەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە قەشقەردىن 30 پارچە ئەسەر تاللىنىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن توققۇز پارچىسى مۇنەۋۋەر ھۆسنخەت ئەسىرى بولۇپ مۇكاپاتلاندى . شۇ يىلى باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ، ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى ۋە ۋىلايەتلىك مىللىي ئىشلار باشقارمىسى قاتارلىق تۆت ئورگان بىرلىكتە «باللار ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى» ئۇيۇشتۇردى ھەمدە ۋىلايەت بويىچە ئىككى قارار خەتتاتلىق كۇرسى ئېچىلىپ بىر تۈركۈم ھۆسنخەت ماھىرلىرى تەربىيىلەندى .

1987 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى . ئاتاقلىق خەتتات ئابدۇكېرىم ئۆمەر ، ياڭ گۇاڭچۈەن ۋە جۇمە ئابدۇللا قاتارلىقلار بۇ جەمئىيەتنىڭ رەئىسي ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى بولۇپ سايلاندى . بۇ جەمئىيەت ۋىلايەتلىك سوغۇرتا شىركىتى بىلەن بىرلىكتە ۋىلايەت بويىچە «ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى» ئۇيۇشتۇردى ھەمدە بۇ جەمئىيەت باشچىلىقىدا ئارقا ـ ئارقىدىن بەش قارار ھۆسنخەت ئۆگىنىش كۇرسى تەشكىللەپ ، 200 دىن ئارتۇق خەتتاتلارنى تەربىيىلىدى . 1989 ـ يىلى خەتتاتلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قەشقەردىكى ئاتاقلىق خەتتاتلارنىڭ «ھۆسنخەت نۇسخىلىرى» ناملىق كىتاب نەشر قىلىندى . شۇندىن باشلاپ ھەر يىلى ۋىلايەت ، شەھەر ، ناھىيىلەر بويىچە «ھۆسنخەت ئۆگىنىش كۇرسلىرى» قەرەللىك ئېچىلىپ نۇرغۇن ئىز باسارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئاتاقلىق تىلشۇناس ، پروفېسسور مەرھۇم تۇردى ئەھمەد مۇئەللىم بىر قېتىملىق دەرسىدە بىزنى ھۆسنخەت ئۆگىنىشكە دالالەت قىلىپ

مۇنداق دېگەن ئىدى: «... مەن ئۆزۈن يىللىق تىل ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە شۇنى ھېس قىلدىمكى، قەشقەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەت يېزىش ماھارىتى باشقا شەھەر - يۇرتلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا خېلى ئۈستۈن تۇرىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەم، قەشقەردە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - سىنىپىدىلا ھۆسنخەت شەكلىدە ساۋات چىقىرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپ تەربىيىسىدە ھۆسنخەتچىلىك تارىخى ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ كەلگەچكە، خەلق ئارىسىدا ھۆسنخەت قىزغىنلىقى يۇقىرى ئىكەن. دەرۋەقە، ئۇيغۇر تىلى دەرسىنىڭ مەقسەت - نىشانى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىللە، خەتنى چىرايلىق ۋە پاساھەتلىك يېزىپ، ئۇنىڭ ئالاقە قورallىق رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. جىن - شەيتان بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدا قورقۇنچلۇق ۋە يىرگىنچلىك بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ھەممىمىز قاچقانغا ئوخشاش، سەت ۋە كۆرۈمسىز يېزىلغان خەتمۇ بىزنىڭ نەزەرىمىزدە ھېچقانداق گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلالمايدۇ.»

ھازىر قولدا خەت پۈتۈشنىڭ ئورنىنى كومپيۇتېردا خەت يېزىش ئىگىلىگەندىن كېيىن، ھۆسنخەت سەنئىتىنىڭ ئورنى بارغانسېرى ئاجىزلاشماقتا. لېكىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھۆسنخەت سەنئىتى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزنىڭ جەلپكار كۆزنىكى، مىللىي گۈزەللىكنىڭ يېزىق شەكلىدىكى تەسۋىرىي نۇسخىسى، شۇڭا خۇش خەت ئۆگىنىشنى تەشۋىق - تەرغىب قىلىش مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىدىن بىرى بولۇشى زۆرۈر.

# § 2 . ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتى

«ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇيغۇر مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى .»

—— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى ئىچىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان ، ئەڭ نەپىس ۋە ئەڭ مەپتۇنكار سەنئەت ژانىرى سۈپىتىدە شۇ خەلقنىڭ ئېتنولوگىيىلىك خاسلىقىنى ، مىللىي خاراكتېرى ، ھېسسىيات ئۇرغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . ئىنسان پائالىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسى بولغان ناخشا ـ ئۇسسۇل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ھەمدە تارىخىي ئەنئەنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆز ئەنئەنىسىگە خاس مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە چەمبىرىنى ھاسىل قىلغان . قەشقەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى مۇشۇ نۇقتىدا روشەن خاسلىققا ئىگە بولۇپ ، تارىختىن بۇيان غەربىي رايون مەدەنىيەت چەمبىرىنىڭ ئۈلگىلىك جەلپكار بىر بوستانلىقى بولۇپ كەلگەن . شۇڭلاشقا قەشقەرنىڭ «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن گۈزەل نامى بار . دەرۋەقە ، ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئانىسى بولمىش مۇقام فورماتسىيىسى ئالدى بىلەن قەشقەردە ئاپىرىدە بولغان . قەشقەردىن ئىبارەت بۇ گۈزەل زېمىندىكى كۆپ مەنبەلىك ، كۆپ خىل ناخشا ـ ئۇسسۇل مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ ، ئۇ ھەر خىل ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تىپى ، ھەرخىل دىنىي

مەدەنىيەت تىپى، ھەرخىل يېزىق شەكلى، ھەرخىل مەدەنىيەت چۆكمىسى ۋە ھەرخىل تارىخىي قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىققا ئىگە قەشقەرچە كۆي سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ كۆي سىستېمىسىنىڭ شەكىللەنگەن تارىخىي دەۋرىنى مۇئەييەن يىلنامە بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكى بولمىسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە قىيا تاش سۈرەتلىرىدىن ھەرخىل مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن ناھايىتى نۇرغۇن ئىپتىدائىي مۇزىكا، ئۇسسۇللۇق ئوبرازلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى (غەربىي خەن دەۋرى شېنجۆنىڭ 2 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى ھامىيلىقىدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن شىنجاڭ (غەربىي ئايماق) ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۈنسايىن كۈچەيگەن ھەمدە «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قاتناش تورىنىڭ مەركىزىي بېكىتى بولغان قەشقەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، جەنۇبتىكى ھىندىستان، غەربتىكى بابىلون، مىسىر، ھەتتا يۇنان، رىم مەدەنىيەتلىرى ئۆزئارا ئۇچراشتى ۋە بىرلەشتى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىپتىدائىي ئەل ئىچى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى قېلىپلىشىپ، ئۆزىگە خاس «قەشقەر چوڭ نەغمە» كۆي سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەندى. «قەشقەر نەغمىسى ( 疏勒乐 )» دەپ ئاتالغان بۇ ناخشا ـ مۇزىكا سىستېمىسى ئەينى دەۋردىكى «كۈسەن نەغمىسى ( 龟兹乐 )»، «قوچو نەغمىسى ( 高昌乐 )»، «ئۇدۇن نەغمىسى ( 于阗乐 )» ۋە «ئىۇغۇرغول نەغمىسى ( 伊州乐 )»

بىلەن بىللە ئالاھىدە نام ـ شۆھرەتكە ئىگە بولغان . غەربىي رايونىنىڭ بۇ چوڭ نەغمىلىرى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ زور قۇرۇلمىسى ، مېلودىيىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە جەلپكارلىقى ، ناخشا بىلەن ئۇسسۇلنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتەك ئۆزگىچە شەكلى ، مۇزىكا ئاھاڭى ۋە رىتىملىرىنىڭ كۆپ خىل ئۆزگىرىشچانلىقى ۋە ھېس ـ تۇيغۇغا بايلىقى ، مۇزىكا كەيپىياتىنىڭ جانلىقلىقى ۋە سىڭىشچانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن شەرق ۋە غەربتە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپ ، خەن ، تاڭ دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ يېڭى يۈكسىلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان . ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە ، غەربىي رايونىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى «يىپەك يولى» نى بويلاپ ، تەدرىجىي شەرققە تارقالغاندىن كېيىن ، يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن شەھىرىنى ۋاستە قىلغان ھالدا ، ياپونىيە ، چاۋشيەن ، ۋيېتنام ، بېرما قاتارلىق شەرقىي ئاسىيا ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىنىڭ مۇزىكا ، ئۇسسۇللىرىغىمۇ روشەن تەسىر كۆرسەتكەن[1] . بۇ ھەقتە پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 ـ يىلى نەشرى) ۋە «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1997 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلگەچكە ، بىز بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمىز . ئومۇمەن ، ئەڭ كېچىككەندىمۇ تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ، مىلادىيە 7ـ ئەسىردىلا كۇسەن ، قەشقەر ، قوچو قاتارلىق رايونلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئىچىدە ناخشا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكا (مەرغۇل) نى ئۆزگە

[1] «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 2006 ـ يىلى نەشرى ، 71 ـ بەت .

مۇجەسسەملىگەن «چوڭ نەغمە» ( 大曲 ) شەكلى بارلىققا كەلگەن ۋە بۇ چوڭ نەغمىلەر ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىخى دەپ قارالغان .

قەشقەر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئەسلىدىنلا قەدىمكى «قەشقەر نەغمىسى» ئاساسىدا راۋاجلانغان بولۇپ ، ناخشا ، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل گوياكى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە ئۆزئارا باغلانغان مۇستەھكەم بىر گەۋدىدۇر . ئەمما بۇ ئۈچ تەڭداش ئۇقۇمنىڭ سىمانتىكىلىق مەنە قاتلىمى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى پەرقلىق بولغاچقا ، بىز شەرتلىك ھالدا ئۇنى سەنئەتشۇناسلىقتىكى ئۈچ ژانىر سۈپىتىدە ئايرىم شەرھلەيمىز ۋە ئاساسىي نەزەرىمىزنى بۈگۈنكى ھالىتىگە ئاغدۇرىمىز .

## 1 . مۇزىكا

قەشقەرنىڭ مۇزىكىچىلىق تارىخىنى ماكرولۇق جەھەتتىن قەدىمكى زامان مۇزىكىچىلىقى ( 古代音乐 ) ، يېقىنقى زامان مۇزىكىچىلىقى ( 近代音乐 ) ، ھازىرقى زامان مۇزىكىچىلىقى ( 现代音乐 ) ۋە بۈگۈنكى زامان مۇزىكىچىلىقى ( 当代音乐 ) دەپ تۆت چوڭ باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن . قەشقەرنىڭ قەدىمكى زامان مۇزىكىچىلىقىغا ئائىت تارىخىي ئۇچۇرلار يوق دېيەرلىك . ئۇنى پەقەت قەشقەر رايونىدىكى بىر قىسىم قىيا تاش سۈرەتلىرى ، بۇددىزم مىڭئۆي خارابىلىرى ۋە يەر ئاستىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئىچىدىكى مۇزىكا سەنئىتىگە ئائىت ئوبرازلاردىن قىياس قىلىش مۇمكىن . بۇنداق ئوبرازىي سۈرەتلەر ۋە قېزىلما بايلىقلار ئارىسىدا سىلىقلانغان تاش (چاق ـ چۇق ) ، بۇرغا (ھايۋان مۈڭگۈزىدىن ئىشلەنگەن جەڭ بۇرغىسى ) ، قوۋۇز ، جەڭ دۇمبىقى ، ئىسقىرت ، كامانچە . . . قاتارلىق چالغۇلار ئۇچرايدۇ .

ۋېي ، جىن دەۋرلىرىدە ، خۇسۇسەن جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر (مىلادىيە 386 ـ — 581 ـ يىللىرى ) دەۋرلىرىدە غەربىي رايون مۇزىكا سەنئىتى ئىپتىدائىي تارقاق ھالەتتىن بىر قەدەر سىستېمىلاشقان ۋە كەسپلەشكەن تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ ، تۇركۇم ـ تۇركۇم ئەل ئىچى مۇزىكانتلىرى ئوردا ، قەسىرلەرگە كىرىپ ، كەسپىي ياكى يېرىم كەسپىي مۇزىكانتلارغا ئايلاندى . بۇنىڭ بىلەن جايلاردىكى ئەل ئىچى سەنئىتى توپلىنىپ رەتلەندى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى . ئاشۇ دەۋردە جۇڭگو مۇزىكىچىلىق تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن غەربىي رايوننىڭ ئەنئەنىۋى «12 تېمپېراتسىيىلىك كۇي قانۇنى» غا ئاساسلانغان تۆت چوڭ يەرلىك مۇزىكا تىپى (قەشقەر ، كۇسەن ، ئىۋىرغول ، ئۇدۇن ) ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مىللىي خاسلىقىنى گەۋدىلەندۇرۇپ خېلى يۇكسەك پەللە ھاسىل قىلغان ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە «قەشقەر چوڭ نەغمىسى» مۇزىكا تىپى شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي بېكىتى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 634 ـ يىلى ) دە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونىغا سىڭىپ كىرىپ ، جۇڭگونىڭ مۇزىكا سەنئىتى تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى . قەشقەرنىڭ بىر قىسىم داڭلىق مۇزىكا سەنئەتكارلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن چاڭئەن ، لوياڭ قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ، مۇزىكا ئەمەلىيىتى ۋە مۇزىكا نەزەرىيىسى جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ يۇكسەك ماھارىتىنى نامايان قىلدى .

سۇي ـ تاڭ دەۋرى جۇڭگو مەدەنىيىتى ، جۇملىدىن مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تازا گۇللەنگەن ئالتۇن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ . بۇ دەۋردە «قەشقەر نەغمىسى» سۇي ـ تاڭ خانلىقى ئوردا مۇزىكىسى دەپ بېكىتكەن «ئون چوڭ قىسىملىق مۇزىكا» نىڭ بىر بۆلىكى

بولغان ھەمدە قەشقەردىن تەكلىپ قىلىنغان بىر قىسىم ئاتاقلىق ئوردا مۇزىكانتلىرى سوۋېت ـ تاڭ دەۋرىدىكى ئەل ئىچى مۇزىكا بايلىقلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا ئاكتىپ خىزمەت كۆرسەتكەن. «سۈينامە» نىڭ 51 ـ جىلد «مۇزىكا تەزكىرىسى» دە قەشقەر مۇزىكىسىنىڭ كېيىنكى ۋېي پىڭپىڭ زامانىدىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىشكە باشلىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىقى تەزكىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، قەشقەر سازەندىلىرى ئۆرەغۇن (تىك غۇنقا)، بەرباب (پىپا)، يالغۇزەك (بالىمان «بىلى»)، دالا ناغرىسى (تۇتان ناغرىسى)، يان دۇمبىقى (خوۋتىگۇ)، بەل دۇمبىقى (دارا دۇمبىقى «جىلۇ دىپى»)، نەي قاتارلىق ئون نەچچە چالغۇنى ئىشلەتكەن. ھەر بىر ئوركېستىردا 12 سازەندە ۋە ئىككى ئۇسسۇلچى بولغان. بۇلارنىڭ ئەرلىرى قالپاق ۋە چىمەندۇپپىلارنى كىيىشكەن. پوتا، بەلۋاغ ۋە قىزىل قېيىشتىن ئىشلەنگەن نەقىشلىك كەم تاقاشقان، قىزىل ـ قارا بۇلغار ئۆتۈك ياكى گۈللۈك باسماق پايپاق كىيىشكەن. ئاياللىرى چاچلىرىنى ھەرخىل فورمىلاردا تۈگۈنچەكلەپ، ھەرخىل زىرە ـ سىرغىلار، جىڭگىلىك زىرە، مەيخالىق زىرە، ئۈزۈك، بىلەزۈك، قوڭغۇراقلىق ئاسما تۇمار ۋە قوڭغۇراقلىق بىلەزۈك، ئاسما مارجان، زۇننار قاتارلىق زىبۇزىننەتلەرنى ئىشلەتكەن. ھەرخىل ئەتلەس ۋە يوللۇق يىپەكلەردىن تىكىلگەن كۆڭلەك، گۈل پۆچقاق شىم ـ تامباللارنى كىيىشكەن. يۈزىگە ئەڭلىك سۈرۈش، قاش ـ كىرپىكلىرىگە سۈرمە سۈرۈش، پېشانىسىنى ھەللەش، لەۋسۇرۇخ سۈرۈش، لاك بىلەن زىناق ياساش، خال چېكىش، يۈزىگە گۈل چاپلاش قاتارلىقلارغا ئادەتلەنگەن. مۇزىكا ئوركېستىرىدىكى

سازەندىلەرنىڭ ھەممىسى چېكىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە قارا تاۋار لېنتا بىلەن تېڭىۋېلىشقان. سىمچا كەمزۇل، جىلىتكە، تون، پەشمەت، يەكتەك، ئالدى كۆكسى ياكى ئارقا پەشلىرى نەقىشلەنگەن كانىۋاي كۆڭلەكلەرنى كىيىشكەن[1]. مانا بۇ مەنزىرە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەندە داڭق چىقارغان قەشقەر مۇزىكا ئوركېستىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«سۇينامە» ۋە «يېڭى تاڭنامە» نىڭ مۇزىكىغا ئائىت تەپسىراتلىرىدا قەشقەرلىك ئاتاقلىق مۇزىكا ئۇستازلىرىدىن تۆۋەندىكى بىر قانچە ئۆلگىلىك شەخسلەر ھەققىدە قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلار ساقلانغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇزىكا ئۇستازى، بارىبىت ئىسلاھاتچىسى پېي شېنفۇ (裴神符) ياكى (裴洛儿 دەپمۇ يېزىلغان) بىلەن پېي شىڭنۇ (裴兴奴) ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

پېي شېنفۇ تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەن يىللىرى (مىلادىيە 629 — 649 ـ يىللىرى) دا پايتەخت چاڭئەنگە كېلىپ جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان مۇزىكا تارىخىدا داڭق چىقارغان قەشقەرلىق ئاتاقلىق مۇزىكا ئۇستازى ھەم بارىبىت ئىسلاھاتچىسى ھېسابلىنىدۇ. پېي شېنفۇنىڭ قەشقەردە ئۆتكەن بالىلىق ۋە ياشلىق بىئوگرافىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار تولۇق بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چاڭئەنگە كەلگەندىن كېيىنكى مۇزىكا ھاياتىغا ئالاقىدار تارىخىي ھۆججەتلەر خېلى كۆپ. «قانۇنلار قامۇسى»، «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» 33 ـ جىلد، «يېڭى تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» قاتارلىق خەنزۇچە نوپۇزلۇق تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، پېي شېنفۇ قەشقەردە خان جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 1993 ـ يىلى نەشرى، 48 ـ بەت.

كەلگەن .

ئۇ بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ يەرلىك ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن . ئۇ غەربىي رايون مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىي بۇلاقلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەر مۇھىتىدا ياشىغاچقا ، قۇرامىغا يەتكۇچە مۇزىكا ساھەسىدە تالانتلىق ماھىرغا ئايلانغان . «قانۇنلار قامۇسى» دا : «قەدىمدە بارىبىت چالغاندا ياغاچ زەخمەك بىلەن چېلىناتتى . تاڭ سۇلالىسى جىنگۇەن يىللىرىدا ياغاچ زەخمەك ئىشلەتمەي قول بارمىقى بىلەن چېلىش ئۇسۇلى باشلاندى . شۇندىن باشلاپ بارىبىت بارماق بىلەن چېلىنىدىغان بولدى »[1] دەپ خاتىرىلەنگەن . «يېڭى تاڭنامە . مۇزىكا تەزكىرىسى» دە : «بەش تارلىق بارىبىت ئادەتتىكى بارىبىتلارغا ئوخشايدۇ ـ يۇ ، ئەمما ئۇنىڭدىن سەل كىچىك . بارىبىت قەدىمدە ياغاچ زەخمەك بىلەن چېلىناتتى . قەشقەرلىك خو (ئۇيغۇر . ئا ) مۇزىكا ئۇستازى پېي شېنفۇ قول (بارماق ) بىلەن چېلىشنى ئىجاد قىلدى »[2] دېيىلگەن . بىر قېتىم پادىشاھ تاڭ تەيزۇڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بارىبىت ماھىرلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيىتىدە پېي شېنفۇ ھېچقانداق بارىبىتچىلارغا ئوخشىمايدىغان يېڭىچە ئۇسۇل ۋە ئاجايىپ يۇقىرى تېخنىكا بىلەن ئۆزى ئىجاد قىلغان قەشقەرچە مۇزىكا «ئاتەش سۇمۇرغ» ( 火凤 ) نى ئورۇندىغاندا ، پادىشاھ تاڭ تەيزۇڭ ھەيران قېلىپ : «قالتىسكەن ، بۇ ئۇسۇلنى كەڭ تارقىتىپ ، يېڭى ـ يېڭى مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىش كېرەك » دېگەن ھەمدە نەق مەيداندا پېي شېنفۇنى قىممەت باھالىق كىيىم ـ كېچەك ، نەچچە ئون تىزىق يارماق بىلەن تارتۇقلاپ ، ئۇنى ئوردا مۇزىكا مەھكىمىسىنىڭ

---

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى : «سۇي ، تاڭ سۇلالىلىرىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 1993 ـ يىلى نەشرى ، 48 ـ بەت .

② يۇقىرىقى كىتاب ، 88 ـ ، 98 ـ بەتلەردىكى نەقىلدىن .

ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىگەن . پېي شېنفۇنىڭ بەش تارلىق باربىت بىلەن ئورۇندىغان «ئاتەش سۇمۇرغ » نەغمىسىگە ھېرىسمەن بولغان تاڭ شائىرى بەي جۈيى : «باربىت ساداسى » دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازغان :

«يۇزنى قىيپاش تۇتۇپ گەر كۆكسىگە باربىت قويۇپ ،
چالسا مىڭلاپ ئۈن ـ سادا شۇنداق راۋان بوپ ياڭرىغاي .
ساز قۇلاقنى بۇراپ چەككەندە تارغا ئىككى رەت ،
ھېسسىياتى بىر ئالۇر دىلنى تېخى كۆي باشلىماي . »

پېي شېنفۇ يالغۇز باربىت ئىسلاھاتچىسى بولۇپلا قالماي ، ئۇ يەنە مەشھۇر مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى ۋە كومپوزىتور ئىدى . «تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇزىكا ئۆرنەكلىرى » دېگەن كىتابنىڭ 14 ـ جىلدى بىلەن «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى » نىڭ 33 ـ جىلدىدىكى خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، پېي شېنفۇ «ئاتەش سۇمۇرغ » ، «قەدەھ شادلىقى » ، «شىگمەننۇ » قاتارلىق ئۈچ نەغمە ئىجاد قىلغان . پېي شېنفۇ ئىجاد قىلغان بۇ داڭلىق ئۈچ مۇزىكا تاڭ دەۋرىدىلا جۇڭگو چېگراسىدىن ھالقىپ ياپونىيە ، چاۋشيەن (كورېيە ) ، ۋېيتنام ، بىرما قاتارلىق شەرقىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىگە ئۆز نوتىسى بىلەن تارقالغان ھەمدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوردا مۇزىكىلىرىغا ۋەكىللىك قىلغان .

ئەپسۇسكى ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، پېي شېنفۇنىڭ ئەينى زاماندىكى مۇزىكا ئاھاڭلىرى يوقىلىپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن . ئەمما ياپونىيىلىك سەنئەت تارىخچىسى ، دوكتور تيەن بيەنشاڭنىڭ «شەرقىي ئوكيان مۇزىكا تارىخى » ناملىق ئەسىرىدە : «ياپونىيە داگو ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بەش تارلىق باربىت مۇزىكىلىرىنىڭ ھەرخىل نوتىلىرىنى تاپقان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «قەدەھ شادلىقى» ناملىق مۇزىكىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەرخىل نوتىلىرىنىمۇ تاپقان. بۇ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى شۇ خىل نوتىلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دەپ يازغان. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

پېي شىڭنۇمۇ پېي شېنفۇ ۋاپاتىدىن 90 يىل كېيىن مىلادىيە 785 ـ — 805 ـ يىللاردا چاڭئەندە يۇقىرى شۆھرەت قازانغان قەشقەرلىق ئاتاقلىق ئۇيغۇر سەنئەتكارى بولۇپ، ئۇ پېي شېنفۇنىڭ باربىت ئىسلاھاتىغا ۋارىسلىق قىلغان. پېي شىڭنۇ قەشقەردە خان جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا قەشقەردىكى خان جەمەتى ئىبادەتخانىسىدا زور ئىجتىھات بىلەن بىلىم تەھسىل قىلغان ھەمدە باربىت قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنى ئۆگەنگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇزىكا نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ ئاكتىپ شۇغۇللانغان. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، پېي شىڭنۇ تاڭ دېزۇڭ، لى شىمىن (مىلادىيە 779 ـ — 805 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) تەخت ۋارىسى بولغان دەسلەپكى يىللاردا بىر تۈركۈم راھىب، سودىگەر ۋە سەنئەتكارلار بىللە قەشقەردىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ باربىتنى قول بارمىقى بىلەن چېلىشتىكى ماھارىتى خان ھۇزۇرىدىكىلەرنى قايىل قىلغاچقا، ئوردا مۇزىكانتلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ پېي شىڭنۇنىڭ ھاياتى خان ئوردىسى ۋە پايتەخت سەھنىلىرىدە باربىت چېلىش، ئوردا مۇزىكا مەھكىمىسىنىڭ ئوقۇتۇش يۇرتىدا ئۇستاز بولۇپ، مۇزىكانتلارنى تەربىيىلەش، سەنئەت مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىش، مۇزىكا ئىجاد

قىلىش بىلەن ئۆتكەن .

«تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» بىلەن «نەغمە ـ ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ پەيي شىنفۇدىن كېيىنكى يەنە بىر داڭلىق باربىت ئىسلاھاتچىسى بولۇپ، قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەڭ تارقىتىپلا قالماي، يەنە تاڭ شائىرلىرىنىڭ نەزمىلىرىگە مۇزىكا ئىشلىگەن مەشھۇر كومپوزىتور ئىدى. پەيي شىڭنۇ ئىجاد قىلغان «شادلىق باھار نەغمىسى»، «شەھەرگە قايتىش نەغمىسى»، «مەركىزىي ئوردا نەغمىسى» قاتارلىق مۇزىكا ئەسەرلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئاۋام ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن .

ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر، كۇسەن، ئۇدۇن، ئىدىقۇت قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى سەنئەت ئوچاقلىرىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا بېرىپ سەنئەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان داڭلىق سەنئەتكارلار كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ھەمدە ئېلىمىزنىڭ سۇي، تاڭ مۇزىكىچىلىق تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان .

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، قەشقەردىن چاڭئەنگە بېرىپ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن مەشغۇل بولغان يۇقىرىقىدەك داڭلىق سەنئەتكارلارنىڭ نامى تاڭ دەۋرىگە ئائىت تارىخىي مەنبەلەردە پەيي 裴 فامىلىسى بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭغا قاراپ ئۇلارنىڭ مىللىي ئېتنونىمىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇددىزم مەدەنىيىتى چەمبىرىدە تۇرۇۋاتقان غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ خان جەمەتى ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەت ئىنئام قىلغان پەرقلىق فامىلىلەرنى ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇدۇن (خوتەن) خان جەمەتىدىكىلەر «لى (李) فامىلىسىنى، كۇسەن

خان جەمەتىدىكىلەر «بەي» ( 白 ) فامىلىسىنى، قوچو (تۇرپان) خان جەمەتىدىكىلەر «شى» فامىلىسىنى، ئاگنى (قاراشەھەر) خان جەمەتىدىكىلەر dom ( 龙 ) فامىلىسىنى قوللانغانغا ئوخشاش، قەشقەر بەگلىكى خان جەمەتىدىكىلەر «پېي» ( 裴 ) فامىلىسىنى قوللانغان. بۇ فامىلىلەر ئەسلىدە شۇ جاينىڭ يەرلىك نامى ياكى شۇ جايدا ياشىغۇچى يەرلىك ئۇرۇق ـ قەبىلىنىڭ ئەسلىدىكى ئېتنونىمىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەلەپپۇزىدىن ئىبارەت.

ئالايلۇق، «كونا تاڭنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، «پېي» فامىلىسىنى قوللانغان قەشقەر خانلىرىدىن پېي يىجيەن ( 裴夷健 )، پېي شىېنفۇ ( 裴神符 )، پېي شىڭنۇ ( 裴兴奴 )، پېي ئەندىڭ ( 裴安定 )، پېي گولياڭ ( 裴国良 )، پېي گاۋلىن ( 裴高琳 )، پېي ئاموجى ( 裴阿磨支 ) قاتارلىق يەتتە ئەۋلاد خان جەمەتىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. قارىماققا قەشقەرلىقلەرنىڭ بۇ فامىلىسى خەنزۇچىدەك بىلىنىسىمۇ، لېكىن «پېي» نىڭ ئېتمولوگىيىسىنى تەكشۈرگەندە، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ـ قارلۇقلىرىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلگەن ئەمەل نامى «بويلا» (Boyla) دىكى Boy نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەلەپپۇزى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. Boy قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە بىر دەك 裴 دەپ خاتىرىلەنگەن. «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» نىڭ جەنۇبىي يۈزى 61 ـ قۇرىدا ۋە «كۆلتېكىن، مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 6 ـ قۇرىدا « 敦谷裴罗莫贺达干 » (تۇنيۇقۇق بويلا باغا تارقان) دېگەن ئىسىم بار. يەنە «سۇجى مەڭگۈ تېشى» نىڭ 2 ـ قۇرىدا « 裴罗大干 » (بويلا قۇتلۇق تارقان) نىڭ نامىدىكى «بويلا» ئوخشاشلا « 裴罗 » شەكلىدە پۈتۈلگەن. ئۇندىن باشقا، مەڭگۈ تاشلار ۋە خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە « 安塔裴罗 »، « 沙多裴罗 » ئاتلا بويلا « 骨力裴罗 » (كۆل بويلا) قاتارلىق ئىسىملاردىمۇ ئۇچرايدۇ. ھەتتا قوچودىن قېزىۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدىمۇ بۇ ھەقتە ئۇچۇرلار بار. A. V. لېكوك تۇرپاندىن تاپقان مانى دىنىغا ئائىت پارس تىلىدىكى بىر ۋەسىقىدە: «‹بويلا› ئورخۇن ئۇيغۇر

خانلىقىدىكى بىر مەنسەپ نامى» دېيىلگەن. دېمەك، «بويلا» (Boyla) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، قارلۇق ئىچىدىكى مەرتىۋىلىك جەمەتىنىڭ نامى. 裴 ياكى 裴罗 بولسا ئەنە شۇ Boy ياكى Boyla نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەلەپپۇزى، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەربىي ئۇنۋان نامى «ساغۇن» Sagun بىلەن قوشۇلۇپ، تارىختىكى Bala sagun، Boylasagun شەھىرىنىڭ نامىغا ئايلانغان. تەيۋەنلىك ليۇيىداڭ (刘义党) ئەپەندى يازغان «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» دېگەن ئەسەردە «بالاساغۇن» (Bala sagun) نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى «بويلاساغۇن» (Boyla sagun) ئىكەنلىكىنى، ئۇ Bola (قارلۇقلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ مەرتىۋە نامى) بىلەن قارلۇق خانلىقىدىكى ھەربىي ئۇنۋان نامى بولغان Sagun (خەنزۇچىدىكى 将军)نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى، شۇڭا بۇ شەھەر قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئاشۇ نامنىڭ ئاھاڭ تەلەپپۇزى بويىچە 裴罗将军城 ياكى 裴罗将军 دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «بالاساغۇننىڭ ئورنى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدا، شۇنداقلا ياش تارىخچىمىز يۇنۇسجان ئېلىنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ قەدىمكى مەركىزى بالاساغۇننىڭ تەھقىقى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، خەنزۇچە 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدە يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ تارىخىي ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىققان. كۆپچىلىك چەت ئەل تارىخشۇناسلىرى، جۇملىدىن ئېلىمىزنىڭ بەزى ئالىملىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان جەڭگىۋار قەبىلە — قارلۇقلار دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئېھتىمال قاراخانىيلار دەسلەپ مەركەز قىلغان بالاساغۇن شەھىرىنىڭ نامى ئەسلىدىكى قارلۇقلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى «بويلا» جەمەتىنىڭ نامىغا قويۇلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. بۇ نام ھازىر قەشقەر ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ نامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، قەشقەر كونىشەھەر ئاۋات

يېزىسىدىكى بويلا كەنتى ، ئاتۇش شەھىرىگە تەۋە «سوغۇن چازا» (ئەسلىي ساغۇن ئۆتىڭى) قاتارلىقلارغا ئوخشاش .

خۇلاسە شۇكى ، تاڭ سۇلالىسى جەنگۇەننىڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 635 - يىلى) دىن باشلاپ قەشقەرلىق خان جەمەتىدىكىلەرگە بېرىلگەن «پېي» (裴) فامىلىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى Boyla نىڭ 1 - بوغۇمى بولغان Boy نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەلەپپۇزىدىن ئىبارەت .

يۇقىرىدا نامى زىكرى قىلىنغان قەشقەرلىق پېي شېنفۇ قاتارلىق پروفېسسىئونال① مۇزىكىشۇناسلارنىڭ مۇزىكا ئىجادىيەتلىرى نوتا شەكلىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن . لېكىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى ، ئۇلارنىڭ مۇزىكا مىراسلىرى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى بۇددا مۇزىكا مېلودىيىسىگە ماس بولغان «بەش ئاۋازلىق» (五声音阶) گامماسىغا تەۋە ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك مۇزىكا سىستېمىسىغا تېز سىڭىشىپ كېتەلىدى . بۇنىڭغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىل مۇقەررەركى ، ئەينى ۋاقىتتىكى بۇددىزم مەدەنىيەت ئورتاقلىقى ئىدى . چۈنكى مۇئەييەن بىردىن سىستېمىسى ئۆزى يارانقان مەدەنىيەتنىڭ سەزگۇ ئەزاسى بولغان مۇزىكىدا ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ ، ھەتتا چالغۇ ئەسۋابلىرىدىمۇ بۇنداق پەرق گەۋدىلىنىدۇ . ئاتاقلىق مۇزىكا نەزەرىيىچىسى ، مۇزىكا مائارىپچىسى ۋە كومپوزىتور ، پروفېسسور تۇرسۇنجان لېتىپ بىلەن ئىلشات تۇرسۇن تۇزگەن «ئۇيغۇر چالغۇلىرى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 2006 - يىلى نەشرى) ناملىق نوپۇزلۇق ئەسەردىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ، مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە (ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 4 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە) ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونلىرىغا كىرىشكە باشلىغان غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشتا ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ سانى 40 خىلدىن ئاشىدۇ (ئۇلارنىڭ نامى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە

① پروفېسسىئونال — «مۇكەممەل ، ماھىر ، كەسىپلەشكەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ .

كۆرسىتىلدى ) . بۇ چالغۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئىسلام مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئەمەلدىن قالغان، بەزىلىرى قايتا ئۆزگەرتىلىپ ئىسلاھ قىلىنغان .

**قوشۇمچە : قەدىمكى زامان ئۇيغۇر چالغۇلىرى**

| № | ئۇيغۇرچە نامى | خەنزۇچە نامى | تۈرى | ياسىلىش شەكلى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | كامانچە (غوڭقا ) | 卡曼恰 | چەكمە چالغۇ | ئوقياغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان، ئاتنىڭ قۇيرۇق قىلىدا ياسالغان . |
| 2 | چىلتار | 其力塔尔 | چەكمە چالغۇ | غوتقانىڭ دەسلەپكى شەكلى، 5 ـ 6 تارلىق بولۇپ، ھەجىمى غوڭقادىن كىچىك . |
| 3 | قوۋۇز | 簧 | يەللىك چالغۇ | ئېغىز بىلەن پۈۋلەپ، بارماق بىلەن چېكىپ چېلىنىدۇ . تۆمۈر قوۋۇز، قومۇش قوۋۇز ۋە يىپ قوۋۇز قاتارلىق ئۈچ خىل شەكلى بار . |
| 4 | بورىيا | 笙 | يەللىك چالغۇ | نەي ئائىلىسىگە تەۋە، بىر نەچچە تال قومۇشتىن ئۇزۇن ـ قىسقىلىق رېتى بويىچە، يېرىم ئاي ياكى دۈگىلەك شەكىلدە جۈپلەپ ياسىلىدۇ . |
| 5 | يالغۇزەك | 萧 | يەللىك چالغۇ | نەي ئائىلىسىگە تەۋە، تومراق قومۇشتىن ياسىلىدۇ . |
| 6 | نەي | 笛 | يەللىك چالغۇ | دەسلەپ سۆڭەكتىن (ئىككى تۆشۈكلۈك ) ، كېيىنچە قومۇشتىن ياسىلىدىغان بولغان . |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 7 | ئىسقىرت | 胡笳 | يەللىك چالغۇ | سۆڭەك ، قوينىڭ مۈڭگۈزى ۋە قومۇشتىن ياسىلىپ پۈۋلەپ چېلىنىدۇ . |
| 8 | چوڭ بالىمان | 大筚 | يەللىك چالغۇ | قومۇشتىن ياسىلىپ ، تۈز تۈتۈپ پۈۋلەپ چېلىنىدۇ . |
| 9 | كىچىك بالىمان | 小筚 | يەللىك چالغۇ | ھەجىمى چوڭ بالىماندىن كىچىكرەك . |
| 10 | قوش بالىمان | 双筚 | يەللىك چالغۇ | ئىككى تال قومۇشتىن جۈپلەپ ياسىلىدۇ . |
| 11 | سىبىزغۇ | 横笛 | يەللىك چالغۇ | قومۇشتىن ياسىلىپ ، يانتۇ تۈتۈپ پۈۋلەپ چېلىنىدۇ . |
| 12 | دۇدۇك | 贝 | يەللىك چالغۇ | قۇلۇلە قېپىدىن ياكى ئىچى ئويۇلغان دۈگىلەك ياغاچتىن ياسىلىپ ، پۈۋلەپ چېلىنىدۇ . |
| 13 | چۇرا | 吹子 | يەللىك چالغۇ | ساپالدىن 1 ～ 2 تۆشۈكلۈك قىلىپ ياسىلىدۇ . |
| 14 | بۇرغا | 角 | يەللىك چالغۇ | كالا ، ئۆچكە مۈڭگۈزى ياكى مىستىن ياسىلىدۇ . |
| 15 | سۇناي | 唢呐 | يەللىك چالغۇ | ياغاچتىن ياكى مىستىن ئىچى ئويۇلۇپ ياسىلىدۇ . |
| 16 | قوۋزۇق | 皆 | يەللىك چالغۇ | شەكلى ئېنىق ئەمەس . |
| 17 | ئۆرەغۇن (تىك غۇنقا ) | 竖箜篌 | يەللىك چالغۇ | غۇنقا ئائىلىسىگە تەۋە كۆپ تارلىق چالغۇ ، قۇچاققا تىك قويۇپ ، ئىككى قول بارماقلىرى بىلەن تار ئىلىپ چېلىنىدۇ . |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 18 | يانتۇغۇن (يانتۇغۇنقا) | 箜篌 | چەكمە چالغۇ | غونقا ئائىلىسىگە تەۋە، 8 ~ 10 تارلىق. |
| 19 | ئەنقاغۇن (سۇمۇرغ باشلىق غۇنقا) | 凤首箜篌 | چەكمە چالغۇ | غونقا ئائىلىسىگە تەۋە، ئەگەشمە شەكىلدىكى كۆپ تارلىق چەكمە چالغۇ، دەستىسىنىڭ ئۇستىگە سۇمۇرغنىڭ باش شەكلى ئويۇلغان. |
| 20 | باربىت | 搊筝 | چەكمە چالغۇ | يانتۇغۇننىڭ كېيىنكى ئەۋلادى. |
| 21 | رىباب | 弹筝 | چەكمە چالغۇ | كۆپ تارلىق، بېشى كىچىك، دۇگىلەك، دەستىسى ئۇزۇنراق يانتۇ تۇتۇپ ئۇڭ قول بارماقلىرى بىلەن تار چېكىپ، سول قولدا پەدە بېسىپ چېلىنىدۇ. |
| 22 | ئۇچتار | 三弦 | چەكمە چالغۇ | ئۇچ تارلىق، رىباب شەكىللىك. |
| 23 | بەشتار | 五弦 | چەكمە چالغۇ | بېشى كىچىك سوزۇنچاق، دەستىسى ئۇزۇن چەكمە چالغۇ. |
| 24 | راباب | 院弦 | چەكمە چالغۇ | تۆت تارلىق، بېشى كىچىك دۇگىلەك، دەستىسى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن. |
| 25 | بەرباب | 琵琶 | چەكمە چالغۇ | 4 ـ 5 تارلىق، كەڭ يۇزلۇك، ئەگرى ساپلىق. |
| 26 | قوبۇز | 火万思 | كامانچىلىق چالغۇ | بېشى دۇگىلەك، يۇزلۇكىگە تېرە كېرىلىدۇ. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 27 | قۇمۇل غىجەكى | 奚琴 | كامانچىلىق چالغۇ | ئىككى تارلىق ، تار ئايىغىغا قومۇش تارىشا قىستۇرۇلىدۇ . |
| 28 | تاقىلداق | 拍板 | سوقما چالغۇ | ئىككى تال ، بەزىدە 5 ـ 6 تال قىسقىراق كەلگەن ياپىلاق تاختايچىنىڭ بېشىنى بىر ـ بىرىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ باغلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ . |
| 29 | كولدۇر ـ ما | 鼗 | سوقما چالغۇ | ساپ بېكىتىلگەن كىچىك دۇمباقنىڭ ئىككى تەرىپىگە مونچاق ئېسىلىپ ياسىلىدۇ . |
| 30 | جىڭراتقۇ | 钟 | سوقما چالغۇ | مىس ياكى تۆچتىن ياسىلىدۇ . |
| 31 | چوڭ دۇمباق | 大鼓 | سوقما چالغۇ | يۈزى كەڭ ، سىلىندىرسىمان ياغاچ تۇڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە تېرە كېرىلىپ ياسىلىدۇ . |
| 32 | دارا دۇمباق | 答腊鼓 | سوقما چالغۇ | يۈزى كەڭ ، بويى قىسقا ، ئىككى تەرىپىگە تېرە كېرىلىپ ياسىلىدۇ . |
| 33 | مويان دۇمبىقى | 毛员鼓 | سوقما چالغۇ | يۈزى كەڭرەك ، بويى ئۇزۇنراق ، مورىگە ئېسىپ ئىككى قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ . |
| 34 | تۇتان ناغرىسى | 都昙鼓 | سوقما چالغۇ | يۈزى كىچىكرەك ، بويى ئۇزۇنراق ، بىر تەرىپىگە تېرە كېرىلىپ ياسىلىدۇ . |
| 35 | داپ | 鼓 | سوقما چالغۇ | ھازىرقى داپ شەكلى بىلەن ئوخشاش . |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 36 | تەبلۋاز | 腰鼓 | سوقما چالغۇ | بىر تەرىپى چوڭ، بىر تەرىپى كىچىك، چوڭ تەرىپىگە تېرە كېرىلىپ ياسىلىدۇ. |
| 37 | كېش ناغرىسى | 鼓 | سوقما چالغۇ | بىر تەرىپى چوڭ، بىر تەرىپى كىچىك، بويى قىسقا، ئىككىلا تەرىپىگە تېرە كېرىلىدۇ. |
| 38 | تەكشى دۇمباق | 齐鼓 | سوقما چالغۇ | شەكلى ۋە چېلىنىشى ئېنىق ئەمەس. |
| 39 | يان دۇمباق | 侯提鼓 | سوقما چالغۇ | بىر تەرىپى چوڭ، بىر تەرىپى كىچىك، چوڭ تەرىپىگە تېرە كېرىلىدۇ. |
| 40 | چىلناغرا | 鸡类鼓 | سوقما چالغۇ | ئىككى تەرىپى كىچىك، ئوتتۇرىسى چوڭراق، سوقىچاق ياسىلىدۇ. |
| 41 | تاش قوڭغۇ-راق | | سوقما چالغۇ | تاشتىن ياسىلىدۇ، بولقا بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ. |
| 42 | جاللا | 铜钹 | سوقما چالغۇ | مىس ياكى تۇچتىن بىر جۈپ قىلىنىپ، تەخسىسىمان، ئوتتۇرىسى تومپايغان ھالەتتە ياسىلىدۇ. |
| 43 | دۇمداب | 锣 | سوقما چالغۇ | مىس ياكى تۇچتىن، دۇگىلەك گىرۋەكلىك پەتنۇس شەكلىدە ياسىلىدۇ. |
| 44 | كومزەك | ( 水盏 ) | سوقما چالغۇ | كۆپلىگەن پەرقلىق ساپال قاچىلارغا ئۆلچەملىك سۇ توشتۇرۇپ، چوكا بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 45 | ئىكەمە | 衣开吗 | كامانچىلىق چالغۇ | «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا نامى تىلغا ئېلىنغان . |
| 46 | ئۇد | 呜德 | چەكمە چالغۇ | بېشى دۇتارغا ئوخشاش چوڭراق ، ياغاچ تالالىرىدىن چاپلىنىپ ياسىلىدۇ . |

دېمەك ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ، تېخى يەرلىك مۇزىكا تېپلىرىغا ئايرىلمىغان غەربىي يۇرت نەغمىلىرى خەن ئوردىلىرىدا ئوينىلىشقا باشلىغان . ئۇنىڭدىكى چالغۇلار يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن يەللىك ۋە سوقما چالغۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان . چۈنكى بۇ چالغۇلار غەربىي رايوننىڭ يايلاق مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى ۋە بۇ رايون ئاھالىلىرىنىڭ ياشاش ئېكولوگىيىسى بىلەن سەنئەت ئېكولوگىيىسىگە ماس ئىدى .

شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلەر ۋە سۈي ، تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىللىرىدە «غەربىي لياڭ نەغمىلىرى» دەپ ئاتالغان كۇسەن نەغمىلىرى تېپى «قەشقەر نەغمىلىرى» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى ھەمدە بۇ مۇزىكا سىستېمىسى غەربىي يۇرتنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكا مېلودىيىسى ئاساسىدا تىكلەنگەن كۇسەنلىك ئاتاقلىق مۇزىكشۇناس سۇجۇپنىڭ «21 تېمپېراتسىيىلىك كۈي قانۇنى» غا مۇجەسسەملىشىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە زىلزىلە پەيدا قىلغان ئىدى . شۇنداق قىلىپ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىلا «قەشقەر نەغمىسى» ، «كۇسەن نەغمىسى» ، «قوچو نەغمىسى» ، «بۇخارا نەغمىسى» ، «سەمەرقەنت نەغمىسى» ۋە «غەربىي لياڭ نەغمىسى» دىن ئىبارەت «كۇسەن كۈيشۇناسلىق سىستېمىسى» ئاساسىدىكى غەربىي يۇرت ئۇيغۇر نەغمىلىرىنىڭ ئۇستۇنلۇكى تىكلەندى . سۈي دەۋرى ، بولۇپمۇ تاڭ دەۋرىگە ئائىت مۇزىكا مەنبەلىرىدە بۇ غەربىي يۇرت

نەغمىلىرىگە تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرى توغرىسىدا گۈزەل ئەسلىمىلەر ۋە نەپىس شېئىرلار ساقلانغان، ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئاتاقلىق ئالىم، پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسەرلىرىدىن كۆرىمىز.

پامىرنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى (870 — 1213) دەۋرىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ئابدۇلكېرىم) 932 ـ يىلى ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، سۇلالىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەر ئالدى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويدى. 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە قەشقەرنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايلىقلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئەرەب ـ پارس مۇزىكا ۋە مۇقام مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا يېڭىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەر ناخشا ـ مۇزىكا مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋى خەلق ناخشا ـ مۇزىكىسى، پروفېسسىئونال مۇزىكا (ئوردا مۇزىكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە دىنىي مۇزىكا (خانىقا مۇزىكىسى) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدە پروفېسسىئونال مۇزىكا ھېسابلانغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە.

ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ژانىرى، يەنى راك، چەببىيات، مۇشاۋىرەك، چاھارگاھ، پەنجىگاھ، ئۆزھال، ئەجەم، ئۇششاق، بايات، ناۋا، سىگاھ، ئىراق مۇقاملىرىنىڭ ھەر بىرى «مۇقام بېشى»، «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ «مۇقام بېشى»، «چوڭ نەغمە»

قىسىملىرى ئەڭ ئاۋۋال قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى مەشھۇر ئۇيغۇر پروفېسسىئونال خەلق كومپوزىتورلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئىسلام مۇھىتىدىكى خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس ناخشا ـ مۇزىكا ئەنئەنىۋى بايلىقلىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان ، شۇنداقلا ئەڭ دەسلەپكى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى شەكىللەندۈرگەن . دېمەك ، ئەنئەنىۋى خەلق ناخشا ـ مۇزىكا كۈيلىرى ئاساسىدا رەتلىنىپ ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» تەركىبىگە كىرگەن «داستان» ، «مەشرەپ» قىسىملىرىغا قوشۇلغان «مۇقام بېشى» ۋە «چوڭ نەغمە» بۆلەكلىرى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پادىشاھى يۈسۈپ قادىرخان تەختتە ئولتۇرغان مىلادىيە 1023 ـ — 1024 ـ يىللاردىن باشلاپ خان ـ پادىشاھلار تۇرىدىغان مەركىزىي شەھەر قەشقەردە تەربىيە كۆرگەن پروفېسسىئونال بەستىكارلارنىڭ ئىجاد قىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن . شۇڭا كېيىنكىلەر ئۇنى «قەشقەر مۇقامى» دەپمۇ ئاتىغان . شەمشىدىن سامى تەرىپىدىن يېزىلغان ئالتە توملۇق مەشھۇر ئەسەر «قامۇسۇل ئەئلەم» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى ، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ 2 ـ بوۋىسى يۈسۈپ قادىرخان (مىلادىيە 1023 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قەشقەردە ۋاپات بولغان ، قەبرىسى قەشقەر شەھىرىدە ) ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ۋە مۇزىكا ئىلمىي نەزەرىيىچىسى ئىكەنلىكى مەلۇم .①

تاتار تارىخچىسى ئەھمەد زەكى ۋەلىدىمۇ يۇقىرىقى قاراشنى قۇۋۋەتلەپ «بايتاش يۈسۈپ قادىرخان مۇزىكشۇناس ئىدى . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇ ۋاقىتتا مۇزىكا بىر ئىلىم سۈپىتىدە يولغا

① ھۈسەيىن كېرىم باھادىر : « «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ، نىڭ شەكىللەنگەن دەۋرى توغرىسىدا ئىزدىنىش» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» (ئۇيغۇرچە) ، 2007 ـ يىللىق 1 ـ سان .

قويۇلغان» دەپ يازىدۇ . دەرۋەقە ، قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان ئالىي بىلىم يۇرتى — «ساچىيە» قاتارلىق مەدرىسىلەردە ئىلمىي ئارۇز بىلەن بىللە ، ئەل فارابى ۋە ئىبن سىنا قاتارلىق شەرق مۇزىكا ئالىملىرىنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىلىرى دەرسلىك سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقى مەلۇم .

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەشقەر مۇقام ھادىسىسى تەدرىجىي ھالدا كېڭىيىپ ئىسلامىيەت ئىشغالىيىتىدىكى شەرق ۋە غەرب مۇقام تۈر - ژانىرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن . مەسىلەن ، ئاشۇ دەۋرلەردە تۈرلەنگەن «شەش مۇقامى» ئىچىدىكى «بۇزرۇك مۇقامى» دىكى «ناۋا مۇقامى» ، «سىگاھ مۇقامى» ، «راست مۇقامى» ۋە «دوگا مۇقامى» لىرىدا جەمئىي 13 پارچە ئاھاڭ «قەشقەر مۇقامى» دىن قوبۇل قىلىنغانلىقى يۇقىرىقى قاراشنى ئىسپاتلايدۇ . گەرچە قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ ئىسلام مۇھىتىدىكى قەشقەر ئۇيغۇرلىرى «مۇقام» ئاتالغۇسىدىن خەۋەردار بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇ ئەرەبچە ئاتالغۇ ئورنىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «كۆگ» ئاتالغۇسىنى ، شۇنداقلا «ناخشا» نى بىلدۈرىدىغان «يىر» (جىر) ۋە «ئۇسسۇل» نى بىلدۈرىدىغان «بۇدىگ» (بۇدىك) ئاتالغۇلىرىنى تەڭ قوللانغان . بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى بۈيۈك ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» داستانلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلار دەلىللەيدۇ . بولۇپمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا گۈللەنگەن «قەشقەر مۇقامى» ھەمدە خەلق ناخشا - ئۇسسۇللىرىغا تەڭكەش قىلىنغان چالغۇلاردىن ئود ، راۋاب ، چاڭ (ئارفا) ، ئىگەم (بىر خىل غىجەك) ، قوبۇز (تارلىق چالغۇ) ، نەي ، سىبىزغۇ ، بۇرغا (پۈۋلىمە چالغۇ) ، داپ ، ناغرا ، تەبىل ، دۇمباق (سوقما چالغۇ) قاتارلىق چالغۇلارنىڭ تىلغا ئېلىنىشى تاسادىپىي ئەمەس .

«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزگە ئەڭ قەدىمكى «بازارىم» (سەيلە ، ئايەم ، مەشرەپ ) ، مەرسىيە (مۇغ ) قوشاقلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى يەتكۈزدى . بايتاش ئارسلانخاننىڭ كىچىك ئوغلى ھەربىي سەركەردە ھارۇن مىلادىيە 299 ـ يىلى بۇخارانى ئىستىلاھ قىلغاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە قوچقاربېشى دېگەن جايدا قازا قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ نام ـ شەرىپىگە توقۇلغان «ھارۇن بوغراخان» ناملىق مۇغ ناخشىسى ھازىرغىچە قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە .

قاراخانىيلار دەۋرىدە يەنە قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا باھار بايرىمى — يېڭى يىل بېشى سەيلىسى مەنىسىدە نەۋرۇز ئايىمى داۋام قىلدى ھەمدە خەلق سەيلىلىرى قاتارىغا يەنە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ 2 ـ ئوغلى بايتاش ئارسلانخاننىڭ مىلادىيە 960 ـ يىلى خوتەنگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدە يېڭىسار ، يوپۇرغا ، يېڭىشەھەر ئارىسىدىكى سەلقۇم دېگەن دەشتتە شېھىت بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پەيدا بولغان مەرسىيە پائالىيىتى تەدرىجىي «ئوردا خېنىم سەيلىسى» گە ئايلىنىپ ، يەرلىك خەلق مەشرەپ پائالىيەتلىرىنى ئىسلام شارائىتىدا چوڭ كۆلەمدە داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرىدىغان پۇرسەت ۋە شەكىلگە ئىگە قىلدى . «ئوردا خېنىم سەيلىسى» مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا «قەشقەر مۇقاملىرى»نى ، يۇرتلارنىڭ يەرلىك مۇقاملىرى ۋە ناخشا كۈيلىرىنى كۆرەك قىلىدىغان ئاممىۋى سەنئەت بايرىمى سۈپىتىدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى (دەرۋەقە ، «ئوردا خېنىم سەيلىسى» دىكى قويۇق ، دىنىي خۇراپىي تەركىبلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق زۆرۈر ) .

شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن قەشقەر مۇقامچىلىرىنىڭ نام ـ شەرىپى ھەمدە قەشقەر ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ناملىرى ۋە تەرتىپى مەلۇم ئەمەس ، شۇنداقلا «ئون

ئىككى مۇقام » ئومۇمىي نامى ئاستىدىكى مىللىي مۇزىكىچىلىقتىكى پەرقلەرمۇ تېخى ئېنىق ئايرىلمىغان بولۇشى ئېھتىمال .

چاغاتاي خانلىقىدىن كېيىن تېمۇرىيىلەرنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد سۇلتانلىرى قاراخانىيلاردىن كېيىنكى 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى . نەتىجىدە ، مەۋلانە لۇتفى ، ئاتايى ، سەككاكى ، سەئىددىن قەشقەرى ، سۇلتان مالىك قەشقەرى ، ئەھمەد خوجابەگ قەشقەرى ، ئەلىشىر نەۋايى ، مۇھەممەد ئەلى غەربى ، پەھلىۋان مۇھەممەت قاتارلىق كۆپلىگەن شائىرلار ، سەنئەت ئالىملىرى ۋە مۇزىكىشۇناسلار مەيدانغا كەلدى . بولۇپمۇ نەۋايىنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى . شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋايىنىڭ ھېسسىياتقا تويۇنغان ھېكمەتدار غەزەللىرى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ تېكىستلىرى ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ .

بەزى تارىخىي ۋە ئەمەلىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا ، قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ نام ۋە كۆلەم جەھەتتىن تەدرىجىي مىللىيەتلىككە يۈزلىنىپ ، 16 - ئەسىردە قۇرۇلغان يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە «قەشقەر مۇقامى» گەۋدىسىدىكى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ھەقىقىي مەنىدىكى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ، يۇرۇشلەشكەن ۋە سىستېمىلاشقان كلاسسىك مۇزىكا بايلىقىغا ئايلاندى . بولۇپمۇ يەكەن خانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر خانى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان باشچىلىقىدىكى خانلىق ئوردا مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ يېتەكچىسى ، مەشھۇر مۇقامشۇناس ، ئەدىب قىدىرخان يەركەندى (1500 — 1570 ) ۋە خانىش ئامانىسا (1534 — 1567 ) لار «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نى قېزىش ، رەتلەش ، سىستېمىلاشتۇرۇش ، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مىللىي كلاسسىك تۈسكە ئىگە قىلىش جەھەتلەردە ۋەكىللىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . بۇ پىكرىمىزنى نوپۇزلۇق تارىخىي ئەسەرلەردىن

مىرزاھەيدەركوراگان (1499 — 1551) نىڭ «تارىخى رەشىدىي» ، مەھمۇد جوراس (17 ـ ئەسىر) نىڭ «تارىخى رەشىدىي زەيلى» ۋە مەخسۇس مۇقام ھادىسىسىگە بېغىشلانغان موللا ئىسمەتۇللا موللا نىئمەتۇللا مۆجىزنىنىڭ 1854 ـ يىلى يازغان «تەۋارىخىي مۇسىقىيون» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك باياتلار دەلىللەيدۇ.

دېمەك، يەكەن خانلىقى دەۋرى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى قېلىپلاشقان دەۋرى بولۇپ، زامانىمىزغا ئۇلاشقان بۇ مۇقام سىستېمىسى قەشقەر يېڭىسارلىق شائىر ۋە مۇقامشۇناس موللا سابىر بىننى ئابدۇقادىر ناقىس (1840 — 1920) نىڭ «خ» ھەرپىگە يازغان 6 ـ غەزىلى «ھەرگىز» رادىپلىق قىتئەسىدە راك، چەببيات، سىگاھ، چارىگاھ، پەنجىگاھ، ئۇششاق، راست، بايات، ناۋا، ئۆزھال، ئەجەم، ئىراق تەرزىدە تەكرار ئۇچرايدۇ. بۇناملار يەنە 17 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ياشىغان ئاشىق، ئاتاقلىق شائىر بابا رېھىم مەشرەپنىڭ «ساتارىم تارىغا جان رىشتىدىن تار ئېشىپ سالسام» مەتلەئى بىلەن باشلىنىدىغان غەزىلىدىمۇ تەكرارلىنىدۇ. مەشرەپ تىلغا ئالغان مۇقام ناملىرىنىڭ تىزىملىكىدىكى بارلىق مۇقاملارنىڭ «ئاتىسى» دەپ قارالغان «ھۇسەينى» مۇقامىدىن باشقا قالغان مۇقاملار نامىنىڭ زامانىمىزدىكى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ناملىرى بىلەن پۈتۈنلەي بىردەكلىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ئەنە شۇ يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى قېلىپلاشقان ۋە يۇرۇشلەشكەن كلاسسىك نۇسخىسى ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا (1881 — 1956) ۋە ئۇنىڭ يەتتە ئەجداد ـ ئەۋلادلىرى ئارقىلىق ئۇزۇلمەس ئېقىن ھاسىل قىلىپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. تۇرداخۇن ئاكىنىڭ نەسەبىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ 1 ـ ئەجدادى ھاپىز داپەندى (ئەسلىي ئىسمى ئۇنتۇلغان. خەلق ئارىسىدا

«ھاپىز داپەندى» نامى بىلەن تونۇلغان ) مۇقامشۇناس قىدىرخان ياركەندىگە شاگىرت بولغانلىقى مەلۇم . تۇرداخۇن ئاكىنىڭ 2 ـ ئەجدادى ئىبراھىم قالۇن ، 3 ـ ئەجدادى ھاشىم ئاخۇن ساتار (80 يېشىدا ۋاپات بولغان ) ، 4 ـ ئەجدادى قاۋۇل ئاخۇن قالۇن (85 يېشىدا ۋاپات بولغان ) ، 5 ـ ئەجداد تەۋەككۇل ئاخۇن مۇقام (تۇردى ئاخۇننىڭ دادىسى ، 88 يېشىدا ۋاپات بولغان ) ، 6 ـ ئەۋلادى تۇردى ئاخۇن ئاكا ، يۇقىرىقى ئەجدادلارنىڭ ھەممىسى ئىزچىل مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . ئاشۇ ئەجدادلاردىن مىراس قالغان قەشقەر مۇقاملىرى تۇردى ئاخۇن تەرىپىدىن تېخىمۇ ۋايىغا يېتىپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي مۇئەككىلى ۋە سەنئەت پىرامىداسى سۈپىتىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن . تۇردى ئاخۇن ئاكا يەتكۈزۈپ بەرگەن «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە ،

1 . راك : 23 نەغمە ، 224 مىسرا
2 . چەببىيات : 23 نەغمە ، 216 مىسرا
3 . مۇشاۋىرەك : 31 نەغمە ، 340 مىسرا
4 . چارگاھ : 18 نەغمە ، 190 مىسرا
5 . پەنجىگاھ : 25 نەغمە ، 200 مىسرا
6 . ئۆزھال : 29 نەغمە ، 159 مىسرا
7 . ئەجەم : 17 نەغمە ، 220 مىسرا
8 . ئۇششاق : 23 نەغمە ، 280 مىسرا
9 . بايات : 19 نەغمە ، 271 مىسرا
10 . ناۋا : 20 نەغمە ، 391 مىسرا
11 . سىگاھ : 6 نەغمە ، 82 مىسرا
12 . ئىراق : 8 نەغمە ، 108 مىسرا

جەمئىي 245 نەغمە ، 2482 مىسرادىن ئىبارەت .

ئۇنىڭدىن سىرت ، تۇردى ئاخۇن ئاكا «ئابۇچەشمە» ناملىق مۇقام ئارىيىلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ ، بۇ ئارىيىلەردە

«مۇشاۋىرەك» ، «چەببىــــيات» ، «ئۇششاق» ، «ئۆزھال» ، «ناۋا» ، «پەنجىگاھ» ، «بايات» ، «سىگاھ» ، «راك» قاتارلــق مۇقام ناملىرى ئۇچرايدۇ .

قەشقەرنىڭ مۇقام ۋە ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتى تارىخىــدا ناھايىتى كۆپلىگەن مۇقامشۇناسلار ۋە ئەلنەغمىچىلــەر ئۆتكەن . ۋەھالەنكى ، ئۆتمۇشتىكى نادانلىــق ۋە جاھالەت تۇپەيلــى ، بۇ سەنئەتكــارلارنىــڭ نام ـ شەرىپى يېزىققا ئېلىنماي ئاغزاكى تارىخ سۇپىتىدە خەلق ئارىسىدا يادلىنىپ كەلگەن .

بىز پەقەت قاراخانىيلار دەۋرىدىن بۇيانقى مەلۇم بولغان قەشقەر رايونىدىكى بىر قىسىم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇقامشۇناسلار ۋە ئەلنەغمىچىلەرنىڭ نامىنى تۆۋەندىكى جەدۋەل ئارقىلــــق تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز :

| № | ئىسمى | ياشىغان يىللىرى | يۇرتى (تە۔ ۋەلىكى ) | مۇھىم تۆھپىسى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ئەبۇ نە۔ سىر فا۔ رابى | 870 ـ 950 ـ يىللار | فاراپ (ئوت۔ رار ) | مۇزىكىغا ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنــى يازغان . راك ، ئۆزھال ، ئۇششاق مۇقاملىرىنى سىستېمە۔ لاشتۇرغان ۋە باشقىلار |
| 2 | ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا | 980 ـ 1037 ـ يىللار | يەتتــەسۇغــا قاراشلىــق خىرمىشــن شەھىرى | «ئون ئىككى تۇركۇملۇك (مۇقاملىق ) كۇي شەك۔ لىنىڭ ئىـــسلام شەرق تىپى» ۋەكىللىك قىلىدۇ |
| 3 | ئــەھـمــەت ھاجىبەگ ۋاپائى | 15 ـ ئەسىر | قەشقەر | «سازلار مۇنازىرىســى» ناملىــــق ئەسەر يازغان مۇقامچى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 4 | مەۋلانە لۇتفى | 1366 ـ — 1465 ـ يىللار | ھىرات | ئاتاقلىق شائىر ، مۇزىكشۇناس ، مۇقام ئىلمىدە 200 چە شاگىرت تەربىيىلىگەن |
| 5 | ئەلىشىر نەۋايى | 1441 ـ — 1501 ـ يىللار | ھىرات | تەڭداشسىز شائىر ، مەشھۇر مۇقامشۇناس ، مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدە 48% ى نەۋايى غەزەللىرىدۇر |
| 6 | مۇھەممەت پالۋان كۇچتۇڭگۇر | نەۋايىنىڭ زاماندىشى | خۇراسان ئۇلكىسى | «مۇزىكىنىڭ 14 ـ پىرى» ، «چاھارزەب مۇقامى» ، «چارگاھ مۇقامى» لىرنىڭ ئىجادچىسى |
| 7 | سۇلتان سەئىدخان | 1484 ـ — 1533 ـ يىللار | يەكەن | ئود ، ساتار ، تەمبۇر ، غىجەك ئۇستىسى ، مەشھۇر مۇغەننى ، مۇقام تەشكىلاتچىسى |
| 8 | سۇلتان ئابدۇرەشىدخان | 1510 ـ — 1570 ـ يىللار | يەكەن | مەشھۇر مۇقامشۇناس ، «ئون ئىككى مۇقام» نى توپلاش ، رەتلەشنىڭ تەشكىلاتچىسى |
| 9 | قىدىرخان ياركەندى | 1500 ـ — 1575 ـ يىللار | يەكەن | «ھەشتار» چالغۇسىنى كەشپ قىلىپ ، راۋابنى ئىسلاھ قىلغان ، «ۋەسال» ناملىق مۇقامنى ئىجاد قىلغان مۇقام ئۇستازى |
| 10 | ئامانىساخان | 1533 ـ — 1567 ـ يىللار | يەكەن | «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق مۇقامنى ئىجاد قىلغان ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازى ۋە تەشكىلاتچىسى . |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 11 | خوجا نەزەر ھۆۋەيدا | 18 ـ ئەسىر | ئوش شەھىرىدە تۇغۇلۇپ قەشقەردە ياشىغان | شائىر، ئاتاقلىق مۇقامچى (خانىقا مۇقامچىسى)، 202 مىسرا شېئىرى مۇقامغا بەستىلەنگەن |
| 12 | مەشرەپ | 1657 ـ 1711 ـ يىللار | ئەنجاندا تۇغۇلۇپ قەشقەردە ياشىغان | شائىر، مۇقامشۇناس، داڭلىق ساماچى، 228 مىسرا شېئىرى مۇقامغا دەستىلەنگەن |
| 13 | ھۆسەيىنخان پەيزى | 1760 ـ 1840 ـ يىللار | قەشقەر خانئېرىق | ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، ئون ئىككى مۇقامنى كۇچا، تۇرپان، ئىلى رايونلىرىغا تارقاتقۇچى |
| 14 | ھېلىم، سىلىم | ھۆسەيىنخان پەيزىنىڭ ئوغۇللىرى | قەشقەر خانئېرىق | دادىسى بىلەن بىللە مۇقامنى تارقاتقۇچى، مۇقام ئۇستازى |
| 15 | ھېلىم توختى | 1792 ـ 1720 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرىگە تەۋە قازىرىق كەنتى | داڭلىق مۇزىكانت، مۇقامنىڭ داستانلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغۇچى |
| 16 | تۇردى شەيخ | 1770 ـ 1850 ـ يىللار | قەشقەر | شەيخلىقنى تاشلاپ 30 يىلدىن ئارتۇق مۇقام ئېيتقان ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازى |
| 17 | بايىز ساتار | 1820 ـ 1877 ـ يىللار | قەشقەر | مەشھۇر سازەندە، داڭلىق داستانچى |
| 18 | ھاپىز داپەندى | 16 ـ ئەسىر | يەكەن | تۇرداخۇن ئاكىنىڭ 5 ـ بوۋىسى، قىدىرخان ياركەندىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 19 | ئىبراھىم قالۇن | 16 ـ 17 ـ ئەسىر | قەشقەر يېڭىسار | تۇرداخۇن ئاكىنىڭ 4 ـ بوۋىسى ، ئاتاقلىق مۇقامچى |
| 20 | ھاشىم ئاخۇن ساتار | 17 ـ ئەسىر | قەشقەر يېڭىسار | تۇرداخۇن ئاكىنىڭ 3 ـ بوۋىسى ، مۇقامچى |
| 21 | قاۋۇل ئاخۇن قالۇنى | 18 ـ ئەسىر | قەشقەر بۇلاقسۇ | تۇرداخۇن ئاكىنىڭ 2 ـ بوۋىسى ، مۇقام ۋارىسى |
| 22 | تەۋەككۇل ئاخۇن ساتار | 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى | قەشقەر يېڭىسار | تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ دادىسى ، ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازى ، 88 يېشىدا ۋاپات بولغان |
| 23 | ئىبراھىم مەشھۇر | 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى | يەكەن | شائىر ، مۇقامشۇناس ، «خۇش ناۋا بۇلبۇل» دەپ نام ئالغان |
| 24 | مەھمۇد ھېكىمبەگ | 1818 ـ 1902 ـ يىللار | ئاتۇش مەشھەت | شائىر ، مۇقام تەشكىلاتچىسى ، داڭلىق مۇغەننى |
| 25 | ئىمامھاجىم مىڭقۇش | 1780 ـ 1850 ـ يىللار | قەشقەر بەشكېرەم | مەشھۇر مۇقامچى ، «چوڭ ئىراق» ، «جازائىر» ، «مۇشكۇلات» قاتارلىق چوڭ كۈيلەرنى ئىجاد قىلغان |
| 26 | موللاخۇن ساتار | 1813 ـ يىلى | قەشقەر شەھەر | «ئون ئىككى مۇقام» نى ساتار بىلەن ئىجرا قىلىشتا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا نامى چىققان |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 27 | ئەخمەتخان | 1844 ـ — 1928 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | موللاخۇن ساتارنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسى بىلەن بىللە ئۆمۈر بويى مۇقامچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان |
| 28 | زەرىدىن ئاخۇن | 1850 ـ — 1931 ـ يىللار | قەشقەر، ئاقسۇ | موللاخۇن ساتارنىڭ 2 ـ ئوغلى، «ئون ئىككى مۇقام» ۋە «دولان مۇقاملىرى» نىڭ ماھىرى |
| 29 | ئابدۇقادىر قالۇن | 1894 ـ — 1970 ـ يىللار | قەشقەر، ئاقسۇ | زورىدىن ئاخۇننىڭ ئوغلى، ئاتاقلىق چالغۇچى، «دولان مۇقامى» نىڭ ماھىرى |
| 30 | مۇھەممەت موللا كارۋشاڭ | 1840 ـ — 1920 ـ يىللار | قەشقەر، ئىلى | «ئون ئىككى مۇقام» نى ئىلى رايونىغا تارقاتقۇچى، چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ بۆلەكلىرىنىڭ ماھىرى |
| 31 | سابىر ئاخۇن ناقىس | 1843 ـ — 1922 ـ يىللار | قەشقەر يېڭىسار | ئەدىب، مۇقامشۇناس، مۇقام تېكىستلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەرتىپكە سالغان ھەمدە تۇردى ئاخۇنغا ئۆگەتكەن |
| 32 | تۇردى ئاخۇن ئاكا | 1881 ـ — 1956 ـ يىللار | قەشقەر يېڭىسار | مۇقام ئۇستازى، «ئون ئىككى مۇقام» نى دەۋرىمىزگە تولۇق يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ئەڭ بۈيۈك تۆھپىكار |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 33 | سەمەت ئاۋۇت | 1830 ـ — 1911 ـ يىللار | قەشقەر شە-ھىرى يۇقىرىقى قازىرىق | سازەندە ، خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقام پارچىلىرىنى ئورۇنداش ماھىرى |
| 34 | باقى راۋاب | 1835 ـ — 1915 ـ يىللار | قەشقەر ، ئۇرۇمچى | مۇقام ئەلنەغمە گۇرۇپپىسى قۇرۇپ ، قەشقەر ، ئۇرۇمچى شەھەرلىرىدە نەغمىچىلىق قىلغان |
| 35 | سالاھىدىن بەگ | 1820 ـ — 1913 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | ساماۋەرخانىلاردا ساتار ، راۋابقا تەڭكەش قىلىپ مۇقام ئورۇنداش بىلەن نامى چىققان |
| 36 | تاشۋاي | 1851 ـ — 1937 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | ئاتاقلىق راۋابچى ، داڭلىق مۇقامچى بولۇش بىلەن بىللە ، «گۇندىپاي» ، «نالەش» ، «پىغان» ، «ئاتەش» قاتارلىق مۇقام كۈيلىرىنى ئىجاد قىلغان |
| 37 | ئاخۇن قارىم | 1820 ـ — 1905 ـ يىللار | مارالبېشى | قالۇن ، دولان غېجىكى ، دولان راۋابى قاتارلىق چالغۇلارنى ياساش ۋە چېلىشش ماھىرى ، دولان مۇقامچىسى |
| 38 | ئەمەت موللام | 1880 ـ — 1964 ـ يىللار | مارالبېشى | دادىسى ئاخۇن قارىمنىڭ ئىز باسارى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 39 | ئابدۇراھمان ناتەۋانى | 1860 ـ 1955 ـ يىللار | قەشقەر يېڭىشەھەر | ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ 5 ـ ئەۋلادى، ئەدىب، مۇقاملارنى خېلى پىششىق ئۆگەنگەن مۇغەننى |
| 40 | شاھ نىساخان | 19 ـ ئەسىر | يەكەن | ئالتۇنلۇقۇم مازىرىدا كېچىسى ساتار بىلەن مۇقام ئېيتىپ، بىر ئۆمۈر تەنها ياشىغان ئاتاقلىق ئايال مۇقامچى |
| 41 | خاكى هاجى | 1864 ـ 1910 ـ يىللار | ئاتۇش ئاغۇ يېزىسى | دادىسى شاھ ھېلىمدىن مۇقام ئۆگىنىپ، ئۆز دەۋرىدە نامى چىققان مۇقامچىلارنىڭ بىرى |
| 42 | تاشۋاي | 1864 ـ 1898 ـ يىللار | قەشقەر كوناشەھەر ئاللاكۆيىزىسى | داڭلىق راۋابچى، داستانچى، «گۆندىپاي»، «كاۋابى سەھرا» مۇزىكىلىرىنى ئىجاد قىلغان |
| 43 | توختىيار قالۇن | 1844 ـ ؟ | قەشقەر نەزەرباغ يېزىسى | مەشھۇر مۇقامچى، تەلەپچان مۇزىكانت، نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلىگەن |
| 44 | مۇسائاخۇن ئەلنەغمە | 1880 ـ 1978 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | 6 ـ ئەجدادى مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق مۇقام پېشۋاسى، كېيىنكى ئۆمرى يەكەندە ئۆتكەن |
| 45 | توختى ئاخۇن ئەلنەغمە | 1858 ـ 1863 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | مۇسا ئاخۇننىڭ 3 ـ ئەجدادى، قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردا مۇقامچىلىق بىلەن نام چىقارغان |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 46 | ھوشۇر ئاخۇن ساتار | 1782 ـ 1882 ـ يىللار | قەشقەر، يەكەن | مۇسا ئاخۇننىڭ 4 ـ ئەجدادى (بوۋىسى)، يېتىلگەن ئۆلىما ھەم ئۆمۈرلۈك مۇقامچى |
| 47 | قاسىم ئاخۇن | 1894 ـ 1979 ـ يىللار | قەشقەر، يەكەن | مۇسا ئەلنەغمىنىڭ ئۇكىسى، تۇرداخۇن ئاكا بىلەن ھەمكارلىشىپ، مۇقامنى لېنتىغا ئېلىشقا قاتناشقان |
| 48 | مۇھەممەت نىياز | 1881 ـ 1973 ـ يىللار | قەشقەر كوناشەھەر زەمىن يېزا | توي ـ مەشرەپلەردە راۋاب بىلەن قوشاق ئېيتىپ، ساتار بىلەن مۇقام ئورۇنداشتا نامى چىققان |
| 49 | ماڭسۇر شەيخ | 1884 ـ 1988 ـ يىللار | قەشقەر يېڭىشەھەر هاراپ يېزىسى | خەلق مۇقامچىسى، تۇرداخۇن ئاكا بىلەن بىللە مۇقامنى لېنتىغا ئېلىشقا قاتناشقان |
| 50 | قاسىم تۇردى | 1885 ـ 1951 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | سازەندە، داڭلىق مۇقامچى، تۇرداخۇن ئاكا بىلەن بىللە مۇقامنى لېنتىغا ئېلىشقا قاتناشقان |
| 51 | ھاجى ئەلنەغمە | 1885 ـ ؟ | ئاقتۇ ناھىيىسى پىلال يېزا | داڭلىق داستانچى، مۇقام ئەلنەغمىچىسى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 52 | دادا غوجا | 1852 ـ — 1937 ـ يىللار | ئاتۇش ئازاق يېزا | دۇتار بىلەن مۇقام ئېيتىشتا داڭق چىقارغان، 4 ـ ئەۋلادىنى مۇقامچى قىلىپ تەربىيلىگەن . |
| 53 | توپا خەلپىتىم | 1888 ـ — 1971 ـ يىللار | ئاتۇش سۇنتاغ يېزا | دادىسى موللا مۇھەممەت خەلپەت ھاجىدىن مۇقام ئۆگەنگەن ، ئابرۇيلۇق مۇقامچى |
| 54 | ئابلا دۇمباق | 1850 ـ — 1930 ـ يىللار | قەشقەر سەمەن | 1884 ـ يىلدىن كېيىن سۇيدۇڭ ناھىيىسىدە مۇقامچىلىق بىلەن شۆھرەت تاپقان |
| 55 | روزى باشى | 1864 ـ — 1933 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | ھېيتگاھ پەشتىقىدا ئۆمۈر بويى 12 مۇقامغا ناغرا چالغان مەشھۇر سازەندە ، مۇقامچى |
| 56 | نىياز ھاجى تەمبۇر | 1870 ـ يىلى | قەشقەر شەھىرى | تەمبۇر بىلەن مۇقام ئېيتىشتا شۆھرەت تاپقان |
| 57 | ئەمەتشاھ ھاجىم | 1872 ـ — 1945 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | 1934 ـ يىلى «مىللەتلەر باغچىسى» ناملىق سەنئەت كۆلۆبى قۇرۇپ ، مۇقام ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلغان |
| 58 | بارات تەمبۇر | 1875 ـ — 1923 ـ يىللار | قەشقەر قوغان يېزىسى | قەشقەردە مۇقام ئۆگىنىپ ، كېيىن ئىلىدا كارۋشاڭ ئاخۇنوم بىلەن 20 نەچچە يىل مۇقام ئېيتقان |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 59 | سېيىت نوچى | 1975 ـ — 1923 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | داڭلىق خەلق قوشاقچىسى ۋە مۇقامچى |
| 60 | تۇرغۇن موللام | 1890 ـ — 1984 ـ يىللار | يېڭىسار ناھىيىسى | قوشاقچى ۋە داستانچى، دۇتارغا ماھىر |
| 61 | ئېيسا راۋاب | 1797 ـ — 1961 ـ يىللار | قەشقەر كوناشەھەر ئوغۇساق يېزىسى | داڭلىق سازەندە ھەم چالغۇ ئۇستىسى |
| 62 | سېيىت ساتارچى | 1878 ـ — 1954 ـ يىللار | ئاتۇش ئازاق يېزا | «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ داستان قىسمىنى پۇختا ئىگىلىگەن داڭلىق مۇقامچى |
| 63 | مۇھەممەت دولان | 1880 ـ يىلى | مەكىت، ئوزمىچى | غېجەك بىلەن دولان مۇقاملىرى ۋە خەلق ئەلنەغمىلىرىنى ئېيتىپ داڭق چىقارغان |
| 64 | خەلىچە بانوم خانىم | 1894 ـ — 1970 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | داڭلىق ئۇسسۇلچى ھەم مۇقامچى |
| 65 | ئەمەت سوناي | 1890 ـ — 1969 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | ھېيتگاھ پەشتىقىدا 54 يىل مۇقام ساماسىغا سۇناي چالغان يېتۈك سۇنايچى |
| 66 | روزەك باشى | 1905 ـ — 1978 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى بۇچى يېزىسى | داڭلىق راۋاپچى، ئەلنەغمىچى ۋە مۇقامچى. |
| 67 | ئابدۇرېھىم ئېيسا | 1908 ـ — 1978 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى قازىرىق كەنتى | مۇقام مەشرەپلىرىنى ئورۇنداش ماھىرى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 68 | ئاۋۇت راۋاب | 1896 ـ يىلى | قەشقەر كوناشەھەر | مەشھۇر داستانچى ۋە مۇقامچى ، ئەل ئارىسىدا تونۇلغان راۋابچى |
| 69 | ھېلىخان بەگ | 1896 ـ — 1956 ـ يىللار | قەشقەر پاختەكلە يېزىسى | مۇقامچى ۋە مەشھۇر سۇنايچى ، ھېيتگاھ پەشتىقىدا مۇقام پەدىلىرىگە سۇناي چېلىش بىلەن مەشھۇر |
| 70 | شاھ تاي | 19 ـ — 20 ـ ئەسىر | ئاتۇش ئاغۇ يېزىسى | مەشھۇر مۇقامچى ۋە ئەلنەغمىچى |
| 71 | قۇناخۇن تالىپ | 1898 ـ — 1985 ـ يىللار | ئاتۇش ئاغۇ يېزىسى | شاھ تاينىڭ ئەۋلادى بولۇپ ، بىر ئۆمۈر مۇقام ئېيتقان ، يۇرت كېزىپ مۇقامنى تارقاتقان |
| 72 | مۇھەممەت تالىپ | 1890 ـ — 1965 ـ يىللار | ئاتۇش ئاغۇ يېزىسى | قۇناخۇن تالىپنىڭ ئاكىسى ، بۇ ئاكا ـ ئۇكا مۇقامچىلار يۇرت ئارىلاپ مۇقام ئېيتىش بىلەن ھايات كەچۈرگەن |
| 73 | بايات مەخسۇم | 19 ـ — 20 ـ ئەسىر | قەشقەر شەھىرى جانقورغان مەھەللىسى | ھەر كۈنى سەھەردە ساتارغا تەڭكەش قىلىپ مۇقام ئېيتىش بىلەن ئۆمرى ئۆتكەن |
| 74 | ئۆمەر روزى | 1910 ـ — 1995 ـ يىللار | قەشقەر كوناشەھەر ئوپال يېزىسى | دادىسى شاھ روزىدىن مۇقام ئۆگەنگەن ، 1992 ـ يىلى «ئون ئاتاقلىق خەلق مۇقامچىسى» نىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان ، ئىنقىلابىي رەھبەر ، ئاتاقلىق سەنئەتكار ، مۇقام تەشكىللاتچىسى ، شائىر ، كومپوزىتور |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 75 | قاسىمجان قەمبەرى | 1910 ـ 1956 ـ يىللار | ئاتۇش بۇيامەت يېزىسى | ئىنقىلابىي رەھبەر، ئاتاقلىق سەنئەتكار، مۇقام تەشكىللاتچىسى، شائىر، كومپوزىتور |
| 76 | ئابدۇكېرىم روزى | 1910 ـ 1965 ـ يىللار | قەشقەر كوناشەھەر | مەشھۇر رېژىسسور، كۆپ دراممىلاردا باش رول ئالغان، مۇقام تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشقان |
| 77 | خەيرىنىساخان | 1905 ـ 1970 ـ يىللار | قەشقەر شەھەرى قوغان يېزا موللازادە كەنتى | خەلق ناخشىچىسى ۋە مۇقامچىسى |
| 78 | مۆيدىنخان ناغرىچى | 1910 ـ 1977 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | ھېيتگاھ پەشتىقىدا مۇقامغا تەڭكەش قىلىپ 40 نەچچە يىل ناغرا چالغان |
| 79 | سەمەت ئابدۇللا | 1911 ـ 1967 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساش ئۇستىسى ۋە ئىسلاھاتچىسى، قەشقەر سانايىنەپىسەنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى |
| 80 | روزى ھوشۇر | 1911 ـ 1998 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزىسى | كامىل سازەندە، مۇقامچىلىقتا تۇرداخۇن ئاكىغا شاگىرت بولغان |
| 81 | ئابلىز ھاجى | 1911 ـ 1987 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | كۆپكە قادىر سەنئەتكار، مۇقامنىڭ داستان، مەشرەپ قىسىملىرىغا ماھىر. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 82 | ئەمەت ئۆمەر | 1916 ـ — 1987 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسى | كۆپكە ماھىر سەنئەتكار، داڭلىق دراماتورگ، خەلق ناخشا ـ مۇقاملىرىنى ئۆگەنگەن |
| 83 | ئىمىن ئەزىز | 1919 ـ — 1992 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | داڭلىق مۇقامچى، نەي چېلىشنىڭ ماھىرى |
| 84 | مىرئەھمەت سىيىت ھاجىم | 1923 ـ — 1991 ـ يىللار | ئاتۇش مەشھەت يېزا | خەلق سازەندىسى، بەش مۇقامنىڭ داستان مەشرەپلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن |
| 85 | يولۋاسخان ئىمىن | 1917 ـ — 2005 ـ يىللار | قەشقەر كوناشەھەر | ئىقتىدارلىق سەنئەتكار، دراما ئارتىسى، ۋائىزلىق سەنئىتىنى پۇختا ئىگىلىگەن |
| 86 | ئالاۋۇدۇن شاۋۇدۇن | 1918 ـ — 1993 ـ يىللار | ئاتۇش ئىكساق | پېشقەدەم مائارىپچى، مۇقام تەشۋىقاتچىسى، «راك»، «چەببىيات» مۇقاملىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن |
| 87 | مەخسۇم ھاجى | 1918 ـ — 1987 ـ يىللار | يېڭىسار | تۆردى ئاخۇن ئاكىدىن مۇقام ئۆگەنگەن، دۇتار، ئىسكىرىپكا چېلىشتا ماھىر. |
| 88 | ئابدۇرېھىم توختى | 1919 ـ يىلى | ئاتۇش تاقۇت كەنتى | پېشقەدەم مائارىپچى، مۇقام تەشۋىقاتچىسى |
| 89 | ئۆمەر ھۆسيىن | 1920 ـ — 1982 ـ يىللار | يېڭىسار ناھىيىسى | خەلق سەنئەتكارى، ئون ئىككى مۇقامنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكەن |
| 90 | ئابدۇقادىر ھاجىم | 1921 ـ — 1996 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | رېژىسسور، «ئون ئىككى مۇقام» نى قېزىش، رەتلەشكە يېتەكچىلىك قىلغان |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 91 | تالىپ ئابدۇللا | 1921 ـ 1969 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | ئاتاقلىق مۇزىكانت سەمەت ئابدۇللانىڭ ئىنىسى «راك» ، «ئىراق» ، «سىگاھ» مۇقاملىرىغا پىششىق |
| 92 | ياسىن سەيدىن | 1922 ـ 2004 ـ يىللار | ئۇستۇن ئاتۇش | داڭلىق مۇزىكانت ، مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىغا ماھىر |
| 93 | قۇربان ئىبراھىم | 1922 ـ 2000 ـ يىللار | ئاتۇش مەشھەد | مۇزىكا پېشۋاسى ، تالانتلىق كومپوزىتور ، مۇقام ئاساسىدا «مېنىڭ راۋابىم» قاتارلىق داڭلىق مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان |
| 94 | خەيرىنىسا تۆلەندى | 1923 ـ 2005 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | ئۇسسۇل پېشۋاسى ، مۇقام ۋە خەلق سەنئەتلىرىگە باي |
| 95 | ئۆمەر ئېلى | 1924 ـ 1972 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | هاياتىنى مۇقام ـ مۇزىكا كۈيلىرىگە ئاتىغان خەلق سەنئەتكارى |
| 96 | مۇھەممەت ئىسمايىل | 1924 ـ يىلى | يېڭىسار | مۇقام ـ مۇزىكا تەتقىقاتچىسى ، كومپوزىتور ، مۇقام مائارىپى بىلەن شۇغۇللانغان |
| 97 | ئايىمنىسا خانىم | 1927 ـ 1994 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | يېڭى زامان سەھنىسىدىكى تۇنجى ئايال مۇقامچى ، خەلق ناخشىچىسى |
| 98 | ئېلى ئېزىز | 1922 ـ 2007 ـ يىللار | يېڭىشەھەر خانئېرىق | تۆھپىكار ئەدىب ۋە سەنئەتكار ، مۇقاملارنى قېزىش ، رەتلەش ئىشلىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەن |
| 99 | ياقۇتخان يۇنۇس | 1925 ـ 1998 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى ، يۇقىرىقى قازىرىق كەنتى | پېشقەدەم مائارىپچى ، قەشقەر سەھنىلىرىدە رول ئالغان تۇنجى ئايال ، مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگەنگەن |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 100 | سەپەر هۆسىيىن | 1932 ـ — 2008 ـ يىللار | يەكەن | ئاتاقلىق مۇقام تەشكىلات- چىسى ۋە مۇقامشۇناس |
| 101 | داۋۇت ئاۋۇت | 1939 ـ — 2007 ـ يىللار | قەشقەر كوناشەھەر | راۋاب پېشۋاسى، مۇقام بەستىكارى |
| 102 | خالىق هاجى | 1945 ـ — 2004 ـ يىللار | قەشقەر شەھىرى | داڭلىق مۇقامچى |

بىز يۇقىرىدا قەشقەر «ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۇچۇن ئۆمۈرۋايەت يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ۋە ئۇنى زامانىمىزغا يەتكۈزۈپ بېرىشتە ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتكەن 102 نەپەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇقامشۇناس سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ نامىنى تىلغا ئالدۇق. بۇ باغرى كەڭ قەشقەر بوستانلىقىدا نام ـ شەرىپى ئۇنتۇلغان يەنە نۇرغۇن خەلق مۇقامچىلىرى ئۆتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، قەشقەر ئۇيغۇر مۇقامى ئېنىق تۇرغۇزۇلغان مەزگىلدە، غەربىي يۇرتتىكى كۆپ خىل چوڭ نەغمىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئەل ئىچىدىن ئوردا ـ سارايلارغا كىرىش، ئوردا ـ سارايلاردىن يەنە ئەل ئىچىگە تارقىلىش ۋە ئومۇملىششتەك كۆپ باسقۇچلۇق تاۋلىنىش ۋە تاللىنىش جەريانلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرقى هېساپتا مىلادىيە 16 ـ ئەسىردىكى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە 21 يۇرۇشلۇك چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ مۇزىكا قامۇسى بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇڭا قەشقەرنى بۈگۈنكى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە كلاسسىك «ئۇيغۇر ئون ئىككى

مۇقامى» نىڭ بۆلىقى، ئىسمى جىسمىغا لايىق مۇقام يۇرتى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز.

ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقاملىرى گەۋدىسىدە كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» دەپ ئاتالغان «قەشقەر مۇقامى» دىن باشقا، يەنە مەكىت، مارالبېشى، ئاقسۇ ئاۋات قاتارلىق دولان يۇرتلىرىنىڭ توققۇز يۇرۇشلۇك «دولان مەشرەپ – مۇقاملىرى»، «تۇرپان مۇقامى»، «قۇمۇل مۇقامى»، «ئىلى مۇقامى» قاتارلىق يەرلىك مۇقاملارمۇ بار. بۇ يەرلىك مۇقاملارنىڭ ھەممىسى قەشقەر «ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ مۇقاملار ئۆزئارا بىر – بىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى نامايان قىلغان.

دېمەك، ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملىق تاللىنىپ كەلگەن بەدىئىي تەپەككۇر چەشمىسى، ئېستېتىك ھېسسىياتىنىڭ مۇزىكىلىق يەشمىسى، خەلقىمىزنىڭ ياشاش شارائىتى، تۇرمۇش يوسۇنى ۋە روھىي قىياپىتىنى ئۆزگىچە شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سەنئەت قامۇسى، شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەردۇر.

ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى خۇددى مۇقام ئۇستازى قىدىرخان ياركەندى ئېيتقاندەك:

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جاھانغا جانكى قالۇن ساداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى ئۇنىڭ باھاسى.

## 2 . قەشقەر خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

قەشقەر خەلق ناخشىلىرى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە تېماتىك دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، بەدىئىي تۈسىنىڭ رەڭدارلىقى، شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقى، ئومۇملىشىش دەرىجىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مۇزىكا مېلودىيىسىنىڭ جازىبىدارلىقى ۋە جەلپكارلىقى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، مەزمۇن بىلەن مۇزىكا رىتىمىنىڭ زىچ باغلىنىشچانلىقى، بوستانلىق مەدەنىيەت خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈكلىكى، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ھېسسىياتچانلىقى، تارىخىي ئەنئەنىسىنىڭ ئۇزاقلىقى ۋە ئىزچىللىقى . . . قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ .

مەدەنىيەت گېنېئالوگىيىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مۇئەييەن بىر مىللەتنىڭ خەلق ناخشىلىرىنى رايون ئالاھىدىلىكى بويىچە يەرلىك تۈركۈملەرگە ئايرىش قىيىن . چۈنكى بىر مىللەتنىڭ خەلق ناخشىلىرى ماھىيەت جەھەتتىن مىللىي ئومۇملۇققا ئىگە بولىدۇ . لېكىن جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى ۋە مەدەنىيەت پسىخىكىسىدىكى بەزى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، خەلق ناخشىلىرى ئومۇملۇق ئىچىدە خاسلىقنى شەكىللەندۈرۈپ يەرلىك تۈسكە ئىگە بولىدۇ . ئۇيغۇر ناخشىلىرى گەۋدىسى ئىچىدىكى «قەشقەر ناخشىلىرى»، «خوتەن ناخشىلىرى»، «ئاتۇش ناخشىلىرى»، «كۇچا ناخشىلىرى»، «تۇرپان ناخشىلىرى»، «قومۇل ناخشىلىرى»، «ئىلى ناخشىلىرى» ئەنە شۇ قانۇنىيەت بويىچە تۈركۈملەشكەن يەرلىك ناخشىلاردۇر . ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك يەرلىك تۈركۈملىرى ئىچىدە تەسىر دائىرىسى ئەڭ كەڭ، سالمىقى ئەڭ زور بولغىنى قەشقەر خەلق ناخشىلىرى

ھېسابلىنىدۇ . ھازىرغىچە قەشقەر خەلق ناخشىلىرى تېخى تولۇق توپلىنىپ كەڭ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشمىدى . دەسلەپكى قەدەمدە كومپوزىتور ئابلەت ئابدۇللا ئەپەندى توپلاپ رەتلىگەن قەشقەر خەلق ناخشىلىرى 160 پارچىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى مەلۇم (ئىجادىي ناخشىلار بۇنىڭ سىرتىدا ) .

قەشقەر خەلق ناخشىلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن .

بىرىنچى ، مەزمۇن جەھەتتە :

(1 ) قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، بۇ رايوندا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرگەن . مەسىلەن ، تېرىقچىلىق (دېھقانچىلىق ) ھاياتى بىلەن باغلانغان ناخشىلار (بۇ تۈركۈمدىكىلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ ) ، ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ناخشىلار ، باغۋەنچىلىك ۋە ئورمانچىلىق ھاياتى كۈيلەنگەن ناخشىلار ، ھۈنەر - سەنئەت ۋە سودا - سېتىق مۇناسىۋەتلىرى سۈرەتلەنگەن ناخشىلار ، ھەر خىل مۇراسىم ، سەيلە - ساياھەت پائالىيەتلىرىگە بېغىشلانغان ناخشىلار ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئەدەپ - ئەخلاق تېمىسىدىكى ناخشىلار ، باتۇرلۇق ، مەردلىك ، جاسارەتلىك غايىسى كۈلىمىدىكى ناخشىلار ، نىكاھ ۋە نىكاھ مۇناسىۋەتلىرى ، ئائىلە ، جەمئىيەت مەسىلىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ناخشىلار ، ئۆملۈك ، ئىناقلىق ۋە ئىجىللىق ، تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق ، دوستلۇق ۋە ۋاپادارلىق ، ئەقىدىلىك ۋە ئىمانلىق . . . قاتارلىق ئىنسان كامىللىقى مەدھىيىلەنگەن ناخشىلار ، ئاچ كۆزلۈك ، ھەسەتخورلۇق ، ئىككى يۈزلىمىلىك ، كىبىرلىك ، ديانەتسىزلىك ، شەھۋانىيلىق ، ئىسراپخورلۇق ، ئىناقسىزلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەر قامچىلانغان ناخشىلار ، ھەتتا باشقا

رايونلاردا كەم تېپىلىدىغان «ئاشىقلار ناخشىلىرى» ، «بۇۋىملەر ناخشىلىرى» ، «خانىقا ناخشىلىرى» ، «دىنىي مۇراسىم ناخشىلىرى» . . . قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن .

(2 ) قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنىڭ دەۋرىيلىكى ۋە تارىخىيلىكى ناھايىتى روشەن بولۇپ ، ئۇنىڭدىن شۇ ناخشا پەيدا بولغان تارىخىي دەۋرنىڭ ئىزنالىرىنى بىلگىلى بولىدۇ .

(3 ) قەشقەر خەلق ناخشىلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ئوبرازلىق ۋە سىمۋولىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا ، ناھايىتى يۇقىرى ئېستېتىك ئۇنۇم ھاسىل قىلغان . شۇڭا قەشقەر خەلق ناخشىلىرى يۇقىرى جەلپكارلىققا ۋە تېز ئۆزلىشىشچانلىققا ئىگە .

(4 ) قەشقەر خەلق ناخشىلىرىدا تېكىست بىلەن ئاھاڭنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ، تاللانغان تېكىستلەر روشەن ئېچكى رىتىمدارلىققا ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە . شۇڭلاشقا قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستى كىشىدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلالايدۇ ۋە ئوڭاي ئەستە قالىدۇ . مەسىلەن :

قەشقەرنىڭ بازارىدىن ،
قىزىل ئالما ئەپ بېرەي .
ئېچىمدىكى دەردىمنى ،
سەن يايرىمغا دەپ بېرەي .

بىر ياغلىق ئانار ئالدىم ،
ھېيتكادىكى مەممەتتىن .
بۇ كۆيەك مىراس قالغان ،
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن .
(سىنىڭ بىلەن مەندەكتىن )

جاھانغا پاتمىغان سەركە ،
قازانغا قانداق پاتقانسەن .
قازانغا پاتساڭ پاتقانسەن ،
تۈۋاقنى قانداق ياپقانسەن .

ۋە باشقىلار .

(5 ) قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تىلى جانلىق ، ئاممىباب ، مەنتىقلىقى كۈچلۈك بولۇپ ، پەلسەپۋى پىكىرلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان .

ئىككىنچى ، شەكىل ، يەنى مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتە :

(1 ) قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭ تىپىسى ۋە مۇزىكىلىق رىتىمى تىپىك بوستانلىق مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە . قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىلىق مېلودىيىسى گاھ نورۇز بۇلاقنىڭ كۆزىدىن بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۈيىنى ، گاھ ئەمدىلا باشاق تۇتقان ياپيېشىل بۇغداي مايسىلىرىنىڭ سەلكىن شامالدا رەققاسلاردەك لەرزان ئىرغاڭلاشلىرىنى ، گاھ دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە كاراپتەك ئۈزۈۋاتقان بېلىقلار توپىنىڭ ئويناقلاشلىرىنى ، گاھ تويغا جابدۇنغان قىزلارنىڭ ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ئۇسما قويۇشۇپ ئۆزىنى ياساۋاتقان ھالەتلىرىنى ، گاھ يېتىم قىزچاقنىڭ ئانا پىراقىدا پىغانغا تولغان ھالىتىنى ، گاھ ئېگىز شارقىراتمىدىن كۆۋرەپ قورام تاشلارنى سۆيۈپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىنى ، گاھ جەڭگە ئاتلانغان باتۇر ئوغلان مىنگەن ئارغىماق ئاتنىڭ تۇۋىقىدىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى . . . نى ئەسلىتىدۇ .

(2 ) قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسىدىن جۇشقۇنلۇق ، جەسۇرلۇق ، مۇڭلۇق ، لەرزانلىق ، نەپىسلىك چىقىپ تۇرىدۇ . ئۇ قەلبىمىزنى يىراق ئۆتمۈش ، رېئال ھاياتلىق ، كەلگۈسى مەنزىلگە ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقان سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە .

قەشقەر خەلق ناخشىلىرىدا ئەكس ئېتتۈاتقىنى دەۋرنىڭ، مىللەتنىڭ، شۇنداقلا ئاڭلاۋاتقان ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلب چوڭقۇرلىقىدىكى نازۇك تۇيغۇلار بولۇپ، ئۇ بەدىئىي چوڭقۇرلۇق، گۈزەللىك، پۇتمەس - تۈگىمەس مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشقان. شۇڭا بۇ ناخشىلار ھەر قانداق كىشىنىڭ يۈرىكىدە زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ.

(3) قەشقەر خەلقى ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە چېكىدىن ئاشقان قاتمۇقات زۇلۇم - زۇلمەت، ئايىغى ئۈزۈلمەس تەپرىقىچىلىك جەڭگى - جېدەللەر، دىنىي ئەسەبىيلىك... قاتارلىق ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. ھاياتنىڭ بۇ ئاچچىق قىسمەتلىرى قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسىدا روشەن ئەكس ئېتىپ، بۇ ناخشىلارنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل تراگېدىيىلىك گۈزەللىككە ئىگە قىلغان. تراگېدىيىلىك گۈزەللىك قەشقەر خەلق ناخشىلىرىدىكى جازىبىدارلىق ۋە جەلپكارلىقنىڭ ئاساسى.

(4) قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مېلودىيىسى بىلەن يىلتىزداش ۋە رەڭداش بولۇپ، مىللىيەتلىكى ئەڭ روشەن، مۇزىكىلىق تېمپىسى ۋە رىتىمى ناھايىتى ئېنىق. شۇڭا ئۇ ئەڭ كەڭ ئومۇملۇققا ۋە ئامما‌بابلىققا ئىگە بولغان.

(5) قەشقەر «يىپەك يولى» نىڭ تۈگۈنى بولۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى بىلەن شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سېھرىي كۆچى ئۇرغۇپ تۇرغان شەھەر، شۇنىڭ ئۈچۈن رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇزىكىلىق ئىنكاسى بولغان قەشقەر خەلق ناخشىلىرى يىپەك يولى بويلاپ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا بىر - بىرىگە ئۆتۈشكەن قەدىمىي شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىگە تويۇنغان. ئەنە شۇ شەرق، غەرب مۇزىكا مەدەنىيىتى

جەۋھەرلىرى بۇ دىيارنىڭ ئەنئەنىۋى يەرلىك مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىگە يېڭى ئېنېرگىيە بېغىشلاپ، قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنى رەڭدارلىققا ۋە كۆپ خىللىققا ئىگە قىلغان.

دېمەك، قەشقەر خەلق ناخشىلىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق مۇھىتىدا بەرپا بولغان قۇرغاق رايون مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يارقىن كۆزنىكى، مەركىزىي ئاسىيا ئىسلام مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ تىپىك كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى. قەشقەر خەلق ناخشىلىرى مەڭگۈ ئاڭلىسىمۇ قانمايدىغان بىر مۇزىكىلىق قامۇس.

بۇ قامۇسقا قەشقەر بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق سىرلىرى يوشۇرۇنغان، بۇ قامۇسقا يەنە يىپەك يولى بويلاپ توختاۋسىز رەۋىشتە ئۆتۈشۈپ تۇرغان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىلىرى مۇجەسسەملەنگەن. كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە فولكلور مىراسلىرى قەشقەر خەلق ناخشىلىرىدا باشقا ھەر قانداق رايونلارنىڭ ناخشىلىرىغا قارىغاندا ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭلاشقا ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئۈچۈن قەشقەردىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ماكاننىڭ سېھىرلىك مۇزىكا كۈيلىرىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

قەشقەر ئىسمى جىسمىغا لايىق ناخشا ـ كۈي ماكانى، خۇددى مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۇجى ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇشىمۇ، ئۆلۈمىمۇ، كۈلكىسىمۇ، يىغىسىمۇ، خۇشاللىقىمۇ، قايغۇسىمۇ ناخشىسىز ئۆتمەيدۇ.»

## 3 § . قەشقەرنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى

ئۇسسۇل سەنئىتى ئومۇملۇق جەھەتتىن ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى، بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئۇسسۇل بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن. قەشقەرنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ پېشۋاسى، داڭلىق ئۇسسۇل مائارىپچىسى قەمبەرخانىم (1914 — 1994) نى ئەسلىسەك، ئۇيغۇر ئۇسسۇلى، جۈملىدىن قەشقەر ئۇسسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. «شىنجاڭدىكى مېي لەنفاڭ»، «شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇل پەرىشتىسى» دېگەن شانۇ شەرەپكە نائىل بولغان قەمبەرخانىم 1914 ـ يىلى قەدىمىي سەنئەت بۆشۈكى — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىسىدىكى دېھقان ئەمەت ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنىڭ قايناق مۇھىتىدا چوڭ بولدى. ئايىغى چىققاندىن باشلاپ خەلق ئارىسىدىكى ئۇسسۇل سەنئەتكارلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئۇسسۇل ماھارىتىنى ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنىڭ يۈكسەك مەنزىلىگە يېتىشنى ئۆمۈر بويى جاپالىق ئىزدىنىش ۋە تىرىشىشنىڭ نىشانى قىلدى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ پېشۋاسى دېگەن ئاتاققا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتى «جۇڭگو يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئۇسسۇل تارىخى» دېگەن كىتابتا يېزىلغىنىدەك: «مەردانە ۋە ئالىيجاناب،

جۇشقۇن ۋە ئازادە، نەپىس ۋە جازىبىدار، جەلپكار ۋە ئاممىباب، ئوبرازلىق ۋە ھېسسىياتچان»[1] ئىدى.

بۇ ئون سۇپەت ماھىيەتتە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە يىغىنچاقلىغان.

دەرۋەقە، قەشقەر خەلق ئۇسسۇللىرى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، رەڭدارلىقى، جۇشقۇنلۇقى، مەزمۇندارلىقى، جازىبىدارلىقى ۋە جەلپكارلىقى بىلەنلا قىممەتلىك بولۇپ قالماي، بەلكى ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى، ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ مەردانىلىقى ۋە ئوبرازچانلىقى، رىتىم ئۇدارلىرىنىڭ شوخلۇقى ۋە ستېرېئولۇقلىقى، ھەرىكەت بىلەن مەزمۇننىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشچانلىقى، ھەرخىل ئوبرازلارنى ئەينەن، جانلىق ۋە ئىنچىكە سۈرەتلەش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى، جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكى قاتارلىق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ دۇنياغا مەشھۇر. قەشقەر ئەل ئىچى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ شەكىللىرى كۆپ خىل بولۇپ، ساما ئۇسسۇلى، سەنەم ئۇسسۇلى، شادىيانە ئۇسسۇلى، مەشرەپ ئۇسسۇلى، دولان ئۇسسۇلى، نىقابلىق ئۇسسۇللار، ھەجۋىي ئۇسسۇللار، مۇراسىم ئۇسسۇللىرى توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئۇسسۇللىرى، پېرىخون ئۇسسۇلى، خانىقا ئۇسسۇلى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەرگە خاس تىپىك بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

## 1. سەنەم ئۇسسۇلى

«سەنەم» ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت

---

[1] ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان: «تۈرك ۋە تاتار تارىخى»، قازان مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 16 ـ بەت.

مەنىسى تاشتىن ، ياغاچتىن ياكى مېتالدىن ئىنسان قىياپىتىدە (كۆپىنچە گۈزەل ئايال ئوبرازىدا ) ياسالغان ۋە زىننەتلەنگەن بۇت[1] دېمەكتۇر . بۇ ئىسىم كۆچمە مەنىدە گۈزەل ، چىرايلىق ئايال ، نازىنىن دېگەننىمۇ بىلدۈرىدۇ .[2] ئۇ يەنە ئۇيغۇر نەغمىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى بولۇپ ، مۇقاملاردا ئۇسسۇللۇق قىياپەت (ئوبراز ) يارىتىدىغان مۇزىكىنى كۆرسىتىدۇ .

سەنەم ئۇسسۇلى — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇلى . ئادەتتە ھېيت - بايرام ياكى ئەمگەكتىن كېيىن كوللېكتىپ ئوينىلىدۇ . شەكلى بىر قەدەر ئەركىن ، ھەرىكەتلىرى جانلىق كېلىدۇ . شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە تۈرلىرى كۆپ بولۇپ ، ئۇسلۇب جەھەتتە ئاساسەن ئوخشىشىدۇ .[3]

دېمەك ، «سەنەم» ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى خاس نام بولۇپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سەنئەت ھاياتىدا شەكىللەنگەن ھەجىمى ئىخچام ، رىتىمى جانلىق ۋە كۆپ خىل ، شوخ ھېسسىياتقا ، باي مەزمۇنغا ، ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت تۈسىگە ئىگە كىچىك تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن ناخشا - ئۇسسۇل ژانىرىدۇر .

سەنەم ئۇسسۇل تۈرى ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا ئۇسسۇللۇق قىياپەت ۋە شوخ ئوبراز ئارقىلىق مۇقام كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرىدىغان جانلىق بىر شەكىل بولغاچقا ، مۇقاملارنىڭ ھەممە تۈرىدە «سەنەم» بۆلىكى بار .

مۇقاملاردىكى «سەنەم» ئۇسسۇللۇق ئالاھىدىلىك جەھەتتە بىز

---

① تۇرسۇنئاي يۇنۇس : «ئۇسسۇل پېشۋاسى قەمبەرخانىم» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 2004 - يىلى نەشرى .

② «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1992 - يىلى نەشرى ، 3 - توم ، 494 - بەت .

③ گوباۋ : «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە قەدىمكى جەمئىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە ) ، 1986 - يىلى خەنزۇچە نەشرى ، 23 - ، 33 - بەتلەر .

سۆزلەۋاتقان يەرلىك خەلق سەنەملىرى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ ، بىراق ھەجىم جەھەتتە كۆپ كىچىك . مۇقاملاردىكى سەنەملەر بىرلا خىل شوخ ئۇسسۇللۇق ناخشىدىنلا ئىبارەت بولسا ، يەرلىك سەنەملەر قۇرۇلما جەھەتتە ئاز دېگەندە 5 — 6 خىل ، كۆپ بولغاندا 15 — 20 گە يېقىن ھەرخىل رىتىم ۋە تېمىلاردىكى ئۇسسۇللۇق ناخشىلاردىن يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن . ھەر بىر ناخشىسى بىر «ئۆزگىرىش» ھېسابلىنىپ ، بىر «ئۆزگىرىش» ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىققە ياكى ئۆزئارا بىر - بىرىگە بېقىنغان چاتما خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ . يەرلىك سەنەملەرنىڭ ناخشىلىرى ئىچكى گارمونىيە جەھەتتە بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇقام بۆلەكلىرىنىڭكىدەك مەرغۇل بولمايدۇ . دېمەك ، «سەنەم» يۇرۇشلەشكەن خەلق ناخشىلىرىغا تەڭكەش قىلىپ ئوينىلىدىغان كۆپ ئۆزگىرىشلىك ئۇسسۇل مۇجەسسىمىدىن ئىبارەت . ئۇيغۇر سەنەملىرىنىڭ يەرلىك تۈرلىرى كۆپ بولۇپ ، بۇ ساھەدىكى بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 50 خىلدىن ئارتۇق سەنەم تۈرلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ .

يەرلىك سەنەملەر ئىچىدە قەشقەر سەنىمى ئومۇملىشىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى ، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ مەردانىلىكى ۋە نەپىسلىكى ، بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنىڭ زورلۇقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا يەرلىك سەنەملەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ .

قەشقەردە «قەشقەر سەنىمى» دەپ ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان چوڭ سەنەمدىن باشقا ، يەنە يەرلىك شېۋە ۋە قويۇق ئەنئەنىۋى مۇزىكا پۇراقلىرى سىڭدۈرۈلگەن «دولان سەنىمى» ، «يەكەن سەنىمى» ، «قاغىلىق سەنىمى» ، «كاچۇڭ سەنىمى» قاتارلىق يەرلىك سەنەملەرمۇ بار . بۇ سەنەملەرنىڭ ئىچىدە «قەشقەر سەنىمى» بىر قەدەر كەڭرىرەك ئوينىلىدىغان سەنەملەرنىڭ بىرى

بولۇپ ، ئەرلەر مەردانە قىياپەت بىلەن قول ـ پۇتلارنى بىر ـ بىرىگە ناھايىتى ماسلاشتۇرۇپ چاققانلىق بىلەن ئوينايدۇ . ئاياللار بولسا نازاكەتلىك ، نەپىس ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇكا قەدەم ، سىيرىلما قەدەم ، ئەگەشمە قەدەم ، تەپمە قەدەم قاتارلىق شەكىللەر بىلەن قوللىرىدا رومال ئوينىتىش ، چاچ ئوينىتىش ، گەۋدە ئوينىتىش ، قاش ـ كۆز ئوينىتىش ئارقىلىق قىز ـ ئوغۇل بىر ـ بىرىگە بېقىشىپ ئوينايدۇ . ئوغۇللار قوللىرىدىكى ساپايىنى مۇرىسىگە لەرزان ئۇرۇپ ، ئۇسسۇل رىتىمىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ . بۇ ئارقىلىق ئۇسسۇل كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇپ قاينام ـ تاشقىنلىق ئۇسسۇل مەنزىرىسى ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يۇكسەك بەدىئىي قۇۋۋىتى ئارقىلىق تاماشىبىنلارغا كۆتۈرەڭگۈ روھ ، خۇشلۇق ۋە شوخلۇق ئاتا قىلىدۇ .

قەشقەر سەنەملىرى خەلق ئارىسىدا ئەزەلدىن دۇتار ، تەمبۇر ، راۋاب ، غېجەك ، داپ ، ناغرا ، ساپايى ، قوشۇق قاتارلىق خىلمۇخىل چالغۇلارنىڭ تەڭكەشلىكىدە ئۆي ، ھويلا ـ ئارام ، مەيدان ـ سەينالاردا ، توي ـ تۆكۈن ، ھېيت ـ بايرام ۋە ھەر خىل مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئەر ـ ئاياللار ۋە ياش ـ قېرىلار تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كوللېكتىپ ئوينىلىپ كەلگەن ۋە بارغانسېرى قېلىپلىشىپ ، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئەت باغچىسىدىكى بىر دەستە خۇش پۇراق گۇلگە ئايلانغان .

## 2 . ساما ئۇسسۇلى

«ساما ئۇسسۇلى» — قەدىمىي شەھەر قەشقەردىكى ئەنئەنىۋى مىللىي خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە .

ساما ئۇسسۇلىنىڭ گېنېئالوگىيىلىك يىلتىزى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى ئىچىدىكى كۆك تەڭرىسىنى ئۇلۇغلاش

ئېتىقادىغا بېرىپ تاقىلىدۇ . ئۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا پەيدا بولغان ھەمدە سۇي ، تاڭ دەۋرلىرىدىلا ئەتراپتىكى رايونلارغا تارقىلىپ ، باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان . شۇڭا بۇ ئۇسسۇل ھەققىدە تاڭ دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرىدىن يۈەن جىڭ ، بەي جۈيى ، لى رۇي قاتارلىقلار نەزملەرنى يازغان . بىز پەقەت يۈەن جىڭنىڭ «ساما ئۇسسۇلى» توغرىسىدا يازغان بىر نەزمىنى ئەسلەپ ئۆتسەك كۇپايە :

پىرقىراپ ئوينايدىكەن ، مەنىسى چوڭقۇر بەك لەۋەن ،
بۇ ئۇسسۇل كارامىتىن تەسۋىرلىمەك قىيىن ، بىراق .
بىر ئىزىدا پىرقىراپ ، قۇيۇن كەبى جەۋلان قىلىپ ،
ئۇ گويا لەنخۇا گۈلى ئالدىمدا يانغان نۇر چىراغ .

ئەنئەنىۋى «ساما ئۇسسۇلى» ئىجادكارلىق روھىغا باي سەنئەتخۇمار قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتى ۋە ئېستېتىك پاراسىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر . ئۇنىڭدا قەشقەر ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئېستېتىك غايىلىرى ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ساددا قاراشلىرى ، جۇشقۇنلۇق بىلەن تولغان باتۇرانە روھىي قىياپەتلىرى ، جاپا - مۇشەققەتكە پىسەنت قىلمايدىغان پىسخىك خاراكتېرى ئۇسسۇل شەكلىدە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن . «ساما ئۇسسۇلى» ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا شەكىل جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇقىملىقىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ ، مەزمۇن جەھەتتىن دەۋر روھىنى سىڭدۈرۈپ بەزى ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولغان . بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىن تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ زىكرى ساما ھەرىكەتلىرى ، جەررە سېلىش ھەرىكەتلىرى ، زاھىتلىقنى ئىما قىلىدىغان ھەرىكەتلىرى ئاممىۋى ساما ئۇسسۇلىغا مەلۇم دەرىجىدە سىڭىشىپ كەتكەن . بۇنىڭغا قاراپ بەزى مەزگىللەردە قەشقەر ساما

ئۇسسۇلىنى «دىنىي ئۇسسۇل» دەيدىغان قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. بىزنىڭچە، بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق قاراش ئەمەس. «دىنىي ئۇسسۇل» ياكى «غەيرىي دىنىي ئۇسسۇل» دېگەن ئۇقۇملار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تۈپ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇسسۇل پەقەت ھەرىكەت ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدىغان سەنئەت. شۇڭا ئۇسسۇل ھەرىكىتىدە دىنىي تەركىبىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىنىڭ كارايىتى چاغلىق. سەنئەتنىڭ دىن بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەن تۈركىيىدىكى ئىككى قېتىملىق ئىلمىي زىيارىتىمدە ئىسلام دۇنياسىدىكى تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ ئاتاقلىق پىر ئۇستازى مەۋلانە جالالىدىن رومىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يولغا قويۇلۇپ مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۈزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «كونيا ساماسى» نى كۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ سىرلىق ۋە ھەيۋەتلىك ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن مەزمۇن قاتلاملىرىنىڭ «قەشقەر ساماسى» غا ئوخشاشلىقىنى ھېس قىلدىم. بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيىنىڭ «كونيا ساماسى» دۇنيانىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى قاتارىغا كىرىپ، دۇنيانىڭ ئورتاق مىراسىغا ئايلاندى. «قەشقەر ساماسى» ئەمەلىيەتتە «كونيا ساماسى» غا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ ئاممىۋىلىققا، كوللېكتىپچانلىققا، ئەڭ ئۇزاق ئەنئەنىۋىلىككە ۋە خاسلىققا ئىگە. «ساما ئۇسسۇلى» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىنىڭ نادىر ئۈلگىسى سۈپىتىدە، قەشقەردە تارىختىن بۇيان ئۈزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، گەرچە سامانىڭ دائىرىسى كىچىكلەپ پەقەت روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى ھېيتگاھ مەيدانىغىلا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆتمۈشتە ھېيت - بايرام، مەشرەپ، زاراخەتمە، قەشقەردىكى «ئوردام سەيلىسى»، «ھەزرەت سەيلىسى»، نورۇز بايرىمى، ھەتتا ماتەم مۇراسىملىرىدىمۇ «ساما

ئۇسسۇلى» ئويناش ئەۋج ئالغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭغا پالانغان ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى، «ئەپيۇن ئۇرۇشى» نىڭ سەركەردىسى لىن زېشۇ (1785 — 1850) «بامبۇكزارلىقنىڭ مۇسۇلمان دىيارىدىكى نەزمىلىرى» ناملىق توپلىمىدا «ساما ئۇسسۇلى» ھەققىدە مۇنداق بىر نەزم يازغان:

«ئىپتار قىلىشار ئۇلار يۇلتۇزلار تۇغۇلغاندا،
خەتمە ئوقۇپ ئۆتىدۇ، تالىپلار كەچ قۇرئانغا.
روزى ھېيت باشلىنار، كۆرۈنگەندە يېڭى ئاي،
تۇمەن كىشى ھېيت كۇنى ئۇسسۇل ئوينار ساماغا.»

قەشقەر «ساما ئۇسسۇلى» نىڭ روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۇنلىرى ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدىكى چوڭ مەيداندا ئوينىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئاممىۋى ساما شەكلىدىن باشقا، يەنە قەشقەردىكى «ھەزرىتى موللام مازىرى»، «ئاپاق خوجا مازىرى»، «سېيىت ئارسلانخان مازىرى»، «ئوردام مازىرى»، «سۇلتان سۇتۇق بوغراخان مازىرى»، يەكەندىكى «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» قاغىلىقتىكى «غوجامنىڭ خانىقاسى» قاتارلىق مازارلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان سەيلە ـ تاۋاپ مەرىكىلىرىدە ئوينىلىدىغان «جەررە ساما»، «زىكرى ساما»، «ھۆكمەت ساما» قاتارلىق شەكىللىرى بولغان. يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر خەلقى مىلادىيە 1442 ـ يىلى ھېيتگاھ جامەسى كېڭەيتىپ ياسالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە روزى ھېيت، قۇربان ھېيت مەزگىلىدە (بەزى مەزگىللەردە ھەتتا روزى ـ رامزان كۇنلىرى زولۇق يەپ بولغاندىن كېيىن) ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا ناغرا، سۇنايغا تەڭكەش قىلىپ، مىڭلىغان كىشى بىرلىكتە

«ساما ئۇسسۇلى» ئويناش بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىپ، قەشقەر خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. «جەررە ساما»، «زىكرى ساما»، «هۆكمەت ساما» قاتارلىق دىنىي تۈسى قويۇق سامالار ئاستا ـ ئاستا ئاممىۋىلىقىدىن ئايرىلىپ يوقىلىشقا يۈزلەنگەن ياكى چەكلىك دائىرىدە يوشۇرۇن هالەتكە ئۆتكەن. بۇ خىل سامالار مەزمۇن جەهەتتىن قويۇق سوپىزملىق تۈسكە ئىگە بولغاچقا، رايونىمىزدىكى ئىسلام مەهكىمە شەرئىلىرى تەرىپىدىنمۇ چەكلەنگەن.

ئاممىۋىلىقى كۈچلۈك بولغان «هېيتگاه ساماسى» هېيتگاه پەشتىقىدا چېلىنىدىغان چوڭ ـ كىچىك بىر قانچە ناغرا ۋە سۇناي ساداسىغا تەڭكەش قىلىپ ئوينىلىدۇ. ئاهاڭ جەهەتتە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ۋە كلاسسىك خەلق مۇزىكىلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ساما ئۇسسۇلى ئىختىيارىي هالدا ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىدۇ، بىرەر ئورگان ياكى بىرەر كىشىنىڭ تەشكىللىشى هاجەتسىز. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ساما مەيدانى ناهايىتى تەرتىپلىك ۋە رەتلىك بولۇپ، ساما توپىغا بايرام خۇشاللىقىنى ئاتا قىلىدۇ.

ساما ئۇسسۇلىنىڭ قەدەم تۈرلىرى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىلدىن ئىبارەت:

(1) ساما قەدەم (ئەركىن قەدەم)
(2) قايچىسىمان قەدەم
(3) دەڭسىمە قەدەم
(4) سوقا چۈشتى قەدەم
(5) تاق پۇتلۇق سەكرەش
(6) قوش پۇتلۇق تېپىپ سەكرەپ ئايلىنىش
(7) چېكىنىپ يانچە مېڭىش
(8) قاڭداپ چۈشۈش
(9) سەكرەپ تىزلىنىپ جەينەكلىنىش

(10) يانچە سىيرىپ يۈرۈپ ، يېرىم ئايلىنىپ ، يېرىم ئولتۇرۇش

(11) كىچىك چاپچىما

(12) چوڭ چاپچىما

(13) هالقا ياساپ نەرە تارتىش

(14) ئىككى قولىنى كۆككە كەڭ يېيىپ ئالدىغا بەل تاشلاش

(15) چەمبەرسىمان هالقا ئىچىدە ئوڭ ۋە سولغا پىرقىراش

ئومۇمەن ، ساما ئۇسسۇلىنىڭ هەرىكەتلىرى ئەنئەنىۋى دولان ئۇسسۇلىغا يېقىنراق تۇرىدۇ . بۇ هال «ساما ئۇسسۇلى» نىڭ قەدىمىيلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ .

بىز ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا ، 1950 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غىچە بولغان مەزگىللەردە هېيتگاھ مەيدانىدا روزى هېيت ، قۇربان هېيتىنىڭ هەر بىرىدە «ساما ئۇسسۇلى» ئوينايدىغانلار ئوتتۇرا هېساب بىلەن 5000 كىشىدىن ، ئۇنى كۆرگۈچىلەر ئون نەچچە مىڭ كىشىدىن ئارتۇق بولغان (ئۇدا ئۈچ كۈن داۋام قىلغان) . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سولچىل لۇشيەن كاساپىتىدىن «ساما ئۇسسۇلى» مۇ «تۆت كونا» قاتارىدا چەكلەنگەچكە ، ئاممىۋى «ساما ئۇسسۇلى» ئويناش بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان . 1978 ـ يىلىدىن كېيىن «هېيتگاھ ساماسى» يەنە قايتا ئەسلىگە كېلىپ «ساما ئۇسسۇلى» ئوينايدىغانلار كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن . 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ هېيت كۈنلىرى «ساما ئۇسسۇلى» ئوينايدىغانلارنىڭ سانى ئازىيىشقا باشلىغان . بۇنىڭ نۇرغۇن ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى بار .

بىزنىڭچە ، ئەڭ مۇھىم سەۋەبى هازىرقى زامان مەدەنىيەت توقۇنۇشىنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە سەل قاراش خاھىشىنىڭ روهىي چەكلىمىسى دېيىش

مۇمكىن .

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا ، «ساما ئۇسسۇلى» ئۆزىگە خاس ھەرىكەت قانۇنىيىتىگە ئىگە بولۇپ ، مۇرەككەپلىك دەرىجىسى خېلى يۇقىرى . ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ساما ئۇسسۇلىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم پېشقەدەم ساما ئۇسسۇلچىلىرىمىزنىڭ كەينى - كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتۈشى نەتىجىسىدە كېيىنكىلەر ئىچىدە «ساما ئۇسسۇلى» نى ئۆلچەملىك ئوينايدىغانلارنىڭ نىسبىتى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەن .

بۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەرنىڭ «ساما ئۇسسۇلى» نى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ ، ئۇنى قەشقەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم .

## 3 . مەشرەپ ئۇسسۇللىرى

مەشرەپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارىخى ئۇزۇن ، تارقىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ، ئاممىۋىلىقى كۈچلۈك ، سەنئەتنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ، فولكلورلۇق تۈسى قويۇق بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى . شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنى مەشرەپسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ . ئۇ ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپىدۇر .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مەشرەپنىڭ تۈرلىرى 100 خىلدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم . ئۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر مەشرەپلىرى تۈرىنىڭ كۆپلۈكى ، مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ، مەشرەپ پائالىيەتلىرىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە كۆپ خىللىقى ، مەشرەپ قائىدىلىرىنىڭ پۇختىلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يۇكسەك ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە . مەشرەپ

ھەققىدە كېيىنكى بابلاردا ئايرىم توختىلىدىغان بولغاچقا ، بىز بۇ قىسىمدا پەقەت مەشرەپتە ئوينىلىدىغان ئۇسسۇللارنىڭ خاراكتېرىنى قىسقىچە ئىزاھلاش بىلەن چەكلىنىمىز .

ئۇسسۇل قەشقەر مەشرەپلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن سىڭگەن بولۇپ ، مەشرەپ پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ .

مەشرەپ ئۇسسۇللىرى كلاسسىك ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا ، يەنە يۇمۇرىستىك (ھەجۋىي ) ئۇسسۇللار ، تەقلىدىي ئۇسسۇللار ، تىياتىرلاشقان دراماتىك ئۇسسۇللار قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . قەشقەر مەشرەپلىرىدە كەڭ ئومۇملاشقان «پوتا (دەررە ) ئۇسسۇلى» ، «چاي تۇتۇش ئۇسسۇلى» ، «چىنە ئۇسسۇلى» ، «ساماۋەر ئۇسسۇلى» ، «گۈل تۇتۇش ئۇسسۇلى» ، «غوجالدىرۋاق ئۇسسۇلى» ، «قورقۇنچاق ئۇسسۇلى» ، «تۆگە ئۇسسۇلى» ، «ئات ئۇسسۇلى» ، «توخۇ ئۇسسۇلى» ، «يولۋاس ئۇسسۇلى» ، «غاز ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇل تۈرلىرىدىن باشقا ، مەشرەپنىڭ «جازا» قىسمىدىكى ھەرخىل جازا پائالىيەتلىرىنىڭمۇ ئۆزگىچە ئۇسسۇل شەكلى بار .

بۇ جەھەتتە دولان ئۇسسۇللىرى قەشقەر مەشرەپ ئۇسسۇللىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولالايدۇ ، قەشقەرنىڭ دولان يۇرتلىرىدا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان دولان ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكىتى ئاددىي ۋە سالماق بولۇپ ، گويا ئوۋچىنىڭ بۆركۈت ئېتىۋاتقان قىياپىتىنى ئەسلىتىدۇ . شۇڭلاشقا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان دولان ئۇسسۇللىرى سۇڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 960 — 1379 ـ يىللار ) نىڭ 16 ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىچىدىكى «بۆركۈت ئاتار ئۇيغۇر ئۆمىكى» ( 射雕回鹘队 ) دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر بولغانلىقى مەلۇم . دولان ئۇسسۇللىرى دولان مەشرەپ مۇقاملىرى (دولان خەلقى «باياۋان» ياكى «نەغمە» دەپ ئاتىغان . «مۇقام» ئاتالغۇسى 60 ـ يىللاردىن كېيىن سەنئەت

تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» غا تەقلىدەن قويۇلغان يۇكلىمە نام) تېخىمۇ زىچ باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بارلىق ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان.

دولان ئۇسسۇلى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، دولان ئۇسسۇلى دولان مەشرىپىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، تۆت باسقۇچلۇق ئۆزگىرىشكە ئىگە؛ ئادەتتە دولان مەشرىپىنىڭ «مۇقەددىمە» قىسمىدىن كېيىنلا «چېكىتمە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇسسۇللۇق باسقۇچى باشلىنىدۇ. دولان ئۇسسۇلىنىڭ بۇ بىرىنچى باسقۇچى ئەرلەرنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىش ئۇچۇن ئۇياق-بۇياقنى ئاختۇرۇپ تاياق-توقماق ئىزدەۋاتقان، توغراق ۋە چاتقاللار ئارىسىغا مۆكۈنۈپ، ئوۋ ھايۋانلىرىغا زەن سېلىۋاتقان ۋە ئەپچىللىك بىلەن ئۇلارنى نىشانغا ئېلىۋاتقان ھالىتىنى ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

ئىككىنچى رەتتىكى «سەنەم» باسقۇچىدا ئوۋچىلارنىڭ ئوقيا تارتىش، يىرتقۇچلارنى كالتەك بىلەن دۇمبالاش، نەيزە سانجىش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەسكىن كۈرەش پائالىيەتلىرىنى ۋە قەھرىمانلىقلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

ئۇچىنچى رەتتىكى «سەلىقە» باسقۇچىدا، ئوۋچىلارنىڭ كوللېكتىپ ھالدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يوقىتىشنىڭ ئاخىرقى جېڭىگە ئاتلانغانلىق ئەھۋالى ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ.

تۆتىنچى رەتتىكى «سىيرىلما» باسقۇچىدا ئوۋدىن كېيىنكى تەنتەنە، غەلىبە شادلىقىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

دېمەك، قەدىمكى ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ھەرىكەت-باسقۇچلىرى رىتىملىق ۋە سىستېمىلىق ئوبرازلاشتۇرۇلغان دولان ئۇسسۇللىرى روشەن سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، كىشىگە مەردانىلىك ۋە جەسۇرلۇق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.

«دولان ئۇسسۇللىرى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىغا ئوخشاش ئۇسسۇل تىلى ۋە ھەرىكەت رىتىمىغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇ يەنە ناھايىتى قاتتىق داپ رىتىمدارلىقى، ھەرىكەت تەكشىلىكى، ئەر ـ ئايال ھەرىكىتىدىكى ئىختىيارىي ئەۋرىشىملىككە يول قويۇلمايدىغان ئارىلىق، پىرقىراشتەك تەكشىلىك ئىنتىزامچانلىقىنى گەۋدىلەندۇرگەن. بىر قاراشتا ھەربىي ئۇسسۇلدەك جەڭگىۋار كۆرۈنىدىغان بۇنداق سەنەم شەكىللىك كوللېكتىپ ئۇسسۇللار قەبىلە ۋە ئىپتىدائىي مۇراسىم مۇقەددەسلىكى ئەقىدىسى بىلەن باغلانغان ئالاھىدە مۇھىتتا شەكىللىنىشى مۇمكىن.»① دولان ئۇسسۇلىنىڭ تۆت يۈرۈشلۈك ھەرىكەت شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سىمۋوللۇق مەنە ھەققىدە يەنە باشقا ئىلمىي پەرەزلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن. مەيلى قايسى خىل پەرەز ـ قىياسلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دولان ئۇسسۇلىنىڭ مەزمۇنىدىن شەكلىگە قەدەر ئۇنىڭدا بىر خىل ئىپتىدائىي جەسۇرلۇق روھىنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مانا بۇ دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت قىممىتى.

بىز يۇقىرىدا قەشقەردىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ھەمدە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس بولغان بىر قانچە تىپىك يەرلىك ئۇسسۇل تۈرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇق. ھەممىگە ئايانكى، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى قازسا تۈگىمەيدىغان چوڭ بىر خەزىنە. قەشقەر ئەل ئىچى ئۇسسۇللىرى ئەنە شۇ خەزىنە ئىچىدىكى ئەڭ نەپىس، ئەڭ جۇلالىق بىر دەستە گۈل. شۇڭا قەشقەر ئۇسسۇلى تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ مۇقەددەس ئانىسى ۋە گۈلتاجىسى بولۇپ كەلگەن.

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخ مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 2006 ـ يىل نەشرى، 2 ـ توم، 246 ـ بەت.

# IV باب　قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېركچىلىكى

قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېركچىلىكى ئىنتايىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. چۈنكى تارىختىكى قەشقەر ئۆزىنىڭ مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئورنى، شۇنداقلا ئۇزاق زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ مۇھىم سىياسىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەل ئىچى تەنتەربىيە تۈرلىرى ۋە سېركچىلىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە باشقا يۇرتلارنىڭ ئەل ئىچى تەنتەربىيىسىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

شۇڭا بىز مەيلى ئومۇمىي نۇقتىدىن قارايلى ياكى قەشقەرنىڭ ئۆزىدىن قارايلى، ئەل ئىچى تەنتەربىيە تۈرلىرى، سېركچىلىكى ئىنتايىن مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىدىن قارايدىغان بولساق، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش تەرەپلەردە ئوينايدىغان غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى ھېس قىلىمىز.

## §1. قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېركچىلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

بۇ بابتا ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى بىلەن سېركچىلىكنى بىر

قاتلامغا قويۇپ بايان قىلدۇق. چۈنكى ئەل ئىچىدىكى كۆپ خىل سېرىك تۈرلىرى ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەنتەربىيە تۈرلىرىگە تەۋەدۇر، ياكى تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ كەسىپلىشىشى، خەتەرلىك دەرىجىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشى، تېخنىكىلىق تەلىپىنىڭ يۇقىرى بولۇشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، دارۋازلىق، ئېلەڭگۈچ ئۈچۈرۈش دېگەندەكلەر.

قەشقەر تارىختىن بۇيان ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېرىكچىلىكى گۈللەنگەن يۇرتلارنىڭ بىرىدۇر. بىز ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئەسىرىدىكى چېلىشىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئات بەيگىسى، چەۋگەن توپ . . . قا ئوخشاش تەنتەربىيە تۈرلىرىگە ئائىت يىپ ئۇچلىرىدىن يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلىنى كۆرەلەيمىز. ئۇزاق يىللار مابەينىدە، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى مول تەنتەربىيە تۈرلىرى ۋە سېرىكچىلىكى بىلەن تۇرمۇشنى بېيىتىپ كەلدى؛ خەلقنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش، جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىنى مەشقلەندۈرۈش تەرەپلەردىكى ئېھتىياجىمۇ مۇشۇ تۈرلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. شۇڭا ھازىرقى زامان تەنتەربىيىسىنىڭ مەقسىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەل ئىچى تەنتەربىيە تۈرلىرى ۋە سېرىكچىلىكى رىقابەتتىن باشقا ئومۇمىي خەلقچىللىق روھىغا باي بولۇپ، كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ ئوخشاشمىغان ياش، جىنس ۋە قاتلاملىرىغا ئورتاق بولۇش بىلەن بىرگە، كۈچلۈك كۆڭۈل ئېچىش فۇنكسىيىسىگە ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. مەسىلەن، بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بالىلارنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى مىللىي مائارىپنىڭ ئۆزگىچە بىر تۈرى بولۇش بىلەن بىزنىڭ دىققىتىمىزنى

تارتىدۇ ، شۇنداقلا نۇرغۇن تەنتەربىيە تۈرلىرى ئوخشاشمىغان جىنستىكى ، ئوخشاشمىغان قاتلام ۋە ياشتىكىلەرنىڭ قاتنىشىشىغا قۇلايلىق بولۇپ ، سورۇن ـ مەيدان قاتارلىق ئەسلىھەلەرگە بولغان تەلىپى يۇقىرى بولماسلىقتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە .

قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركچىلىكى ئومۇمىي خەلقچىللىق روھىغا باي بولۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپكى فولكلورلۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ، يەنە مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە :

## 1 . كۆڭۈل ئېچىشچانلىقى كۈچلۈك

سۆزسىزكى ، بۇ تەنتەربىيە ۋە سىركنىڭ ئەڭ تۈپكى مەقسەتلىرىنىڭ بىرىدۇر . قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركچىلىكىگە قارايدىغان بولساق ، بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز . قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركچىلىكى رىقابەتتىن بەكرەك كۆڭۈل ئېچىشنى تەكىتلەيدۇ . شۇڭا ، تۈرلۈك تەنتەربىيە ۋە سىرك تۈرلىرى مەشرەپ ، ھېيت ـ بايرام ، بازار… قاتارلىق ئالاھىدە فولكلور سورۇنلىرىنى شەرت قىلغان ھالدا ئوينىلىدۇ ، شۇنداقلا مەشرەپ ، ھېيت ـ بايرام ، بازار . . . قاتارلىق ئاۋام پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ . بۇنىڭ بىلەن قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركچىلىكى پۈتكۈل قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ بىرقىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ باشقا ئامىللىرى بىلەن يۇكسەك دەرىجىدىكى بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلاپ ، ئۆزگىچە مىللىي ئېستېتىكىنىڭ تارقاتقۇچىسى ، ۋاستىسىغا ئايلانغان .

## 2 . فولكلورلۇق قىممىتى كۈچلۈك

بىر قەشقەر رايونىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش جەريانىدا ،

مەشرەپ ، هېيت ـ بايرام ، بازار . . . قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەتلەردە ئوينالغان تەنتەربىيە ياكى سېرىك تۈرلىرىنىڭ شۇ سورۇندىكى ئاما ئۇچۇن ئالاھىدە «بەلگە» بولۇشتىن ئىبارەت بۇ خىل فۇنكسىيىسىنى چوڭقۇر هېس قىلدۇق . كىشىلەر بىر قېتىملىق مەشرەپ ياكى بازاردا ئويۇشتۇرۇلغان تەنتەربىيە ياكى سېرىك ئويۇنى ئارقىلىق شۇ بىر مەيدان مەشرەپ ياكى بازارنىڭ قىزىغانلىقىغا هۆكۈم قىلىش بىلەن بىرگە ، شۇ قېتىملىق مەشرەپ ياكى بازارنىڭ كىشىلەر خاتىرىسىدىكى تەسىرىمۇ شۇ سورۇندا ئوينالغان تەنتەربىيە تۈرى ياكى سېرىك تۈرىنى مۇھىم «بەلگە» قىلىدۇ . مەسىلەن ، چېلىشىش ئويۇشتۇرۇلغان هېلىقى بازار ، دارۋازلار كەلگەن بازار كۈنى … بىز بۇ خىل هادىسىدىن قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېرىكچىلىكىنىڭ قانداقتۇر ئاددىي مەنىدىكى كۆڭۈل ئېچىشتىنلا دېرەك بېرىپ قالماستىن ، ئۇ يەنە كۈچلۈك فولكلورلۇق قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ هېس قىلالايمىز .

## 3 . تۈرى ۋە مەزمۇنى مول

قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېرىكچىلىكى ئۆز تۈرى ۋە مەزمۇنىنىڭ موللۇقى بىلەن باشقا يۇرت ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېرىكچىلىكىدىن پەرقلىنىدۇ .

قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى قاتناشقۇچىلارنىڭ ياش قۇرۇلمىسىغا قاراپ باللار ئويۇنلىرى ۋە چوڭلار ئويۇنلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە مەزمۇن ، ۋاستە ، مەقسەت قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن چەۋاندازلىق ، يۇگۇرۇش ـ سەكرەش ، توپ تۈرلىرى ، شاهمات تۈرلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ . بىز تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا هېس قىلدۇقكى ، قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيە تۈرلىرى بىر قەدەر

تىپىك ھالدا شەھەر مەدەنىيىتى ۋە ئېكىنزارلىق مەدەنىيىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، مەزمۇن ۋە تۈرىنىڭ مولluقى دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنى بىز قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېكىنزارلىق مەدەنىيىتى ئاساسىدىكى شەھەرلەشكەن مەدەنىي ھاياتىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدە تارىخىي مەدەنىيەت كەچۈرمىشىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز.

## 4. مىللىيلىكى كۈچلۈك

قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەل ئىچى تەنتەربىيە تۈرلىرى ۋە سىركچىلىكى كۈچلۈك مىللىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسىنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇشقا مۇناسىپ. بۇ ئۇنىڭ باشقا كۈچلۈك يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ماس تۈردە ئۆزىنىڭ ساياھەتچىلىك ۋە مىللىي ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى ئالاھىدە ئورنىنى بەلگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى دارۋازلىقتۇر.

قىسقىسى، قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركچىلىكى يۇقىرىقىدەك ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىز تۆۋەندە قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركچىلىكىنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك شەكىللىرى توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز:

(1) ئات بەيگىسى. ئات بەيگىسى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى سۈپىتىدە ھەر قايسى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا ساقلىنىپ كەلدى. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى يايلاق تۇرمۇشى ۋە جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ ھازىرقى زامانىدىكى قاتمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەردىمۇ بۇ پائالىيەت بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى چاغلاردىلا ئاۋام تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر كۆڭۈل ئېچىش شەكلى بولۇپ كەلگەن. ئۇ توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تۇرلەرنىڭ بىرىدۇر. ئىلگىرىكى ئات بەيگىسى كۆپىنچىسى تۈز سىزىق شەكلىدىكى 25 كىلومېتىر ئەتراپىدىكى ئارىلىقنى بەيگە ئارىلىقى قىلىپ بەلگىلىگەن بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن ئايلانما مەيدان شەكلىگە ئۆزگەردى، شۇنداقلا ھەردەرىجىلىك ئازسانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ۋە باشقا مۇسابىقىلەر جەريانىدا تەدرىجىي قېلىپلىشىپ باردى.

بەيگە بولىدىغان كۈنى يىراق - يېقىندىكى يېزا - قىشلاقلاردىن چەۋەندازلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئاتلىرىنى مىنىشىپ ۋە چىرايلىق ئېگەر - جابدۇقلىرى بىلەن تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشىپ بەيگىگە قاتنىشىدۇ. مۇنداق چاغلاردا، ئۇلار ئۆزلىرىگىلا ۋەكىللىك قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ مەھەللە، يېزىلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا ئات بەيگىسى يۇرتلارئارا ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقىگە تېخىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن كىشىنىڭ يۇرتى ياكى مەھەللىسى شۇ كىشىدىن ۋە ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇنى «قەھرىمان» دەپ تونۇيدۇ.

بەيگە بولغان كۈنى بەيگە مەيدانى بازارغا ئايلىنىدۇ، سودا - سېتىق قاينايدۇ، ناغرا - سۇناي چېلىنىپ ھەرخىل ئويۇنلار ئويۇشتۇرۇلىدۇ، مەدداھلار بەيگە باشلىنىشتىن بۇرۇن جەڭنامىلارنى ئېيتىدۇ، سېرىكچىلەر سېرىك نومۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بىر مەيدان ئات بەيگىسى كۆپ خىل فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، ھازىر بۇخىل مەنزىرىنى كۆرۈش ئىنتايىن تەس. خەلق ئارىسىدىكى بەيگىلەرمۇ ئاستا - ئاستا سۇسلىشىپ، مەخسۇس تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدىلا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

بۇ ئېھتىمال بەيگىدىن ئىبارەت بۇ تۈرنىڭ تېخىمۇ كەسىپلىشىشى ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۈرمۇشنىڭ يۇكسەك تاۋارلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن .

(2) ئات يورغىلىتىش . بۇ تۈر شىنجاڭنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان تۈرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسىدىمۇ مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . تەتقىقاتلاردىن مەلۇمكى ، ئات يورغىلىتىش ئەسلىدە ئات كۆندۈرۈشتىن بارلىققا كەلگەن . كۆندۈرۈلگەن ئات سىلىق مېڭىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ ، خەلق ئارىسىدا «يورغا ئات» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭ بازاردىكى نەرخىمۇ «بەيگە ئېتى» دىن يۇقىرى بولىدۇ .

ئات يورغىلىتىش مۇسابىقىسى قەشقەر رايونىدا كۆپ ھاللاردا ئات بەيگىسى بىلەن بىر چاغدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئۇنىڭدا ئات بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش ، ئاتنىڭ يول يۈرگەن چاغدا سىلىق ، سالماق ، مېڭىشى گۈزەل بولۇشى ، شۇنداقلا مىنگۈچىنىڭ راھەت ھېس قىلىشى قاتارلىقلار مۇھىم ئۆلچەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مۇسابىقە جەريانىدا ، مۇبادا ئات يۈگۈرۈپ كەتسە ياكى مېڭىش شەكلى تەلەپكە لايىق بولمىسا نومۇر تارتىلىدۇ ، ھەتتا نەتىجىسى ئىناۋەتسىز قىلىنىدۇ .ئات يورغىلىتىشتىكى ئاتنىڭ قەدەم ئېلىشى قويچە مېڭىش ، تۆگىچە مېڭىش ، ئۇششاق قەدەم بىلەن مېڭىش ، تېز مېڭىش قاتارلىق تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ . بۇ تۈر مارالبېشى ، مەكىت قاتارلىق تەرەپلەردە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان .

ھازىر مەزكۇر تۈر ئازسانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە يىغىنىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ كىرگۈزۈلدى . يىغىندا ئايلانمىسى 1000 مېتىر كېلىدىغان مەيداندا ئات يورغىلىتىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ . مۇسابىقە مۇساپىسى 1000 مېتىر ، 2000 مېتىر ،

3000 مېتىر ، 5000 مېتىر ۋە 10 مىڭ مېتىر بولىدۇ .

(3) ئوغلاق تارتىشىش . ئوغلاق تارتىشىش ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئىچىدە كەڭ تارقالغان ، تارىخى ئۇزۇن ، شۇنداقلا ئەڭ قىزىقارلىق تۈرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەر ئەل ئىچىدە كەڭ تۈردە ساقلانغان . ئۇ توي - تۆكۈن ، ھېيت - بايرام قاتارلىق كۈنلەردە ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ . مۇسابىقىدىن ئىلگىرى بىر ئوغلاق ئۆلتۈرۈلۈپ ئىچى تارتىلىدۇ ؛ ئورنىغا چامغۇر ، تۇرۇپ قاتارلىق كۆكتات ، مېۋىلەر سېلىنىپ ئېغىرلىقى ئاشۇرۇلىدۇ ، شۇنداقلا يېرىلغان جاي تىكىلىدۇ . ئاندىن تاللانغان ماھىرلاردىن تەشكىللەنگەن ئىككى گۇرۇپپا چەۋەنداز بەلگىلەنگەن سەينا (مەيدان)غا تاشلاپ قويۇلغان ئوغلاققا تاشلىنىدۇ . ئىككى تەرەپ كەسكىن تالىشىدۇ ؛ بىر گۇرۇپپىدىكى كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن پاس بېرىش ۋە ماسلىشىش ئارقىلىق ئوغلاقنى تالىشىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا ، قايسى تەرەپ ئوغلاقنى تارتىپ ئېلىپ كۆزلىگەن نىشانغا ئېلىپ بېرىپ تاشلىيالىسا شۇ تەرەپ يەڭگەن بولىدۇ . ئوغلاقنى تاشلاشتا ئادەتتە ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ : بىرى ، ئوغلاق تارتىشىش بولغان مەيداننىڭ بىر چېتىگە ھارۋا چاقى ئوقى بىلەن تىكلىنىپ ئوغلاق شۇ چاق ئۇستىگە تاشلىنىدۇ . يەنە بىرى ، مەلۇم بىرىنىڭ ھويلىسىغا تاشلىنىدۇ . (ئادەتتە ، قارشى تەرەپ مەھەللىسىگە تەئەللۇق بولغان كىشىنىڭ ھويلىسىغا تاشلىنىدۇ) ھويلىسىغا ئوغلاق تاشلانغان كىشى مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ كىشىلەرنى رازى قىلىدۇ .

بۇ تۈر قەشقەرنىڭ ھەرقايسى ناھىيە ، يېزا - قىشلاقلىرىدا كەڭ دائىرىدە ئوينىلىدۇ .

(4) تاياقتىن سەكرەش . بۇمۇ قەشقەر رايونىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان تۈرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئويۇندا دىئامېتىرى 2 سانتىمېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر

كېلىدىغان تاياق بەلگىلىك يىراقلىقتا تىكىلگەن ئىككى تۈۋرۈككە قويۇلىدۇ . مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى بەلگىلىك ئارىلىقتىن يۈگۈرۈپ سەكرەپ ئۆتىدۇ . سەكرەپ ئۆتۈش قېتىم سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ تاياقمۇ ئېگىزگە سۈرۈلۈپ ماڭىدۇ . ئەڭ ئاخىرقى سەكرەپ ئۆتكەن ئېگىزلىك كىمنىڭ ئەڭ ئېگىز بولسا شۇ يەڭگەن بولىدۇ .

بۇ خەلقئارالىق مۇسابىقىلەردىكى ئېگىزگە سەكرەش بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ .

(5 ) سۇ كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈش . بۇ تۈردە ئالدى بىلەن تۈز ۋە كەڭرەك مەيدان تاللىنىدۇ ، ئاندىن مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار سۇ تولدۇرۇلغان چېلەكنى كۆتۈرۈپ ، ئىككى بىلىكىنى مۈرىسى بىلەن تەڭ ھالەتكە ئېلىپ كېلىپ بەلگىلەنگەن ئورۇندىن تەڭلا يۈگۈرۈپ چىقىدۇ . كىم ئاخىرقى پەللىگە بالدۇر بارسا شۇ يەڭگەن بولىدۇ . يۈگۈرۈش داۋامىدا سۇنى تۆكۈپ قويسا ياكى يىقىلىپ كېتىپ يەنە داۋاملىق يۈگۈرسە نەتىجىسى ئىناۋەتسىز بولىدۇ .

(6 ) چېلىشىش . بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تەنتەربىيە تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ھەقتىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، يەنە باشقا بىر قىسىم ئارخېئولوگىيىلىك بايقىلىشلاردىكى يىپ ئۇچلىرى مىلادىيە 7 — 10 ـ ئەسىرلەردىلا قەشقەر رايونىدا چېلىشىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ . قەشقەردە بۇ پائالىيەت توي ـ تۆكۈن ، ھېيت ـ بايرام يىغىلىشلىرى ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ . قەشقەردىكى چېلىشىش ئۇسۇلى شىمالىي شىنجاڭنىڭ چېلىشىش ئۇسۇلىدىن پەرقلىنىدۇ ، شۇنداقلا «قەشقەرچە چېلىشىش» نامى بىلەن ئاتىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان . مۇسابىقىدە ماھىرلار 20 — 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى كۆك پوتا تاقاپ مەيدانغا

چۇشۇپ بىر ـ بىرىنىڭ پۇتلىرىدىن تۇتۇپ تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، رىياسەتچىنىڭ رىياسەتچىلىكى بىلەن ئۆزئارا سالام بېرىشىدۇ . ئاندىن رىياسەتچىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن رەسمىي كۈچ سىنىششنى باشلايدۇ .

قەشقەرچە چېلىششتا قارشى تەرەپنىڭ مۇرىسىنى يەرگە تەگكۈزۈش يېڭىشىنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىدۇ . پۇتلاشقا يول قويۇلمايدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، مەكىت ، مارالبېشى ، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا يەنە پۇتتىن قۇچاقلاپ چېلىشىش ، بەلدىن قۇچاقلاپ چېلىشىش ، پۇتلاپ چېلىشىش قاتارلىق چېلىشىش تۈرلىرى بار بولۇپ ، قەشقەر چېلىشچىلىقىنىڭ كۆپ خىل فورماتسىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ .

(7) ئارغامچا تارتىشىش . ئارغامچا تارتىشقا ئائىت بايانلار «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنىدۇ . بىز بۇنىڭدىن بۇ تۈرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىدا خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز .

مۇسابىقىدىن ئىلگىرى ئادەم سانىغا ئاساسەن بەلگىلىك ئۇزۇنلۇق ۋە توملۇقتىكى ئارغامچا تاللىنىدۇ . كۆپ ھاللاردا بەش مېتىردىن قىسقا بولمايدۇ . ئاندىن ئادەم سانى تەڭ قىلىنىپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ ، رىياسەتچى ياكى گۇۋاھچى بەلگىلىنىدۇ . تۈز ۋە كەڭ بىر سەينا تاللىنىلىپ ئوتتۇرىغا ئۈچ مېتىر ئارىلىقتا ئىككى تۈز سىزىق سىزىلىدۇ ، ئارغامچىنىڭ ئوتتۇرىسىغىمۇ قىزىل لاتا ئېسىلىپ بەلگە قىلىنىدۇ . ئىككى تەرەپ سىزىلغان ئىككى سىزىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ قىزىل لاتىنى نەق ئوتتۇرىغا توغرىلاپ چىڭ تارتىپ تۇرىدۇ . رىياسەتچىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككى تەرەپ تەڭلا ئارغامچىنى كۈچەپ تارتىشقا باشلايدۇ . قىزىل لاتا قايسى تەرەپنىڭ سىزىقىدىن ئۆتۈپ كەتسە شۇ تەرەپ يەڭگەن بولىدۇ .

بۇ تۇر ئەسلىھەلەرگە بولغان تەلىپى تۆۋەن ، ئۇيۇشتۇرۇش قۇلايلىق بولۇشتەك ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇپ ، قەشقەر رايونىدا ئىنتايىن كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە .

(8) قول قايرىش . بۇ تەنتەربىيە ئويۇنلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاددىي ، شۇنداقلا تارقىلىش كۆلىمى ئەڭ كەڭ بولغان تۇرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ئاساسەن بىلەك ۋە بېغىشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە سىناشتا ئىشلىتىلىدۇ . بۇ تۇرنى ياشلار ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ . بۇنىڭدا ئىككى ئادەم شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ ، جەينىكىنى شىرەنىڭ يۈزىگە تىرەپ بىر - بىرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ 90 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ . ئاندىن بىرلا ۋاقىتتا كۈچەپ قارشى تەرەپنىڭ سىرتقى يان تەرىپىگە قارىتىپ قايرىيدۇ . ئىككى قېتىم قايرىپ بېسۋالغۇچى يەڭگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇنىڭدا رېپېر ياكى رىياسەتچى تەلەپ قىلىنمايدۇ . ئەتراپتا تۇرۇپ كۆرگۈچىلەر نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ .

(9) كالتەك تارتىش . بۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، كۆپ ھاللاردا ئەمگەك ئارىلىقىدىكى بوش چاغلاردا ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئوينىلىدۇ . ئۇنىڭ تەشكىللىنىشى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ ، كەتمەن سېپى قاتارلىقلار مۇسابىقە قورالى بولىدۇ . ئادەتتە ئىككى ئادەم يەردە بىر - بىرى بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇپ ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ، تاپانلىرىنى بىر - بىرىگە تىرەشكەندىن كېيىن ، ئىككى قولىدا 70 — 80 سانتىمېتىر دىئامېتىرلىق كەتمەن سېپىنىڭ تومۇلۇقىدىكى كالتەكنى چىڭ تۇتىدۇ . بىردىن ئىككىگىچە رېپېرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بۇيرۇق بىلەن تەڭ ھەرئىككى تەرەپ كالتەكنى ئۆز تەرىپىگە كۈچەپ تارتىدۇ . كىم كۈچى يەتمەي ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتسە ياكى كالتەك قولىدىن چىقىپ كەتسە

شۇ ئۇتتۇرغان بولىدۇ. مۇبادا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولسا، كىم كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم يەڭسە شۇ ئۇتقان بولىدۇ.

(10) تۇرۇپ يۇلۇش. بۇ ئويۇنغا ئۈچتىن ئونغىچە ئادەم قاتنىشىدۇ. ئالدى بىلەن يەرگە يېرىم قىلىپ كۆمۈلگەن ياغاچ تۈۋرۈك ياكى دەرەخ تاللىنىلىدۇ. ئاندىن چەك تارتىلىپ «تۇرۇپ» يۇلغۇچى بېكىتىلىدۇ، ئاندىن بىرەيلەن تۈۋرۈكنى چىڭ قۇچاقلاپ ئولتۇرىدۇ، باشقىلار قاتار بولۇپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئالدىدىكى ئادەمنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلايدۇ، «تۇرۇپ» يۇلغۇچى ئەڭ ئاخىرىدىكى ئادەمدىن باشلاپ تارتىپ چىقىرىشقا باشلايدۇ، بۇ تاكى ئەڭ ئاخىرقى ئادەمنى ئورنىدىن يۇلۇپ بولغىچە داۋاملىشىدۇ. «تۇرۇپ»لار يۇلۇنۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە «تۇرۇپ» يۇلغۇچى ئالماشتۇرۇلۇپ ئويۇن قايتىدىن باشلىنىدۇ.

(11) قاتار (پاڭ). قەشقەر ئەل ئىچىدە باشقا يۇرتلاردىمۇ كەڭ تارقالغان شاھمات تۈرىگە تەۋە ئويۇن تۈرى — قاتار بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. قەشقەرنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا خەنزۇچىدىن كىرگەن نام «فاڭ» (方) بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ ئويۇن ياشانغانلارغا ئەڭ ماس كېلىدۇ. ئۆرۈق ۋە شاھمات تاختىسىغا ئالاھىدە تەلەپ قويۇلمايدۇ. تۈز يەر ۋە ئوخشاشمىغان رەڭ ياكى شەكىلدىكى ئۆرۈق رولىنى ئوينىيالايدىغان تاش قاتارلىق نەرسىلەر بولسىلا بولىدۇ.

بۇ ئويۇندا شاھمات تاختىسى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە سىزىلىدۇ. تاختا يەتتە توغرا ۋە تىك سىزىقتىن شەكىللەنگەن 36 كاتەكچىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئىككى تەرەپ ئوخشاشمىغان شەكىل ياكى رەڭدىكى ئۆرۈق ئىشلىتىدۇ. تۇنجى بولۇپ ماڭغۇچى بىرىنچى ئۆرۈقنى نەق تاختىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نۇقتىغا قويىدۇ. تۇنجى بولۇپ ماڭغۇچىدا 25 ئۆرۈق، يەنە بىرىدە 26 ئۆرۈق بولىدۇ. ئىككىلا تەرەپ ئۆزى قويغان ئۈچ ئۆرۈقنىڭ قاتارلىشىپ بىر

سىزىق شەكىللەندۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ ، مۇشۇنداق بولغاندىلا قارشى تەرەپنىڭ ئەڭ زور تەھدىت ئېلىپ كەلگەن ئۇرۇقىنى يەۋېتىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلەيدۇ . ئاخىرىدا كىمنىڭ قاتار كەلگەن ئۇرۇقى كۆپ بولۇپ ، قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇقىنى يەپ بولالىسا ياكى قورشاپ مات قىلالىسا شۇ يەڭگەن بولىدۇ .

(12 ) توققۇز قاتار . بۇ قەشقەر خەلق تىلىدا «قاتا شاھمات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇنىڭدا ئۇرۇق توققۇز بولۇپ ، ئوخشاش بولمىغان رەڭدىكى تاش ياكى دەرەخ شاخلىرىدىن تۈزۈلىدۇ . تاختا كۆپ ھاللاردا يەرگە سىزىلىدۇ . ئويناشتا ئالدى بىلەن ئۇرۇق چۇشۇش تەرتىپى بەلگىلىنىۋېلىپ ، ئاندىن ئۇرۇق تاختىدىكى بۇلۇڭ ياكى سىزىقلارنىڭ كېسىشكەن نۇقتىلىرىغا قويۇلىدۇ . قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇرۇقلارنى مېڭىشقا باشلايدۇ . ئۈچ ئۇرۇق بىر سىزىق ئۈستىدە قاتار كەلسە قارشى تەرەپنىڭ بىر ئۇرۇقىنى يەۋەتكىلى بولىدۇ . قارشى تەرەپنىڭ بارلىق ئۇرۇقلىرىنى يەۋەتكەن ياكى قارشى تەرەپنى قاپساپ مېڭىشقا ئامالسىز قويغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ .

(13 ) دامكا . بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن ئويۇنلىرىنىڭ بىرى . قەشقەردە بۇ ئويۇننى مەيلى ياشلار ياكى ياشانغانلار بولسۇن ھەممىسى دېگۇدەك ياخشى كۆرۈپ ئوينايدۇ . ئادەتتە دامكا شاھمات تاختىسىدا ئوينىلىدۇ . ئىككى تەرەپ ئۆز ئۇرۇقلىرىنى ئۆز ئالدىدىكى قارا كاتەكچىلەرگە تىزىدۇ ۋە نۆۋەت بىلەن ماڭىدۇ . ئۇرۇقلارنىڭ ئىقتىدارى ئوخشاش بولۇپ پەقەتلا ئالدىغا ماڭالايدۇ . يېنىغا ياكى قىيسىق مېڭىشقا بولمايدۇ . ئۆز ئۇرۇقى جايلاشقان كاتەكچىنىڭ ئالدىدا قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇقى بولسا ، شۇنداقلا قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇقىنىڭ كەينىدە بىر بوش كاتەكچە بولسا ئاندىن ئۇنى سەكرەپ ئۆتۈپ يېگىلى بولىدۇ .

ئەگەر ئۇرۇقنى يېگىلى بولىدىغان ئەھۋال ئاستىدا يېمىسە ، قارشى تەرەپ شۇ ئۇرۇقنى ئېلىۋېتىپ ئۆز ئۇرۇقنى ماڭسا بولىدۇ . شۇڭا بەزى چاغلاردا يول ئېچىش ئۈچۈن قەستەن قارشى تەرەپكە ئۇرۇق يېگۈزىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ . بىر ئۇرۇق قات ـ قات تۇسۇقلاردىن ئۆتۈپ تاختىنىڭ قارشى چېتىگە يېتىپ بارالىسا بۇنى «دامكا» دەپ ئاتايدۇ . بۇنداق ئۇرۇق توغرا ۋە تىك يۆنىلىشلەردە مېڭىش بىلەن بىرگە ، يەنە قەدەم سانى ۋە ئارىلىقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ . بۇنىڭدا يېڭىش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ . بىرى ، قارشى تەرەپنىڭ ھەممە ئۇرۇقنى يەپ بولۇش ؛ يەنە بىرى ، قارشى تەرەپنى ماڭالمايدىغان قىلىپ قويۇش .

(14) شاھمات . بۇ يەنە خەلقئارا شاھمات دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ جۇڭگوچە شاھمات ۋە قورشاۋ شاھماتقا نىسبەتەن ئېيتىلغان . شاھماتنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تارقىلىشى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە . ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىلا پارسلار ئارقىلىق خەلقئارا شاھمات بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغان بولۇپ ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنى ئەڭ بالدۇر قوبۇل قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن شاھمات بىلەنمۇ باشقا يۇرت ئۇيغۇرلىرىغا قارىغاندا بالدۇر ئۇچراشقان . ھازىرغا قەدەر شاھمات قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ قىزىقىپ ئوينايدىغان ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

(15) تۇخۇم سوقۇشتۇرۇش . بۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق ئويۇنلارنىڭ بىرىدۇر . بۇ ئويۇن مەيدان ، ياش ، جىنس ، ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ . شۇڭا قەشقەرنىڭ ھەممە جايلىرىغا دېگۈدەك ئومۇملاشقان . بازار كۈنلىرىدە ، ئېتىز دىكى ئەمگەك قايىنىغان چاغلاردا ، شۇنداقلا باشقا سورۇنلاردا دائىم تۇخۇم سوقۇشتۇرۇشنى كۆرگىلى بولىدۇ .

بۇ ئويۇندا ئادەتتە پىشۇرۇلغان تۇخۇم ئىشلىتىلىدۇ . ئويۇنغا

قاتناشقۇچى ئىككى ئادەم بىردىن تۇخۇمنى ئېلىپ ئالدى بىلەن كىمنىڭ ئۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدۇ . ئاۋۋال ئۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشكۈچى قەلەم تۇتقان شەكىلدە تۇخۇمنى تۇتىدۇ . ئۇرۇلغۇچى تۇخۇمنى تۇتقان كىشى بولسا تۇخۇمنى ئالىقىنىدا قاماللاپ چىڭ تۇتۇپ ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارماق ئارىسىدا شەكىللەنگەن يوچۇقتىن تۇخۇمنىڭ كىچىك ھەم ئۇچلۇق كەلگەن قىسمىنى ئۇستىگە قارىتىپ ئازراق چىقىرىدۇ . ئىككىيلەننىڭ تۇخۇمى بوشلۇقتا بىر - بىرىگە تىك ھالدا ئۇدۇل كەلتۈرۈلىدۇ (ئۇرۇلغۇچى تۇخۇم ئاستىدا ، ئۇرغۇچى تۇخۇم ئۇستىدە تۇرىدۇ) ، ئاندىن ئۇستىدە تۇرغان ئۇرغۇچى تۇخۇمنى ئاستىدىكى تۇخۇمغا سوقىدۇ . ئۇرۇلغۇچى تۇخۇمنىڭ مىدىرلاپ كېتىشىگە ياكى ئورۇن يۆتكىلىشىگە يول قويۇلمايدۇ . مۇبادا تۇخۇمنىڭ بىر ئۇچى چېقىلىپ كەتسە يەنە بىر ئۇچى بىلەن داۋاملاشتۇرۇلىدۇ . ئىككىلا ئۇچى چېقىلىپ كەتسە بىر قېتىملىق ئويۇن ئاخىرلاشقان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مۇبادا ئۇنداق بولمىسا ئىككى تەرەپ ئورۇننى ئالماشتۇرىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا كىمنىڭ تۇخۇمى ساق بولسا ياكى چېقىلغان تۇخۇمى ئاز بولسا شۇ يەڭگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

(16) قوچقار سوقۇشتۇرۇش . قوچقار سوقۇشتۇرۇش ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ، شۇنداقلا ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئويۇنلارنىڭ بىرىدۇر . «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى قىسمەن بايانلارغا ئاساسلانغاندا ، قوچقار سوقۇشتۇرۇشنىڭ 11 - ئەسىردىلا خېلىلا ئومۇملاشقانلىقى مەلۇم .

قوچقار سوقۇشتۇرۇشقا سېلىنىدىغان قوچقار ئادەتتە قوزا ۋاقتىدىن باشلاپلا تاللىنىلىدۇ ۋە مەشىقلەندۈرۈلىدۇ ؛ تاللىغان چاغدا ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ، كۈچى ۋە مۈڭگۈزى مۇھىم ئۆلچەم قىلىنىدۇ . قوچقار سوقۇشتۇرغان چاغدا قوچقار ئىگىلىرى

قوچقارلارنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىدۇ. ھەر خىل چارە ۋە ۋاستىلەر بىلەن قوچقارلارنى غەزەپكە كەلتۈرۈپ سوقۇشقا ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەزەپكە كەلگەن قوشقارلار بىر - بىرى بىلەن ئۇسۇشۇپ كەينىگە نەچچە قەدەم يېنىپ يەنە ئۇسۇشىدۇ؛ بۇ ھەرىكەت نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئىككى قوچقاردىن بىرى قورقۇپ ئالدىغا ماڭماي تۇرۇۋالىدۇ ياكى بەدىنىنى يالاپ بېشىنى چايقاپ تۇرۇۋالىدۇ. بۇ قوچقار يېڭىلگەن بولىدۇ. مۇبادا، مۇسابىقىگە چۈشكەن قوچقار كۆپ بولسا كەينى - كەينىدىن ئۈچ مەيدان يەڭگەن قوچقار مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. بەزى چاغلاردا شاللاش ئۇسۇلى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئىككى قوچقار ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە چۈشۈرۈلىدۇ ھەم غالىب كەلگەن قوچقار مۇكاپاتلىنىدۇ.

بۇ ئويۇن ئۆزىنىڭ قىزىقارلىقى بىلەن تاكى بۈگۈنگە قەدەر قەشقەر رايونىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ قەشقەر خەلقىنىڭ باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىككە ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل خىسلىتىنىڭ نامايەندىسى.

(17) ئىت تالاشتۇرۇش. ئىت كۆندۈرۈشكە ئائىت خاتىرىلەر ۋە ئىزنالار تۇرپان ئاستانىدىكى تاڭ سۇلالىسىگە تەئەللۇق بولغان قەبرىدىن تېپىلغان ساپال قاچىدا ئۇچرايدۇ. قىزىل بۇددا مىڭ ئۆيلىرىدىمۇ ئىت تالاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەرنى ئۇچرىتالايمىز.

قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئىت تالاشتۇرۇش ئادەتتە 12 - ئاي، 1 - 2 - ئايلاردىكى دېھقانچىلىق ئالدىراش بولمىغان چاغلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ، بولۇپمۇ مۇشۇ چاغلاردىكى ھېيت - بايراملاردا ئىت تالاشتۇرۇش تېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ. ئىت تالاشتۇرۇش پادا ئىتى، يەرلىك ئىت ۋە ئوۋ ئىتى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇ جايدىكى ئىناۋەتلىك كىشى تەكلىپ قىلىنىپ رىياسەتچى بولىدۇ. ئىت ئىگىلىرى مەسلىھەتلىشىپ بولغاندىن

كېيىن ئىككى نەپەر رىيىر مۇسابىقىنى تەشكىللەيدۇ . مۇسابىقە رەسمىي باشلانغاندىن كېيىن ئىككى ئىت مەيدانغا قويۇپ بېرىلىدۇ . ئىككى ئىت راسا بىر - بىرىنى تالىشىدۇ . رىيىر بولغۇچىلار يەردە يېتىۋېلىپ تالاشنى كۆزىتىدۇ . ئەگەر ئىتلار بىر - بىرى بىلەن يۆرگىلىشىپ كىرىشىپ كەتسە رىيىرلار ئۇلارنى ئاجرىتىپ قايتىدىن تالاشقا سالىدۇ . قايسى ئىت تالاشقا چىدىماي مەيداندىن قېچىپ چىقىپ ، قۇيرۇقىنى قىسقىنىچە غىڭشىپ تۇرۇۋالسا يېڭىلگەن ھېسابلىنىدۇ .

(18) توخۇ سوقۇشتۇرۇش . شىنجاڭدىكى توخۇ سوقۇشتۇرۇش ئىنتايىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە . ئۇ كۆپ ھاللاردا ھېيت - بايرام ، توي - تۆكۈن ، بازار كۈنلىرى كۆپ ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ . بۇ پائالىيەت قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان . توخۇ سوقۇشتۇرۇشتىن ئىلگىرى خوراز كۆڭۈل قويۇپ تاللىنىدۇ . بەزىدە ، توخۇ تۇخۇمى كەپتەر ۋە باشقا ئۇچار قۇشلارغا باستۇرۇلۇپ ئۇنىڭدىن چىققان خورازنى مەخسۇس تەربىيىلەش ئوبيېكتى قىلىدۇ . تەربىيىلىنىدىغان خوراز ئايرىم بېقىلىدۇ . يەمگە شېغىل ، ساپال پارچىسى قاتارلىق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىپ ، چوقۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ .

توخۇ سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا بولغان تەلەپ بىر قەدەر قاتتىق بولىدۇ . تۈز يەرگە دىئامېتىرى ئالتە مېتىر كېلىدىغان ئايلانما دائىرىدە يەر يۈزىدىن 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە تام قوپۇرۇلىدۇ . يەرگە سېغىز ، قوي مايىقى ۋە باشقا يۇمشاق ئوغۇتلار سېپىلىپ چىڭدىلىدۇ ، تۈزلىنىدۇ . ئەتراپىغا يەنە 1.2 مېتىر ئېگىزلىكتە قاشا ياسىلىپ ، ئىككى تەرەپكە توخۇ ئىگىلىرىنىڭ ئولتۇرۇش ئورنى قويۇلىدۇ . مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سىزىق سىزىلىپ ، توخۇ قويۇلىدىغان بەلگە سىزىق قىلىنىدۇ . مەيدان سىرتىغا تاماشىبىنلار سەھنىسى ياسىلىدۇ .

مۇسابىقە باشلىنىشتىن ئىلگىرى توخۇ ئىگىلىرى رىپىردىن مەيداندىن چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توخۇ ئىگىلىرى مەيداندىن چىقىپ ئۆز ئورنىغا قايتىدۇ. توخۇ سوقۇشتۇرۇشتا يېڭىش - يېڭىلىش بىر مەيداندىلا بەلگىلىنىدۇ. بىر مەيدان مۇسابىقە بەزى چاغلاردا يېرىم سائەت، بەزىدە ئىككى سائەتچە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر خورازلارنىڭ تەن قۇرۇلۇش ۋە ئېغىرلىقىدا پەرق چوڭ بولسا ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن يەنە مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ.

توخۇ سوقۇشتۇرۇشنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش قائىدىلىرى بار بولۇپ، باشقا تۈرلەرگە نىسبەتەن تۈزۈمى بىر قەدەر قاتتىق بولىدۇ. مەسىلەن، توخۇنىڭ بەدىنىگە، قاناتلىرىنىڭ ئاستىغا لازا، تۇز، ماي قاتارلىق قارشى تەرەپنىڭ توخۇسىغا زىيانلىق نەرسىلەرنى سۈركەپ قويۇشقا بولمايدۇ؛ يۇقۇملۇق كېسەللىكى بار خورازنىڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. مۇسابىقە باشلانغاندىن كېيىنكى ئون مىنۇت ئىچىدە خوراز ئىگىسى ئۆز توخۇسىنى تۇتۇشقا بولمايدۇ. ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن رىپىرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن خورازنى تۇتۇپ، بىر مىنۇت ئىچىدە قانلىرىنى سۈرتۈپ بولۇشى كېرەك. خوراز نەق مەيداندا يارىلىنىپ مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالسا ياكى ئۆلۈپ قالسا يېڭىلگەن بولىدۇ...

بۇنداق ئويۇنلاردىن باشقا، يەنە بۇقا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنىمۇ قەشقەردە خېلى ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ قائىدىسى يۇقىرىقى ئويۇنلاردىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تەنتەربىيە تۈرلىرى ياكى ئويۇنلار ئاساسەن چوڭلارنى مۇھىم ئوبيېكت قىلغان بولۇپ، بۇلاردىن باشقا، يەنە بالىلار ئويۇنلىرىمۇ ئىنتايىن مول. بىز تۆۋەندە بالىلار ئويۇنلىرىدىن ئاساسلىقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ

ئۆتىمىز :

(1) چەمبەر . بۇ قەشقەر ئۆسمۈرلىرى ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئوينايدىغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ . قەشقەر تىلىدا «جىلدىرما» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ ئويۇن بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى بولۇپ ، پۇت ـ قولنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ، بەدەننىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش تەرەپلەردە ئىنتايىن ياخشى تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە .

«چەمبەر» ياكى «چەمبەر دومىلىتىش» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئويۇن دىئامېتىرى 30 — 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان تۆمۈر چەمبەر ۋە بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇچىدا ئىلمەك بار تۆمۈر تاياقچىدىن تەركىب تاپىدۇ . بالىلار شۇ تۆمۈر تاياقچە بىلەن چەمبەرنى ئىتتىرىپ دومىلىتىپ تەڭ يۈگۈرۈپ ئوينايدۇ ؛ چەمبەرنىڭ يۆنىلىشىمۇ تۆمۈر تاياقچىنىڭ ئىلمىكى ئارقىلىق باشقۇرۇلىدۇ . بەزىدە مۇسابىقىمۇ ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ .

(2) تاش ئېتىش . بۇ ئويۇن قەشقەر ئۆسمۈرلىرى ، بولۇپمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان . بىلەكنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ، دەللىكنى كۈچەيتىش رولىغا ئىگە .

بۇ ئويۇننى ئويناشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن بىر كەڭرى ئوچۇقچىلىق ياكى مەيدان تاللىنىدۇ ، ئاندىن باشقا سىزىق سىزىلىپ ئېتىش ئورنى بەلگىلىنىدۇ ، شۇنداقلا نىشان قويۇلىدۇ . ئادەتتە نىشان بوتۇلكا ، قەلەي قۇتا دېگەندەك نەرسىلەر بولىدۇ ، قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ ، شەخس بويىچە بولسىمۇ ياكى گۇرۇپپىلار بويىچە بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ .

ھەممە تەييارلىق تەق بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئويۇن رەسمىي باشلىنىدۇ . ئىككى تەرەپ نۆۋەت بىلەن سىزىق سىرتىدا تۇرۇپ چالما ياكى تاشنى نىشانغا قارىتىپ ئاتىدۇ . كىم دەل تەگكۈزەلىسە

ياكى دەل تەگكۈزگەن قېتىم سانى كۆپ بولسا شۇ يەڭگەن بولىدۇ .

(3) رەگەتكە . بۇ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇھىم تەنتەربىيە تۈرى . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشىدىن قالغان مىراستۇر .

رەگەتكە بۇلۇڭى 60° چە كەلگەن V شەكىللىك دەرەخ شېخى ، سەرەڭگە قېپى ياكى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك كەلگەن تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى تېرە پارچىسى ، ئىككى رېزىنكە (بۇرۇنقى زامانلاردا ئۇچەيدىن ياسالاتتى . ) قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ . رېزىنكىنىڭ بىر ئۇچى تېرە پارچىسىنىڭ چېتىگە ئويۇلغان تۆشۈكچىگە ، يەنە بىر ئۇچى ئاچىنىڭ بىر ئۇچىغا بېكىتىلىدۇ . ئاندىن تېرە پارچىسىغا يۇمىلاق كەلگەن تاش ياكى بەلگىلىك ئېغىرلىقتىكى قاتتىق جىسىم «ئوق» قىلىپ سېلىنىدۇ ، كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن باش بارماق ئارىلىقىدا چىڭ قىسىلىپ ئالدى تەرەپكە تارتىلىدۇ ، چىڭ تارتىلىپ قويۇپ بېرىلىش بىلەن «ئوق» قاڭقىپ چىقىدۇ . بۇنىڭ بىلەن دائىم قارىغا ئېتىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ .

(4) ۋاللەي . بۇ قەشقەرنىڭ بەزى جايلىرىدا «چۇك - چۇك» ، «چۇك كالتەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇنىڭدا گورۇپپىلار بويىچە ياكى شەخسلەر بويىچە مۇسابىقىلەشسە بولۇۋېرىدۇ . مۇسابىقىدە ئالدى بىلەن تۈز ھەم كەڭ ئوچۇقچىلىق تاللىنىپ دىئامېتىرى 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان چەمبەر سىزىلىدۇ . چەمبەر ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 سانتىمېتىر كېلىدىغان ، ۋاللەي ئانا كالتىكىنى سىغدۇرالايدىغان كەڭلىكتىكى ئۆرەك كولىنىدۇ ، بۇنىڭدىن باشقا 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ، دىئامېتىرى 6 سانتىمېتىر كېلىدىغان ، سىلىقلانغان ئانا كالتەك ، 16 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئوتتۇرىسى توم ، ئىككى ئۇچى ئىنچىكە بالا كالتەك

تەييارلىنىدۇ . ئىككى تەرەپ يەنە بىردىن ۋەكىل چىقىرىپ تۆنجى ئۇرۇش ھوقۇقىنى تالىشىدۇ . تۆنجى ئۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تەرەپ بالا كالتەكنى ئويۇلغان ئۆرەك ئۇستىگە توغرىسىغا قويۇپ ، ئانا كالتەك بىلەن ئىلىپ چىقىرىپ ، مەلۇم بىر يۆنىلىشكە كۆچەپ ئۇرىدۇ . ئارىلىق قەدەم بىلەن ئۆلچىنىدۇ . قەدەم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى بىلەن يېڭىش ـ يېڭىلىشنى بەلگىلەيدۇ . ئۇرغان چاغدا ، قارشى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ھەرقايسى تەرەپلەردە تۇرۇپ مۇداپىئەدە تۇرىدۇ . قارشى تەرەپنىڭ ئادىمى قولى ياكى بۆكى بىلەن ئۇرۇلغان بالا كالتەكنى بوشلۇقتا تۇتۇۋالسا قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇش ھوقۇقى كۆيۈپ كەتكەن بولىدۇ ۋە مۇداپىئەگە ئۆتىدۇ . قايسى تەرەپنىڭ ئېرىشكەن قەدەم سانى كۆپ بولسا شۇ تەرەپ يەڭگەن بولىدۇ . يەڭگەن تەرەپتىن ھەربىر ئادەم ئۈچ قېتىمدىن ئۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ . بۇ چاغدا قارشى تەرەپنىڭ توسۇشىغا ياكى قول بىلەن تۇتۇشىغا يول قويۇلمايدۇ . يېڭىلگەن تەرەپ بالا كالتەكنى چۈشكەن يېرىدىن ئېلىپ «ۋاللەي ، ۋاللەي . . .» دەپ توختىماي ۋارقىرىغاچ چەمبەرگە قايتىپ كېلىدۇ . مۇبادا ، توختاپ قالسا يەڭگەن تەرەپ قايتىدىن شۇ جايدىن بالا كالتەكنى ئۇرىدۇ . يېڭىلگەن تەرەپ يەنە شۇ قائىدە بويىچە «ۋاللەي ، ۋاللەي . . .» دەپ چەمبەرگە قايتىپ كېلىدۇ .

بۇلاردىن باشقا ، يەنە تەپكۈچ ، سابو ، مۆكۈشمەك ، قارىغۇ چاشقان قاتارلىق بالىلار ئويۇنلىرى ئىنتايىن كەڭ تارقالغان بولۇپ ، ئۇلار قەشقەر ئۆسمۈرلىرىنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان .

قەشقەر ئەل ئىچى سېركىچىلىكمۇ ئىنتايىن گەۋدىلىك مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە مۇھىم بىر تۈر بولۇپ ، شىنجاڭدىكى باشقا رايونلاردا بولمىغان ئۆزگىچىلىككە ئىگە . بىز بۇ جايدا نۇقتىلىق قىلىپ دارۋازلىقنى مىسال قىلىپ ئۆتىمىز .

بىزنىڭ بۇ جايدا دارۋازلىقنى نۇقتىلىق بايان قىلىشىمىزدا، ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىكى كۆچلۈك بولۇشى مۇھىم سەۋەب بولۇش بىلەن بىرگە، باشقا سېرىك تۈرلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا دارۋازلىقنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ياكى قوشۇمچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دارۋازلىق مەيدانىدا ئويىنىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغان چاغدا دارۋازلىق نوقۇل بىر سېرىك تۈرىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى باشقا سېرىك تۈرلىرىنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئۆزگىچە «سېرىك سەھنىسى»دىن ئىبارەتتۇر.

دارۋازلىق خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردە 走索، 走软索، 高 踏索 دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى بىر قىسىم تەسۋىرلەردىن دارۋازلىق سەنئىتىنىڭ غەربىي يۇرتتا ئىنتايىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا كەڭ ئومۇملاشقان بىر سېرىك تۈرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. «خەننامە»، «ۋېينامە»، «كونا تاڭنامە» دىكى بايانلاردىن دارۋازلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرت سېرىكچىلىكىنىڭ خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغانلىقى مەلۇم. دېمەك، دارۋازلىق تارىخىي نۇقتىدىن ئالغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىش، سىڭىش تارىخىنىڭ جانلىق شاھىتىدۇر.

دارۋازلىق تەنتەربىيە بىلەن سېرىكنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئەل ئىچى سېرىك تۈرى، ئۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات داۋامىدا، قەشقەر خەلقىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان ۋە راۋاج تاپقان. ئۇ بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسىتىش تۈرى بولغانلىقتىن، خەتىرى يۇقىرى بولۇپ، نەزەرىيە ۋە تېخنىكا تەلىپى باشقا تۈرلەرگە قارىغاندا ئىنتايىن يۇقىرى. ئۇنىڭدا بەدەن ئېغىرلىق مەركىزى ۋە تەڭپۇڭلۇقنىڭ مۇقىملىقى

هالقىلىق مەسىلە ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ جەريانى يەردە ماھارەت كۆرسىتىش ۋە بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسىتىش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ .

يەر يۈزىدە تەتۈر موللاق ئېتىش ، قول بىلەن تىرەپ موللاق ئېتىش ، بوشلۇقتا موللاق ئېتىش قاتارلىق ماھارەتلەر كۆرسىتىلىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، چامباشچىلىق ئوينىلىدۇ . يەر يۈزىدىكى ماھارەتلەرنىڭ ئىچىدە چامباشچىلىق ئەڭ مۇھىم بىر تۈر ھېسابلىنىدۇ . ئىككى ئادەم ياكى كۆپ ئادەم مۇشتلىشىپ چامباشچىلىق ماھارىتى كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللار ھەممىدىن كۆپ بولىدۇ . ئۇنىڭدا ئەگرى قىلىچ بىلەن چېپىش ، سانجىش ، شۇنداقلا ھۇجۇمنى توسۇش ؛ تاشنى مەيدىسىدە تۇرغۇزۇپ پارچىلاش ؛ پىچاق ئوينىتىش دېگەندەك سىرك تۈرلىرى ئىنتايىن قىزىپ كېتىدۇ . تاشنى مەيدىدە تۇرغۇزۇپ پارچىلاش ماھارىتى بىر خىل يەل گۆمپىسى بولۇپ ، ئويۇن كۆرسەتكۈچى تۈگمەن تېشىنى مەيدىسىگە قويۇپ پارچىلايدۇ . پىچاقچىلىقتا بولسا ئادەمنى تىك تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇنىڭغا قارىتىپ پىچاق ئاتىدۇ . بېشىنىڭ ئۈستىگە ئىككى پىچاقنى ، قولاق ئۈستىگە ئىككى پىچاقنى ، قولاقنىڭ ئاستىغا ئىككى پىچاقنى ئادەمنى زەخىملەندۈرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئېتىپ قادايدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، ئېغىزغا چوغ ئېلىش ، ئېغىزدا ئوت پۈركۈشكە ئوخشاش سېھىرگەرلىك ماھارەتلىرى كۆرسىتىلىدۇ .

بوشلۇقتىكى ماھارەت سىم ئۈستىدىكى ماھارەت ، تۈۋرۈك ئۈستىدىكى ماھارەت ، ئاسما ھالقا ماھارىتى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ ، شۇنداقلا ئۇسسۇل ، مۇزىكا بىرلەشتۈرۈلگەن سەنئەت ماھارەتلىرى ۋە سېھىرگەرلىك كۆرسىتىلىدۇ .

سىم ئۈستىدىكى ماھارەت دېگىنىمىز ، ئاساسلىق تۈۋرۈك ئۈچىدىن يەر يۈزىگە تارتىلغان ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىشنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسى °45 ، ئۇزۇنلۇقى 82

مېتىر بولىدۇ. ئويۇن قويغۇچى تەگپۇگلۇق تايىقىنى كۆتۈرۈپ يالاڭ ئاياغ ئۇستىگە قاراپ مېڭىپ موللاق ئېتىش، كۆزنى تېڭىپ قويۇپ مېڭىش، ئولتۇرۇپ مېڭىش، سەكرەپ مېڭىش، ياغاچ كەش كىيىپ مېڭىش، ئۆردەكچىلەپ مېڭىش دېگەندەك ماھارەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

تۇۋرۇكتىكى ماھارەت بولسا گىمناستىكا تۈردىكى تاق تورنىكتىكى ماھارەت كۆرسىتىشكە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، بۇنىڭدىكى تورنىك تۆۋەنگە قارىتىپ ساڭگىلىتىپ قويۇلغان. ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق ھەرىكەتلەردىن ئايلىنىش، بەل بىلەن ساڭگىلاش، تاق بىلەك بىلەن ساڭگىلاش، پۇتنىڭ ئۇچى بىلەن ئىلىپ تۇرۇپ ساڭگىلاش، ساڭگىلاپ تۇرۇپ قول ئالماشتۇرۇش... دېگەندەكلەردىن ئىبارەت.

دارۋازچىلىقتا مەيدان كەڭ ۋە تۈز بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، كەڭلىكى 80 مېتىر بولىدۇ. تۇۋرۇكنىڭ ئېگىزلىكى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ.

بىز يۇقىرىدا قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېرىكچىلىكىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئۇلار ئومۇمىي خەلق ئىجادى ۋە تۇرمۇشىنىڭ بىرقىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېستېتىكىسى، قىممەت قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئەسىرلەر بويى ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ساقلىنىش فورماتسىيىسىدىن قارىغان چېغىمىزدا، ئۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ خەلق سەنئىتى ۋە فولكلورى بىلەن يۈكسەك بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە.

بىزگە مەلۇمكى، قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېرىكچىلىكى قانات يايغان ھەرقانداق بىر سورۇن مۇقام، بازار، ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈن ... قاتارلىق فولكلورلۇق

پائالىيەتلەرنى مۇھىم ئارقا كۆرۈنۈش ۋە شەرت قىلىدۇ . ھەتتاكى ، نەچچە ئادەم ئوينايدىغان كىچىك كۆلەمدىكى باللار ئويۇنلىرىمۇ ئەنئەنىۋى مەھەللىدىن ئىبارەت بۇ مىللىي ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ كىچىك بىرلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ ، شۇنداقلا قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركىچىلىكىنىڭ ھەرقانداق بىر تۈرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش ، كېڭىيىش جەريانىدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنىڭدا مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئۆزگىچە ئۇچۇرلار مۇجەسسەم بولغان بولىدۇ . بولۇپمۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئەنئەنىۋى مائارىپ قارىشى قاتارلىق مۇھىم مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى بىزنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ . بىزنىڭچە بولغاندا ، قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركىچىلىكىنى مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشىنىش قەشقەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى چوڭقۇر كۆزىتىشتە مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە .

## § 2 . قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركىچىلىكى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر

قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركىچىلىكى گەرچە كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساس ۋە قەشقەرنىڭ كۈچلۈك مىللىي مەدەنىيەت پۇرىقىغا چۆمۈلگەن مۇھىتقا ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا دۇنيادىكى بارلىق ئەل ئىچى مەدەنىيەتلىرى دۇچ كەلگەن مەۋجۇتلۇق بوشلۇقى تارىيىش ، ھەتتاكى يوقىلىش تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى . بولۇپمۇ ، زامانىۋىلىشىش تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشى ، ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي

قورۇلمىنىڭ مەھەللە ، يۇرت بويىچە ئۆزگىرىش ياساپ ، رايون ، مىللەتلەر ئارا شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى جۇغراپىيىلىك «چېگرا »نىڭ سۇسلىشىشى ، شۇنداقلا تاۋارلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى غايەت زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقا قاراپ يۈزلەندى .

ئەنئەنىۋى ھەپتىلىك بازارلار تەدرىجىي مۇقىملاشقان ، زامانىۋىلاشقان ، شۇنداقلا يۈكسەك دەرىجىدە مەخسۇسلاشقان سودا مەيدانلىرىغا ، سودا شەھەرچىلىرىگە مەركەزلەشتى ؛ بازارلار ئىلگىرىكى خىلمۇخىل فولكلور پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم مەيدانى بولۇشتىن قالدى . كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئويۇن ـ تاماشىلىرى زامانىۋىلاشقان يېڭى ۋاستىلەرگە قاراپ يۈزلىنىپ ، ئېستېتىك قاراشتا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى . ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ، مەھەللە ۋە يۇرت كىشىلىرىنىڭ مۇناسىۋەت تورىنى شەكىللەندۈرىدىغان بىردىنبىر ئامىل بولۇشتىن مەكتەپ ، ئىدارە ۋە باشقىلار بىلەن تەڭ ئورۇندىكى ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى . مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەر شۈبھىسىزكى قەشقەر ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېرىكچىلىكىگە ئوخشاش فولكلورلۇق ھادىسىلەرگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى .

يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ، ئەنئەنىۋى فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى زور دەرىجىدە ئاجىزلىدى . ھەرقايسى ئەل ئىچى مەدەنىيەت تۈرلىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى شەرت قىلغان ، بىر ـ بىرىگە تايىنىدىغان مۇناسىۋىتى تەدرىجىي بۇزۇلۇپ ، مۇناسىۋەت جەھەتتىكى تەبىئىيلىك ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش يىمىرىلىپ تاشلاندى . بولۇپمۇ مەھەللە ، ھەپتىلىك بازار ، ھېيت ـ بايرامغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى فولكلورلۇق مەيدانلىرىنىڭ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىشى بىلەن ئەل ئىچى

تەنتەربىيىسى بارغانسېرى ئۆزىنىڭ تەبىئىي بولغان ھايات بوشلۇقىنى يوقىتىپ قويدى . شۇنداقلا بىر قىسىم تۈرلەر بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى يوقىتىپ، ئىنتايىن ئازسانلىق كىشىلەر بىلەنلا چەكلەنگەن پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالدى . قۇتقۇزۇش خىزمىتىمۇ كۆپ چاغلاردا كەسىپلەشكەن تۈر (چېلىشىش ، دارۋازلىق ) لەرگە قارىتىلىپ ، سىرك ئۆمەكلىرى ۋە تەنتەربىيە كوماندىلىرىدىن باشقىلار بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى . يەنە بىرتەرەپتىن ، ئەسلىدىن كۈچلۈك مائارىپ قىممىتىگە ئىگە بولغان بالىلار ئويۇنلىرى باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوخشاش كۈچلۈك تەشكىلچانلىققا ئىگە مائارىپ ۋە ئوقۇتۇش بىلەن بىرلىشەلمەيلا قالماستىن ، ئىزچىل تۈردە مىللىي مائارىپنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى . بۇ شۇبھىسىزكى ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان ياتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركچىلىكىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر .

بىزنىڭ قارىشىمىزچە ، ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سىركچىلىكىنى قۇتقۇزۇشتا مۇنداق بىر قانچە تەرەپلەردىن تىرىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ :

بىرىنچى ، ئارخىپلاشقان قۇتقۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىش . كۈچ تەشكىللەپ قېزىش ، توپلاشنى كۈچەيتىپ سىپىرلاشقان ئامبار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم . تولۇق بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ، سىركچىلىككە مۇناسىۋەتلىك باشقا ماتېرىياللاردىن تەشكىل تاپقان سىپىر ئامبىرى پۈتكۈل قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى ۋە بىرىنچى قەدىمى ھېسابلىنىدۇ .

ئىككىنچى ، نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش . بولۇپمۇ ئەل

ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېركچىلىكىنىڭ ئاۋام ئىچىدە ساقلىنىش، تارقىلىش فورماتسىيىسىگە بولغان تەتقىقاتنى كۆچەيتىپ ھازىرقى زامان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە رېتىمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مائارىپ ۋە باشقا ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي بىرلىكلەر بىلەن بولغان ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش لازىم.

ئۈچىنچى، قۇتقۇزۇشنى ئەل ئىچىدىكى جانلىق فورماتسىيىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى ۋە سېركچىلىكى بولۇشىغا ئاساس سېلىش كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە رېئال قىممىتى ئەل ئىچىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇشتىن كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا گەۋدىلىنىدۇ.

# V باب قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى مۇراسىملىرى ۋە ھېيت - بايراملىرى

قەشقەر ئەل ئىچى مۇراسىملىرى ۋە ھېيت - بايراملىرى شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقى، مەزمۇنىنىڭ مولللۇقى بىلەن ئۇيغۇر فولكلورىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. ئەل ئىچى مۇراسىملىرى ۋە ھېيت - بايراملىرى پۈتكۈل قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىن، تارىخ، سەنئەت، ئۆرپ - ئادەت ... لىرىنىڭ كېسىشمە نۇقتىسى ياكى پائالىيەت قىلىدىغان ئالاھىدە ئورتاق بوشلۇقىدۇر.

## 1 § . ئۆمۈر مۇراسىملىرى

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئۆزىگە خاس ھايات قارىشى ۋە چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، ھاياتلىقنى سۆيۈش، ئۇنى قەدىرلەش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا ئۆمۈر مۇراسىملىرى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئىنسان تۇغۇلۇپ تاكى تۇپراققا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز ھاياتىدىكى ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان ھەرقايسى باسقۇچلىرىنى خىلمۇ خىل ئۆمۈر مۇراسىملىرى ئارقىلىق باشلايدۇ ياكى ئاخىرلاشتۇرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرى، قايغۇلىرىمۇ شۇ ئۆمۈر مۇراسىملىرىدا

گەۋدىلىنىدۇ .

بىز قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆمۈر مۇراسىملىرىنى ئىسىم توي ، بۆشۈك توي ، خەتنە توي ، نىكاھ توي ، دەپنە مۇراسىمى ، نەزىر قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشىمىز مۇمكىن .

**ئىسىم توي** بالا تۇغۇلۇپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ . ئىسىم قويۇش مەقسەت قىلىنغان بۇ مۇراسىمغا بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋە ئەتراپتىكى ئىناۋىتى يۇقىرى بولغان چوڭلار ئىشتىراك قىلىدۇ . مەخسۇس ئىسىم قويۇشقا ئاخۇن ياكى موللا چاقىرتىلىدۇ . ئىسىم قويۇش ئىسلام دىنىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر مۇراسىم ھېسابلىنىدۇ ، ئىسىم ئېتىقادنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ . شۇڭا قەشقەر ئۇيغۇرلىرىمۇ ئىسىم قويۇشتا ئىمكانقەدەر مۇقەددەس كىتاب — «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ .

ئىسىم قويۇلىدىغان كۈنى ئاددىي بىر ۋاخ تاماق ئېتىلىدۇ ، تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇراسىم رەسمىي باشلىنىدۇ . بوۋاق يۆگەككە يۆگىلىپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئېلىپ ئاخۇنغا تاپشۇرۇلىدۇ ، ئاخۇن جەيناماز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بوۋاقنى قوش قوللاپ ئالىدۇ ، ئاندىن بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا قىرائەت قىلىدۇ . سول قۇلىقىغا بولسا ئاللاغا بولغان مەدھىيە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ئايەتنى قىرائەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن «بۈندىن كېيىن ئىسمى . . . بولغاي ياكى بولسۇن! » دەپ ئىسمىنى چاقىرىدۇ . ئاندىن ئاخۇن كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن بوۋاقنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ مەزىنىنىڭ ئەزان توۋلىغان ھالىتىگە تەتبىقلاپ ئەزان توۋلايدۇ ، بۇ چاغدا سورۇندا ئاخۇنىنىڭ ئەزان ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ ، باشقا قاتناشقۇچىلار ئۈنسىز ھالدا ئايەت ئوقۇيدۇ . ئاخۇن بالىنىڭ ئىسمىنى ئۈچ قېتىم توۋلىغاندىن كېيىن

بالىنى يەرگە قويۇپ ئالدىغا بىر قېتىم دومىلىتىدۇ ، بوۋاق چۆچۈپ قىرقىراپ يىغلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن سورۇندىكىلەر ياش تەرتىپىگە ئاساسەن بوۋاقنى نۆۋەت بىلەن قۇچىقىغا ئېلىپ ئىسمىنى چاقىرىپ ئەركىلىتىدۇ ، ئۆزىنىڭ تىلەكلىرىنى بىلدۈرىدۇ ، بوۋاق قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئاخىرىدا ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا بارىدۇ .

بۇ گەرچە ئىنتايىن ئاددىي مۇراسىم بولسىمۇ ، دىنىي پۇرىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان مۇراسىملارنىڭ بىرى بولۇپ ، «قۇلاققا ئەزان توۋلاش» دىنىي سالاھىيەتنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى بولۇپ قالغان .

**بۆشۈك توي** بۆشۈك ئۇيغۇرلاردا ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى مۇھىم بىر قەدەمدىن دېرەك بېرىدۇ . بۆشۈك توي ئادەتتە بوۋاق تۇغۇلۇپ قىرىق كۈن توشقاندىن كېيىن ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۆشۈك توي مۇراسىمى ئىنتايىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇ كۈنى قوشنىلارنىڭ ۋە يېقىن دوستلارنىڭ باللىرى چاقىرتىلىپ كېلىنىدۇ ، «قىرىق سۈيى» تەييارلىنىدۇ . قىرىق سۈيى يەتتە چىنىگە قۇيۇلۇپ ، ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالتۇن ، ناۋات ، كاۋاپ ، ئۇلۇغلار مېڭىپ ئۆتكەن كۆۋرۈك ياغچىنىڭ پارچىسى ، تۇۋرۇك پارچىسى ، بىر ئۈچۈم مەسچىت تېمىدىن ئېلىنغان چالما پارچىسى ، نەچچە تال ئۆرۈك مېغىزى سېلىنىدۇ ، باللاردىن بىر - ئىككى نەپەر ئەدەپلىك بالا تاللىنىلىپ بوۋاقنى «يۇيۇندۇرىدۇ» . تاللانغان بالا ياغاچ قوشۇق بىلەن چىنىدىن سۇنى ئېلىپ بوۋاقنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاچ «. . . بولۇڭ» دەپ بوۋاقنىڭ يالىڭاچلانغان بەدىنىگە قۇيىدۇ . چىنىدىكى يەتتە خىل نەرسە بوۋاقنىڭ ئالتۇندەك ئەتىۋارلىق ، ناۋاتتەك تاتلىق ، كاۋاپتەك مەززىلىك ، ئۇلۇغلاردەك ھۆرمەتكە سازاۋەر ، تۇۋرۇكتەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ۋە چىداملىق ، غەيرەتلىك

بولۇشىغا بولغان تىلەككە سىمۋول قىلىنغان بولىدۇ، بوۋاق يۈيۈندۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئاق يۆگەككە يۆگىلىپ ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر پاك ئۆتۈشى ئۈمىد قىلىنىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بوۋاققا يېڭى كىيىملەر كىيگۈزۈلۈپ رەسمىي بۆشۈككە بۆلىنىدۇ، يەنى بۆشۈككە بۆلىنىشتىن ئىلگىرى شۇ جايدىكى ياۋاش، سەمىمىي دەپ قارالغان ساتىراش تەكلىپ قىلىنىپ بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرىدۇ. كىچىك باللارغا ھەرخىل تاتلىق ـ تۈرۈملار ۋە ھالۋا سۇرتۇلگەن نان تارقىتىلىپ بېرىلىدۇ.

كونا قائىدىدە ئايال ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ يەڭگىيدۇ. بۆشۈك توي بولغان كۈنى ئەر تەرەپتىن چوڭلار كېلىپ بۆشۈك تويغا قاتنىشىدۇ ۋە كېلىن بىلەن بوۋاقنىڭ ئالدىغا سوۋغا ـ سالاملىرىنى قويۇپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ.

**خەتنە توي** خەتنە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئورتاق بولغان ئالاھىدە بىر مۇراسىم، لېكىن ئۇ دىنىي قائىدە بولۇش بىلەن بىرگە، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە مۇراسىمدۇر. چۈنكى ئۇ بىر ئوغۇلنىڭ رەسمىي ئەر بولۇشقا قاراپ ماڭغان كۈنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كۈنى ناغرا ـ سۇناي چېلىنىپ، كاتتا مەرىكە ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. قەشقەردە ئىلگىرى ھاللىق ئائىلىلەر ھەتتا چېلىشىش، بەيگە قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇقامچىلارنى تەكلىپ قىلىپ مەشرەپ قىلىدىغان ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقى بىزگە مەلۇم. ھازىر تەبرىكلەش پائالىيىتى بىلەن خەتنە قىلىش ئاساسەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى، خەتنە قىلىنىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئادەت شەكىللىنىپ، ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى فولكلورلۇق پائالىيەتلەر ئازلاپ كەتتى.

خەتنە قىلىنىشتىن ئىلگىرى يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، دوستلار تەكلىپ قىلىنىدۇ، تاماق ئېتىلىپ مېھمان قىلىنىدۇ،

خەتنىسى بولىدىغان بالىغا يېڭى كىيىم، يېڭى يوتقان - كۆرپىلەر تەييارلىنىدۇ. ئۇ كۈنى ئوغۇل بالىنىڭ يېقىن قۇرداشلىرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ، ئىنتايىن تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، چوڭلار ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا خىلمۇخىل سوۋغىلارنى بېرىدۇ. ۋاقىت توشقان چاغدا بالا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئۆيگە چاقىرتىلىپ ياتقۇزۇلىدۇ. ئاندىن بالىنى «ئالدايدىغان» سۆز ياكى ھېكايە - چۆچەك دېگەندەكلەر بىلەن بالىنىڭ دىققىتى باشقا ياققا بۇرۇلۇپ، خەتنىچى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىتتىك ئۇستىرا بىلەن خەتنىنى تاماملايدۇ، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان پاختا كۆيدۈرۈلۈپ جاراھەتكە بېسىلىپ قان توختىتىلىدۇ، خەتنە قىلىنغان چاغدا بالىنىڭ يىغىسىنى توختىتىش ئۈچۈن ئالدىن پىشۇرۇپ، ئاقلانغان تۇخۇم بالا يىغلاشقا تەييارلانغان پەيتتە ئاغزىغا كاپ ئېتىلىدۇ.

**توي (يەنى نىكاھ توي)** قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھ توي مۇراسىمى ئومۇمىي نۇقتىدىن باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. چوڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، توي تەييارلىقى، توي ۋە تويدىن كېيىنكى بىر قىسىم رەسىم - قائىدىلەردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

توي تەييارلىقى باسقۇچى: بۇ ئەلچى كىرگۈزۈش، داستىخان تاشلاش، تويلۇق بېرىش، چوڭ چاي قاتارلىق باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى ئالدى بىلەن يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئۆيىگە ئىناۋەتلىك بىرىنى ئەلچى قىلىپ كىرگۈزىدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى تۇغقانلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جاۋابىنى بېرىدۇ، ئاندىن رەسمىي داستىخان تاشلاشقا تەييارلىق قىلىنىدۇ. داستىخان تاشلاشتا يىگىتنىڭ ئانىسى بىر نەچچە يېقىن تۇغقان ياكى دوستلىرى بىلەن رەخت، يەل - يېمىش دېگەندەك سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. قىز تەرەپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى

ئالدۇ ھەمدە سوۋغا ـ سالاملارغا ھەشقاللا بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تويلۇق ۋە توي كۆنى دېگەندەك ئىشلار مەسلىھەت قىلىنىدۇ. داستىخان تاشلاش ئاخىرلىشىپ نەچچە كۈندىن كېيىن قىز تەرەپ ئەلچى ئارقىلىق قىز ۋە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان تويلۇق سوۋغىلار تىزىملىكىنى يىگىت تەرەپكە تاپشۇرىدۇ. تويلۇقنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە ئاساسەن ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى كېلىشتۈرۈش، تەڭشەش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ، ئاندىن رەسمىي تۈردە چوڭ چاي بېرىلىپ تويلۇق سوۋغىلىرى مېھمانلار ئالدىدا بىرمۇبىر چىقىرىلىپ قىز تەرەپكە تاپشۇرۇلىدۇ ۋە توي كۈنى بېكىتىلىدۇ.

توي: بىرىنچى كۈنى سەھەردە يىگىت قولداش ۋە باشقا يېقىن دوستلىرى بىلەن تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىزنىڭ ئۆيىگە نىكاھ ئوقۇتقىلى بارىدۇ. نىكاھ ئوقۇغۇچى نىكاھتا ئوقۇلىدىغان قۇرئان سۈرىلىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت بىلەن قىزدىن رازىلىق سورايدۇ. سەھەردە نىكاھ ئوقۇش كۆپ چاغلاردا شەھەردىكى بىر كۈنلۈك تويلاردا بولىدۇ. چەت يېزىلاردا توي مۇراسىمى ئىككى كۈن بولىدۇ، بىرىنچى كۈنى قىز تەرەپتە مەشرەپ سېلىنىدۇ، يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ قىز تەرەپتە مېھمان بولىدۇ، يىگىت بولسا ئۆز دوستلىرى بىلەن يېقىن دوستى ياكى تۇغقانلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىدە نەغمە ـ ناۋا قىلىپ كەچ كىرىشنى ساقلايدۇ، كەچ كىرىشى بىلەن قىز تەرەپكە نىكاھ ئوقۇتقىلى بارىدۇ، كەچتە نىكاھ ئوقۇلۇپ بولۇشى بىلەن قىزكۆچۈرۈش باشلىنىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن رازىلىق ئېلىپ قىزنى كۆچۈرىدۇ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى دۇئا قىلىپ قىزغا بەخت تىلەيدۇ، قىزنىڭ مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر يول توسۇپ سوۋغا تەلەپ قىلىدۇ، يىگىت تەرەپ ئۇلارنى رازى قىلغاندىن كېيىن يولنى بوشىتىدۇ،

يولدا يەنە گۈلخان يېقىلىپ قىز گۈلخاننى ئاتلاپ ئۆتىدۇ . ئەتىسى يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىدە چوڭ توي بېرىلىدۇ ، مەشرەپ سېلىنىپ مۇقام ئېيتىلىدۇ ، شۇنداقلا قىزنىڭ يۈز ئاچقۇسى بولىدۇ ، ئادەتتە يۈز ئاچقۇسىغا ئايال مېھمانلار قاتنىشىدۇ . رىشالە ، قورداق ، پولۇ قاتارلىق تائاملار تەييارلىنىدۇ . يېڭى كېلىن كىرگەندىن كېيىن يىگىت تەرەپتىن بىر قىزچاق ياكى ئايال (يىگىتنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى ) چىقىپ ئۇسسۇل ئوينىغاچ قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ . يىگىت دوستلىرىنىڭ هە ـ هۇ دېيىشى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ . يىگىتنىڭ قېينانىسىمۇ باشقىلارنىڭ ئىتتىرىپ زورلىشى بىلەن كۈيئوغۇل ئۈچۈن تەييارلانغان سوۋغىسىنى كۆتۈرۈپ يىگىتنىڭ ئالدىغا بارىدۇ . قىز تەرەپ يىگىتتىن سوۋغا تەلەپ قىلىپ ئالدىنى توسۇيدۇ ، يىگىتمۇ قېينانا ئۈچۈن تەييارلانغان سوۋغىسىنى چىقىرىپ سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ ۋە قېينانىسىنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ، ئاندىن قىز بىلەن يىگىتكە تەبرىك سۆزلىرى ئېيتىلىپ مېھمانلار تارقىلىدۇ .

تويدىن كېيىنكى رەسىم ـ قائىدىلەر : توي بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي چىللاق بولىدۇ ، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى تەكلىپ قىلىشىپ تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشىدۇ ، يېقىن تۇغقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە تونۇشتۇرىدۇ .

**دەپنە مۇراسىمى** قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەپنە مۇراسىمى باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلاردىن جىق پەرقلەنمەيدۇ ، شۇڭا بۇ يەردە قىسقارتىلدى . دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچ نەزىرى ، يەتتە نەزىرى ، قىرىق نەزىرى ، يىل نەزىرى بېرىلىدۇ . ئۆلۈم بولغان ئۆينىڭ ئەرلىرى بېلىگە ئاق باغلايدۇ ، ئاياللار ئاق ياغلىق چىگىدۇ ، دەپنە مۇراسىمىنىڭ تېز ۋە ئاددىي بولۇشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ .

## § 2 . تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى ھېيت ـ بايراملار

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ھېيت ـ بايراملىرىمۇ باشقا يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلاردىن جىق پەرقلەنمەيدۇ . ئۇلار روزى ھېيت ، قۇربان ھېيتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى دىنىي بايرامنى ئۆتكۈزۈش بىلەن بىرگە ، يەنە نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزىدۇ . لېكىن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھېيت ـ بايراملىرى باشقا جايلارغا قارىغاندا تېخىمۇ دەبدەبىلىك ۋە قىزىق ئۆتكۈزۈلىدۇ .

بىز نۆۋەتتە قەشقەرنىڭ تارىختىكى ھېيت ـ بايراملار توغرىسىدا تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز ، بىزگە مەلۇم بولغىنى نورۇز بايرىمىدۇر . «نورۇز» يەنە «نەۋرۇز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، «يېڭى باھار» مەنىسىدە بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بايراملىرىنىڭ بىرىدۇر . ئۇ ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى (كۈن ـ تۈن تەڭلەشكەن كۈنى ) نورۇز بايرىمىدۇر . بۇ بايرام قىشنى ئۇزىتىپ باھارنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ .

كونىلارنىڭ ئەسلىشىچە ، قەشقەردە نورۇز بايرىمى ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلەتتىكەن . نورۇز كۈنى خىلمۇخىل پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلغان ، مۇشائىرەلەردە شائىرلار باھارنى مەدھىيىلەپ ، يېڭى يىللىق تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ شېئىرلارنى ئوقۇپ تۇرغان . يەنە تېخى ھەزرىتى موللام (مەھمۇد كاشغەرى ) مازىرىغا جەم بولۇپ نورۇز ئېشى قىلىپ يەپ ، سەيلىلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ، شېئىر ـ نەزمىلەر ئوقۇلىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن ؛ مەشرەپلەر قىلىنغان . ھالبۇكى ، 20 ـ ئەسىرنىڭ

باشلىرى ، بولۇپمۇ شىڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە بۇ بايرام تەقىب ئاستىغا ئېلىنىپ چەكلەنگەن . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلقنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان . 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارنىڭ قىدىرىپ تەكشۈرۈشى ۋە كۈچەپ تەشۋىق قىلىشى بىلەن قەشقەردە بۇ بايرام يەنە قايتىدىن ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ ، كۆلەم جەھەتتىن ئىلگىرىكىگە يەتمەي قالغان .

قەشقەردە ئەڭ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام يەنىلا روزى ھېيت بىلەن قۇربان ھېيتتۇر . قەشقەر ئۇيغۇرلىرى بۇ ئىككى ھېيتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ . روزى ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت قەشقەر ئۇيغۇر ئەل ئىچى فولكلورى يۇكسەك دەرىجىدە نامايان بولىدىغان ئەڭ جانلىق «فولكلور مۇزېيى» ھېسابلىنىدۇ .

**روزى ھېيت** ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى روزى ھېيت ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر ئايدا (ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 9 ـ ئاي ) ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە روزى تۇتۇلىدۇ ، بۇ چاغدا كىشىلەر قۇياش چىقماستىن تارتىپ قۇياش پاتقىچە بولغان ئارىلىقتا غىزالانماي روزى تۇتىدۇ . قەشقەردە مۇشۇ ئايدا ئاشپۇزۇللار تاقىلىدۇ ، قايناق بازارلار سۇسلىشىدۇ ، 29 ـ كۈنى كەچتە يېڭى ئاي كۆرۈنۈپ ئەتىسى روزى ھېيت بولىدۇ . ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى سەھەردە قەشقەردىكى ھېيتگاھ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ مەسچىتلەردە ھېيت نامىزى ئوقۇلىدۇ ، نامازدىن قايتىپ كىشىلەر تونۇشسۇن ، تونۇشمىسۇن كۆزلىرى ئۇچرىشىپلا قالسا ھېيتلىرىنى مۇبارەكلىشىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ . مەسچىت ئالدىدىكى سەينالاردا ساما ئۇيۇشتۇرۇلۇپ كىشىلەر ساماغا چۈشىدۇ . يەنە شۇ كۈنى كىشىلەر تۇپراق بېشىغا بېرىپ قەبرە يوقلاپ ئەجدادلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىدۇ . ھېيت كۈنلىرى بازارلاردا مەدداھلار دىنىي مەزمۇندىكى

داستانلارنى ئوقۇيدۇ، يىغىلىش بولۇپ مۇقاملار ئېيتىلىدۇ، ھەرخىل ئويۇنلار ئوينىلىدۇ، كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ھېيتلىشىپ ھېيتلىرىنى تەبرىكلىشىدۇ.

**قۇربان ھېيت** قۇربان ھېيت ھجرىيە كالېندارى بويىچە 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ ھېيتتىن ئىلگىرى روزى تۇتۇلمايدۇ، قۇربانلىق قىلىنىدۇ. باشقا تەرتىپلىرى روزى ھېيت بىلەن ئاساسەن ئوخشاش، ئۆي ـ ئۆيلەردە قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ گۆشى پىشۇرۇلۇپ ھېيتلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ، يېتىم ـ يېسىر ۋە ئاجىزلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا يەنە مۇشۇ كۈندە ئىلگىرىكى ئاداۋەت ۋە رەنجىشلەرنى ئۇنتۇپ، ئىناق ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغان كىشىلەرنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئادىتى ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

قوشۇمچە:

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا روزى ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت «چوڭ ھېيت»، «كىچىك ھېيت» دەپ ئايرىلمايدۇ، ھەر ئىككى ھېيت ئوخشاشلا داغدۇغا بىلەن ئالاھىدە تەبرىكلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىككى بۈيۈك ھېيتى كېلىپ چىقىش جەھەتتىن گەرچە ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئارىسىدا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان ئۆرپ ـ ئادەت مۇراسىمغا ئايلىنىپ كەتتى.

# VI باب  قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى ئىلىم - پەن ئۆتۈقلىرى

قەشقەر يالغۇز ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئانا ماكانى ۋە بۆشۈكى بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئۆزىنىڭ ئەل ئىچى ئىلىم - پەن ئۆتۈقلىرى بىلەنمۇ مەشھۇر .

ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئىلىم - پەن تارىخى مۇتەخەسسىسى گېئورگى سۇتتون (1856 — 1884 ) ئۆزىنىڭ «ئىلىم - پەن تارىخىدىكى شەرق ۋە غەرب » ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن ئىدى : «ئەمەلىيەتتە ئىلىم - پەننىڭ ئۇرۇقى ، جۈملىدىن تەجرىبە ئىلىم - پېنى ۋە ماتېماتىكا ، ئىلىم - پەننىڭ تولۇق شەكىللەنگەن ئۇرۇقى شەرقتىن كەلگەن . ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بۇ ئۇسۇلنى شەرقلىقلەر زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان . . . شەرق ئانا ، غەرب - ئاتا» ، ئۇ يەنە «شەرق ئىلىم - پېنىگە قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان كىشى ، غەرب مەدەنىيىتىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىدىغان كىشى ئېھتىمال ئالىم بولالماسلىقى مۇمكىن ، ئۇنداقلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ھەم بىلىمسىز ، ھەم ئىلىم - پەننى بىلمەيدىغانلار . . .يېڭى ئىلھام يەنىلا ، يەنە كېلىپ ھەقىقەتەن يەنىلا شەرقتىن كېلىشى مۇمكىن ، ئەگەر بىز بۇنى سەزسەك ئاقىللىق قىلغان بولىمىز . »

دەرۋەقە ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم - پەن تارىخىدىن خەۋەردار بولغان ھەر قانداق كىشى گېئورگى سۇتتوننىڭ يۇقىرىقى پىكرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ . ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام مەدەنىيىتى تازا گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ ، بۇ

دەۋرلەردە نۇرغۇنلىغان ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئالىملىرى دۇنيا ئىلىم - پېنىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە سەركەردىلىك رول ئوينىغان، بولۇپمۇ قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىلىم - پەننىڭ يېڭى گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، دۇنيانىڭ كېيىنكى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ بەرگەن. ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ فرانس بىكون (1561 — 1626) ئۆزىنىڭ «يېڭى قورال» ناملىق ۋەكىللىك ئەسىرىدە «بىلىم — كۈچ» دېگەن بۈيۈك تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن 500 يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە «ئىنسانغا قۇت (بەخت - سائادەت) كەلتۈرگۈچى — بىلىم» دېگەن ئەقلىي ھۆكۈمنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، «بىلىم — كۈچ» ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن دەلىللىگەن. ئۇ مەقسەتلىك ھالدا ئۆز ئەسىرىگە «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) دەپ نام قويۇپ، ئىلىم - پەننىڭ دۆلەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان ھاياتىدىكى غايەت زور كۈچى، رولى ۋە ئەھمىيىتىنى روشەن بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن.

ئومۇمەن «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرگە دائىر بايانلار ئارقىلىق مەركىزىي - ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا)، ئىلمىي رىيازەت (ماتېماتىكا)، ئىلمىي تىب (مېدىتسىنا)، ئەل جەبىر (ئالگېبرا)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ئىلمىي تارىخى (ئاگرونومىيە)، ئىلمىي مۇچەل (كالېندارچىلىق)، ئىلمىي تەبىئەت (بىئولوگىيە، زوئولوگىيە)، ئىلمىي كىمىيا (خىمىيە) قاتارلىق پەن ئۆتۈقلىرىنىڭ دەرىجىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. تۆۋەندە قەشقەر رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان ۋە بىر قەدەر تىپىك ئەھمىيەتكە

ئىگە بولغان بىر قانچە تەبىئىي پەن نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرىمىز .

## § 1 . ئەل ئىچى تىبب (تىبابەت) ئىلمى

ئىلىمىز دۇنيادىكى تىبابەت مەدەنىيىتى ئەڭ بالدۇر مەيدانغا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، مول بولغان جۇڭگوچە تىبابەت مىراسلىرىغا ئىگە . جۇملىدىن ئىلىمىزنىڭ غەربىي رايونىدىكى «يىپەك يولى مەرۋايىت» دەپ ئاتالغان قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىبابەت فولكلورى ئۆزگىچە خاسلىققا ۋە ئومۇملۇققا ئىگە بولۇپ ، ئىلىمىزنىڭ تىبابەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان . قەشقەرنىڭ ئەل ئىچى ئەنئەنىۋى تىبابىتى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن سىستېمىلاشقان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىنىڭ يادروسى ۋە ئاساسى ھېسابلىنىدۇ .

رۇسىيىنىڭ مەشھۇر فىزىئولوگىيە ئالىمى پاۋلوف «ئىنسانىيەت بولىدىكەن ، تېببىي پائالىيەتلەرمۇ بولىدۇ» دېگىنىدەك ، ھەر قانداق ئىنساننىڭ بىرىنچى ئىزدىنىشى ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان تىبابەتچىلىكتىن باشلىنىدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، ئەل ئىچى تىبابەت تارىخىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى مەلۇم يىلنامە بىلەن بەلگىلەش مۇمكىن ئەمەس .

تىبابەتنىڭ ئۆزى بىر خىل مۇرەككەپ مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ ، ئۇ داۋالاش مەشغۇلاتلىرى بىلەن تىبابەت بىلىملىرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، شۇنىڭدەك تىبابەت بىرى ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىپ بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاش ، يەنە بىرى ، بەدەندە پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىشتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ . بۇ مەقسەت ئىنساننىڭ ھاياتلىق پائالىيەت تارىخى بىلەن بىرگە

باشلانغاچقا ، تېبابەتنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانلىرىنى شەرتلىك ھالدا تۆۋەندىكى ئىككى چوڭ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن :

## 1 . ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىك باسقۇچى

بۇ باسقۇچ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى شەكىللەنگەندىن باشلاپ قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە قەدەم قويغانغا قەدەر بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

بۇ باسقۇچتىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار تېخى لوگىكىلىق تەپەككۇر چەمبىرىگە كىرمىگەن كوللېكتىپ ئاڭ يېتەكچىلىكىدە ، تەبىئەتنى سېلىنچا ، كۆك ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ ئورمانلىقلار ، تاغ جىلغىلىرى ۋە كۆل ـ دەريا بويلىرىدا گۈل ـ گىياھ ، ياۋا مېۋىلەر ھەمدە ئوۋ مەھسۇلاتلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىش بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزەتتى . ئۇلار بۇ خىل تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆپرەك دۇچ كېلىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە قارشى ئىپتىدائىي ھېسسىي بىلىش ئاساسىدىكى ئاددىي داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كەشىپ قىلغان . بۇ ۋاقىتتا تېخى ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن ئەمەلىي داۋالاش شەكىللىرى ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىك باسقۇچىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئىدى .

## 2 تېبابەتچىلىك بىلەن پېرىخونلۇقنىڭ ئارىلاشما شەكلى باسقۇچى

بۇ باسقۇچتا ئۇرۇقچىلىق ئاساسىدىكى ئائىلىلىق جامە تۈزۈمى شەكىللىنىپ ، كىشىلەردە تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقىش تۇيغۇسى بارلىققا كېلىپ ، تەبىئەتنى سىرلىقلاشتۇرىدىغان ئىپتىدائىي ئىلاھىيەتچىلىك چۈشەنچىسى پەيدا بولدى . مانا بۇ خىل ئىپتىدائىي

ئەقىدە ئاساسىدا تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇدات ۋە تەبىئەت هادىسىلىرى تەبىئەتتىن تاشقىرى تۇرىدىغان ئىلاھلار پائالىيىتىنىڭ كارامىتىدىن بولىدۇ، دەيدىغان ئەپسانىۋى ئاڭ بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ئەپسانىلەرنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ «يامان روھ» لارنى قوغلايدىغان، «ياخشى روھ» لاردىن شاپائەت تىلەپ، ئۇنىڭغا سىغىنىشنى مەزمۇن قىلغان پىرىخونلۇق ۋە پالچىلىق ئادىتى مەيدانغا كەلدى. خۇراپاتلىق تونىغا ئورۇنۇۋالغان بۇ خىل پىرىخونلۇق ۋە پالچىلىق شامانىزم ئېتىقادى دەۋرىدە تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ھېسسىي بىلىش ئاساسىدىكى ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىك بىلەن روھىي داۋالاش مەزمۇن قىلىنغان پىرىخونلۇقنىڭ ئارىلاشما شەكلى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىل شەكىلنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، كېسەللىككە دىئاگنوز قويۇشتا رەم سېلىش، پال ئېچىش، چۈش تەبىرى ۋە باشقىلار، كېسەل داۋالاشتا پىرىخونلۇق ئاساس، دورا بىلەن داۋالاش قوشۇمچە قىلىنىشتىن ئىبارەت ئىدى.

مەلۇمكى، شامان دىنى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان ھەمدە بەزى رايون ۋە مىللەتلەردە تا ھازىرغىچە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي دىن. ئۇ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، سېھىرگەرلىك (پىرىخونلۇق)، توتېم ئېتىقادى ۋە ئانىمىزم ئېتىقادىدىن ئىبارەت بىر قاتار ئېتىقاد مەزمۇنلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد ئېڭىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى. شامان دىنىنى مەنبە قىلغان بارلىق داۋالاش پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئانىمىزم چۈشەنچىلىرىنى ئاساس قىلغاچقا، شۇ دەۋردىكى ئەمچىلىك پائالىيىتىدە ئىشلىتىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە سېھىرلەشكەن روھ چۈشەنچىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىش شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلار گەرچە بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇن ئىپتىدائىي شامان ئېتىقادىدىن قول ئۈزۈپ بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلام دىنى قاتارلىق دۇنياۋى دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شامانىزم دەۋرىدە پەيدا بولغان پېرىخونلۇق ئاساسىدىكى سېھرىي تېبابەتچىلىك ئەنئەنىسىنى كېيىنكى دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن سىڭدۈرۈپ، فولكلورلۇق تېبابەتچىلىكنىڭ بىر خىل شەكلى سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ھازىرقى قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تېببىي سېھىرگەرلىك ئادەتلىرى كۆپ خىل بولۇپ، «دەرىجىدىن تاشقىرى سېھرىي قۇدرەت ئىگىسى» دەپ ئۆزلىرىنى پەردازلىۋالغان پېرىخون، باخشى - داخانلار پال ئېچىش ئۇسۇلى ئارقىلىق «كېسەل» لەرگە دىئاگنوز قويىدۇ. ئىپتىدائىي ئانىمىزىم چۈشەنچىلىرى ئاساسىدىكى پالچىلىق ئۇسۇللىرى ئىچىدە «بوغۇلۇپ پال ئېچىش»، «يۈزىنى نىقابلاپ تۇرۇپ پال ئېچىش»، «قوقاس ئۈتتا داننى ئېتىلدۇرۇپ پال ئېچىش»، «ھايۋانلارنىڭ تاغاق سۆڭىكىگە قاراپ پال ئېچىش»، «تاش ۋە قوي مايىقىنى ساناپ پال ئېچىش»، «قول ئالىقىنىغا قاراپ پال ئېچىش»، «يۇلتۇزغا قاراپ پال ئېچىش»، «ئەبجەد ھېسابى ئارقىلىق پال ئېچىش»، «سۈرە - ئايەتلەر ئارقىلىق پال ئېچىش»... قاتارلىقلار كۆپ قوللىنىلىدۇ. داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ساپ سېھرىي تۈس ئالغان بولۇپ، تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل «روھىي داۋالاش» پرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلغان:

پېرە ئوينىتىش — باخشىلار ياكى پېرىخونلارنىڭ سىرلىق ھەرىكەتلىرى، ئاتالمىش «باخشى روھ» لارنىڭ ياردىمى ۋە ئىلاھىي قۇراللارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىمار تېنىگە زىيان يەتكۈزگەن «يامان روھ» لارنى قوغلاپ چىقىرىپ، بىمارنى داۋالاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل تىپىك داۋالاش

ئۇسۇلى بولۇپ ، ئۇ ئارقىلىق داۋالىنىدىغان كېسەللىكلەر ئادەتتە بىر قەدەر ئېغىر بولغان روھىي كېسەللىكلەردۇر . بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ جەريانى مۇرەككەپ بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى سېھرىي پائالىيەتلەر تەييارلىق باسقۇچى ۋە داۋالاش باسقۇچى دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ . تەييارلىق باسقۇچى ئادەتتە ، پېرىخون ـ باخشىلارنىڭ هازىر بولۇشى ، ئۇلار ئىشلىتىدىغان داپ ، خەنجەر ، ئارغامچا ، قامچا (ئالما شېخى ، سۆگەتنىڭ يۇمران شېخى ، يۇلغۇن شاخلىرىنى جۈپلەپ ياسىلىدۇ ) ، ئەينەك ، كەتمەن ، نۆكچە ، ياغ (سۇ يېغى ۋە قۇيرۇق ياغ ) قاتارلىقلارنى تەييارلاش ، قاراڭغۇ ئۆينىڭ تۆڭلۈكىدىن تۇغ باغلاش ۋە بىمارنىڭ كېسىلىگە قارىتا ئەبجەد هېسابىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇلىدىغان ئەپسۇن ـ ئەرۋەش تەييارلاش قاتارلىق تەييارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

داۋالاش باسقۇچى بولسا پېرىخون ـ باخشىلار داپقا تەڭكەش قىلىپ ، ئىنتايىن سۇرلۈك هالدا پېرە قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ ، ئەپسۇن ـ ئەرۋەش ئوقۇپ ، بىمارغا هۈرىدۇ ، بىمار تۇغ ئارغامچىسىنى تۇتۇپ خۇدىنى يوقاتقىچە پىرقىرايدۇ . پېرىخوننىڭ مەقسىتى جىن ۋە يامان روهلار بىلەن ئېلىشىش ، ئۇلارنى قامچىلاپ بىمار تېنىدىن قوغلاش ، ياخشى روهلارغا مەدەت بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

پېرە ئويۇنىنىڭ گەرچە هېچقانداق ئىلمىي ئاساسى بولمىغان خۇراپىي هەرىكەت بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ بەزى بىمارلار (بولۇپمۇ روهىي كېسەللەر ) كېسىلىنىڭ ياخشىلىنىشىغا بەلگىلىك تەسىرى بولىدۇ . بۇنى ئىلمىي جەهەتتىن مۇهاكىمە قىلغاندا ، بۇ يەردە شىپالىق رول ئويناۋاتقان نەرسە بىرىنچىدىن ، هەرىكەت (هازىرقى زامان ئۇقۇمى بويىچە ئېيتقاندا ، بەدەن چىنىقتۇرۇش ئارقىلىق زەئىپلەشكەن نېرۋىنى غىدىقلاش ) ، ئىككىنچىدىن ، سەنئەتنىڭ مەنىۋى دۇنياغا بولغان ئىجتىمائىي تەسىرى (ئېستېتىك سېزىم

ئارقىلىق روھلاندۇرۇش ) ، ئۇچىنچىدىن ، ئەنئەنىۋى ئېتىقادنىڭ روھىي ھالەتكە كۆرسىتىدىغان پىسخىك (ئابستراكت ) تەسىرى . بۇ ئۇچ خىل كۇچنىڭ ئايرىم كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن مەلۇم داۋالاش رولىنى ئوينىغانلىقىدىن ئەجەبلەنگىلى بولمايدۇ .

ئىسرىق سېلىش : بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى » دا بالىلارنى كۆز تېگىش ۋە جىن - ئالۋاستىلاردىن ساقلاش ئۇچۇن ئەپسۇن ئوقۇپ «ئىسرىق - ئىسرىق » دەپ ئىسرىقدايدىغانلىقى ، جىن تەگكەن ئادەمنى داۋالاشتا يۇزىگە سۇ سېپىپ تۇرۇپ «قوۋۇچ - قوۋۇچ » دەپ ئادىراسمان ۋە ئود ھىندى بىلەن ئىسرىق سېلىنىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار[1] . بۇنداق سېھرىي داۋالاش ئۇسۇلى ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا بار ئادەت بولۇپ ، ھەتتا شاھ ئوردىلىرىدىمۇ مەخسۇس ئىسرىقدانلارنىڭ بولغانلىقىنى تارىخىي ھۆججەتلەر ئىسپاتلايدۇ .

ئاچلاش (ئاشلاش ) : بوۋاقلار بەك يىغلاپ بىئارام بولسا ، ياش - ئۆسمۈرلەر ، ھەتتا ياش قۇرامىغا يەتكەنلەر تاماقتىن كېيىن تۇيۇقسىز مەيدىسى ياكى قورسىقى ئاغرىپ كەتسە «باشقىلارنىڭ ئىچى كىرىپتۇ » ياكى «ئوتى تۇتۇپتۇ » دەپ قارىلىپ ، بۇۋىملەرگە ياكى بۇۋىملەردىن ئۇدۇم ئالغان كاداك ئاياللارغا ئوقۇتۇلىدۇ . بۇ «ئاچلاش » دەپ قارىلىدۇ .

«ئاچلاش » نىڭ جەريانى مۇنداق : بىر پىيالىگە لىق كېپەك ئېلىنىپ داكا ياكى ياغلىققا ئوراپ دۇم قىلىپ كۆمتۈرۈلىدۇ ، «ئاچلىغۇچى » ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇپ پىيالىنىڭ ئاغزى تەرىپىگە ئۇچ قېتىم ھۇرۇپ قويۇپ ، ئاندىن بىمارنىڭ بېشىدىن تا ئايىغىچە «كۆچ - كۆچ ! » ئەپسۇننى ئوقۇپ ھۇرىدۇ . بۇ ھەرىكەت شۇ تەرزدە ئۇچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ .

---

[1] مەھمۇد كاشغەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 1981 - يىلى نەشرى ، I توم 143 - بەت ، III توم 322 - بەت .

ئوت كۆچۈرۈش : كىشىنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ ، تىترەك بېسىپ ئاغرىسا «ئۆچۈنۈپتۇ» ، «قوقاقداپتۇ» دەپ قارىلىپ ، بۇنداق بىمارلارغا ئوت كۆچۈرۈلىدۇ . «ئوت كۆچۈرۈش» نىڭ جەريانى مۇنداق : ناماز شام ۋاقىتلىرىدا تۆت كوچا ئېغىزىدىن ياكى چەترەك كوچا - مەھەللىدىن چاۋار - تەمەچ تېرىپ كېلىنىدۇ ، بۇ تەمەچلەرنى بەلگۈرجەككە قويۇپ ، ئۈستىگە ئازراق كېپەك سېپىلىدۇ ، ئاندىن بىمارنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ئولتارغۇزۇپ ، تەمەچكە ئوت يېقىلىدۇ . ئوت كۆچۈرگۈچى ئىچىدە دۇئا ياكى ئەپسۇن ئوقۇپ ئوتقا ھۈرىدۇ . ئوت تۈتىشىپ ئىس چىقىش بىلەن تەڭ ئاغرىقنىڭ باش - كۆزىگە سۈپكۆچلەپ تۇرۇپ ، بېشىدىن ئايىغىغىچە يەتتە قېتىم ئوتنى ئايلاندۇرىدۇ . يەنە بەزى رايونلاردا تەمەچ ئورنىغا يەتتە ئۆيدىن يۇرۇڭ (ئاق) تىلەپ ، يۇرۇڭ ئارقىلىق ئوت كۆچۈرىدۇ .

چاچراتقۇ سېلىش : كىچىك باللارنىڭ يۈز ، بەدەنلىرىگە ئۇششاق سۇلۇق چاقا چىقىپ كەتسە ، بۇ خىل يارىنى ساقايتىش ئۈچۈن «چاچراتقۇ سېلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ . «چاچراتقۇ» نىڭ جەريانى مۇنداق : يەتتە ئۆيدىن بىر قوشۇقتىن ئۇن تىلەپ چىقىپ كەپتەر تۇخۇمى چوڭلۇقىدا ئۈچ پارچە خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ ، ئاندىن بۇ ئۈچ پارچە خېمىر بىرلەشتۈرۈلۈپ زۇۋۇلا قىلىنىدۇ . موللام ياكى داخان ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، خېمىرغا ھۈرۈپ تۇرۇپ (ئەپسۇن بىلەن سۈپكۆچ قىلىپ) ئۇنى قوقاسقا كۆمىدۇ . خېمىرغا قىزىق ئۆتۈپ بىر ئازدىن كېيىن ئاقبالداقتەك «پاق - پاق» قىلىپ ئېتىلىشقا باشلايدۇ ، قوقاسنىڭ تەپتىدە خېمىرنىڭ پارچە - پارچە چېچىلىشى بىمارنىڭ بەدىنىدىكى «چاچراتقۇ» لارنىڭ چاچراپ ساقىيىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ، دەپ قارىلىدۇ .

يەنە بەزىدە ، پېرىخونلار ياكى سېھرىي ئۇدۇمى بار كىشىلەر ئۈچ كۈن ياكى يەتتە كۈنگىچە ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئايەت ئوقۇپ

تۇرۇپ چاچراتقۇ ئۇستىگە ئۈچ قېتىم سۇپكۈچلەپ «تۇكۇرۇپ» قويىدۇ ياكى قۇرت - قوڭغۇز ۋە قوغۇن شاپىقىنى سوقۇپ، كېپەككە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى چوغ ئېلىنغان گورجەككە سېلىش بىلەن بالىنىڭ باش - كۆزلىرى (ياكى چاچراتقۇ چىققان جايلىرى) ئىسرىقلىنىدۇ. بۇ شەكىللەرمۇ «چاچراتقۇ سېلىش» دېيىلىدۇ.

توزلاندۇرۇش: كۆپىنچە بالاغەتكە يەتمىگەن نارەسىدە بالىلار تۇيۇقسىز ئورۇقلاپ ئاۋاق بولۇپ قالسا، «توزلاندۇرۇش» سېھرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، يەتتە تۇگمەنگە بېرىپ، تۈگمەن توزىغى (ئۇن توزىغى) يىغىپ كېلىنىدۇ. داخان ياكى پېرىخون بۇ توزۇندىنى ئاۋاق بالىنىڭ بەدىنىگە ھەر چارشەنبە كۈنى بىر قېتىمدىن جەمئىي يەتتە قېتىم سۇرتىدۇ ۋە «توزلاندۇرۇش ئەپسۇنى» ئوقۇپ، بالىنىڭ بەدىنىگە ھۇرىدۇ ياكى شۇ ئۇن توزىغىنى خېمىر قىلىپ نېپىز يايىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاۋاق بالىنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە چاپلايدۇ. بۇ سېھرىي يەتتە قېتىم ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ئاۋاق بالا ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

«روھ كۆچۈرۈش»: بۇ سېھىر تۇيۇقسىز «گاچا» ياكى «گاس» بولۇپ قالغانلارغا، نېرۋىسى بۇزۇلۇپ، بەزىدە يىغلاپ، بەزىدە كۈلىدىغان ھەرخىل نېرۋا كېسەللىكلىرىگە، ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلالماي كېچىلىرى خامۇش ھالدا تالا - تۈزگە چىقىپ كېتىپ خالىي جايلارنى ئايلىنىپ يۈرۈيدىغانلارغا قوللىنىلىدۇ. نېرۋىسى بۇزۇلغان بۇنداق كېسەللەر باخشىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ، باخشى بۇنداق بىمارنى «ساقايتىش» ئۈچۈن ئۆزى بۇرۇن تەييارلىۋالغان تاختامۇشۇك شەكىللىك باساققا بىر قانچە ئايەتنى ئوقۇپ ھۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆينىڭ ئىشىك تۇۋۇدىكى زەگىن ئاستىغا يوشۇرۇپ قويىدۇ، بۇ ئارقىلىق جىن - ئالۋاستىلارنىڭ «يولى» ئېتىلىدۇ. بۇ ئۆي ئەتراپىدا

بىمارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ تۇرۇشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ ، ئاندىن بىر ئىستاكانغا ئازراق سۇ ئېلىپ ، بىر قانچە ئايەت ئوقۇپ ئۇنىڭغا ئازراق تۇز سالىدۇ ، ئۇنى بىمار تۇيۇقسىز ئەندىكىپ كەتكەن ياكى قورقۇپ كەتكەن جايغا تۆكۈۋېتىدۇ (بۇ جاي بالىغا چاپلىشىپ ئالغان جىنلارنىڭ «ئۇۋىسى» دەپ قارىلىدۇ ) ياكى ھېلىقى تۇز سالغان سۇنى بىمارغا ئىچۈرۈۋېتىدۇ . ئارقىدىن ئاپئاق پاختىغا (يۇرۇڭ ) بىر قانچە ئايەت ئوقۇپ ھۇرۇپ ، تۆت كوچا ئېغىزىدىكى كاداڭ دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ . ئاندىن باخشىلار سۆگەت چىۋىقىدىن 40 تال كېسىپ ، ئۇنى قىزىلارنىڭ چېچىدەك ئۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بىمار ياتقان ئۆي ۋە ھويلا ـ ئارامنى ، ھەتتا ئۆينىڭ ئاستى ۋە تاملىرىنى ھېلىقى ئۆرۈلگەن تال چىۋىق بىلەن راسا ئۇرۇشقا باشلايدۇ . بۇ ۋاقىتتا باخشى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ناھايىتى جىددىي ھالەتتە جىن ـ ئالۋاستىلارنى تىللاپ «قوغلاش ئەپسۇنى» نى ئوقۇيدۇ ھەمدە ئۇلۇغ پىرلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىدۇ . بۇ «يامان روھلار» نى قوغلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا «ياخشى روھ» لارنى «كۆچۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر «كۆچۈرۈش» سېھىرگەرلىكنىڭ پۈتۈن جەريانى ئاخىرلىشىدۇ .

«قۇش باخشى» : «قۇش باخشى» ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئادىتى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چىپان ، ئۇششاقباش قاتارلىق چەت تاغلىق رايونلىرىدا مۇئەييەن 1987 ـ يىلى ئېلىپ بارغان فولكلورلۇق ئىلمىي تەكشۈرۈشىدە ئىگىلىگەن ئالاھىدە بىر خىل قەدىمىي داۋالاش شەكلى بولۇپ ، بۇ ئۇسۇل ھازىرغىچە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن بايقالمىدى .

«قۇش باخشى» دېگىنىمىز ، قولغا كۆندۈرۈلگەن قاراقۇش (بۈركۈت ) ئارقىلىق «ھال» ياكى «ئال» كېسىلى (ئايالاردا تۇنجى تۇغۇتتىن كېيىن قانسىراشتىن پەيدا بولىدىغان قانسىزلىق

كېسىلى ) نى «داۋالىغۇچى» باخشىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق : «ئال» كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى قاراقۇشنىڭ دېنىدىن بىر داستىخان تەييارلاپ ، «قۇش باخشى» (قۇشنى قولغا ئۆگىتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئەم - ئىرەم قىلغۇچى ) نىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، «ئال» كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىنى داۋالاپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ . «قۇش باخشى» ئىلتىماسنى قوبۇل كۆرگەندىن كېيىن داۋالاشنىڭ ۋاقىت - سائىتىنى بەلگىلەيدۇ . بۇ ئارىلىقتا بىرەر ھەپتە قۇشنى ياخشى باقىدۇ ۋە «داۋالاش» قائىدىسى بويىچە مەشىق قىلدۇرىدۇ . قەرەل توشقاندىن كېيىن «قۇش باخشى» كېسەلنىڭ ئۆيىگە قاراقۇشنى ئېلىپ بارىدۇ . «ئال» كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى ئايالنى دېرىزە - تۈڭلۈكى يوق ئايۋان - سارايغا ئېلىپ كىرىپ ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقۇزۇپ ھەممە يېرىنى بىر قانچە قات كىگىز - شىرداق بىلەن مەھكەم چۈمكەپ قويىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن «قۇش باخشى» بۇ قاراڭغۇ سارايغا كىرىپ ، قولىدىكى قاراقۇشنىڭ كۆزلۈكى ۋە پۇتىدىكى زەنجىرنى ئېلىۋېتىپ ، «يا شىپا ، يا مەدەت !» دەپ ئايەت ئوقۇپ ، قۇشنى ئەركىن قويۇۋېتىدۇ . قاراقۇش سۈرلۈك قىياپەتتە ئۆي ئىچىدە ئەگىپ ئۇچۇپ ، ئاخىرى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا كىگىزگە ئورۇلۇپ سوزۇلۇپ ياتقان ھېلىقى «ئال» كېسەلنىڭ ئۈستىگە قونۇپ ، ئۆتكۈر تىرنىقى ، خەنجەردەك تۇمشۇقى بىلەن كېسەلنىڭ ئۈستىگە ئورالغان كىگىزنى تىرناپ ، بېشىدىن ئاخىرىغىچە قاتتىق مۇجۇشقا باشلايدۇ ، ھەتتا كىگىزنىڭ بەزى جايلىرىنى تىرناپ تىتىۋېتىدۇ . قۇش چارچاپ ھالىدىن كەتكىچە مۇجۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ . قۇش ئاخىرى ھالسىزلىنىپ قاناتلىرىنى قېقىشقىمۇ ماجالى قالمىغان چاغدا «قۇشچى» (باخشى ) دۇئا - تەكبىر قىلىپ قۇشنى قولىغا ئېلىپ كۆزلۈكىنى بېكىتىپ قايتىدۇ . چىلىق - چىلىق تەر ئىچىدە ھوشىنى بىلمەي ياتقان بۇ

كېسەلنى كىگىز يۆگەكتىن چىقىرىپ ئەركىن ھاۋادا نەپەسلەندۈرگەندىن كېيىن، يېڭى سويۇلغان قاراپاقلان ياكى ئوغلاقنىڭ ئىسسىق تېرىسىگە ئېلىپ، گەجگىسىگە ياۋا كەپتەرنىڭ قېنىنى ئاققۇزىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى - ئۈچ ھەپتە بۇ كېسەلنى شورپىلاپ ياخشى باققاندىن كېيىن «ئال» كېسىلى تەدرىجىي ساقىيىپ قالىدىكەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان شەكىللەردىن باشقا، يەنە «تۇمار پۈتۈش»، «ئاۋاق ئېشى تەييارلاش»، «ياندۇرۇش»، «قورچاق ياساش»، «قان قىلىش» قاتارلىق شامان ئېتىقادى ئاساسىدىكى داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ مەۋجۇت. بۇ ئادەتلەر ئومۇمەن شامان دىنىدىكى «ياخشى روھ» ۋە «يامان روھ» چۈشەنچىلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بولۇپ، خۇراپاتلىق تۈسى بىر قەدەر قويۇق، شۇڭا «جىنكەشلىك» مەزمۇنىدىكى پېرىخونلۇق ۋە باخشىلىق ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن سۇغىرىلغان ئۆلىمالار تەرىپىدىن چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قەدىمكى ئادەت بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ چەت يېزا - قىشلاقلاردا داخان، باخشى، پېرىخونلارنىڭ يەنىلا يوشۇرۇن بازىرى بار.

يۇقىرىقى ھەرىكەت ۋە ماددىي بۇيۇملار بىرىكتۈرۈلگەن ئىپتىدائىي تېبىبىي سېھرىگەرلىك ئۇسۇللىرىدىن باشقا، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن سۇغىرىلغان «مازار - ماشايىخلارغا تېۋىنىپ كېسەللىككە داۋا ئىزدەش»، «دەمىدە ئارقىلىق كېسەل داۋالاش» قاتارلىق ئومۇملاشقان ئۇسۇللارمۇ بار.

ئادەتتە، مازارنى تاۋاپ قىلىپ شىپالىق تىلەيدىغان كېسەللىكلەر شۇ مازاردا ياتقان مەشھۇر زاتلار ياكى تارىخىي رىۋايەتلىك شەخسلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ «قۇرئان تىلاۋەت» قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەپ «دۇئا» قىلىدۇ. بەزى

مازارلارنىڭ توپىسى ئېلىپ كېتىلىپ ، ئۇنى چايغا ئارىلاشتۇرۇپ بىمارغا ئىچكۈزۈلىدۇ ، بەزى مازارلارنىڭ يېنىدىن ئاققان سۇلار شىپالىق دەپ قارىلىپ ئىچىلىدۇ ياكى ئېلىپ كېتىلىدۇ ، بەزى مازارلارغا بىمارنىڭ بىرەر كىيىمى قالدۇرۇپ كېتىلىدۇ ، بەزى مازارلارنىڭ يېنىدىكى تاغ ياكى تۆپىلىكنىڭ كامېرىغا بىمار قولىنى تىقىپ ، قولىغا نېمە چىقسا ئۇنى «بىسمىللا» دەپ ئاغزىغا سېلىپ يۇتۇۋېتىدۇ ، بەزى مازارلاردىكى كاداك دەرەخلەرگە سىمۇوللۇق بەلگىلەر سېلىنىدۇ ، بەزى مازارلارنىڭ يېنىغا تەقلىدىي قوچاقلار قويۇلىدۇ ، بەزى مازارلارغا نۆكچە قادىلىدۇ ، بەزى ئىرىملىك مازارلارغا (مەخسۇس «سۆگەللىك مازار» دەپ قارىلىدىغان مازارلارغا ) سۆگەل ياكى يارا چىققان كىشىلەر شۇ جايىنى قانىتىپ ، لايغا ئارىلاشتۇرۇپ مازارنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويۇپ ، ئارقىسىغا قارىماي بۇ جايدىن قېچىپ كېتىدۇ ، بەزى مازارلاردا مەخسۇس چوڭ داشقازان ئېسىلىپ ، مازارغا تېۋىنغۇچىلار ئېلىپ كەلگەن خام يېمەكلىكلەر بىلەن «شىلەن» دەپ ئاتىلىدىغان «ئىلاھىي تاماق» تەييارلاپ ، ئۇنى مازار ئەتراپىدىكى غېرىب ـ غۇرۋالارغا تارقىتىپ بېرىلىدۇ ۋە ئۆيلىرىدىكى كېسەللەرگە ئالغاچ كېتىدۇ ۋەھاكازالار .

قەشقەرنىڭ ھەرقايىسى شەھەر ، ناھىيىلىرىدە تېۋىنىش ئارقىلىق كېسەل داۋالىيالايدۇ ، دەپ قارىلىدىغان ئىرىملىك مازارلار خېلى كۆپ ، مەسىلەن ، قەشقەر شەھەر يايناپتىكى كونا «سۆگەللىك مازار» (ھازىر ئورنى يوقالغان ) ، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى «ھەزرىتى موللام مازىرى» ، يەكەندىكى «سۇتپاشايىم مازىرى» ، «جاللاتخېنىم مازىرى» ، «قاراخان بۇزۇرۇكۋار مازىرى» ، يېڭىسارىدىكى «چوجە پادىشاھىم مازىرى» ، قاغىلىقتىكى «زوڭلاڭ مازىرى» ، مەكىتتىكى «قىزىلچى مازىرى» ، يېڭىسارىدىكى «قىزىل ئاياللىرىم مازىرى» ، يېڭىشەھەردىكى

«ئوردىخېنىم مازىرى» ، «بۆشۈك ئانام مازىرى» ، پەيزاۋاتتىكى «كۆك تونلۇق مازىرى» ، قەشقەر شەھىرىدىكى «ئارسلانخېنىم مازىرى» ، «بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى» . . . قاتارلىق مازارلار سۆگەل ، تۇغماسلىق ، ھەرخىل يارا ، جاراھەت ، بالىلاردىكى كۆك يۆتەل ، كېكەچلىك ، كۆز - قۇلاق كېسەللىكلىرى ، بەل ، پۇت ئاغرىقلىرى ، ئەمچەك يىرىڭلاش ، شەقىقى (باشنىڭ يېرىمى تۇتقاق خاراكتېرلىك ئاغرىش ) قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالىيالايدۇ ، دەپ قارىلىدۇ .

مازارغا تېۋىنىش ئارقىلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش پائالىيىتى زور دەرىجىدە سېھىرلىك خاراكتېر ئالغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي تېببىي سېھىرگەرلىكنىڭ تۈپ پرىنسىپى بولغان «ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى» ۋە «ئۇچراشتۇرۇپ روھ ئالماشتۇرۇش قانۇنىيىتى» ئەتبىق قىلىنغان ، يۇقىرىقى جەريانلاردا بىمارغا مەدەت بېرىدىغان باشقا ئاساسى بار دېيىلسە ، ئۇنداقتا مۇقەددەس روھلاردىن مەدەت تىلەش ئارقىلىق پسىخىك جەھەتتىن تەسەللى تېپىش ئىشەنچىسىنىڭ روھىي ئۇنۇمىدۇر . بۇ ئۇسۇل شۇڭا «ئېتىقاد ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى» ( 信拟疗法 ) Faith realling ) دېيىلىدۇ .

«دەمىدە ئارقىلىق كېسەل داۋالاش» مۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل پسىخىك داۋالاش شەكلىدۇر . «دەمىدە» پارسچە «پۈۋلەش ، تىنىش ، سۈپكۆچ قىلىش» مەنىسىدىكى «دەمىيدەن» (dameedan ) دىن تۈرلىنىپ ئۆزگىرىپ كەلگەن سۆز بولۇپ ، ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق : دەمىدە قىلىنغان يېمەكلىكلەر كۆپىنچە ئانار ، قەنت - ناۋات ، قۇرۇق يېمىش (ئۈزۈم ، چىلان ، گۈلە ) ۋە سۇ قاتارلىقلار ، دەمىدە قىلغۇچى ئىسلام ئۆلىمالىرى ، قارىي - مولىلار ، سورۇندىكى جامائەت ، ئائىلىلىكلەر مولىلارنى چاقىرىپ قۇرئان - تىلاۋەت

قىلدۇرغاندا ، ياكى مەۋلۇت ئوقۇتقاندا ئۆي ئىگىسى دەمىدە قىلدۇرۇش مەقسىتىدە يۇقىرىقى يېمەكلىكلەرنى داستىخانغا تىزىپ قويىدۇ . موللىلار «قۇرئان كەرىم» نى تىلاۋەت قىلىش جەريانىدا ھەر بىر سۈرىنى ئوقۇپ بولغاندا ئالدىدىكى «دەمىدە» گە بىر قېتىمدىن ھۈرۈپ قويىدۇ ياكى «سۈرە ياسىن» نى 14 قېتىم ئوقۇپ ھۈرگەندىن كېيىن ئۇ نەرسىلەر ئىرىملىك دەمىدىگە ئايلىنىدۇ . بەزىدە جامائەت كۆپرەك يىغىلىپ جۈمە نامىزى ، قۇربان ھېيت ۋە روزى ھېيت ھەمدە مېيت نامىزىدىن كېيىن دەمىدىنىڭ رولىغا ئىشىنىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر دەمىدە قىلدۇرماقچى بولغان يېمەكلىكلەرنى (كۆپرەك بىر چىنە سۇنى ) مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇتۇپ تۇرۇپ نامازدىن قايتىدىغان جامائەتكە دەم سالدۇرىدۇ . بەزى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئېغىر راق كېسەللىكلەرگە قارىتا مەخسۇس ئۆلىمالارنى يىغىپ خەتمە قۇرئان قىلىپ دەمىدە تەييارلاپ ، شۇ بىمارغا «دورا» سۈپىتىدە ئىچكۈزىدىغان ئادەت خەلق ئىچىدە خېلى كەڭ ئومۇملاشقان . خەلق ئارىسىدا «دەمىدە» تەييارلاشنىڭ مەخسۇس رىسالىلىرىمۇ بار . «دەمىدە» نىڭ «شىپالىق» رولى ئاساسەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» گە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە ئېتىقادىدىن كەلگەن روھىي تەسەللىدىن ئىبارەت ، خالاس .

دېمەك ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى (جۈملىدىن باشقا ئۇيغۇر رايونلىرى ) نىڭ تېببىي سېھىرگەرلىك ئادەتلىرىدە كېسەللىكنى داۋالاشنى مەقسەت قىلغان يۇقىرىقىدەك ھەر خىل سېھرىي پائالىيەتلەر خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ، ئەقىدە - ئىشەنچلىرىگە خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان . لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن ئەنئەنىۋى تېبابىتىدە ئىپتىدائىي دىنىي ئەقىدىلەر ئاساسىدا پەيدا بولغان يۇقىرىقىدەك روھىيەتچىل سېھرىي داۋالاش ئۇسۇللىرى

قىسمەنلىك بولۇپ، ئىسلام دىنىمۇ بۇنداق چېكىدىن ئاشقان خۇراپىي داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئىزچىل ئىنكار قىلىپ كەلگەن. ئەكسىچە، خېلى بۇرۇنلا تۆت ئاناسىر (تادۇ) نى مەنبە قىلغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئىلمىي تېبابىتى مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق تەرىپىدىن يۈكسەك ئېتىبارغا سازاۋەر بولۇپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن.

## 3. تېبابەتچىلىكنىڭ ئىلمىي باسقۇچى

بۇ باسقۇچ ئاساسەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبابىتىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي داۋالاش سىستېمىسىغا ئىگە بولغان مەزگىلنى بەلگە قىلىدۇ. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قەشقەر بىلەن خوتەننى مەركەز قىلغان تارىم بوستانلىقىدا بىر قەدەر سىستېمىلاشقان ئۇيغۇر مىللىي تېبابەتچىلىكى تەخمىنەن 2500 يىلدىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە، بۇنى 6 ـ — 7 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارالغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قوليازمىلار ئىچىدىكى تېبابەتچىلىككە ئائىت رېتسېپلار ئىسپاتلايدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان ئەنە شۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوليازمىلارغا ئاساسەن تۈركىيىلىك ئاتاقلىق پروفېسسور، دوكتور رەشىت رەھمەتى ئارات 1932 ـ يىلى ئۇيغۇر تېبابىتى ھەققىدە تۇنجى قېتىم نېمىس تىلىدا ئىككى پارچە ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەرنى 1936 ـ يىلى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ـ تارىخ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور ئا. سوھەيل ئەنۋەر ئەپەندى قايتا رەتلەپ «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» دېگەن نام بىلەن تۈرك تىلىدا نەشر قىلدۇرغان. بۇ ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «يالغۇز ئىلىم ساھەسىدىلا ئەمەس، تېبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ زور تەسىرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن تارىم مەدەنىيىتى ئەسىرداش مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ھەر تەرەپتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ...

ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابىتىگە ئائىت تېپىلغان قەدىمكى ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئوقۇپ چىقىلغان، قالغان بىر قىسمى تېخى ئوقۇپ چىقىلمىغان. ئوقۇپ چىقىلغانلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنى داۋالاش جەھەتلەردە ھىندى تېبابىتى ۋە جۇڭگو تېبابىتىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر خىل سىستېمىلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولغان. نۇرغۇنلىغان داۋالاش ماددىلىرى ئوت - چۆپلەر، كۆكتاتلار ۋە مېۋىلەر ئۇلارنىڭ ۋەتىنىدە ئۆسكەن، چارۋىچىلىقمۇ خېلى نۇرغۇن دورا - دەرمەكلەر بىلەن تەمىنلىگەن.»[1]

«مىلادىيە 730 - يىلى نەنتۇ ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئالىمى ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بىلەن كۇچادىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە كەلگەن ۋە جۇڭگو تېۋىپلىرى زادى بىلمەيدىغان نۇرغۇن دورا - دەرمەكلەر ۋە دورا تەييارلاش سايمانلىرىنى ئالغاچ بارغان. بۇ ئۇيغۇر تېۋىپى ئۆزىنىڭ تېبابەتتىكى يۈكسەك ماھارىتى بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. جۇڭگو تارىخچىلىرى 957 - يىلى تۇخرى (كۇچا) يابغۇسى تەرىپىدىن تاڭ سۇلالىسى خاقانىغا ئەۋەتىلگەن ھەدىيەلەر ئارىسىدا ئىككى يۈز خىلدىن ئارتۇق دورا - دەرمەك ۋە نۇرغۇن خۇش پۇراق ماددىلارنىڭ بارلىقىنى قەيت قىلىدۇ.»

دەرۋەقە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبابىتى قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تارتىپ شەرقنىڭ دۇنياغا داڭلىق تېبابىي مۇتەپەككۇرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مۇنبەت تۇپراق ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادا «ئارستوتېل II» دەپ سۈپەتلەنگەن ئاتاقلىق پەيلاسوپ ۋە ئالىم ئەلفارابى (870 — 950)، دۇنيا مېدىتسىناسىنىڭ پېشۋاسى ۋە ئاساسچىسى ئىبن سىنا (980 — 1037)، بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019/20 — 1085/86)، مۇھەممەت بىننى رەشىد بىننى ئەلى

---

[1] «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 2000 - يىلى نەشرى، 1 - ، 2 - بەتلەر.

قەشقەرى (1083 ـ ؟ ) ، ئەللامە راشىددىن قەشقەرى (11 ـ ئەسىر ) ، جەرراھ ئىمادىددىن قەشقەرى[1] (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىلەن زاماندىش ) دىن تارتىپ تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان قادىرھاجىم «ئۇلاي» ، مۇھەممەت ھاجىم تېۋىپ ، ئابدۇخالىق ھاجىم تېۋىپ ، يۈسۈپ ھاجىم قەشقەرى ، مامۇتخان «ئۇلاي» ، مۇسائاخۇن ئاكام تېۋىپ ، دورىپۇرۇش تۇردى ئاخۇن «كىچىك» ، زۇنۇن ئاخۇن تېۋىپ . . . قاتارلىق ئەلگە تونۇلغان مەشھۇر تېۋىپلارغىچە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبابىتى ئۈزۈلمەس ئېقىندەك ئىزچىل داۋاملىشىپ زامانىمىزغىچە ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ كەلدى .

قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك ئەھۋالىنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەر بىر مەدەنىيەت بەلگىسىدە ئۆزىگە خاس بولغان ئەنئەنىۋى ساقلىقنى ساقلاش كۆز قاراشلىرىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . مەيلى قەدىمكى ياكى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بولسۇن ، كۆپلىگەن ئوتاچى ـ ئەمچىلىرىمىز خەلق ئارىسىدىن چىققان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تېببىي قاراشلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى مۇقەررەر ھالدا شۇ رايون خەلق تېبابەت ئادەتلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىغان ، شۇڭا ئۇلار داۋالاش ئېلىپ بېرىشتا نەزەرىيىۋى كىتابلارغا ئېسىلىۋالماي ، خەلق ئىچىدە ساقلانغان فولكلورلۇق رېتسېپلار ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق كېسەل داۋالاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ، بولۇپمۇ قەشقەر ۋە خوتەن خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە فولكلورلۇق تېبابەت ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان . بۇ مەنزىرىنى مۇنداق سۈرەتلەش مۇمكىن :

---

① ھەكىم ئىمادىددىن قەشقەرى مۇھەممەت رازىنىڭ «دائىرە تۇلمە ئارىف تېببىيە» ، «كىتابۇ شىشاھىد» ، «كىتابۇلھاۋى» ، فارابىنىڭ «ئەقسائۇل ئۇلۇم» ، ئەبۇئەلى ئىبن سىنانىڭ «ھېكمەتۇلئەلا» ناملىق ئەسەرلىرىنى ئەلگە تونۇتۇشتا بەلگىلىك ھەسسە قوشقان . ئۆزى «شەرھىي ئەلقانۇن» ناملىق تېببىي ئەسەر يېزىپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان .

قەشقەرلىقنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا تېۋىپتۇر ،
مىزاجىنى بىلسىلا ئۇڭا ئامال تېپىپتۇ .
ئوت ، سۇ ، ھاۋا ، تۇپراقنى ئۇلۇغ بىلگەچ ھەممىدىن ،
ۋابا ئىلاھ كىرەلمەي جەھەننەمگە قېچىپتۇ .

دەرۋەقە ، بۇ يۇرتىكى ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبابىتىنىڭ مىزاج تەلىماتى ، خىلىت تەلىماتىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان پەسىللەردە ئوخشاش بولمىغان يېمەكلىكلەر ئارقىلىق ئۆز مىزاجىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ ، قويۇق ـ سۇيۇق يېمەكلىكلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ، خىلىتىكى بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ، ھەر بىر ئائىلە ئۆز ئالدىغا گۈلقەنت ۋە ھەرخىل مېۋە شەربەتلىرىنى تەييارلاپ ، مىزاجىغا ئاساسەن ئۇنى كۈندىلىك يېمەك ـ ئىچمىكىدە مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىدۇ ، ھەتتا ئائىلىلەر دورا رېتسېپلىرىغا ئاساسەن ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان ھەر خىل پىششىق دورىلارنى ئۆزلىرى تەييارلىۋالىدۇ .

قەشقەرنى گەۋدە قىلغان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تېبابىتى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆت تادۇ (تۆت ماددا) كۆز قارىشىنى ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلغان . ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيىسىدە ئۇيغۇر پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ تۈپ ئاساسىي بولغان ئەنە شۇ تۆت ماددا (سۇ ، ھاۋا ، ئوت ، تۇپراق) غا ماس ھالدا تۆت مىزاج (ئىسسىق ، سوغۇق ، ھۆل ، قۇرۇق) ، تۆت خىلىت (سەپرا ، قان ، بەلغەم ، سەۋدا) قاتارلىق بىر يۈرۈش نەزەرىيە سىستېمىلىرى بارلىققا كەلگەن .

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبابىتىدە كېسەللىكنىڭ مەنبەسى مىزاجنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە تۆت خىلىتنىڭ زىددىيىتى ، دەپ قارىلىدۇ . شۇنىڭغا ئاساسەن مىزاجنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا يېمەك ـ ئىچمەكنى ئاساس قىلغان ئورگانىك ماددىلارنىڭ مۇھىم

ئامىل بولىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ .

ئۇيغۇرلاردىكى ئوزۇقلۇق بىلەن كېسەل داۋالاش ھازىرقى زامان مېدىتسىناسى بارلىققا كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئەمەلىيەت ئارقىلىق يەكۈنلىنىپ ، قويۇق فولكلور تۈسىنى ئالغان داۋالاش شەكلى بولۇپ ، ئۇنىڭدا بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يېمەك - ئىچمەكنى مۇۋاپىق تەڭشەش ، پەرھىز تۇتۇش ئارقىلىق كېسەلگە خىل كەلمەيدىغان تاماقلارنى چەكلەش ئارقىلىق كېسەللىكنى يەڭگىللىتىپ ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسەت قىلىنغان . ئوزۇقلۇق بىلەن كېسەل داۋالاشتا ئۇيغۇرلار تاماق خۇرۇچلىرىنىڭ تەبىئىتى ۋە تەييارلىنىش ئۇسۇلىغا قاراپ ، ئۇنىڭ تېبىبىي خاراكتېرىنى مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلگەن :

(1 ) غىزايى مۇتلەق دېگىنىمىز ، بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن ئاساسلىقى ئوزۇقلۇق رولىنى ئويناپ ، بەدەننى قۇۋۋەت ، ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدىغان يېمەكلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ .

(2 ) داۋائى غىزا دېگىنىمىز ، ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن دورىلىق رولىنى ئويناپ ، ئاندىن ئوزۇقلۇق رولىنى ئوينايدىغان يېمەكلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ .

(3 ) غىزايى داۋائى دېگىنىمىز ، ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن دەسلەپتە ئوزۇقلۇق رولىنى ئويناپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن دورىلىق رولىنى ئۆتەيدىغان يېمەكلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۆز تەبىئىتىگە قاراپ ئىلمىي ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرغاچقا ، ئۇلاردا بەدەن سۈپىتى ۋە بەدەن قۇۋۋىتىنىڭ نورمىدىن بالدۇر ئۆزگىرىپ ، مەنپىي تەرەپكە ئېغىپ كېتىش ئەھۋاللىرى ئاز كۆرۈلىدۇ . بۇ ئۇلارنىڭ نىسبەتەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر .

قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابىتىدە ئوزۇقلۇق (يېمەك -

ئىچمەك ) ئارقىلىق كېسەل داۋالاشتىن باشقا ، مەخسۇس دورا - دەرمەكلەر ئارقىلىق كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان تۆرلۈك ئامىللارنى يوقىتىپ ، ئورگانىزمنىڭ نورمال فىزئولوگىيىلىك ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان .

داۋالاشقا كېرەكلىك دورىلار ئاساسەن ئورگانىك ماددىلاردىن تەييارلىنىدۇ . دورىغا ئېھتىياجلىق كىشى «سەكسەن خالتا» دەپ ئاتىلىدىغان دورىپۇرۇشلاردىن ياكى تېۋىپلارنىڭ دورا دۇكانلىرىدىن سېتىۋېلىپ ئىستېمال قىلىدۇ . «سەكسەن خالتا» دەپ ئاتىلىدىغان دورىپۇرۇشلۇق قەشقەردە كەڭ ئومۇملاشقان كەسىپ بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە ، ئۇ ئۇيغۇر مىللىي تېبابەتچىلىكنىڭ دورىخانىسىدىن ئىبارەت .

ئومۇمەن ، ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى ئىچىدىن ۋە سىرتىدىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ، دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ . دورىلار ياسىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ، مەجۇناتلار ، شەربەتلەر ، ھەبىياتلار (يۇمىلاق كىچىك پىلۇلە ) ، قۇرسات (تابلېت ) لار ، سوپۇپ (تالقان ، پاراشوك ) لار ، بانادىق (كومىلاچ ) لار ، كاشكاپ (دەملەنمە ) لار قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ . ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتى ، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى ، دىققەت قىلىدىغان پەرھىزلىرى بولىدۇ . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىلىۋاتقان دورىلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ . قەشقەر ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يەرلىك دورىلارنىڭ تۈرى 300 خىلدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم .

دوكتور ئا . سوھەيل ئەنۋەر رەتلىگەن «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» ناملىق ئەسەردىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، بۇندىن 1500 يىللار ئىلگىرىلا ئۇيغۇر تېبابىتى خېلى مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا كىرگەن . مەسىلەن ، ئاشۇ قەدىمكى قولىيازمىلاردىكى تېبابەت

مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىلغان .

(1) داۋالاش شەكىللىرى

قان ئېلىش ، يارىنى كېسىش ، يارىنى دېزىنفېكسىيىلەش ، دورىنى يارا ئېغىزى ۋە چاقا ئۈستىگە بېسىش ، سۇيۇق دورىلارنى ئىچكۈزۈش ، دورا بىلەن ئۈۋۈلاش ، قولاققا دورا تېمىتىش ، تالقان دورىنى قومۇش نەيچىسى بىلەن گالغا پۈركۈش ، دورىنى توپىغا سېپىپ ئارىلاشتۇرۇپ ، لېيىنى سۆگەلگە سۇرۇش ، غەر - غەر قىلىش ، يۇتقۇنچاققا دورا پۈركۈپ كىرگۈزۈش ، دورا بىلەن يۇيۇنۇش ، هوردىتىش ۋە باشقىلار .

(2) ئىچىدىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلارغا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان ماددىلار

گۆش سۇيى (شورپا) بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىش ، هەسەل قوشۇپ يېگۈزۈش ، قاينىتىپ ئىچىش ، گۈرۈچ سۇيى بىلەن قوشۇپ ئىچىش ، ئۈزۈم شەربىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىش ، سېرىقماي ، سۈت ۋە قېتىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىش ، ئوغۇل تۇغقان ئايالنىڭ ئوغۇز سۈتى بىلەن قوشۇپ ئىچىش ، قىزىل ئۆچكە سۈتى بىلەن قوشۇپ ، ئىسسىق ۋە سوغۇق پېتى ئىچىش ، دورىنى قاينىتىپ ئۆچكە سۈتى ۋە هەسەل قوشۇپ ئىچىش ، دورىنى هەسەل ۋە گۈرۈچ سۇيى ياكى يامغۇر سۇيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىش ، قىزدۇرۇلغان ئوغۇز سۈتى بىلەن قوشۇپ ئىچىش ، مەرۋايىت ۋە ئالتۇن سۇيى بىلەن قوشۇپ ئىچىش ، كۆك ئىنەك (ئېشەك) سۈتى بىلەن قوشۇپ ئىچىش ، هەرە كۆنىكىنى قاينىتىپ سۇيى بىلەن قوشۇپ ئىچىش . . . ۋە باشقىلار .

(3) دورا تۈرلىرى ۋە دورا ياساش ئۇسۇللىرى

مەلهەم ، دەملىمە ، تالقان ، يارما ، ئارىلاشما ، شىرنىلىك ، ئېرىتمە ، مەجۇن ، خېمىر ، كۆمىلاچ ، توقىچاق ، شامچە ، كۆمەچ ، قايناتما كۆپۈكى ، مىس قازاندا قورۇش ، چۆپ دورىلارنى توغراپ

سايىدا قورۇتۇش ، بەلگىلىك مىقدار قالغىنچە سۇس ئوتتا قايىنىتىلغان قايناتما ، ئىسسىق كۆلگە كۆمۈپ پىشۇرۇش . . . ۋە باشقىلار .

(4 ) دورىگەرلىك جاھازلىرى

ئەلگەك ، ھاۋانچا ، قازان ، چوغدان ، تارازا ، مىس قاچا ، دورا قاينىتىش كوزىسى ، سۇرمىدان ، پاختا رەخت ، قەغەز ، يىپ ، ئەمبەل ، گىل ، توپا ، ساپال ، تاۋا ، كەندىر خالتا . . . ۋە باشقىلار .

(5 ) ئۆسۈملۈك دورىلار ۋە ئۆسۈملۈك تۈرىدىكى شىپالىق ئوزۇقلۇقلار

سامساق ، سامساق شىرىنىسى ، سامساق پوستى ، سامساق يىلتىزى ، قارا ھىلىلە ، زەپە (زاراڭزا چېچىكى ) ، تېرىق ئۈنى ، ئۈزۈم شارابى ، ئارپا ئۈندۈرمىسى ، ئارپا ئۈنى ، كەبابە ، كېۋەز غوزىسى ، شېكەر قومۇشى ، چىنار ئۇرۇقى ، چىنار ياغىچى ، قارىغاي يېلىمى ، قىزىلموچ ، ئاقموچ ، قارىموچ ، پىلپىل ، قاسىرىقى سويۇلغان تېرىق ، چوڭ قاقىلە ، ئاق ئوجمە يوپۇرمىقى ، كونجۇت ، ياۋا ئۈزۈم ، كىچىك قاقىلە ، كەترا ، سېرىق پۆرچاق ، ھىندى خورمىسى ، دولىنا ، مۇقىل ، قەلەمپۇر ، تۇزغات ، ئېگىر ، ئىت ئۈزۈمى ، كات ھىندى ، قاراقات ، گۈلۈسەن ، زىرىق ، ئانار ، ئانار سۈيى ، ئاق ئوجمە قېقى ، قىزىل پۆرچاق ، كونجۇت يېغى ، نىل ، نىل سۈيى ، ئاق ئۈن ، ئاق ئوجمە پوستى ، دارچىن ، نېپىز دارچىن ، قارا ئۈن ، پىياز ، غۇنچە ئۈزۈم ، تۇرۇپ ، تۇرۇپ سۈيى ، سىيادان ، شېكەر سۈيى ، دېڭىز كۆپۈكى ، سىركە ، مۇسەللەس ، گۇرۇچ ، زەيتۇن يېغى ، قىزىل سەندەل ، ئاق سەندەل ، چىلان ، چىلان سۈيى ، ياۋا كەندىر چېچىكى ، تۆگىتاپان چۆپى ، توغرىغۇ ، كاۋا چېچىكى ، كاۋا سۈيى ، قارىئۆرۈك پوستى ، ئارپىبەديان ، ئاشكۆكى ، پىننە ، زىرە ، ئانار چېچىكى ، ئانار پوستى ، قىزىل كەندىر چېچىكى ، كەندىر ئۇرۇقى ، بېدە ، قۇستە ، سەرۋى ،

ئېگىرىلگەن پاختا ، قارىئۆرۈك مېغىزى ، زەنجىۋىل ، لىمون ، بېھى ، بادرەنجى بۇيا ، سېمىز ئوت . . . ۋە باشقىلار .

(6) داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئورگانىك ماددىلار

تۆگە گۆشى ، قارلىغاچ گۆشى ، كېپەك پېپى ، ھەسەل ، سۈت ، گۆش سۈيى ، مەرۋايىت ، مەرۋايىت سۈيى ، ئالتۇن ۋەرەق ، قىزىل ئۆچكە سۈتى ، ئېشەك سۈتى ، قارا ئوغلاقنىڭ جىگىرى ، ئۆپكە ، قېتىق ، چوشقا ئۆتى ، كەكلىك ئۆتى ، ئۆچكە ئۆتى ، ئادەمنىڭ ئۆتى ، توشقان ، ئۆكۈز ، بېلىق ، بۆرە ، قارىغۇچاشقان ، سوغۇر ، مۈشۈك قاتارلىقلارنىڭ ئۆتى ، دىسكى چاي ، توشقان مېڭىسى ، پىشلاق ، چوشقا تېرىسى ، ئايغىر ئۇرۇقدىنى ، ئايالنىڭ سۈتى ، قوي سۈتى ، كالا مۈڭگۈزى ، قوي مۈڭگۈزى ، كەكلىك مېڭىسى ، بۆرە سۆڭىكى ، بۆرە تىلى ، بوۋاق سۈيدۈكى ، تۇخۇم ، ئۆچكە سۈيدۈكى ، كەپتەر مايىقى ، تېكە سۈيدۈكى ، ئېشەك تېزىكى ، ئۆكۈز سۈيدۈكى ، تېكە گۆشى ، يىلان تېرىسى ، ئىت تۈكى ، توشقان تۈكى ، بۇغا مۈڭگۈزى ، بۆرە پوقى ، قىرغاۋۇل گۆشى ، ئولاي گۆشى ، ئىپار ، ئىپار شارابى ، كىرپە تېرىسى ، يىلان گۆشى ، قان ، ئۈچ ياشلىق قارا بۇقىنىڭ تېزىكى ، ياۋا تۆگە مايىقى ، قارا ئۆكۈز تېزىكى . . . ۋە باشقىلار .

(7) يەردىن ۋە كانلاردىن ئېلىنىدىغان دورىلار

زەمچە ، نۆشۈدۈر ، يار تۇزى ، دانىكار ، سەپراپ ، قارلىغاچ ئۇۋىسى ، قارا تۇز ، تۆت يول ئاغزىدىن ئېلىنغان توپا ، تاشتۇز ، زاك ، مىس دېتى ، تۆمۈر كېپىكى ، پىشۇرۇلغان گەج ، قاشتېشى . . .ۋە باشقىلار .

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تېبابىتىدە دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتى ۋە قائىدىلىرى ، دورا تەييارلاش ئۇسۇللىرى ، دورىلارنىڭ مىقدارى ، دورا تەركىبىگە قېتىلىدىغان خام ئەشيالارنىڭ تەبىئىتى ۋە بىرىكىش

خۇسۇسىيىتى، دورىلارنىڭ بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى تەسىرلىرى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ مۇشۇ جەھەتلەردىكى ئىلمىي ئاساسلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بايقىلىدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇر تېبابىتى بىۋاستە تۇرمۇشتىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە مىڭلىغان يىللىق تەجرىبىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بىز كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابىتىگە ئائىت بۇ دەستۇر باشقا بىر يەردىن تەرجىمە قىلىنغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ساپ ئۇيغۇر فولكلور بىلىملىرىگە يۆلەنگەن ھالدا ۋە ئۆز دەۋرىگە كۆرە يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ تەجرىبە ۋە كۆزىتىشلىرىگە ئاساسلانغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورا - دەرمەكلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق كېسەل داۋالاشتىن باشقا، يەنە قول ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، يەنى قان ئېلىش، ھېجامەت (لوڭقا) قويۇش، داغلاش، ئۇۋۇلاش، كۆن نۇرىغا قاقلاش، قۇمغا كۆمۈلۈش، ھوردىنىش (پارلىنىش)، تېرىگە ئېلىش، قېرىنغا ئېلىش، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، سوغۇق ئۆتكۈزۈش، قان ئېقىتىش، چۇشكۇرتۇش، ئىسلاش، باش تەڭلەش، شاقىداش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ قوللىنىلىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەشقەردە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تۇنجى غەربچە داۋالاش دوختۇرخانىلىرى قۇرۇلغان. يەنى 1896 - يىلى يەكەندە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى داۋالاش نۇقتىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1900 - يىلى ئۇلار قەشقەردە خېلى مۇكەممەل قۇرۇلمىلىق يەنە بىر دوختۇرخانا قۇرغان. شۋېت مىسسىئونېرلىرى قەشقەردە تۇرغان 50 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە 400 مىڭغا يېقىن يەرلىك بىمارلارنىڭ بۇ دوختۇرخانىلاردا

داۋالانغانلىقى مەلۇم[1] . 1929 ـ يىلى شۆيت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەردە يەنە بىر دوختۇرخانا قۇرۇلغان . دەسلەپ چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ دوختۇرخانىلار قەشقەرنىڭ تۇنجى ئەۋلاد غەربچە داۋالاش دوختۇرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان . ئۇنىڭدىن بۇرۇن قەشقەر خەلقىنىڭ ساغلاملىق ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تېبابىتىگە تايانغان . ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا قەشقەر ئۇيغۇر تېبابىتى غەربچە داۋالاشنى ئاساس قىلغان زامانىۋى دوختۇرخانىلار بىلەن ماس قەدەمدە ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . 1955 ـ يىلى قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى يۈسۈپھاجىم ، مامۇتخان ، ئىسمايىلجان ، زۇنۇن قارىي ، ئابدۇراخمان ، كېرىم ئاخۇن قاتارلىق داڭلىق تېۋىپلارنى تەشكىللەپ قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابىتى ھەمكارلىق دوختۇرخانىسىنى قۇردى . شۇنىڭ بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن قاغىلىق ، يەكەن ، پوسكام قاتارلىق ناھىيىلەردىمۇ ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى . 1990 ـ يىللارغا كەلگەندە پۈتۈن ۋىلايەتتە ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىلىرى توققۇزغا يەتتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك دوختۇرخانىدىن بىرى بار . يۇقىرىقى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردىن باشقا ، ھەتتا بەزى يېزا ـ بازارلاردىمۇ ئۇيغۇر تېبابىتى پونكىتلىرى قۇرۇلدى . قەشقەر تېببىي مەكتەپ قارمىقىدا 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تېبابىتى كەسپى بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ، زور بىر تۈركۈم ياش ئەۋلادلار تەربىيىلەندى ، ئۇلار ھازىر ھەر دەرىجىلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىلىرىدا تايانچلىق رول ئوينىماقتا .

[1] ئەسەت سۇلايمان : «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 2006 ـ يىلى نەشرى ، 651 ـ بەت .

# § 2 . ئاسترونومىيە

قەشقەر رايونىدا ياشىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تەبىئەت بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئېلىشىش جەريانىدا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشكە ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ هاياتلىق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئىنتىلگەن . مانا شۇنداق ئۇزلۇكسىز تىرىشچانلىقلار ۋە تەكرار ئىزدىنىشلەر نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت قاراشلىرى بارلىققا كەلگەن . ئاسترونومىيىلىك قاراشلار ئەنە شۇ ئىپتىدائىي تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ يادروسى هېسابلىنىدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئاسترونومىيىلىك قاراشلار توغرىسىدا يېزىلغان مەخسۇس مونوگرافىيە بولمىغاچقا ، بىز بۇ تېمىنى پەقەت قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېتىقاد تۈسىدە ساقلىنىپ كەلگەن بىر قىسىم ئاغزاكى مەنبەلەر ۋە بۇ مەنبەلەرنى سىستېمىلاشتۇرۇپ بايان قىلغان قەشقەرلىك ئىككى بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس هاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئىككى بۈيۈك ئەدەبىي مىراسلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئارقىلىق شەرھلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىمىز .

ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىسىدە دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدات تۆت ئاساسىي ئېلېمېنت (ئوت ، هاۋا ، سۇ ، تۇپراق ) تىن يارىتىلغان . جىمىكى هاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇققا مۇناسىۋەتلىك ، دېگەن قاراش هۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان . ئۇلار مۇشۇ قاراش بويىچە كۆك

(ئاسمان) نى بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاياتىغا پاناھ بولغۇچى «كۆك گۈمبەز» دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادىنى «كۆك تەڭرى» ئوبرازىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن. كۆككە بولغان ئېتىقاد «قۇياش تەڭرى» سىگە مەركەزلەشكەن ھالدا ئاي، يۇلتۇز، بۇلۇت، شامال، چاقماق، يامغۇر، قار قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرىگە بولغان ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلەر بارلىققا كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئاشۇ «كۆك گۈمبەزگە يېقىلغان چىراغ» لار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ، ھەر بىر يۇلتۇز ھايات ـ ماماتلىقنىڭ نىشانى، دەپ قارىغان.

مۇشۇ ئەقىدىلەر بويىچە ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا «ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرمەسلىك»، ئاسماندا ئاققان يۇلتۇزنى كۆرگەندە «مېنىڭ يۇلتۇزۇم يۇقىرىدا! يۇلتۇزۇمنى ئاللا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ كۆككە ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىش ئادەتلىرى بارلىققا كەلگەن. قىسقىسى، «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۇندۇق» دېگەن ساددا چۈشەنچە خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ يادروسى ھېسابلانغان «تۆت زات» قارىشىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇ بارلىق ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان.

ئاسترونومىيىلىك قاراشلار تەبىئەت ھادىسىلىرى قانۇنىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ، كۈندۈزلىرىنى كەڭ تەبىئەت قوينىدىكى ئېتىز ـ ئېرىق، قىرلاردا، كېچىلىرىنى يۇلتۇزلۇق كۆك ئاسمان ئاستىدىكى پايانسىز ئېكىنزارلىقلاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق ئەمگەكلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئەمگەكچان خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئۇزاق ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىدۇر. ئۇلار

كۈن بىلەن تۈننىڭ ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ، كۈن ، ئاي ، پەسىللەرنىڭ دەۋرىي ھالدا ئالمىشىپ ، ئايلىنىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى ئاسمان جىسىملىرى (قۇياش ، ئاي ، يۇلتۇز ، پلانېتىلار ) دىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى . قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پېتىپ كېتىشى ، كۈننىڭ تۇتۇلۇشى ، ئاينىڭ تۇغۇلۇشى ، زورىيىشى ۋە ئاخىرىدا يوقىلىپ قايتىدىن يېڭىلىنىشى ، پلانېتىلار ۋە سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ سىرلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كائىناتقا بولغان تەسىرى قاتارلىقلارنى ئۇزاق ئەسىرلىك تەكرار ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاددىي كۆز بىلەن كۆزىتىپ ، پلانېتىلارنىڭ بۇرجلىق ۋاقتىنى مەلۇم ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى . نەتىجىدە ، ئەڭ ئىپتىدائىي خاراكتېردىكى يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى (يۇلتۇز كالېندارى ) روياپقا چىقتى . دېھقان - چارۋىچىلارمۇ مۇشۇ كالېندار بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىنى بەلگىلىدى . شۇنداق قىلىپ مېتېئورولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى سۈپەتلەيدىغان «يۇلتۇز كالېندارى» نى ئىجاد قىلىش جەريانىدا ، خەلقىمىز قۇياشنى مەركەز قىلغان پلانېتىلارنىڭ سۈپەتلىرىنى پەرقلىق ھالدا تەرىپلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى . مەسىلەن ، ھەم ئاسترونومىيىلىك ، ھەم مېتېئورولوگىيىلىك مەنىگە ئىگە بولغان ئۈكەر يۇلتۇزىنى üker دەپ ئاتاپ ، ئۇنىڭدىن كېچىسى يول يۈرگەندە نىشان كۆرسىتىپ بېرىدىغان كومپاس سۈپىتىدە پايدىلاندى . «يۇلتۇز كالېندارى» دىكى مەزگىل ئۆزگىرىشىنىمۇ ئەنە شۇنداق ئۈكەر يۇلتۇزىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ بەلگىلىدى . ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھېسابىچە ، ئۈكەر يۇلتۇزى يەردە 40 كۈن ياتىدۇ ، بۇ ۋاقىت يىلنىڭ تازا ئىسسىق مەزگىلى بولۇپ «40 كۈنلۈك چىللە» دېيىلىدۇ ، مۇشۇ 40 كۈن ئۆتۈپ ، ئۈكەر يەردىن كۆتۈرۈلگەندە (يىراقلاشقاندا ) ، ئۆسۈملۈك دان تۇغىدۇ ،

دەپ قارايدۇ. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئۆكەر يۇلتۇزى كۆرۈنمىگەن مەزگىل بولۇپ، خەلقىمىز بۇ مەزگىلنى «ئۆكەر يەرگە چۈشتى» دەپ قارىغان. خەلقىمىز ئارىسىدىكى «ئۆكەر يانغا ئۆتسە يازغا تەۋە، قوماق گەدەنگە چۈشسە تازغا تەۋە» دېگەن ماقال ئەنە شۇ ئۆكەر يۇلتۇزى ھەققىدىكى چۈشەنچىدىن كېلىپ چىققان.

ئەجدادلىرىمىز يەنە كۆرۈنۈشتە ئورنىدىن مىدىرلىمايدىغان قۇتۇپ يۇلتۇزىنى «تۆمۈر قوزۇق» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. كېچىلىرى يول يۈرگەندە ۋە ھەربىي يۈرۈشلەردە ئاشۇ «تۆمۈر قوزۇق» قا قاراپ تەرەپنى بەلگىلىدى. «تۆمۈر قوزۇق» نىڭ يېنىدىكى ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمىنى «بېلىق يۇلتۇز» ۋە «قوزا يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، «بېلىق — قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى»، «قوزا — باھارنىڭ باشلانغۇچ ئېيى» دەپ چۈشەندۈردى. ئۆزىنىڭ رەڭگى بىلەن بىر تامچە قانغا ئوخشايدىغان مارس يۇلتۇز تۈركۈمىگە «يەتتىكەن» («يەتتە قاراقچى» ياكى «قاراقۇش») دەپ نام بېرىپ، ئۇ كۆرۈنگەندە بالايىئاپەت ياغىدۇ، دەپ قارىدى. خەلق ئارىسىدا بۇ يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ يەنە «چۆمۈچ يۇلتۇزى»، «چوڭ ئېيىق يۇلتۇزى» دېگەن ناملىرىمۇ بار. ھەممىدىن روشەن ھەم چىرايلىق ۋېنېرا يۇلتۇزىنى «چولپان يۇلتۇزى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى خۇشاللىق ۋە بەخت ـ سائادەتكە سىمۋول قىلدى. ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغان زوھەل يۇلتۇز تۈركۈمىنى «ئاقار يۇلتۇز»، «تارازا يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا باشقىچە ئەھمىيەت بەردى. «چىللە» (ئىيۇل) نىڭ ئاخىرى «تارازا يۇلتۇز» نىڭ كۆرۈنۈش مەزگىلى بولۇپ، ئۇ ياز ئىسسىقىنىڭ قايتىشقا باشلىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ، مۇنەججىملەر بۇ يۇلتۇزنىڭ چىقىشىغا قاراپ: «تارازا تۇغسا تاڭ سالقىن، بۇغداي، ئارپا پىشىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. ئۇلار يەنە ئاتارۇت (مېركۇريي) يۇلتۇز تۈركۈمىنى

«سۈنبۈلە» («بۇغداي بېشى») دەپ ئاتاپ، سۈنبۈلە تۇغقاندىن كېيىن ياز ئاياغلىشىدۇ، دەپ قارىدى. خەلق ئارىسىدىكى «سۈنبۈلەيىمى، قىشنىڭ غېمى»، «سۈنبۈلدا سۇ سال، مىزاندا تېرى، مىزاندا تېرىمىساڭ قوي نېرى» دېگەنگە ئوخشاش تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئاشۇ يۇلتۇزنىڭ كوسمولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خەلقىمىز يەنە مۇشتەرى (يۇپىتېر) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «ئوت يۇلتۇز» (مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئەرەن تۈز» دەپ ئاتىغان) دەپ ئاتاپ، ئۇنى ياخشىلىق ۋە بەخت ـ سائادەتكە سىمۋول قىلدى. «مېررىخ يۇلتۇز» تۈركۈمىنى «شامال يۇلتۇز» (مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «باقىرسوقىم» دەپ ئاتىغان. I توم 35 ـ بەت) دەپ ئاتاپ، ئۇنى پالاكەت ۋە مالامەتكە سىمۋول قىلدى. زوھەل يۇلتۇز تۈركۈمىنى «تۇپراق يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنى ئىقبال ـ پاراغەتكە سىمۋول قىلدى ۋە باشقىلار.

قەشقەر رايونىدا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان «يۇلتۇز پالى» يۇلتۇزلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاسترو ـ كوسمولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە تەتبىقلانغان.

ئومۇمەن ئالغاندا، قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاسترونومىيىلىك قارىشى ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇشتىن باشلاندى. ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي قارىشىدا كۈن، ئاي، يۇلتۇز بىر گەۋدىلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئاسمان بوشلۇقىدا ھەرىكەت قىلىدىغان «تەڭرى» لەردۇر. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «قۇياش تەڭرىسى» كۆك تەڭرىلىرى ئىچىدە باش تەڭرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككىنچى تەڭرى — «ئاي تەڭرىسى» دۇر. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنىڭ I توم 333 ـ ۋە 341 ـ بەتلىرىدە كۈن بىلەن ئاينىڭ مېتېئورولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ «كۆك تەڭرى» لىرى ھەققىدە ياراتقان تۆۋەندىكى كوسمولوگىيىلىك ئەپسانە بىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغايدۇ : ئەپساندا ئېيتىلىشىچە ، «قۇياش تەڭرىسى بىلەن ئاي تەڭرىسى ئوتتۇرىسىدا ‹ئۈلگېن› ناملىق بىر تەڭرى ياشارمىش ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدىغان يولدا يەتتە (بەزى رىۋايەتلەردە توققۇز ) توسۇق بار ئىكەن ، بۇ توسۇقلار ئەركەك شامان (قام ) لار كەلگەندە ئېچىلىدىكەن ، بۇ توسۇقلار ‹تۆمۈر قوزۇق › قا تۇتىشىدىكەن ، كۆكتىن تۆكۈلىدىغان رەھمەت يامغۇرلىرى ‹ئۈلگېن› نىڭ ئاغزىدىن ئاققان شالى ئىكەن ، ئۇنىڭ يەتتە ئوغلى ، توققۇز قىزى بار ئىكەن ، ئوغۇللىرىنىڭ نامى قارشىت ، بۇغراخان ، يىشىلخان ، بۇرچاخان ، قاراقۇش (قازتال ) ، بەختىخان ، ئەركانىم بولۇپ ، ئۇلارمۇ كۆكتە تۇرىدىكەن . ‹ئۈلگېن› نىڭ خىزمىتىدە يەنە باشقا روھلارمۇ بار ئىكەن ، بۇلاردىن يورۇق ، شولا ، قار قاتارلىقلار بولۇپ ، يورۇق ئىنسانلار بىلەن ‹ئۈلگېن› ئارىسىدىكى ئالاقىچى ئىكەن .»[1] بۇ ئەپساندە تىلغا ئېلىنغان «يەتتە توسۇق» خەلق چۈشەنچىسىدىكى «يەتتە پەلەك» ، يەنى يەتتە قات ئاسمان چۈشەنچىسىنى ، «ئۈلگېن» نىڭ يەتتە ئوغلىنىڭ نامى يەتتە سەييارە ياكى يەتتە پلانېتىنىڭ نامىنى ئىنكاس قىلغان . شۇنداق قىلىپ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز قىياسىغا ۋە ئەمەلىي كۆزىتىش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئاسماندىكى يەتتە سەييارىنىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن . مەسىلەن :

— سەكەنتىر (ساتۇرېن ) — بەخت يۇلتۇزى ، خەلق ئارىسىدىكى نامى قارشىت .

— ئوڭاي (يۇپىتېر ) — مەئىشەت يۇلتۇزى ، خەلق

---

[1] «قەدىمكى تۈرك دىن تارىخى» ، ئىستانبول ، 1976 - يىلى نەشرى ، 21 - ، 22 - بەتلەر .

ئارىسىدىكى نامى قاراقۇش ، قاراتال .

— كۇرد (مارس - مېررىخ ) — غەزەپ يۇلتۇزى ، خەلق ئارىسىدىكى نامى بۇغراخان .

— سەۋىت (زۆھرە ، ناخىت ، ۋېنېرا ) — خۇشاللىق يۇلتۇزى ، خەلق ئارىسىدىكى نامى يېشىلخان .

— ئارزۇ (ئاتارۇت - مېركۇرىي ) — تىلەك يۇلتۇزى ، خەلق ئارىسىدىكى نامى بۇرچاخان .

— يەشىق (كۈن - قۇياش - شەمس ) — يورۇقلۇق يۇلتۇزى ، خەلق ئارىسىدىكى نامى ئەركانىم .

— يالچىق (ئاي - قەمەر ) — ئاشىق ، سۆيگۈ - مۇھەببەت يۇلتۇزى ، خەلق ئارىسىدىكى نامى بەختىخان .

يۇقىرىقى سەييارىلارنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئورنىغا قاراپ مۇنداق گۇرۇپپىلاشتۇرغان :

يەر بىلەن ئاي شارى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق — 1 - پەلەك

ئاي شارى بىلەن مېركۇرىي ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق — 2 - پەلەك

مېركۇرىي بىلەن ۋېنېرا ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق — 3 - پەلەك

ۋېنېرا بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق — 4 - پەلەك

قۇياش بىلەن مارس ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق — 5 - پەلەك

مارس بىلەن يۇپىتېر ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق — 6 - پەلەك

يۇپىتېر بىلەن ساتۇرېن ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق — 7 - پەلەك

ئاسمان جىسىملىرى ۋە سەييارىلەرنىڭ ئورنى ھەققىدىكى يۇقىرىقىدەك ساددا قاراشلار ئەڭ دەسلەپ كۆچمەن چارۋىچى ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەتلەرنىڭ پەسىللەرنى بەلگىلەش جەھەتتىكى ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن ، ئۇلارنىڭ

بۇ قاراشلىرىدا «يەر مەركەز» چۈشەنچىسى ئالغا سۈرۈلگەن .

ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا توپلانغان ساددا ئاسترونومىيىلىك قاراشلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئاسترونومىيىلىك بايانلىرى ئۈچۈن ئېتنوگرافىيىلىك مەنبە بولغان . تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك بايانلىرىنىڭ تارىخىي مەنبەسى — قەدىمكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىدا كەڭ ئومۇملاشقان تەبىئەت ئالىمى ھەققىدىكى ئەمەلىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ يەكۈنلىنىشى ، شۇنداقلا يەنە غەرب ۋە شەرق ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تەسىرى بىلەن گۈللەنگەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىشلەرنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى ، خالاس .

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بايان قىلىنغان ئاسترو ـ كوسمولوگىيىلىك قاراشلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن :

(1) يەتتە يۇلتۇز (يەتتە سەييارە) قارىشى :

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج (ئۆكەك) بايانىدا» ناملىق 5 ـ بابىدا مۇنداق يېزىلغان :

128 . بۇ كۆكتەكى يۇلتۇز بىر ئانچە بەزەك
بىر ئانچا قۇلاۋۇز بىر ئانچە يەزەك
(كۆكتىكى يۇلتۇزلار بەزىسى بېزەك ،
يول باشلار بەزىسى ، بەزىسى يەزەك چارلىغۇچ . )

129 . بىر ئانچە يارۇتمىش خالايىققا ئول ،
بىر ئانچە قۇلاۋۇز بولۇر يىتسە يول .

(كىشىگە يورۇقلۇق بېرۇر بەزىسى ، يول يىتسە
كۆرسىتۇر يەنە قانچىسى . )

130 . قايۇسى ئۆرۇرەك قايۇسى كۆردى ،
قايۇسى يارۇقراق قايۇ ئەكسۇدى .
(بەزىسى ئېگىزدە ، بەزىسى تۆۋەن ،
غۇۋادۇر بەزىسى ، بەزىسى روشەن . )

131 . بۇلاردا ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر يورىر ،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر ئەۋدە قالىر .
(بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر تۇرۇر ،
ئىككى يىل ، سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر . )

132 . ئانىڭدا باسا بولدى ئىكىنچ ئوڭاي ،
بىر ئەۋلاد قالىر ئون ئادىن ئىككى ئاي .
(ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي ) (مۇشتەرى ، يۇپىتېر )
قالۇر بىر بۇرجدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي . )

133 . ئۈچۈنچى كۇرۇد كەلدى كۆكسۈن يورىر ،
قايۇقا بۇ باقسا ياشارمىش قۇرىر .
(ئۈچىنچى كورۇد (مېررىخ ، مارس ) دۇر غەزەپتە يۇرۇر
قايان بارسا ياشارغان قورۇر )

134 . ياشىق بولدى تۆرتىنچ يارۇتتى ئازۇن ،
ياقىشىسا يارۇتۇر باقشىسا ئۆزۈن .
(تۆتىنچى قۇياشتۇر يورۇتار جاھان ،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان . )

135 . سەۋۈگ يۇز ئۇرۇندى بەشىنچى سەۋىت ،
سەۋە باقتى ئەرسە سەن ئۆزنى ئاۋىت .
(بەشىنچى سەۋىتتۇر ، سۆيۈملۈك ئۆزى ،
ئۇ باقسا كۆرەلمەس خۇشاللىق يۈزى . )

136 . باسا كەلدى ئارزۇ تىلەك ئارزۇلار ،

قايۇقا ياغۇشسا ئاڭار ئۆز ئۇلار .
(ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ كېلەر
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا ، تىلەككە يېتەر . )
137 . بۇلاردا ئەڭ ئالتىن بۇ يالچىق يۇرىر ،
ياشىق بىرلە ئۆتىدۇ باقىشسا تولىر .
(بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق (ئاي ) تۇرار ،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇق بولار . )

يۇقىرىقى بېيىتلاردا يەتتە يۇلتۇز (يەتتە سەييارە ) نىڭ نامى ، ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئورنى ، ئۇلارنىڭ ھەربىر بۇرجتىكى ۋاقتى ۋە ھالىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن . بۇ بايانلارنى يۇقىرىدا شەرھلىگەن ئاۋام ئارىسىدىكى چۈشەنچىلەر بىلەن سېلىشتۇرساق مەلۇم ئوخشاشلىق بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . بۇ بىزگە شەرق ئالىمىدە ئاسمان جىسىملىرىنى ئىلمي ئۇسۇلدا كۆزىتىدىغان تۇنجى «ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى» قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىدىغان رەسەتخانىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ . يۇقىرىدىكى «يەتتە يۇلتۇز »نىڭ نام ـ شەرىپى ھەققىدىكى بايانلارنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىدە «قۇياش مەركەز » قارىشى گەۋدىلەنگەن .

ھازىر خەلقئارادا پولشىلىق ئالىم كوپېرنىك (1474 — 1543 ) يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن ئارستوتېل (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 384 ـ — 322 ـ يىللار ) ۋە پېتولمى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 165 ـ — 85 ـ يىللار ) لارنىڭ «يەر مەركەز » تەلىماتلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، «قۇياش مەركەز » تەلىماتىنى ئۆزىنىڭ ئاسترونومىيىلىك ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان تۇنجى ئالىم ، دەپ قارىلىدۇ . ھالبۇكى ، «قۇياش مەركەز » قارىشى

كوپېرنىكتىن 500 يىل ئىلگىرى ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا شېئىرىي تىل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

(2) «ئون ئىككى بۇرج» قارىشى

يۈسۈپ خاس ھاجىب يەنە قەدىمكى قەشقەر خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئاسترونومىيىلىك قاراشلارغا ئاساسەن ، يىلنىڭ ھەر قايسى پەسىللىرىدە ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئاسمان گۈمبىزىدىكى يۇلتۇز تۈركۈمىنى ئون ئىككى بۇرجقا ، يەنى ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىدە «زودىياك» دەپ ئاتىلىدىغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىگە بۆلۈپ كۆرسەتكەن :

138 . ئون ئىككى ئۆكەك ئول بۆلاردا ئادىن ،
قايۇ ئىككى ئەۋلىغ قايۇ بىركە ئىن .

(ئون ئىككى بۇرج باردۇر بۇلاردىن بۆلەك ،
جۈپ ئۆيلۈك بەزىسى ۋە بەزىسى يەك . )

139 . كۆزى ياقى بۆلدۇر باسا ئۆد كەلىر ،
ئەرەنتىر قۇچىق بىرلە سانچۇ يورىر .

(قوزى يازغى يۇلتۇز ، كېيىن ئۆي كېلۇر ،
جەۋزا بىلەن سەراتان تۇرتۇشۇپ يۇرۇر . )

140 . كۆر ئارسلان بىلە قوشنى بۇغداي باشى ،
باسا ئۇلگۇ بولدى چادان يا ئەشى .

(ئېرۇر قوشنا بۇغداي بېشى ، ئارسلان

كېلۇر ئارقىدىن قەۋىس ، ئەقرەب ، مىزان . )

141 . باسا كەلدى ئوغلاق كۆنەك ھەم بالىق ،
بۇلار تۇغدى ئەرسە يارۇدى قالىق .

(كېلۇر ئاندىن ئوغلاق ، سۇغا ھەم بېلىق ،
تۇغۇلسا بۇلار كۆل بولغۇسى يورۇق . )

يۇقىرىقى بېيىتلاردا بۇ ئون ئىككى بۇرج (ئۆكەك )نىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندا بىر ـ بىرى بىلەن قوشنا يۇلتۇز تۇركۇملىرى ئىكەنلىكى ۋە يىل ئىچىدە بۇلارنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندىكى پەسىللىك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەمدە ھەربىر بۇرجنىڭ بەلگىلىك ئاي ، پەسىللەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن . بۇ ئون ئىككى بۇرج ئەمەلىيەتتە ئاسترونومىيە ئىلمىدا «زودىياك» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان قۇياشنىڭ يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەت يولى ، يەنى ئېكلىپتىكا ئىچىدىكى ئون ئىككى يۇلتۇز تۇركۇمى بولۇپ ، ئەينى زاماندا بۇ يۇلتۇز تۇركۇملىرىگە خەلقىمىز سىمۋوللۇق ئۇسۇل بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە نام قويغان ، شۇنداقلا بۇ ئىسىملار يەنە ھەربىر ئاينىڭ نامى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلغان .

142 . ئۇچى يازقى يۇلدۇز ئۇچى بايقى بىل ،
ئۇچى كۇزكى يۇلدۇز ئۇچى قىشقى بىل .

(ئۇچ يۇلتۇز باھارنىڭ ، ئۇچى يازغىدۇر ،
قىشنىڭدۇر ئۇچىسى ، ئۇچى كۇزگىدۇر . )

143 . ئۇچى ئوت ئۇچى سۇۋ ئۇچى بولدى يەل ،
ئۇچى بولدى تۇپراق ئاژۇن بولدى ئەل .

(ئۇچى سۇ ، ئۇچى يەل ، ئۇچى بولدى ئوت ،
ئۇچى تۇپراق ، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇد . )

بۇ بېيىتلاردا ئون ئىككى يۇلتۇز تۇركۇمى (بۇرج ) پەسىللەرگە ئايرىلغان ھەمدە بۇ پەسىللەرنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى تۆت ئېلېمېنتنىڭ خاراكتېرىگە تەتبىقلانغان . بۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك چۈشەنچە بولۇپ ، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك سىخېمىلاش مۇمكىن :

باھار :
△ ھەمەل (ئۇۋەيس ) ـ قوزى = 12 ـ مارت — 22 ـ ئاپرېل
△ ئۇي (سەۋر ، ئود ، تېلتس ) 22 ـ ئاپرېل — 12 ـ ماي
△ ئەرەندىز (قوشكېزەك ) ـ جەۋزا = 12 ـ ماي — 22 ـ ئىيۇن

ياز :
△ كۈچىك (سەرەتان ، تىمساھ ، راك ) = سەرەتان ـ چىللە ـ تومۇز
△ ئارسلان = (ئەسەد ـ لېۋ )
△ بۇغداي بېشى = سۇنبۇلە ـ ۋېس

كۈز :
△ ئۆلگۈ = مىزان ـ تارازا ـ ۋېس
△ چايان = ئەقرەپ ـ سكورپىئون
△ يا = قەۋس ـ سترېلتس

قىش :
△ ئوغلاق= جەدى ـ كوزېروگ
△ سوغا = كونەك ـ دەلۋە ـ ۋۇدولېس

△ بېلىق = ھوت = رېبېس

143 ـ بېيىتتا تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ ، تۆت پەسىلگە ئايرىلغان بۇ يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۇنى يەنە دۇنيانىڭ ئاساسى دەپ قارالغان «تۆت زات» نىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتىگە تەتبىــــقلاپ چۈشەندۈرگەن . يەنى :

(1) سۇ — قوزى ، ئود (سەۋر ، ئۈي) ، قوشكېــزەك (جەۋزا)

(2) ھاۋا (يەل) — كۆچۈك (سەرەتان) ، ئارسلان (ئەسەد) ، بۇغداي بېشى (سۈنبۈلە)

(3) ئوت — ئۆلگۈ (مىزان ، تارازا) ، چايان (ئەقرەپ) ، يا (قەۋس)

(4) تۇپراق — ئوغلاق (جەدى) ، سوغا (كۆنەك) ، بېلىق (ھوت)

بۇ سخېما بويىچە ، باھار پەسلى ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق يۇلتۇزلار تۈركۈملىرىنىڭ خاراكتېرى مېتېئورولوگىيە جەھەتتىــــن سۇ تەبىئەتلىك ، ياز پەسلىنىڭ ھاۋا (يەل) تەبــئەتلــــك ، كۈز پەسلىنىڭ ئوت تەبىئەتلىك ، قىش پەسلىنىڭ تۇپراق تەبىئەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ .

بۇ ھال بىزگە قەدىمكى زامانلاردىلا بىر قەدەر سىستېمىلاشقان ساددا دىئالېكتىك مەزمۇنغا ئىگە «يۇلتۇز كالېندارى» نىـــڭ خەلقىمىز ئارىسىدا فولكلورلۇق تۈستە مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ھوت — كەتمەن سېپىنى تۈت» ، «قەشقەرنىڭ كۈزى ئاز ، قىشى ئەتىـــياز» ، «سۈنبۈلەيىمى — قىشنىڭ غېمى» ، «سۈنبۈلدا سۇ سال ، مىزاندا تېرى» ، «مىزان ئاخىـــرى كۆرمىـــگەن ئۈزۈمدە مۇسەللەس پىشماس» ، «ئانارنى قەۋستە ئۈز ، تارازا كۆرمىگچە بولماس كۈز» ،

«ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار، كۈن قوتانلىسا كۈندە (ياغار)»، «ئاينىڭ بېشىدىن قورقىچە بەشىدىن قورق»، «يەتتە قاراقچى، يولغا ماراقچى»، «يەتتىكەن يۇلتۇزى يەتتە ئايلانسىمۇ، ئالتۇن قوزۇق ئورنىدا»، «ئۈركەر يانغا ئۆتسە يازغا تەۋە»، «تارازا تۇغسا تاڭ سالقىن، بۇغداي ـ ئارپا پىشىدۇ»، «قوشكېزەك ئاي، ئورىكىم ماي» قاتارلىق ماقال ـ تەمسىللەرمۇ يۇقىرىقى پىكىرلەرگە ئاساس بولالايدۇ.

دېمەك، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى هاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشىنى قۇياش سىستېمىسىدىكى پلانېتىلار ۋە يۇلتۇزلارنىڭ هەرىكەت ئوربىتىسى بىلەن زىچ باغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىرىكچىلىق مەزگىللىرىنى بەلگىلىگەن، يىل پەسىللىرىنى ئېنىقلىغان.

## 3 § . تەقۋىم (كالېندار) چىلىق

تەقۋىم ياكى كالېندارچىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل فولكلورلۇق مۆجىزىدۇر.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىمۇ خۇددى شەرق مىللەتلىرىگە ئوخشاش ناهايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ «يۇلتۇز كالېندارى» (يېزىقسىز كالېندار) «مۆچەللىك كالېندار»، «هىجرىيە كالېندارى» ۋە «مىلادىيە كالېندارى» قاتارلىق كالېندارلارنى ئىشلەتكەن. بۇ كالېندارلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ئەنئەنىۋى كالېندار «12 مۆچەل» يىلنامىسى بولۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ساقلىنىشچانلىقى ياكى سوزۇلۇشچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ

تەسىرىدە سىڭىشكەن ھىجرىيە كالېندارى ئاساسىدىكى شەمسىيە كالېندارى، قەمەرىيە كالېندارى ھەمدە كېيىنكى دۇنياۋى كالېندار — مىلادىيە كالېندار بىلەن ياندىش ھالدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن مىللىي كالېندار ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان كۆپلىگەن شەرق ئالىملىرى ئۇنى «ئۇيغۇر كالېندارى» دەپمۇ ئاتىغان.

بۇ كالېندار بويىچە 15 كۈن (ئاي چىقىپ تولۇنلاشقىچە بولغان ۋاقىت) بىر مەزگىل؛ ئىككى مەزگىل بىر ئاي؛ ئۈچ ئاي بىر توقسان (بىر پەسىل)، تۆت توقسان (تۆت پەسىل) بىر يىل قىلىپ بەلگىلەنگەن.

ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئۆزلىرى كۆزىتىپ چىققان يۇلتۇز تۇركۇملىرىنىڭ قوزغىلىش ۋاقتىنىڭ 12 يىلدا بىر دەۋر قىلىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىپ، ئۇنى «مۇچەل» دەپ ئاتىغان ۋە تېخى يېزىق بارلىققا كەلمىگەن شارائىتتا ئەستە تۇتۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ھەر يىلغا بىر ھايۋاننىڭ نامىنى ئات قىلىپ قويۇپ يىللارنى پەرقلەندۈرگەن. «مۇچەل» دېگەن بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى ئالتاي قوۋملىرىنىڭ ئورتاق تىلىغا تەۋەدۇر. «مۇچەل يىلنامىسى» نىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن تۆۋەندىكى رىۋايەت ھازىرغىچە يېگانە ۋە ئىناۋەتلىك خاتىرە ھېسابلىنىدۇ:

«... تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان، بۇنىڭدا شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ، شۇڭا بىز 12 ئات ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل

ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن ، بۇ ئارىمىزدا مەڭگۇ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن .» خەلق خاقانىنىڭ بۇ پىكرىنى «شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللىغان . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان . بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا ، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن . بىرمۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان . ئۇلاردىن 12 خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن . ئەنە شۇ 12 ھايۋاننىڭ ئىسمى 12 يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان . سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال «siqkan چاشقان» ئۆتكەن ، شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ «sichqan yili چاشقان يىلى» دېيىلگەن ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەن ھايۋانلار تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر يىل ئۇچۇن ئىسىم بولۇپ قالغان .

— ud yili ئۇي يىلى (كالا يىلى)
— bars yili بارىس يىلى (يولۋاس يىلى)
— tavixkan yili توشقان يىلى
— nak yili لەھەڭ يىلى (تىمساھ يىلى)
— yilan yili يىلان يىلى
— yund yili ئات يىلى
— koy yili قوي يىلى
— biqin yili مايمۇن يىلى
— toka?u yili توخۇ يىلى
— it yili ئىت يىلى
— toŋuz yili توڭگۇز يىلى

توڭگۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن ، ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ .[1]

① مەھمۇد كاشغەرى : « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 1981 - يىلى نەشرى ، I توم 449 - بەت .

«12 مۇچەل» يىلنامىسى قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خېلى بۇرۇنلا قوللىنىلىشقا باشلىغان. بۇگۇنكى قەشقەر قىزىل دەرياسى ساھىلىدىكى قەدىمكى پەنتو شەھەر خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان بىر پارچە ۋەسىقىدە 12 مۇچەل يىلنامىسى قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 4 ـ — 5 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.①

ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن مۇچەل يىلنامىسىدىمۇ نورۇز ياكى قوزا (ھەمەل) ئېيى يىل بېشى ھېسابلانغان. يەنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىشلىرى بويىچە ھەمەل ئېيىنىڭ 21 ـ ، 22 ـ كۈنى (ھازىرقى مارت، يەنى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) كۈن بىلەن تۈننىڭ تەڭلىشىپ، زېمىنىنىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ، تەبىئەتنىڭ قايتىدىن ئويغىنىشقا باشلىغان مەزگىلى بولغاچقا، كونا ئۇيغۇر تەقۋىمى بويىچە بۇ كۈن يېڭى يىلنىڭ باشلىنىش كۈنى قىلىنغان، بۇ يېڭى يىل — يېڭى كۈننىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان تەبىئەت بايرىمى «نورۇز بايرىمى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە، جۈملىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەلقىمىز ھەربىر يىلنى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە، دەپ قاراپ، ھەربىرىگە ئايرىم خاراكتېرىستىكا بەرگەن. مەسىلەن، ئۆكۈز (كالا) يىلى كىرسە جاھاندا ئەمىنلىك بولمايدۇ، چۈنكى ئۆكۈزلەر ئۆزئارا كۆپ سوقۇشىدۇ؛ توخۇ يىلى كىرسە ئوزۇق ـ تۈلۈك كۆپىيىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىش ئاشىدۇ، چۈنكى توخۇنىڭ يېمى دان، توخۇ دانىنى تېپىش ئۈچۈن ئەخلەت ـ چاۋارلارنى تاتىلاپ چېچىۋېتىدۇ؛ لەھەڭ (تىمساھ) يىلى كىرىشى بىلەن ھۆل ـ يېغىن كۆپىيىپ، ئاشلىق ئوخشايدۇ، چۈنكى لەھەڭ سۇدا ياشايدۇ؛ چوشقا يىلى كىرىشى بىلەن قار كۆپ ياغىدۇ، سوغۇق قاتتىق

① غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 2007 ـ يىلى نەشرى، 249 ـ بەت.

بولىدۇ، پىتنە - پاسات كۆپىيىدۇ ۋە باشقىلار[1] .

دېمەك، ئۇيغۇرلار يۇقىرىقىدەك ھەربىر مۇچەلدە بىر خاسىيەت بار، دەپ قاراپ ، ئۇنى مۇقەددەسلەشتۇرگەن .

مۇشۇ ئاساستا ھەربىر كىشى مۇچىلىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتىشنى تىلەش، مۇچىلى كەلگەن يىلى ئېھتىياتچان ۋە ساخاۋەتكوي بولۇش، ئادەم ۋاپات بولۇپ دەپنە قىلىنىش ئالدىدا مەرھۇمنىڭ مۇچىلىنى سوراش، بالا - چاقىلىرىغا مۇچىلىنى ئۇنتۇلماسلىق ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىش قاتارلىق ئادەتلەر ئاشۇ ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان ھەمدە مۇچەل يىلنامىسىدىكى ئاي - كۈنلەرنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن، قايسى مەزگىلدە قايسى خىل زىرائەتنى تېرىش، قايسى مەزگىلدە سۇغىرىش، قايسى مەزگىلدە يىغىش، چارۋىلارنى قانداق ۋاقىتتا كۆككە قويۇش، قانداق ۋاقىتتا تۆل ئېلىش، باغۋاران پەرۋىشىنى قانداق قىلىش قاتارلىق ئىگىلىك ئىشلىرىنى مۇۋاپىق تەرتىپكە سالغان. ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغان مۇچەل تەقۋىمچىلىكى خەلقىمىز ئارىسىدا يەنە «دېھقانلار كالېندارى» دەپمۇ ئاتالغان، بۇ كالېندار قەدىمكى قەمەرىيە كالېندارى (ئاي ياكى يۇلتۇز كالېندارى) ۋە شەمسىيە كالېندارى (قۇياش كالېندارى) نىڭ ۋاقىت ھېسابلاش قائىدىسىگە ئەمەل قىلغان. ئۇنىڭدا بىر يىل 354 كۈن بولۇپ، 12 ئايغا بۆلۈنگەن، ئادەتتە چوڭ ئايلار 30 كۈن، كىچىك ئايلار 29 كۈن ھېسابلانغان. قايسى ئايلارنىڭ چوڭ ئاي، قايسى ئايلارنىڭ كىچىك ئاي بولۇشى تۇراقسىز بولۇپ، ھەر يىلى نۆۋەت بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرغان، بىر يىلنى تۆت پەسىلگە ئايرىپ، ھەر ئۈچ ئايغا (پەسىل) بىر خىل نام بېرىلگەن، يىلنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئېيى ئەتىياز (كۆكلەم، باھار)، ئىككىنچىسى ياز،

[1] مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 1981 - يىلى، I توم 253 - ، 254 - بەتلەر.

ئۈچىنچىسى كۈز ، تۆتىنچىسى قىش . ئۇلار باھارنىڭ نورۇزدىن كېيىنكى تۆتىنچى ئېيىنى «ئوغلاق ئاي» دەپ ئاتىغان ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى «ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي» دەپ ئاتىغان . چۈنكى بۇ ئايلاردا ئوغلاق ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئاي» دەپ ئاتىغان . مەھمۇد كاشغەرى «ئۇلۇغ ئاي» نىڭ يازنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغانلىقى ، يەر ـ جاھان يېشىللىققا پۈركىنىپ مالنىڭ سەمرىشكە باشلىغان مەزگىلى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن .①

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ، «ھەپتە» چۈشەنچىسى ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن پەيدا بولغانلىقى مەلۇم ، لېكىن بۇددىزمغا ئائىت مەنبەلەردە «قوچو ئۇيغۇرلىرى بىر ھەپتىنى يەتتە كۈنگە بۆلۈپ ، ئۇلارنى باش كۈن (دۈشەنبە ) ، بوش كۈن (سەيشەنبە ) ، سوڭ كۈن (چارشەنبە ) ، كىچاتنا كۈن (پەيشەنبە ) ، ئاتنا كۈن (ئازنا ، جۈمە ) ، ئاتناراس كۈن (شەنبە ) ، بازار كۈن (يەكشەنبە ) دەپ ئاتايدىغان ۋە سوغدىچە مىر ، ماچ ، ۋاچان ، تىر ، ئورمۇزە ، ناچىت ، كەۋەن دەپ ئاتايدىغان ئادەتلەرمۇ بولغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ② . ئەمما بۇنداق ئاتاشنىڭ قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا تارقالغان ياكى تارقالمىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق . قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا ، يېزا ـ قىشلاق ئاھالىلىرى ئارىسىدا ، ئايلارنىڭ قارا سوغۇق ياكى قاپاق ياردى (1 ـ ئاي ) ، ئەگىز سۈيى (2 ـ ئاي ) ، نورۇز ياكى ئويغىنىش (3 ـ ئاي ) ، چوكانتال (4 ـ ئاي ) ، باش ياز (5 ـ ئاي ) ، ئورام (6 ـ ئاي ) ، باش تومۇز (7 ـ ئاي ) ، باش كۈز

---

① مەھمۇد كاشغەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە ) ، 2007 ـ يىلى نەشرى ، I توم ، 522 ـ بەت . )

② غەيرەتجان ئوسمان : « قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى » ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2007 ـ يىلى نەشرى ، 253 ـ بەت .

(8 - ئاي) ، ئاق شەبنەم (9 - ئاي) ، سوغ شەبنەم (10 - ئاي) ، باش قىش (11 - ئاي) ، ئاق قار (12 - ئاي) قاتارلىق فولكلورلۇق ناملىرى بولغانلىقى مەلۇم .

خۇلاسە : تارىختىن بۇيان قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تۆۋەندىكى كالېندارلار قوللىنىلىپ كەلگەن :

(1) مۇچەل كالېندارى

هەر بىر يىل بىر هايۋان (چاشقان ، ئۇي ، يولۋاس ، توشقان ، بېلىق ، يىلان ، ئات ، قوي ، مايمۇن ، ئىت ، چوشقا) نىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ ، يىل بېشى «21 - مارت» تىن باشلىنىدىغان يىل هېسابى دەسلەپكى «مۇچەل» ئۇلۇ (بېلىق) ، بۆدۆنە ، بارىس (يولۋاس) ، تاشپاقىدىن ئىبارەت تۆت هايۋاننىڭ نامىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، بېلىق — شەرق بىلەن باهارنىڭ ، بۆدۆنە — جەنۇب بىلەن يازنىڭ ، بارىس — غەرب بىلەن كۈزنىڭ ، تاشپاقا — شىمال بىلەن قىشنىڭ بەلگىسى بولغان . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مۇچەل ئەمەلدىن قېلىپ ، چوشقا ، ئىت ، ئۇي ، توخۇ ، قوي ، ئات قاتارلىق ئالتە ئۇي هايۋىنىدىن تەركىب تاپقان مۇچەل قوللىنىلغان . كېيىنچە بۇنىڭغا يەنە يىلان ، مايمۇن ، توشقان ، چاشقان قاتارلىق هايۋانلارنىڭ نامى قوشۇلۇپ ، مۇچەل سانى 12 گە يەتكەن . مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ۋاقىت كۆزىتىش جەريانىدا هاسىل قىلغان ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ، «مۇچەل» نى يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىپ ، «مۇچەل» هايۋانلىرىنى تۆۋەندىكىدەك رەتكە تۇرغۇزغان ؛ چاشقان ، ئۇي (ئود) ، بارىس (يولۋاس) ، توشقان ، بېلىق ، يىلان ، ئات ، قوي ، بىچىن (مايمۇن) ، توخۇ ، ئىت ، چوشقا . بۇ تەرتىپ مەهمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلىگەن مۇچەل تەرتىپى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، پەقەت «لەهەڭ يىلى» نامى «بېلىق - ئۇلۇ»

بىلەن ئالماشقان . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن تۆۋەندىكى ناخشا ـ قوشاق يۇقىرىقى مۇچەل تەقۋىمىنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ :

چاشقىنى سويلاپ ، ئۇيلىرى مۆرەپ كېلۇر ،
يولدا يولۋاس ، توشقىنى تويلاپ كېلۇر ،
دەريادا بېلىق ، يىلانى قوغلاپ كېلۇر ،
ئات ئالدىدا ، قوي كەينىدا مەرەپ كېلۇر ،
مايمۇنى مويلاپ ، توخۇسى چىللاپ كېلۇر ،
ئىتلىرى قاۋاپ ، توڭگۇزى بۇلغاپ كېلۇر .

(2 ) شەمسىيە (قۇياش كالېندارى )

بۇ يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا تولۇق بىرقېتىم ئايلىنىپ چىققان ۋاقتىنى بىر يىل دەپ بېكىتكەن ئەڭ بۇرۇنقى كالېندار بولۇپ ، ئۇنىڭدا هەر يىلى مىلادىيە هېسابىدا 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەتىيازلىق كۈن ـ تۈن تەڭلەشكەن مەۋسۇمدىن كېلەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەتىيازلىق كۈن ـ تۈن تەڭلەشكەن مەۋسۇمگىچە بولغان ئارىلىقتىكى 365 كۈن 5 سائەت 48 مىنۇت 46 سېكۇنتقا تەڭ بولغان ۋاقىت بىرلىكى بىر قۇياش يىلى هېسابلىنىدۇ . شەمسىيە كالېنداردا ئوتتۇرا هېساب بىلەن 365 كۈن بىر يىل هېسابلىنىپ ، 12 ئاي بىر يىل بولىدۇ . بەش ئاينىڭ هەربىرى 31 كۈندىن ، تۆت ئاينىڭ هەربىرى 30 كۈندىن ، ئىككى ئاينىڭ هەربىرى 29 كۈندىن ، قالغان بىر ئاي 32 كۈن هېسابلىنىدۇ . 128 يىلغا 31 كەبىسە ئاي قوشۇلۇپ ، كەبىسە يىلىنىڭ كۈن سانى 366 كۈن بولىدۇ . شەمسىيە كالېندارىدىكى ئايلارنىڭ نامى : هەمەل ، سەۋر ، جەۋزا ، سەراتان ، ئەسەد ،

سۇنبۇلە ، مىــــزان ، ئەقرەب ، قەۋس ، جەدىي ، دەلۋە ، هوت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

(3) قەمەرىيە (ئاي) كالېندارى

بۇ ئاينىڭ تولغان ۋە ئۆچكەن ۋاقىت مەزگىلىنى ئۆلچەم قىلىپ تۈزۈلگەن كالېندار بولۇپ ، ئۇنىڭدا بىر يىل 12 ئاي ، تاق ئاي 30 كۈن ، جۈپ ئاي 29 كۈن ، بىر يىل 354 كۈن بولىدۇ ، ئۈچ يىلدا بىر كەبىسە يىل بولىدۇ .

كەبىسە يىل 355 كۈن بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى ئارتۇق بىر كۈن 12 - ئايغا قوشۇلىدۇ ، ئەمما شەمسىيە كالېندارىدىكىدەك كەبىسە ئاي بولمايدۇ .

(4) هىجرىيە كالېندارى

«هىجرىيە» ئەرەبچە «هىجرەت» سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، ئىسلام كالېندارىنىڭ نامى ، ئۇ قەدىمكى شەمسىيە كالېندارىغا تەقلىد قىلىپ ئۆزگىچە ئالاهىدىلىك بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ ، هىجرىيىنىڭ 1 - يىلى مىلادىيەنىڭ 622 - يىلىغا تەڭ . مىلادىيە 634 - يىلى تەختكە چىققان ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر فارۇق «هىجرەت» نى خاتىرىلەش ئۈچۈن مىلادىيە 622 - يىلى (ئات يىلى) 16 - ئىيۇل شەنبە كۈنىنى هىجرىيىنىڭ يىل بېشى قىلىپ بەلگىلىگەن . شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ كالېندار مۇسۇلمانلارنىــڭ يىلنامىسى بولۇپ قوللىنىلماقتا .

«هىجرىيە» ساپ قەمەرىيە كالېندارى بولۇپ ، ئۇنىڭدا يېڭى ئاي چىققان كۈن شۇ ئاينىڭ 1 - كۈنى هېسابلىنىدۇ ، 12 ئاي بىر يىل هېسابلىنىپ ، تاق ئايلار 30 كۈندىن ، جۈپ ئايلار 29 كۈندىن بولىدۇ ، بىر يىل 354 كۈن 8 سائەت 48 مىنۇت بولۇپ ، كەبىسە ئاي بولمايدۇ ، لېكىن 30 يىل بىر قەرنە هېسابلىنىپ ، بىر قەرنىنىڭ 2 - ، 5 - ، 7 - ، 10 - ، 13 - ، 16 - ، 18 - ، 21 - ،

24 ـ ، 26 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى 12 ـ ئېيىغا ئۈچ يىلدا بىردىن كەبىسە كۈن قوشۇلۇپ بۇ يىللارنىڭ ھەربىرى 355 كۈن بولىدۇ . ھىجرىيە كالېندارىنىڭ بىر يىلى مىلادىيە كالېندارىنىڭكىدىن 10 كۈن 21 سائەت 1 مىنۇت كەم بولۇپ ، ھەر 2.7 مىلادىيە يىلىدا بىر ئاي ، 32.6 مىلادىيە يىلىدا بىر يىل پەرقلىنىدۇ . ھىجرىيە كالېندارىدىكى ئايلارنىڭ نامى ۋە كۈن سانى مۇنداق بولىدۇ :

① مۇھەررەم (ئوشۇر ئېيى ) : 1 ـ ئاي ، 30 كۈن
② سەپەر ئاي : 2 ـ ئاي ، 29 كۈن
③ رەبىيەلئەۋۋەل (مەۋلۇد ئېيى ) : 3 ـ ئاي ، 3 كۈن
④ رەبىيەلئاخىر : 4 ـ ئاي ، 29 كۈن
⑤ جامادىيەلئەۋۋەل : 5 ـ ئاي ، 30 كۈن
⑥ جامادىيەلئاخىر : 6 ـ ئاي ، 29 كۈن .
⑦ رەجەپ (مىراج ئېيى ) : 7 ـ ئاي ، 30 كۈن
⑧ سەبان (بارات ئېيى ) : 8 ـ ئاي ، 29 كۈن
⑨ رامىزان (روزى ئېيى ) : 9 ـ ئاي ، 30 كۈن
⑩ شەۋۋال (روزى ھېيت ئېيى ) : 10 ـ ئاي ، 29 كۈن
⑪ زۇلقەدە (ئارائاي ) : 11 ـ ئاي ، 30 كۈن
⑫ زۇلھەججە (ئەراپات ئېيى ) : 12 ـ ئاي ، 29 كۈن .

(5 ) مىلادىيە كالېندارى

بۇ ھازىر دۇنيادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان كالېندار ، ئۇ قەدىمكى مىسىر ، يۇنان خەلقلىرى ئىجاد قىلغان شەمسىيە كالېندارىغا تەقلىد قىلىپ تۈزۈلگەن بىر خىل ئۈلچەملىك يىل ھېسابى . بۇ كالېنداردا بىر يىل 365 كۈن ياكى 366 كۈن بولىدۇ ، بۇ يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا تولۇق بىر قېتىم

ئايلىنىپ چىققان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ . مىلادىيە كالېندارى خرىستىئان (ناسارا) دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ئەيسانىڭ تۇغۇلغان يىلىدىن باشلاپ ھېسابلانغان دىنىي كالېندار بولۇپ ، دەسلەپ «خرىستىئان كالېندارى» دەپ ئاتالغان .

قەدىمكى رىم پادىشاھى گىرىگورى XII ئىلگىرىكى مىلادىيە كالېندارىدىكى ئاي ، كۈنلەرنىڭ ۋاقتىنى قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەزى پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى بايقالغان . نەتىجىدە ، 1582 ـ يىلى پادىشاھ گىرىگورى بۇ كالېندارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدە پەرمان چىقارغان . نەتىجىدە ، بىر ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان جۇغلانما ۋاقىت خاتالىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۆتكە تولۇق بۆلۈنىدىغان يىللارغا بىردىن كەبىسە يىل ، تۆت يۈزگە تولۇق بۆلۈنىدىغان يىللارغا 97 كەبىسە يىل قوشۇپ ، بۇنى كەبىسە يىللىرىنىڭ 2 ـ ئېيىغا قوشۇشنى بەلگىلىگەن ، ئۇنىڭدىمۇ بىر يىل 12 ئايغا بۆلۈنىدۇ ، 1 ـ ، 3 ـ ، 5 ـ ،7 ـ ،8 ـ ، 10 ـ ، 12 ـ ئايلار 31 كۈنلۈك بولۇپ ، چوڭ ئاي ھېسابلىنىدۇ ؛ 4 ـ ، 6 ـ ، 9 ـ ، 11 ـ ئايلار 30 كۈنلۈك بولۇپ ، ئادەتتىكى ئاي ھېسابلىنىدۇ ؛ 2 ـ ئاي بولسا ئۈچ يىل ئۇدا 28 كۈن ، تۆتىنچى يىلى 29 كۈن بولۇپ ، كىچىك ئاي ھېسابلىنىدۇ .

مىلادىيە كالېندارى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاساسەن 1949 ـ يىلىدىن كېيىن ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشقا باشلىغان .

**قوشۇمچە :** مۇچەل يىلى بىلەن مىلادىيە يىلىنىڭ سېلىشتۇرمىسى (1936 ـ يىلىدىن باشلاپ )

كونا ۋە يېڭى تەقۋىم (كالېندار ) ھېسابىدىكى ئاي ناملىرىنىڭ

## سېلىشتۇرما جەدۋىلى

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| گرېگورىئان (مىلادىيە) كالېندار | ئەسلى نامى | جەنۋارى | فەبرەرى | مارچ | ئافرىل | مەي | جۇن | جۇلاي | ئاۋگوست | سېپتەمبر |
| | يانۋار | فېۋرال | مارت | ئاپرېل | ماي | ئىيۇن | ئىيۇل | ئاۋغۇست | سېنتەبىر | ئۆكتەبىر |
| ھىجرىيە ئايلىرى | مۇھەررەم | سەپەر | رەبىيە لئەۋۋەل | رەبىيەلئا | جامادىيەل | جاماد سەل | رەجەب | شەبان | رامزان | شەۋۋال |
| | ھوشۇر ئاي | سەپەر ئاي | سەپەر قوشنى | جامادىيەل | جامادىيەل | تالاش ئاي | دۇئا ئاي | بارات ئاي | روزا ئاي | ھېيت ئاي |
| كونا تۈركچە تەقۋىم (شەمسى) | ھەمەل | سەۋەر | جەۋزا | سەرەتا | ئەسەد | سۇنبۇلە | مىزان | ئەقرەب | قەۋس | جەدىي |
| | قورا | ئۈي | قوشكېزەك | تىمساھ | بولۋاس | بۇغداي بېشى | تارازا | چايان | ياچاق | ئوقلاق |
| قەمەرىيە كالېندارى | 1 ـ ئاي | 2 ـ ئاي | 3 ـ ئاي | 4 ـ ئاي | 5 ـ ئاي | 6 ـ ئاي | 7 ـ ئاي | 8 ـ ئاي | 9 ـ ئاي | 10 ـ ئاي |
| يورجلارنىڭ مىلادىيە | مارت (3 ـ ئاي) | ئاپرېل (4 ـ ئاي) | ماي (5 ـ ئاي) | ئىيۇن (6 ـ ئاي) | ئىيۇل (7 ـ ئاي) | ئاۋغۇست (8 ـ ئاي) | سېنتەبىر (9 ـ ئاي) | ئۆكتەبىر (10 ـ ئاي) | نويابىر (11 ـ ئاي) | دېكابىر (12 ـ ئاي) |
| مۇچەل يىلەن | چاشقان | ئۈي | بولۋاس | توشقان | بېلىق | يىلان | ئات | قوي | مايمۇن | توخۇ |

# § 4 . ھېساب ئىلمى ۋە ئۆلچەملەر

ھېساب ئىلمى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ۋە ھاياتلىق تەلىپىدىن كېلىپ چىققان بىر فولكلورلۇق ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىدە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا يۈزلەنگەن ئاچقۇچلۇق پەن ھېسابلىنىدۇ. مەلۇمكى، ھېساب ئىلمىنىڭ

ئاساسى بولغان سان ئۇقۇمى تاق سان ۋە جۈپ سان دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق يولىدىكى ئىپتىدائىي ئىزدىنىشلىرىدە ئەڭ دەسلەپ ئاددىي جۈپ سان چۈشەنچىسىنى ياراتقانلىقى مەلۇم. بۇ جۈپ سان چۈشەنچىسى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان چوڭ تەبىئەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسى ھەققىدە ئۇزلۇكسىز ئويلىنىشى ۋە ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ «تۆتلۈكلەر سىستېمىسى»غا مەركەزلەشكەن، يەنى پۈتكۈل ئالەمنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى سۇ، ھاۋا (يەل)، ئوت ۋە تۇپراققا باغلاپ، ئۇنى «تۆت تادۇ - تۆت زات - تۆت ماددا - تۆت ئېلېمېنت - تۆت ئاناسىر» دەپ جۈپ سان شەكلىدە ئىپادىلىگەن. ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ ئاساستا يەنە ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىپ ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئاسمان گۈمبىزىدىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ دەۋرسىمان ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن، ئاسترونومىيىدە «زودياك» دەپ ئاتىلىدىغان تۆت يۇلتۇز تۈركۈمىگە بۆلگەن، بۇ يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ كۆرۈنۈش - كۆرۈنمەسلىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ھاۋارايىدىكى دەۋرسىمان ئۆزگىرىش پەيتلىرىگە ئاساسەن «تۆت پەسىل» (باھار، ياز، كۈز، قىش) گە ئايرىغان؛ سەييارىلارنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىگە ئاساسەن «كۈن چىقىش، كۈن پېتىش، ئوڭ، سول، يەنى شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب» تىن ئىبارەت «تۆت تەرەپ» قارىشىنى شەكىللەندۇرگەن؛ ئەجدادلىرىمىز يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنىڭ تەبىئەت تۆتلۈكلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى قارارلاشتۇرۇپ، «تۆت مىزاج» (ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق)، «تۆت خىلىت» (قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا) غا مەركەزلەشتۇرگەن. مانا بۇ «تۆتلۈكلەر سىستېمىسى» ئالەم ۋە ئادەمنىڭ ھاياتلىق ئاساسى بولغاچقا، بۇ جۈپ سانلار كاتېگورىيىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي

ئېتىقادىدا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان مۇقەددەس ئابىدە بولۇپ تىكلەنگەن . شۇڭا بۇ تەبىئەت تۆتلۈكلىرىنى خەلق ئارىسىدىكى سان چۈشەنچىسىنىڭ دەسلەپكى بىخلىنىشى دېيىش مۇمكىن . ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سان ئۇقۇمىدا «10» ئەڭ چوڭ سان ھېسابلانغان ، چۈنكى ئۇ زامانلاردا قول بارماقلىرى بىلەن ساناش ، ھېسابلاش ئاساس قىلىنغان .

قەشقەرنىڭ بازارلىرىدا «يەڭ سودىسى» دەپ ئاتالغان بىر خىل سودىلىشىش شەكلى كەڭ ئومۇملاشقان ، بۇ كۆپىنچە چارۋا مال بازىرىدا بولىدىغان سودا شەكلى بولۇپ ، مال ساتقۇچى بىلەن مال ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنى سودىدا پۈتۈشتۈرۈپ قويىدىغان بىر ۋاستىچى (بېدىك ) بولىدۇ . كېلىشتۈرۈش ئۇسۇلى كۆپىنچە «يەڭ سودىسى» ئارقىلىق بولىدۇ ، ئاغزاكى باھا قويۇش ئادىتى بولمايدۇ . «بېدىك» بىردەم مال ساتقۇچى بىلەن يەڭ ئىچىدە بارماق ئارقىلىق مالنىڭ باھاسىنى توختىتىدۇ ؛ بىردەم مال ئالغۇچى بىلەن يەنە شۇ ئۇسۇلدا سودىلىشىدۇ ، شۇنداق قىلىپ «بېدىك» يەڭ ئىچىدە بارماق ئارقىلىق ئىككى تەرەپنى سودىدا كېلىشتۈرگەندىن كېيىن ، ئىككى تەرەپنىڭ ئوڭ قوللىرىنى تۇتۇپ «ھەر ئىككىلىڭلارغا قۇتاتسۇن !» دەپ ، ئۇلارنىڭ ئالىقانلىرىنى يەرگە سۈرىدۇ . خەلق ئىچىدە ھەربىر بارماقنىڭ مۇقىملاشقان سان قىممىتى بولۇپ ، ھەربىر بارماق مەلۇم سان بىرلىكىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ . بۇ ئۇسۇل بىلەن ھەتتا پارچە سانلارنىمۇ ئىپادىلىيەلەيدۇ . مانا بۇ ئادەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى بارماق ئارقىلىق ساناش ئادىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر .

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بارماق سان ئۇقۇمىدا «10» ئەڭ چوڭ سان ھېسابلانغان . باشلانغۇچ كوممۇنا دەۋرىنىڭ تەڭ تەقسىماتچىلىق تۈزۈمى ئاستىدا ياشاۋاتقان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئورتاق ياراتقان بايلىقلىرىنى تەڭ تەقسىم قىلغاندا ،

جۈپ سانلىق قىممەتكە ئىگە دارامەتتە قالدۇق ئاشمىغان ، ئەمما تاق سانلىق دارامەتنى بۆلگەندە قالدۇق سان ھاسىل بولۇپ ، ئۇنى قانداق تەڭ تەقسىم قىلىشنى بىلەلمىگەن ، نەتىجىدە ، بۇ «سىرلىق» ھالەتتىن ئويغا چۆكۈپ ، بۇنداق تاق سانلاردا بىر خىل ئالاھىدە خىسلەت بار ئىكەن ، دەپ چۈشەنگەن . نەتىجىدە ، تاق سانلارنى سىرلىقلاشتۇرۇپ مۇقەددەس سان دەپ قاراش چۈشەنچىسى بارلىققا كەلگەن . ئون بارماق ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سان 9 بولغاچقا ، ئۇ سانلارنىڭ ئەڭ بۈيۈكى دەپ قارىلىپ ئۇنىڭغا چوڭقۇر سىمانتىكىلىق ۋە ئېتنوگرافىيىلىك مەنە بەرگەن ، كېيىن مۇرەككەپ سان ئۇقۇمى چۈشەنچىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنمۇ ، ئەنئەنىۋى مۇقەددەس سان قاراشلىرى ئۆزلىرىنىڭ فولكلورلۇق قىممىتىنى يوقاتماي داۋاملىشىپ كەلمەكتە (بۇ مۇقەددەس سانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە خاراكتېرى ھەققىدە بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردا كۆپ مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغاچقا ، بىز ئۇ ھەقتە مەخسۇس توختالمىدۇق ) .

ئىنسان ئەقىل - پاراستىنىڭ ئۇزلۇكسىز يۈكسىلىشى ، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ مۇرەككەپ سانلارغا نام بېرىش ، سانلارنى ئۆزئارا قوشۇش ، ئېلىش ، كۆپەيتىش ۋە بۆلۈش ئۇسۇللىرىمۇ تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن .

قەشقەر «يىپەك يولى» سودىسىنىڭ تۈگۈنى بولغاچقا ، بۇ رايوندا سودا - سېتىق ۋە بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان . بۇ ساھەلەر بىۋاسىتە ھالدا ھېساب ئىلمىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغاچقا ، قەشقەر خەلقى ھېساب ئىلىملىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئارىفمېتىكا (تۆت ئەمەل ) ، گېئومېترىيە (ھەنەسە ) ، ئالگېبرا قاتارلىق ماتېماتىكا ئىلمىنىڭ ھەرقايسى

تارماقلىرى ۋە ئۇلارنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا يېتەرلىك مەلۇماتلار بار. بۇ ھال 11 ـ ئەسىرلەردىلا بۇ خىل پەنلەرنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا خېلى كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ فولكلورلۇق ساناق سان ئۇقۇمىدا تۈپ ساندىن كېيىن باشلىنىدىغان مۇرەككەپ سان ئۇقۇمىنى تۈپ سان تەرتىپى بويىچە ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن، مەسىلەن، بىر ئون (10)، ئىككى ئون (20)، ئۈچ ئون (30)، توققۇز ئون (90)، بىر يۈز (100)، بىر مىڭ (1000)، بىر تۈمەن (10،000)، ئون تۈمەن (100.000)، يۈز تۈمەن (1،000،000)....ۋە باشقىلار. تاق ـ جۈپ سانلارغا كەلگەندە، ئالدى بىلەن بىرلەر خانىسى ئاندىن ئونلار خانىسى ئوقۇلغان ۋە ئونلار خانىسىدىكى سان ئەسلىدىكى ساندىن «ئون» ئۇقۇمى كېمەيتىلىپ مەنە بەرگەن. مەسىلەن:

سەككىز ئوتتۇز = 28. ئۈچ ئوتتۇز = 23.

بىر ئاتمىش = 51. ۋە باشقىلار. بۇ خىل سان ھېسابلاش 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن ئەمەلدىن قالغانلىقى مەلۇم.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشلىتىلگەن رەقەم شەكىللىرىمۇ كۆپ خىل بولۇپ، قەدىمكى رىم رەقەملىرى (يۇنان رەقىمى)، ھىندىستان رەقىمى، ئەرەب رەقىمى ۋە باشقا رەقەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا قوللىنىلغان. خەلق ئىچىدە بىر قەدەر كەڭرەك ئومۇملاشقىنى ھازىر پۈتۈن دۇنيادا ئورتاق قوللىنىلىۋاتقان 1، 2، 3، 4، 5... شەكلىدىكى سان رەقەملىرىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەبجەت ھېسابىنىمۇ ئىشلەتكەن. بولۇپمۇ قەشقەر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي رايوندىكى ئاساسلىق مەركەزلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئەرەبلەردىن كىرگەن بۇ ئەبجەت ھېسابى قەشقەردە خېلى كەڭ ئومۇملاشقان.

قەشقەر رايونىدا ئۆتكەن كۆپلىگەن ئەدىبلەر ، تارىخچىلار ۋە باشقا ئىلىم كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەبجەت ھېسابىدىن پايدىلىنىپ ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ، تۇغۇلغان يىلى قاتارلىق مۇھىم مەلۇماتلارنى بىزگە قالدۇرغان .

«ئەبجەت» ئەرەب ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن ۋە ھەرقايسى ھەرپنىڭ سانلىق قىممىتىنى ھەمدە قەدىمكى ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ تەرتىپىنى ئەستە ساقلاش ئۈچۈن ئويلاپ چىقىرىلغان سەككىز سۆزنىڭ بىرىنچىسى .① سۆزلەر تەركىبىدىكى ھەربىر ھەرپنىڭ سان قىممىتى مۇنداق مۇقىملاشقان .

ا = 1 ؛ ب = 2 ؛ ج = 3 ؛ د = 4 ؛ ھ = 5 ؛ و = 6 ؛ ز = 7 ؛ ج = 8 ؛ چ = 9 ؛ ي = 10 ؛ ك = 20 ؛ ل = 30 ؛ م = 40 ؛ ن = 50 ؛ س = 60 ؛ ع = 70 ؛ ف = 80 ؛ ط = 90 ؛ ق = 100 ؛ ر = 200 ؛ ش = 300 ؛ ت = 400 ؛ ث = 500 ؛ ض = 600 ؛ ظ = 700 ، ص = 800 ؛ ظ = 900 ؛ غ = 1000 .

دېمەك ، ئەبجەت ھېسابى ئەبجەتتىكى ھەرپلەرنىڭ سان قىممىتى بويىچە بىرەر سۆز ياكى ئىبارىدىن مەلۇم بىر سان ، ساناق ياكى يىلنامىنى چىقىرىش بولۇپ ، سان قىممىتى ھەرپ ئارقىلىق ئىمزىملىق (يوشۇرۇن) شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ .

ھازىرقى دۇنيادا ئورتاق قوللىنىلىۋاتقان رەقەملەر (1 ، 2 ، 3 ، 4 ، 5 . . .) ئەسلىدە ھىندىستاندا پەيدا بولغاچقا ، «ھىندىستان رەقىمى» دېيىلىدۇ ، ئەمما ياۋروپالىقلار ئەڭ دەسلەپ بۇ رەقەملەرنى ئەرەبلەر ئارقىلىق قوبۇل قىلغاچقا ، ئۇمۇ ئەرەب رەقىمى دەپ ئاتىلىپ قالغان .

مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىۋاتقان يەنە

① «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1990 - يىلى نەشرى ، 1 - توم 220 - بەت .

بىر رەقەم تۈرى بولۇپ ، ئۇمۇ ئەرەب رەقىمى دېيىلىدۇ . بۇ رەقەملەرنىڭ شەكلى مۇنداق :

كونا ئەرەب رەقىمى

0 9 8 7 6 5 4 3 2 1

بىر ، ئىككى ، ئۈچ ، تۆت ، بەش ، ئالتە ، يەتتە ، سەككىز ، توققۇز ، نۇقتا (نۆل )

كونا ئەرەب رەقەملىرى سىستېمىسىدا 9 (9 ) تۈپ سانلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سان بولۇپ ، 10 دىن باشلاپ نۇقتا (نۆل ) نىڭ ئالدىغا تۈپ سانلار قوشۇلۇپ ، خالىغان سانلىق مىقدار ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن ، مىنگونىڭ 1 ـ يىلى مىلادىيەنىڭ 1932 ـ يىلىغا باراۋەر بولىدۇ . مېنىڭ مۆچىلىم «بېلىق يىلى» بولۇپ ، مىلادىيە يىلى بويىچە 1940 ـ يىلىغا ، ھىجرىيە ھېسابىدا 1358 ـ يىلىغا تەڭ ، ئابدۇرېھىم نىزارى (مىلادىيە 1667 ـ 1805 ) «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدىكى « . . .دەرئەردىكى تىترەپ چۈپادى خازان ، كى ئۆچتى ‹چىراغىم › نىتەي ئاھ جان» دەپ يېزىلغان بۇ مىسرادا «چىراغىم» سۆزى ئەبجەت ھېسابىغا ئىما قىلىنغان . بۇ سۆزنىڭ سان قىممىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەبجەت قائىدىسى بويىچە سېلىشتۇرغاندا مۇنداق بولىدۇ :

چ + ى + ر + ا + غ + ى + م = چىراغىم

3 + 10 + 200+ 1 + 1000 + 10 + 40 = 1264 دېگەن تۆت خانىلىق سان كېلىپ چىقىدۇ . بۇ سان رابىيە ـ سەئىدىن تراگېدىيىسىنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى بولۇپ ، ھىجرىيىنىڭ 1264 ـ يىلى ، مىلادىيەنىڭ 1847 ـ ، 1848 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ . بۇ خىل ئەبجەت ھېسابى كۆپرەك ئۆلىما ـ زىيالىيلار ئارىسىدا تارقالغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئىجادىيەت مىراسلىرىدا قوللىنىلغان .

ئۆلچەم بىرلىكلىرى

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى فولكلورلۇق ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى ئېتنىك خاراكتېرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

(1) ۋاقىت ئۆلچىمى

ۋاقىتنى بىر قەدەر ئېنىقلىق بىلەن ئۆلچەش ئەسۋابلىرى (سائەت قاتارلىق) تېخى بارلىققا كەلمىگەن يىراق ئۆتمۈش زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز ۋاقىت ئۇقۇمىنى ھەرخىل فولكلورلۇق ناملار بىلەن بەلگىلەپ، ئۇنى ۋاقىتنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى ئورنىدا ئىشلەتكەن. مەسىلەن، ئۇلار بىر كۈننى «ئەتىگەن»، «چۈش»، «كەچ» دەپ ئۈچكە بۆلۈپ، ئەتىگەننى يەنە «قاق سەھەر» (تاڭ سۈزۈلۈپ كۈن چىققۇچىلىك بولغان ئارىلىق)، «ناشتا»، «كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە» (ئەتىگەن سائەت 8 — 9 لار)، «قوزى چۈش» (ئەتىگەن سائەت 10 — 11 لەر ئارىلىقى) دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن پەرقلەندۈرگەن. كېچىلىك ۋاقىتنى «ئەلياتقۇ»، «تۈن كېچە»، «يېرىم تۈن» (تۈن نىسپى)، «باش توخۇ»، «ئاياغ توخۇ»... دەپ ئايرىغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن كۈندىلىك ۋاقىتنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئايرىشتا بەش ۋاخ ناماز نامىنى قوللىنىش ئادىتى ئومۇملاشقان. ھەربىر نامازنىڭ بەلگىلەنگەن مەزگىلى ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى قىلىنغان. بۇ خىل ئادەت خەلق ئارىسىدا ھېلىھەم قوللىنىلماقتا. ۋاقىتنى سېكۇنت، مىنۇت، سائەتكە ئايرىپ قوللىنىش تېخى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۆزلەشكەن.

(2) ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى

قەشقەر خەلقىنىڭ تىلىدىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمىنى ئىپادىلەيدىغان ناملاردا شۇ خىل ئۆلچەمگە موھتاج بولغان ئوبيېكتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، لېكسىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق

مەنە جەھەتتە : ① بىرەر نەرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەش ، ② مۇساپە ۋە ئارىلىقنى ئۆلچەش دەپ ئىككىگە بۆلۈندۇ .

بىرەر نەرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەشتە ھەم ئانتروپومېتىرىكلىق (ئادەمنىڭ بىرەر ئەزالىرىنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىش ) ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان ئاتالغۇلار ھەم ئەمگەك قوراللىرى ياكى ئۆلچەم سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتاش ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئاتالغۇلارنى قوللىنىش ئادەتكە ئايلانغان . مەسىلەن ، غېرىچ ، سويام ، غۇلاچ ، جەينەك ، چامدام (قەدەم ) ، تاپان ، تىرناق ، ئىلىك ، ئادەم بويى ، چام ، ئون يېتىم ، چاقىرىم . . . دېگەنگە ئوخشاش ئادەم ئەزالىرى بېشارەت قىلىنغان ئاتالغۇلار ئۇزۇنلۇقنىڭ مۇئەييەن بۆلىكىنى ئىپادىلەشنىڭ بىرلىكى قىلىنغان . بۇ ئۆلچەم ناملىرىنى ئەمەلىي قوللانغاندا زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياجغا قاراپ ھەربىر بىرلىكنىڭ ئالدىغا مۇئەييەن ساناق سانلار قوشۇلىدۇ .

ئىككىنچى خىلدىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى ئاتالغۇلىرىغا ئارغامچا بويى (كۆن ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلدى ) ، نەيزە بويى ، گەز ، بىر ئورام ، بىر باغلام ، بىر كەتمەن ، بىر گۈرجەك ، بىر تاناپ . . . قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن . بۇ خىل ئۆلچەملەرنىڭ بىرلىك قىممىتى خەلق ئارىسىدا نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولغان . مەسىلەن ، «بىر تاناپ يەر » دېسەك ، خەلق ئارىسىدا مۇقىملاشقان ئۆلچەم ئاساسىدىكى تاناپ (يىپ ئارقان ) بىلەن تۆت چاسا (كۋادرات ) قىلىپ ئۆلچەنگەن ئون تاناپ يەر تەخمىنەن 1 موغا باراۋەر .

ئەجدادلىرىمىز يەنە «پاتمان » دېگەن ئاتالغۇنىمۇ قوللىنىپ كەلگەن بولۇپ ، ئۇ ھەم ئۇزۇنلۇق ، ھەم ئېغىرلىق ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن .

خەلق تىلىدىكى مۇساپىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكلىرى

ئاساسەن مۇساپىنى ئۆلچەش ئۇچۇن قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل - ئامىللارنىڭ نامى بىلەن ياكى ۋاقىت كەسمىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن ئاتىلىدۇ . مەسىلەن ، بىر ئوق يېتىم ئارىلىق ، بىر ياغاچ يەر ، كۆز يېتىم يەر ، بىر رابات يەر ، بىر ئۆتەڭ يەر ، بىر ئات چاپتۇرۇم يەر ، بىر كۈنلۈك يول ، بىر ئاش پىشىم جاي ، ئېگەك ئاستى يەر ، بىر پوتەي يول . . . ۋە باشقىلار .

ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ جىسمانىي مۇمكىنچىلىكلىرى ھەم ئات - ئۇلاغلارنىڭ يول يۈرۈش ئىقتىدارلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىپ ، ئوبيېكتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا تەخمىن قىلىنغان . يۇقىرىقىدەك فولكلورلۇق ئۆلچەم بىرلىكلىرى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە خېلى چوڭقۇر دەرىجىدە يىلتىز تارتقان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن ئېنىقلىق دەرىجىسى نىسپىيلىككە ئىگە .

بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بارلىق ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بىردەك ئومۇملاشقان بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقنى ئۆلچەشتە ئەنە شۇ خەلقئارا ئۆلچەم بىرلىكى ئاساس قىلىنىدۇ .

(3) ئېغىرلىق ئۆلچىمى

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كۆپرەك قوللىنىلغان ئېغىرلىق ئۆلچەملىرى «پۇڭ» ، «مىسقال» ، «سەر» ، «تاغار» ، «شىڭ» ، «كۈرە» . . .قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . بۇ ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئىچىدە بەزىلىرى ئېنىقلىق دەرىجىسى مۇقىملاشقان ئورتاق ئۆلچەم بىرلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئون فۇڭ = بىر مىسقال ، ئون مىسقال = بىر سەر ، ئون سەر = بىر جىڭ ؛ بىر شىڭ = تۆت جىڭ ، بەش شىڭ = بىر كۈرە . ئون ئالتە جىڭ = بىر چارەك . . . قاتارلىقلار . يەنە بەزىلىرى نىسپىي ئېغىرلىق ئۆلچەملىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېغىرلىق مىقدارىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولمايدۇ . مەسىلەن ، خەلق ئارىسىدا بىر تاغار

بوغدايىنى ئون چارەك ، بىر خورجۇننى ئىككى چارەك ، دەپ قارايدۇ .

سۇيۇقلۇقنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەشتە مۇئەييەن ھەجىمدە ياسالغان بۇيۇملار (پىيالە ، چىنە ، ھېجىر ، چۆمۈچ ، كورا ، چېلەك ، قاپاق . . . ) نى ئۆلچەم بىرلىكى سۈپىتىدە قوللانغان .

ھازىرقى زامان ئۇقۇمىدىكى گرام ، كىلوگرام ، توننا ، لىتىر ، دادەن ، دەن قاتارلىق ئېغىرلىق ئۆلچەم ناملىرى خەنزۇچە ۋە خەلقئارا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ ، مۇشۇ ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئورتاق قوللىنىلماقتا .

دەرۋەقە ، خەلق ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بىرلىكلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ ، ئۇنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە تەتقىق قىلىش مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ھەمدە ھازىرقى زامان مېتېئورولوگىيە ئىلمىدە مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە .

خۇلاسە :

بىز مەزكۇر بابتا قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىلىم - پەن ئۇتۇقلىرىنى ئۈچ چوڭ ساھە بويىچە قىسقىچە شەرھلىدۇق . مەلۇمكى ، ئىلىم - پەننىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ، جۈملىدىن قەشقەر رايونىمىزدىكى ئىلىم - پەن ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغاچقا ، ئىلىمخۇمار قەشقەر خەلقى تارىختىن بۇيان ئىجتىمائىي پەن ، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ ئۆزىگە خاس مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن . فولكلورلۇق تۈسكە ئىگە بولغان بۇنداق ئەنئەنىۋى ئىلىم - پەن ئۇتۇقلىرى ئۇنى ياراتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى

ھېسابلىنىدۇ . بىز بۇ تەتقىقاتىمىزدا تېمىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قەشقەردىن ئىبارەت بۇ ئەزىزانە يۇرتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىنى بايان قىلىش بىلەن چەكلەندۇق . يول ماڭغانسېرى كېڭەيگەندەك ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن ماتېرىيال مەنبەلىرىگە كۆرە ، بۇ يازمىشلىرىمىزنىڭ تولىمۇ كەمتۈك ۋە چولتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمىز . ئەلۋەتتە ، بىزنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغان كەمتۈكلۈك بۇ ھەقتىكى تەتقىقات خىزمىتىمىزنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا تولۇقلانغۇسى .

# VII باب  قەشقەر ئۇيغۇر مائارىپى ئۇستىدە ئەسلىمىلەر

## مۇقەددىمە

ئۇيغۇر خەلقى دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە نەچچە مىڭ يىللارنىڭ مابەينىدە مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ تەربىيىسى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، مىللىي كىملىك ۋە مىللىي ئۆزلۈك روھىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى، شۇنداقلا مىللىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى.

ئۇيغۇر مىللىي خاسلىقى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى قەشقەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغاندەك ئۇيغۇر مائارىپىمۇ قەشقەرنىڭ نامى بىلەن مەھكەم باغلانغان.

قەشقەر بىنا بولغاندىن تاكى ھازىرغىچە ھەرخىل تارىخىي دەۋر، ئىجتىمائىي شارائىت، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ غايەت مۇستەھكەم ئومۇرتقىسى بولغان، مائارىپ ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىدىكى ياراشقان خالغا ئوخشاش مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردىن ئىبارەت ئىلىم - ھېكمەت بۇلاقلىرىدىن قايناپ چىققان زىلال سۇلار قەلبلەرنى سۇغىرىپ ئۇنى سۈيۈندۈردى، ئىلىم مەشئەللىرىدىن چاقنىغان نۇرلار كۆزلەرنى قاماشتۇردى، ئىلىم - ھېكمەت باغچىلىرى ئۆز قوينىدا ئىلىم - پەننىڭ رەڭگارەڭ گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت

گۈلزارلىقىدا ئۆزىگە خاس مەنزىرىنى شەكىللەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپ ئىشلىرىدىمۇ بىر گۈللىنىش پەيدا قىلدى ۋە بىر مەزگىل «سانى بۇخارا»، يەنى ئىككىنچى بۇخارا دېگەن نام بىلەن تەرىپلىنىپ، ئىلىم ـ پەن، ئوقۇتۇش سۈپەت ـ سەۋىيە جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلىم مەركەزلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ئىنسانىيەتنىڭ شانلىق مەدەنىيەت دەۋرى تەلىم ـ تەربىيە مائارىپىنى ئاساسىي بەلگە قىلغىنىغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قوشقان تۆھپە ـ نەتىجىلىرى ۋە بۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، تارىخ بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ئۇلاشقانلىقى قەشقەر مائارىپىنىڭ تىللاردا داستان بولغىدەك ئۇلۇغ تۆھپە ـ نەتىجىلىرى بىلەن زىچ باغلىنىدۇ.

قەشقەر مائارىپى قەدىمىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخى ئۇزۇن، قەشقەر مائارىپى تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنىي ئېتىقادنى ئاساسىي بەلگە قىلغان. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى دىن ـ ئېتىقادنى ئۆزىگە يادرو قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن قەشقەر مائارىپىمۇ بۇ ئاساسىي ئالاھىدىلىكتىن مۇستەسنا ئەمەس.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان تارىخنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدە شامان ـ ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرى مائارىپ ئىشلىرىدا ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. قەدىمكى دەۋرلەردىكى بۇددا ـ نوم تەلىماتلىرى ۋە ئۇلارنى تەرغىب قىلىدىغان ئەخلاق دەستۇرلىرى قەشقەردىكى مائارىپ ئوچاقلىرىدا تەربىيىلىنىپ چىققان مەشھۇر زاتلار يازغان «ئالتۇن يارۇق»، «چاشتانى ئىلىك بەگ» كە

ئوخشاش كىتاب ـ ئەسەرلەر ، ۋەرەقە ـ تارىشا پۈتۈكلەر قەشقەردە راۋاجلانغان قەدىمىي مەدەنىيەت ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇ يېتىشتۈرگەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ بۇدداچە بىلىم ـ مەلۇماتى ، قابىلىيەت ـ ماھارەتلىرىنى تولۇق مەلۇم قىلىدۇ .

9 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئىسلام دىنى قەشقەرگە كىرىپ ، كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى . قەشقەرنىڭ ئىسلاملىشىشى بىلەن قەشقەر مائارىپى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئاساسىي بەلگە قىلدى ۋە شۇ ئاساستا مىڭ يىلدىن كۆپرەك ئۇزاق تارىخ مۇساپىسىدە تەرەققىي قىلدى . زامانلار مابەينىدە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى ، بولۇپمۇ قەشقەر مائارىپى ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر ، تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىلىپ ، نۇرغۇن سەھىپىلەردە بىر مۇنچە پاكىتلار سۆزلەندى . يەنە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار يازغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ، تارىخ ، مائارىپ ھەققىدىكى كىتابلاردا قەشقەردە ياشاپ ، ئوقۇپ ، ئىجادىيەت ۋە ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولغان ئالىم ـ ئەدىبلەرنىڭ ھايات مەنزىللىرى تونۇشتۇرۇلۇپ ، بۇ زاتلارنىڭ قەشقەردىكى مائارىپ ئوچاقلىرى بولغان مەكتەپ ـ مەدرىسلەردە ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنىپ ، بۇ مەكتەپ ـ مەدرىسلەرنىڭ تارىخىي ئورنى ، ئىلىم ـ قۇۋۋىتى ، شانلىق تۆھپە ـ نەتىجىلىرى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كەلدى .

قەشقەر مائارىپىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىقلىرى بار . بۇلاردىن مۇھىمى قەشقەر مائارىپىنىڭ قەدىمىيلىكى ، ئۇزاق تارىخ مۇساپىسىگە ئىگە بولغانلىقىدۇر .

10 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئىسلامىي مائارىپ دەۋرى باشلاندى . بۇ جەرياندىكى ئەڭ دەسلەپكى ئۇستاز ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد سامانىي . ئۇ سۇلتان ساتۇق بۇغراخانغا تۇنجى ئىسلامىي تەربىيىنى باشلاپ ، ئۇ ئارقىلىق قەشقەرنى ئىسلاملاشتۇردى ، جۇملىدىن ئەينى تارىختا ، ئىسلام تەرغىباتى ئۈچۈن ھەرقايسى

جايلاردىن قەشقەرگە ئاتاقلىق ئالىم ـ ئۆلىمالار يېتىپ كېلىپ، مەدرىسە ـ مەكتەپلەرنى بىنا قىلىپ، بۇ يەردە مىڭلىغان ئوقۇغۇچى، شاگىرتلارغا تەلىم بېرىپ، نۇرغۇن ئالىم ـ ئۆلىمالارنى تەربىيىلەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر قەدىمدىن تارتىپلا «ئالىملار توپلاشقان ماكان» نامى بىلەن مەشھۇر بولدى.

مىلادىيە 950 ـ يىللىرى ئوبۇلھەسەن سەئىد ھاتەم، شەيخ سەئىد جالالىدىن باغدادى، ئوبۇل مۇزەپپەر خارەزمى، سۇلتان سەنجەر كاسانى، ئىمام نەسرىدىن، ئىمام مۇئەيىندىن، ئىمان زوھورىدىن، ئىمام شاكىر قاتارلىق مەشھۇر ئالىملار قەشقەرگە كەلدى؛ مىلادىيە 960 ـ يىلى داڭلىق ئىسلام ئالىمى، ئىسلام پەيلاسوپى، مەشھۇر مۇدەررىس ئوبۇلھەسەن مۇھەممەد خالمەت قەشقەرگە كېلىپ «قۇرئان كەرىم» دىن تەلىم بەرگەن ۋە ئۇزاق يىل قەشقەردە مۇدەررىسلىك قىلىپ قەشقەردە ۋاپات بولغان؛ خارەزىملىك جارۇللا ئەبۇلقاسىم مەھمۇد بىننى ئۆمەر (ئەللامە زەمەخشەرى (مىلادىيە 1074 ـ — 1143 ـ يىللار) قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەردىكى مەدرىسىلەردە ئۈچ يىلدىن ئارتۇق مۇدەررىسلىك قىلغان، ئۇ، شۇ جەرياندا قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن مول تىل ماتېرىياللىرىنى ئىگىلەپ، شۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۆزىنىڭ «مۇقەددىمەتۇل ئەدەپ» (ئەدەپنىڭ مۇقەددىمىسى) ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان.

شۇ زامانلاردا قۇرۇلغان قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى — «مەدرىسەئى ساچىيە» دە ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ كاشغەرى، سەئىد جالالىدىن باغدادى، ئوبۇلھەسەن خوجا ياقۇپ سۇزۇكى، جامالىدىن كاشغەرى، رەشىد ئىبنى ئەلى كاشغەرى، ئىمامىدىن كاشغەرى كەبى مەشھۇر ئالىملار دەرس ئۆتتى.

قەشقەرگە ئىسلام دىنى كىرگەندىن باشلاپ، قەيەرگە ئىسلام دىنى تارقالغان بولسا شۇ يەرگە مەسچىت، مەكتەپ، مەدرىسە بىنا

بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قەشقەرنىڭ ھەممە جايلىرىغا ھەر دەرىجىلىك مەكتەپ ، مەدرىسلەر بىنا قىلىنغان . ئەينى دەۋرلەردىكى «مەدرىسەئى ساچىيە» ، «مەدرىسەئى ھامىدىيە» ، «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» قاتارلىقلار قەشقەر ئىسلام ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مۇھىم ئوچاقلىرى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تارىخى بەك ئۇزۇن . ئەنە شۇ توختىماي ئىلىم نۇرىنى چاچقۇچى بىلىم مەركەزلىرى تارقاتقان ھىدايەت نۇرلىرى ئۇيغۇر خەلقىگە «ئىلىم - ھېكمەت» نىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتلىق يولى ، مەۋجۇت بولۇشىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى ، ئىمان - ئېتىقادنى قوغداشنىڭ پاسىبانى ، ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە راۋاجلىنىشنىڭ رۇخسەتنامىسى ئىكەنلىكىنى ، ئوقۇشنىڭ شەرەپ ۋە ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇتتى ، شۇڭا قەشقەر خەلقى ئۆز ئەقىدىسىگە مۇۋاپىق ھالدا مەكتەپنى ، مەدرىسلەردىن ئىبارەت ئىلىم - ھېكمەت ئوچاقلىرىنى قەدىرلەپ ۋە ئەزىزلەپ كەلدى .

قەشقەردىكى مەدرىسلەرنىڭ تەمىرلىرى ھەققىدە نۇرغۇن رىۋايەت - تەزكىرىلەر ۋە ئەل ئىچىگە تارقالغان ۋەقە - ھېكايەتلەر بار . قەشقەردىكى داڭقى بار بۇ مەدرىسلەرنىڭ بىنا بولۇش تارىخى جەھەتتىن ئېيتقاندا ، خانلاردىن «ئابدۇللاخان» نامىغا سېلىنغان «خانلىق مەدرىسە» تەخمىنەن 500 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان بولسا ، قەشقەر «ساقىيە مەدرىسىسى» 400 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە . ۋاڭلاردىن يۇنۇس ۋاڭ نامىغا سېلىنغان «ۋاڭلىق مەدرىسە» ، «تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسىسى» ، «ئۆمەر ھېكىمبەگ مەدرىسىسى» بەگلەردىن قۇربان دورغاپ نامىدىكى «دورغىبەگ مەدرىسىسى» قاتارلىقلار 1850 - يىللاردىن ئىلگىرى ياسالغان بولۇپ ، قۇرۇلۇش ۋاقتى 200 يىلدىن ئاشىدۇ . قەشقەردىكى مائارىپ ۋە ئىلىم - ھېكمەتنى سۆيىدىغان بايلار تەرىپىدىن ياسالغان «ئاخۇنبايۇپلار مەدرىسىسى» (يەنى چارسۇ مەدرىسىسى ) ، «توقام مەدرىسىسى

(يەنى ئابدۇۋەلى باي مەدرىسىسى )» ، توختى غوجى ئاتلىق زات سالدۇرغان «كەنجازە مەدرىسىسى» ، مەدرىسەئى كەرىمىيە نامىدىكى «قازانچى مەدرىسىسى» قاتارلىقلارمۇ خېلى قەدىم تارىخقا ئىگە . گەرچە بۇ چاغلار ئۆتمۈش كونا جەمئىيەت ، فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ، فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ھۆكۈم سۈرگەن چاغلار بولسىمۇ ، كەڭ قەشقەر ئاممىسى مائارىپقا ، ئوقۇشقا ، ئىلىم - پەن ، ھۈنەر - سەنئەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ، ھەر بىر مەھەللە ، ھەربىر يېزا - كەنت ، ھەرقايسى جايلاردا مەسچىت ، مەكتەپ ، مەدرىسىلەرنى قىزغىنلىق بىلەن بىنا قىلىپ ، ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئىلىم - مەرىپەتلىك كىشىلەردىن قىلىش ئۈچۈن شەخسىي ئىقتىساد ، پۇل - پۈچەك ، يەر - زېمىن قاتارلىق ۋەخپە - ھەدىيىلەرنى چىقىرىپ ، ئۇلارغا قاراشلىق تۈگمەن - سوقا ، دۇكان - ساراي ، يەر - سۇ ، ئېتىز - ئېرىق ، دەل - دەرەخ قاتارلىقلاردىن كىرگەن مەبلەغ ئارقىلىق مەكتەپ ، مەدرىسىلەرنىڭ تەمىنات مەسىلىلىرى ، مۇدەررىس ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاش - تەمىنات مەسىلىلىرى ، ئوقۇغۇچى - شاگىرتلارنىڭ تاماق ، ياتاق ، تۇرمۇش خىراجەتلىرىنى ھەل قىلىپ ، بۇ يەردىكى مۇدەررىس - ئوقۇتقۇچى زاتلارنىڭ ، شاگىرت - ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتقان .

قەشقەردىكى ئىلىم - پەننى ، مائارىپنى قەدىرلەيدىغان نۇرغۇن سودىگەر - تىجارەتچى ، ھەر ساھەدىكى ئىئانىچى شەخسلەر «مەكتەپ سېلىش ، مەدرىسە سېلىش شەرەپ» دەپ قاراپ ۋە ئەۋلادلار ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشنى پەخىر - ئىپتىخار ھېس قىلىپ مەكتەپ - مەدرىسىلەرگە مەردلىك ۋە سېخىيلىق بىلەن ياردەم بەرگەن .

نۇرغۇن مەكتەپ - مەدرىسىلەرنىڭ سىنىپ ، ياتاقلىرى

پاكىز ، ياخشى سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆتۈپخانا مۇئەسسەسەلىرى تولۇق بولغان . ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلار ياتاق ، تاماق ، كىيىم ـ كېچەك ، ئوقۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلاردىن ھەقسىز بەھرىمەن بولغان . خەلقنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادىغا ئاساسەن مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىلىم تەشنالىرى «باي ـ كەمبەغەل» دەپ ئايرىلماي ، ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى ۋە ئۇلۇغ ئىنسانلىق ھەق ـ ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ ، ئۇلار ئارىسىدىن تالانتلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىققان .

بىر قىسىم مەكتەپ ـ مەدرىسلەرنىڭ مەكتەپ ئىقتىسادىي جۇغلانمىسى خېلى كۆپ بولغاچقا ، مەكتەپ ـ مەدرىسلەر ۋاقتى ـ ۋاقتىدا رېمونت قىلىنىپ ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىمكانىيەت يارىتىلغان .

قەشقەردىكى مەكتەپ ـ مەدرىسلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئەستايىدىل ۋە مۇستەھكەم قىلىپ لايىھىلەنگەچكە ، بۇ يەردىكى بىناكارلىقنىڭ نەمۇنىلىرى ئۆزىنىڭ بىناكارلىق سەنئەت قىممىتى بىلەن ھازىرغىچە كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرماقتا .

## § 1 . مەدرىسە مائارىپى

قەشقەر تارىخىدىكى نامى بار مەدرىسلەر تۆۋەندىكىچە :

1 . ساچىيە مەدرىسىسى

بۇ مەدرىسە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان چوڭ مەدرىسە بولۇپ ، «ساچ» سۆزى «چېچىش ، تارقىتىش» مەنىسىدە . بۇ مەدرىسىدە ئوقۇپ چىققان مىڭلىغان شاگىرت ـ تەلەبىلەر ھەرقايىسى تەرەپلەرگە بۇ مەدرىسىدە ئۆگەنگەن ئىلىملەرنى تارقىتىپ ، مەدرىسىنىڭ شۆھرىتىنى جاھانغا تارقاتقان . بۇ مەدرىسە

سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى مۇساباي تاش تەختكە ئولتۇرغان 955 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ياسالغان . بۇ يەردە نۇرغۇن ئالىملار مۇدەررىسلىك قىلغان ، بۇ يەردە ئىسلام دىنىغا دائىر «قۇرئان كەرىم» ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبەت ـ بايانلىرى مۇجەسسەملەنگەن «ھەدىس شەرىف» كىتابلىرى ، شەرىئەت ئىلمىدىن فىقھە كىتابلىرى ئۆگىنىلگەندىن باشقا ، يەنە دۇنياۋى ئىلىملاردىن ماتېماتىكا ، يۇنان پەلسەپىسى ، ئىلمي نۇجۇم — ئاسترونومىيە ، مېدىتسىنا ، ئىلمى مەنتىق ، تارىخ ، ھېكمەتۇل ئەين — جۇغراپىيە ، تىلشۇناسلىق قاتارلىق ئىلىملەرمۇ ئۆگىتىلگەن .

2 . «مەدرىسەئى ھامىدىيە»

بۇ ئەل ئىچىدە «گۇلباغ مەدرىسىسى» مۇ دېيىلىدۇ . قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسىدا قۇرۇلغان بولۇپ ، ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجام دەپ ئاتالغان ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ، شاگىرتلىرىدىن «جان پىدا غوجام» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر نەچچە مىڭ شاگىرت ـ تەلەبىلىرى ئوقۇغان «مەدرىسەئى ھامىدىيە» بىلەن باغلانغان . قەشقەرلىق مەشھۇر ئۆلىما موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى ئەنە شۇ «مەدرىسەئى ھامىدىيە» دە ئوقۇغان .

3 . مەدرىسەئى مەسئۇدىيە

چاغاتاي ئوردىسىدىكى باش بۇغ — مەسئۇد دادىسى مەھمۇد يالۋاچنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن بۇ مەدرىسىنى ياسىتىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى قويغان . خاتىرىلەرگە قارىغاندا ، 1260 ـ يىللىرى ئەتراپىدا نايمانلار ۋە قارا قىتانلار قەشقەرگە باستۇرۇپ كىلىپ ، قەشقەردىكى نۇرغۇن ئاھالە ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ مۇئەسسەسەلىرىنى ۋەيران قىلغان . «مەدرىسەئى مەسئۇدىيە» ئۇ چاغدا ۋەيران قىلىنغان «مەدرىسەئى ساچىيە» نىڭ ئورنىغا ، شۇ خارابىلىككە بىنا قىلىنغان ۋە بۇ مەدرىسە يېنىغا «سائادەت» كۇتۇپخانىسى تەسىس قىلىنىپ ، نەچچە ئون مىڭ پارچە ھەرخىل

كىتاب قويۇلغان . بۇ مەدرىسىگە يالغۇز قەشقەردىنلا ئەمەس ، بەلكى كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى ۋە كەشمىر ، ھىندىستاننىڭ لاھور قاتارلىق جايلىرىدىنمۇ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار كەلگەن .

4 . قەشقەر بەشكېرەم تەۋەسىدىكى «بۇۋى مەريەم خېنىم مەدرىسىسى»

بۇ قەشقەردىكى تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن مەدرىسلەردىن بىرى . قاراخانىيلارنىڭ خانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئىككىنچى قىزى بۇۋى مەريەم خېنىم مازارلىقى يېنىغا تەسىس قىلىنغان 40 ھوجىرىلىق چوڭ مەدرىسە بولۇپ ، ئۇنىڭغا 150 مودىن ئارتۇق زېمىن ئاجرىتىلغان ، 300 مودىن ئارتۇق ۋەخپە زېمىنى بار ، خانئۆي بىلەن باشتوغراق ئارىلىقىدا ھېلىمۇ ئۇنىڭ خارابىسى بار . ئەل ئارىسىدا بۇۋى مەريەم خېنىم ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايە ۋە رىۋايەتلەر تارقالغان .

قەشقەردە تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن ، تاكى 1955 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن نامى مەشھۇر مەدرىسلەر تۆۋەندىكىچە :

1 . «خانلىق مەدرىسە» ھازىرقى قەشقەر سىياسىي مەكتەپ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ .

2 . «قازانچە مەدرىسە» خانلىق مەدرىسىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ ، سىياسىي مەكتەپ ئىچىدە .

3 . «ساقىيە مەدرىسە» قارىقى دەرۋازىدىن شىمالغا ماڭغان ساقىيە مەھەللىسىدە .

4 . «لاي پەشتاق مەدرىسە» بۈگۈنكى بەش ئېرىق مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىدا .

5 . «ۋاڭلىق مەدرىسە» ھازىرقى ئوردا ئىشىكى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىدا .

6 . «زوھوردىن ھېكىمبەگ ۋاڭلىق مەدرىسە» قەشقەر شەھەر

يولۇچىلار بېكىتى ئىچىدە (پايناپ) .

7 . «مۇھەممەدتاجى ھېكىمبەگ مەدرىسىسى» قەشقەر شەھەر قوناق بازىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ .

8 . «تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسىسى» ھازىرقى قوناق بازىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىچىدە .

9 . «دورغىبەگ مەدرىسىسى» ھازىرقى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ئائىلە قورۇسى ئورنى ، فىلىم شىركىتى يېنىدا .

10 . «يۈسۈپ ۋاڭ مەدرىسىسى» قەشقەر قارىقى دەرۋازا يولىدىكى گۈلە - قاق بازىرىغا توغرا كېلىدۇ .

11 . «ئىسمائىل باي مەدرىسىسى» قارىقى دەرۋازا يولى بىلەن چاسا يولىنىڭ كېسىشىش ئاغزىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىگە توغرا كېلىدۇ .

12 . «شاھ پولاتبەگ مەدرىسىسى» بۇگۈنكى دۆڭ مەسچىتنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ .

13 . «ئابدۇۋەلى باي مەدرىسىسى» ھازىرقى تىل - تېخنىكا مەكتەپ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ ، ئادەتتە «توقام مەدرىسىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

14 . «ھېيتگاھ مەدرىسىسى» ھېيتگاھ جامەسى ئىچىدە .

15 . تاغارچى كوچىسىدىكى «سەلىمئاخۇن داموللاھاجى مەدرىسىسى» ھازىرقى ئاھالە كومىتېت ئورنىدا .

16 . «ئەھرارخان تۆرەم مەدرىسىسى» ھازىرقى ئۆستەڭبويى كوچا باشقارما ئورنى .

17 . «كەنجازە مەدرىسىسى» ھازىرقى ئۆستەڭبويى ساقچىخانا ئورنىغا توغرا كېلىدۇ .

18 . «چاچ مەدرىسە» ھازىرقى شەھەرلىك سىياسىي مەكتەپ ئورنى .

19 . «ئۆمەر ھېكىمبەگ مەدرىسىسى» بوگونكى ئوردا ئالدى كوچىسى ئىچىگە توغرا كېلىدۇ .

20 . «خالىق ھاجىم مەدرىسىسى» ، يەنە «كەسكەن يار مەدرىسىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

21 . «مىرئەلى قازى كالان مەدرىسىسى» بوگونكى غوچىلا كوچىسى ئىچىگە توغرا كېلىدۇ .

22 . «سادىق ئاخۇن خەلفەت مەدرىسىسى» بوگونكى ئوردا ئىشكى كاللا مەھەللىسىدە .

23 . «مۇزەپپەر قازى مەدرىسىسى» ئەبىرشىمكار كوچا ئاغزىغا توغرا كېلىدۇ .

قەشقەردىكى بۇ مەدرىسلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ، يەنى «تېخنىكوم» دەرىجىلىك مەدرىسلەر بولۇپ ، بۇ مەدرىسلەردە دەرس ئۆتىدىغان مۇدەررىسلەر ئەللامە دەرىجىلىك ئۆلىمالار ھېسابلىنىپ ، شۇ دەرىجىلىك نام ـ ئابروي ، ئىجتىمائىي ئورۇن ، مۇناسىپ ماددىي تەمىناتقا سازاۋەر بولاتتى .

قەشقەر مائارىپىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى ، قەشقەردىكى مەكتەپ ۋە مەدرىسلەرنىڭ ئۆلىما ـ مۇدەررىسلىرى ، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىنىڭ بىلىم ـ سەۋىيىسى يۇقىرى ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىلغار ، ئىمان ـ ئېتىقادى مۇستەھكەم بولۇپ ، ئۇلار خەلقنىڭ قەلبىدە ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىلىپ كەلمەكتە ۋە ئۇلار ھەققىدە تەزكىرە ـ ئەسلىمىلەر يېزىلماقتا . تارىختىن بېرى قەشقەردىكى ئوقۇتقۇچى ـ مۇدەررىسلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تارىخىي شارائىت ۋە قاتناش قاتارلىق ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن قەشقەردىكى مەكتەپ ـ مەدرىسلەردە تەربىيىلەنگەن ، بىلىم ـ مەلۇمات ، ھۇنەر ـ قابىلىيەت ئىگىلىگەن ، شۇنداقلا كېيىنكى چاغلاردا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئىجتىھات قىلىپ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۇزلۇكسىز يۇقىرى كۆتۈرگەن بولۇپ ،

بۇ خىل قابىلىيىتى بىلەن زاماندىشى ئالىملار ۋە خەلق ئاممىسى ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەت تىكلىگەن .

قەشقەردىكى ئوقۇتقۇچى ، مۇدەررىسلەر ئالدى بىلەن ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئەقىدىسى ، قانۇن بىلىملىرىنى مۇستەھكەم ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئىسلام ئەھكاملىرىغا دائىر بىلىملەرنى پۇختا ، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن . شۇڭا ئۇلار ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قەشقەردىكى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كۈچلۈك ھۆرمەت قوزغىغانىدى .

مەھمۇد كاشغەرى ئۆز ئانا تىلىنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن 10 — 15 يىل جاپا چېكىپ ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق جاھانشۇمۇل ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان . بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەل گرامماتىكا كىتابى بارلىققا كەلگەن ، ئۇنى ئالەمگە تارقاتقان . ئۇ تىلشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىققا ئاساس سالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئالىملىق كامالىتى قەشقەر خەلقىنىڭ ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شان ـ شەرىپى بولۇپ كەلمەكتە ؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە ئۆگلۈك روھى بىلەن ئىسلام ئەخلاقى ، ئېتىقادى ، كىشىلىك ۋە تۇرمۇش قاراشلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ ، «ئەلنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» دېگەن يۈكسەك چاقىرىقنى ئۆز ئەسىرىدە جاكارلاپ ، دېموكراتىك ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن . قەشقەردىكى داڭلىق ئۆلىما مىرمۇھەممەدى قازىكالان ئاخۇنۇم ياقۇپبەگ — بەدۆلەتنىڭ دەۋرىدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار ھەققىدە قەتئىي چەكلەش ، كەسكىن قارشى تۇرۇشتەك روھنى نامايان قىلغان ؛ باھاۋىدىن مەخسۇم چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ تارقاتقان پىتنە ـ ئىغۋالىرىغا دادىللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ ، يۈزمۇيۈز مۇنازىرە قىلغان ؛ موللا ئاخۇنۇم دارازا — موللا ئاخۇن قازى كالان كەڭ ئاممىنى سەپەرۋەر

قىلىپ ياۋروپا ۋە رۇسىيىدىن كەلگەن جاھانگىر جازانىخورلارنىڭ ۋەھشىي قىلمىشلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ ، ئۇلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارغان .

ئىلغار مۇتەپەككۇر ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى شۇۋېت مىسسىئونېرلىرى دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ قەشقەردە خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش يولىدىكى ھەرىكىتىگە قارشى قىلغان قەتئىي كۈرەشلىرى قەشقەردىكى ئۆلىما ـ مۇدەررىس ـ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىرادىسى ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى . ئۇلار بۇ پەزىلەتلىرى بىلەن تارىختىن بىرى خەلقنى تەربىيىلەپ ، ئىلھاملاندۇرۇپ ، چىن قەلبىدىن سۆيۈندۇرمەكتە .

قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا دىققەت بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق ، مەھمۇد كاشغەرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، جامالىدىن كاشغەرى ، ئىمامىدىن كاشغەرى ، ئابدۇجاپپار ئىبنى ھۈسەيىن كاشغەرى ، ئەھمەد يۈكنەكى ، سەئىددىن كاشغەرى ، جامال قەرشى ، لۇتفى ، سەككاكى ، ھىرقىتى ، ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى ، موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى ، ئابدۇرەھىم نىزارى ، غەربىي ، زىيائى ، ئابۇقادىر ئابدۇۋارىس كاشغەرى ، قۇتلۇق شەۋقى ، ئەھمەد زىيائى ، يۈسۈپ ھاجىم كاشغەرى ، مۇھەممەدخان مەخسۇم پەيزى قاتارلىق ئالىملار ، تەبىپ ـ ھەكىملەر ، شائىر ـ ئەدىبلەر قەشقەردىكى مەكتەپ ـ مەدرىسلەردە بىلىم ئېلىپ يېتىشىپ چىققان مۇنەۋۋەر شاگىرتلار ، شۇنداقلا بۇ مەكتەپ ـ مەدرىسلەردىن ئىلىم نۇرىنى تارقاتقان مەشھۇر ئۇستازلار ئىدى .

بۇ زاتلار ئۆز يۇرتى بولغان «ئەزىزانە قەشقەر» دە ، ئۆز ئائىلىسىدە ، ئۆزىنىڭ يۇرت ـ مەھەللىسىدىكى مەكتەپلەردە داڭلىق مەدرىسلەردە يېتىشىپ چىققان ئالىم ـ ئۆلىمالاردىن تەلىم ئېلىپ ، ئىلىم نۇرلىرى بىلەن قەلبلىرىنى يورۇتتى ،

ۋۇجۇدلىرىنى ئۇستازلىرى ئۆگەتكەن ئۇلۇغ ئەقىدە بىلەن قۇۋۋەتلەندۇردى. ئۇلار ئەسلىدە قەشقەر ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يېتىشتۇرۇپ چىققان ئېسىل مەھسۇلاتى، ئۆز شەرەپلىرى بىلەن قەشقەر مائارىپىنىڭ پەخىرلىرى ئىدى. ئۇلار پەقەت قەشقەردىكى ئۇيغۇر مائارىپى، قەشقەردىكى تەربىيەت زېمىنى ۋە كەڭرى ئىمكانىيىتى ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ كامىل ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلىپ، سۆيۈملۈك ئۇستازلىرى ئېچىپ بەرگەن ئىلىم - ھېكمەت يولى بىلەن تىنىمسىز ھالدا ئىلگىرىلەپ، ئەقىل - پاراسەت، يۇقىرى قابىلىيەت، ماھارەتلىرىنىڭ تەڭداشسىز مېۋىسى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئۇستازلار توپلاشقان ماكان»، «قەشقەر تارىخى»، «تارىخى رەشىدىي»، «سۇراھ»، «تېببىي ئىلىم ئىزاھاتى»، «گۇل ۋە نەۋرۇز»، «مۇھەببەتنامە — مېهنەتكامە»، «مۇھەببەت داستانلىرى»، «ماقالات»، «مەھزۇنۇل ۋائىزىن»، «كىتابىي غەربى»، «دىۋانى ناقىس»، «ئاقائىد زەرۇرىيە»، «مىفتاھىل ئەدەپ»، «رابىئە - سەئىددىن»، «قانۇنچە»، «ھەدىيەئى خىسلەت» قاتارلىق پەلسەپىۋى مۇھاكىمىگە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئېسىل دۇردانىلەرنى قوشتى ھەمدە جۇملىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ناملىرىنى تارىخ سەھىپىسىگە ئۆچمەس ئىز قىلىپ يېزىپ قالدۇردى.

قەشقەردە ئىلمىي پائالىيەت بىلەن مەشغۇل بولغان ئىبنۇل فۇتۇھ ئەبدۇل غەپپار ئىبنى ھۇسەيىن «تارىخىي كاشغەر» ناملىق كىتابنى يازغان، مەشھۇر ئالىم جامال قەرشىنىڭ «مۇلھەققەتۇل سۇراھ» ناملىق كىتابىدا ئەنە شۇ «تارىخىي كاشغەر» نىڭ بىر قىسمى ساقلانغان. «سۇراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» ناملىق كىتاب جامادىيەل ئەۋۋەلدە «پەرھاد ئەندىجانى» دەپ چاقىرىلىدىغان ئالىم ۋە خەتتات ئىبنى مەۋلانە نۇرىددىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن

1066 ـ يىلى چاھارشەنبە كۈنى خوجەنت شەھىرىدە تاماملانغان . بۇ تولۇقلىمىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە ئۆتكەن ئالىم ، مۇدەررىس ، شەيخلەرنىڭ تەزكىرە ـ تەرجىمىھاللىرى تەپسىلىي يېزىلغان بولۇپ ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە قەشقەر ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تارىخىي مەنزىرىسىنى سىزىپ بېرىشتە زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە .

يەنە «مۇلھەققەتۇل» دا بايان قىلىنىشىچە ، قەشقەرلىق مەۋلانە ئابدۇللاھ ھۈسەيىن دېگەن كىشى «ھىدايەت» ناملىق كىتابنىڭ «نىھايە» ناملىق شەرھىنى يېزىپ چىققان ، ئۇ يەنە «دىراسەت» ، «دىرايەت» ناملىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى بولغان ، ئۇ قەشقەردە ناھايىتى چوڭ ئابرۇيغا ئىگە تەھقىقشۇناس بولۇپ ، ئۆزىنىڭ كىتابلىرى ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىنى ئىسلام ئەللىرىگە تەپسىلىي تونۇشتۇرغان .

مەشھۇر ئىمام مەجىددىن خارەزمى ئۇزاق يىل قەشقەردە مۇدەررىسلىك ۋە ئىماملىق قىلغان . ئۇنىڭ «ئەززادىيىل قىرائەت» ، يەنى «قىرائەتنىڭ پايدىسى» ناملىق كىتابى بولۇپ ، ئۇ زات قەشقەردىكى مەدرىسلەردە ئۇزاق ئىشلىگەن ، قەشقەردە ۋاپات بولۇپ ، قەشقەرگە دەپنە قىلىنغان . مەشھۇر ئالىم ۋە ئۆلىما ئابدۇمۇئمىن بارلىق چىڭگىز ئېلى — چاغاتاي خان تەۋەسىگە قاراشلىق يۇرتلارنىڭ باش مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىنىپ ، چاغاتاينىڭ ئوردىسى ئالمىلىقتىن قەشقەر شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن ۋە قەشقەردىكى مەدرىسلەردە تەلىم ـ تەربىيە بىلەن مەشغۇل بولغان ؛ 1097 ـ يىلى مۇھەممەدىل ئەل سەمەرقەندى «ئەسرارۇل رىياسەت» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان . 15 ـ ئەسىردە ، يەنى تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە سەئىددىن كاشغەرى ناھايىتى مەشھۇر مۇدەررىس ئىدى . ئۇ چۆرسانىنىڭ ھىرات شەھىرىگە بېرىپ ئۇزۇن يىل مۇدەررىسلىك قىلغان . ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئابدۇراھمان جامى ، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىقلار

ناھايىتى مەشھۇر ئىدى . ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ، ئۇنىڭ ئىسلام پەلسەپىسى ۋە ھوقۇقشۇناسلىق ھەققىدىكى «مىنيەتۇل مۇسەللا ۋە غەينەتۇل مۇپتەدا» ، «كالىمەت غوجى باھائىددىن نەقشبەندى» ، «رىسالەئى نەتائىپ» ، «ۋۇجۇدنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بولغان . سەئىددىن كاشغەرىنىڭ چوڭ بوۋىسى مۇھەممەد زەينۇل ئابىدىن كاشغەرى (قايراق ) 11 ـ ئەسىرنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى ئىدى ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغانلىقى مەلۇم . ئۇنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولغان شەيخ ئالامىددىن پارس تىلىدا «مۇناقىپ خوجا زەينىددىن» ناملىق كىتابنى يازغان . ئۇنىڭ يەنە بىر نەۋرىسى مىرغوجا بىننى مەۋلانە مىرفازىل پارس تىلىدا «سىررەل ئەسرار» ناملىق كىتابنى يازغان . ئابدۇراھمان جامى ئەينى چاغدا سەئىددىن كاشغەرىدىن ئىلمىي رىيازەت (ماتېماتىكا ) ، مۇجاھىدىلىك ، پەقىرلىق ، سۇلۇك قاتارلىق ساھەلەردە بىلىم ئالغان ، دۆلەتشاھ سەمەرقەندى ، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا سەئىددىن كاشغەرى ھەققىدە كۆپ توختالغان . قەشقەر سەمەن توغراقلىق مازارغا دەپنە قىلىنغان يەتتە ئۇيغۇر مەۋلانىغا ئاتاپ (مىلادىيە 1869 ـ — 1870 ـ يىللاردا ) ۋەخپە قىلىنغان يەر ھۆججىتىدە سەئىدىيە دەۋرىگە مەنسۇپ يەتتە ئۇيغۇر مەۋلانىنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن . ئۇلارنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە : مەۋلانە مەنسۇر ، مەۋلانە ئابدۇجاپپار ، مەۋلانە ھادى ، مەۋلانە ھاپىز ، مەۋلانە ئەبۇبەكرى بەركات ، مەۋلانە پەخرىددىن ئۆمەر ، مەۋلانە مۇھەممەددىن .

مۇنداق مول ھوسۇللۇق تەپەككۇر ئىگىلىرى قەشقەردىكى مەدرىسە ـ مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى ـ مۇدەررىسلەرنىڭ قابىل كىشىلەر ، ئىجتىھاتلىق ئالىملار ، چوڭقۇر تەپەككۇرغا ئىگە دانىشمەنلەر ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەت ئارقىلىق ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ

مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلىدۇ .
قەشقەردىكى مەكتەپ ـ مەدرىسىلەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى ، بۇ مەكتەپ ـ مەدرىسىلەردە ئوقۇلىدىغان كىتابلارنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇپ ، مۇنتىزىم ھالدا داۋاملىق ئىشلىتىلىپ كەلگەن ، يەنى دەرسلىكلىرى قېلىپلاشقان .
قەشقەردىكى مەكتەپ ـ مەدرىسىلەر دىنىي دەرسلىكلەر بىلەن ماس قەدەمدە ئىجتىمائىيەت پەنلىرىدىن شېئىرىيەت ، تىل جەھەتتىن سەرف ـ نەھۋى قاتارلىق ئەرەب تىلىنىڭ گراماتىكا ۋە فونېتىكا قىسمى ، ئەدەبىيات ، تارىخ ، لوگىكا ، ئىستىلىستىكا قاتارلىق زۇرۇر بولغان دەرسلىكلەرنى ئۆگەنگەن .
قەشقەردىكى مەكتەپ ـ مەدرىسىلەردە يەنە دۇنياۋى ئىلىملاردىن ھەندىسە (گېئومېترىيە ) ، ئەلجەبرى (ئالگېبرا ) ، ئىلمىي تېب (مېدىتسىنا ) ، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە ) ، ئىلمىي كىمىيا (خىمىيە ) ، ئىلمىي رىيازەت (ماتېماتىكا ) ، ئىلمىي نابادات (بوتانىكا ) ، ئىلمىي ئەرز (جۇغراپىيە ) ، يەنە خەتتاتلىق ، لەشكەريي مەشىق (رۇسۇمات ) قاتارلىق دەرسلەرمۇ ئۆگىتىلگەن .
تارىخ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا قەشقەردىكى مەكتەپ ـ مەدرىسىلەردە ئەينى چاغدىكى ئابباسىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدىكى باغدات «نىزامىيە» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسلىكلىرىنى ئوقۇتۇش مەزمۇنى قىلغان ئاساستا ، يەنە بۇخارايى شەرىفتىكى قېلىپلاشقان ئون تۆرلۈك دەرسلەر :
(1 ) ئىلمىي تەۋھىد (ئىلمىي كالام ) ؛ (2 ) ئىلمىي تەپسىر ؛ (3 ) ئىلمىي ھەدىس ؛ (4 ) ئىلمىي فىقھـ ؛ (5 ) ئىلمىي تەجۋىد ؛ (6 ) ئىلمىي پارائىز (تەقسىمات قانۇنى ) ؛ (7 ) ئىلمىي مەنتىق ؛ (8 ) ئىلمىي سەرىف (مورفولوگىيە ) ؛ (9 ) ئىلمىي نەھۋى (گراماتىكا ) ؛ (10 ) ئىلمىي مائانى (ئىستىلىستىكا )

قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش ئومۇملاشقان بولۇپ ، ھەرقايسى ساھەدە بۇ 10 ئىلىمنىڭ كىتابلىرى دەرسلىك قىلىنغان .

1 . ئىلمىي تەۋھىد ، يەنى «ئىلمىي كالام» غا دائىر ئوقۇلىدىغان كىتابلار : «ئاقائىد تاھاۋى» ، بۇنىڭدىكى «ئاقائىد تاھاۋى» ، «تاھاۋى ئەقىدىلىرى» بۇ كىتابنى ئەبۇ جاپپار ئەفەزۇرۇفتۇ مۇھەممەد تاھاۋى مىسىردا تۈزگەن . يەنە ئىلمىي تەۋھىدكە دائىر «ئابدۇلھەكىم» قاتارلىقلار .

2 . ئىلمىي تەپسىرگە دائىر ئوقۇلىدىغان كىتابلار : تەپسىرى بەيزاۋى — ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر بەيزاۋى (1287 ـ يىلى ۋاپات بولغان) . كىتابنىڭ ئەسلىي ئىسمى «ئەنۋارۇل تەنزىل ۋە ئەسرارۇت تەئۋىل» بولۇپ ، قىسقارتىلىپ «قازى بەيزاۋى» دەپ ئاتىلىدۇ . تەرجىمىسى « ‹قۇرئان كەرىم› نۇرلىرى ۋە سىرلىرى» مۇئەللىپ شىرازنىڭ بەيزاۋى دېگەن يېرلىك بولۇپ ، شۇ يەرگە مەھكىمە شەرئىدە قازى بولغان ، يەنە «تەپسىرى جالالەين» قاتارلىق كىتابلار ئوقۇلىدۇ .

3 . ئىلمىي ھەدىس كىتابلىرى :

مەشھۇر ئالتە ھەدىس كىتابلىرى ، يەنى سەھىھۇل بۇخارى ، سەھى مۇسلىم ، ئەبۇ داۋۇت ، ئىبنى ماجە ، ناسائى ، تىرمىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەدىس كىتابلىرى . يەنە «مىشكا تىل ماسابىھ» ، بۇ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا تەبرىزى يازغان كىتاب بولۇپ ، «چىراغلار تەكچىسى» دېگەن مەنىدە ، مىلادىيە 1336 ـ — 1337 ـ يىللىرى يېزىلغان .

ھەدىسكە دائىر ئالتە كىتاب :

«سەھىھۇل بۇخارى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا بۇخارى تۈزگەن ، ئىككى توم ، ھىجرىيە 3 ـ ئەسىردە يېزىلغان .

ئىبنى ماجە — ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى يەزىد ئىبنى ماجە . مىلادىيە 824 ـ — 825 ـ يىللىرى ئىراندا ياشىغان كىشى .

ئەبۇ داۋۇت — ئەبۇ داۋۇت سۇلايمان مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ئىراننىڭ سىجىستان دېگەن يېرىدە ياشىغان كىشى .

سەھىھۇل مۇسلىم — مۇسلىم ئىبنى ھەججاج ئەبۇل نىسابۇرى . بۇ كىتاب مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە يېزىلغان .

تەپسىر ئىبنى كەسىر — سۇرىيىلىك كىشى بولۇپ ، لەقىمى ئەبۇل فىدا — دەمەشىقتىن . ئىسمائىل ئەمىر ئىبنى كەسىر . بۇ كىتاب 14 ـ ئەسىردە يېزىلغان .

4 . «ئىلمىي فىقىھ» قا دائىر ئوقۇلىدىغان كىتابلار :

مۇفتەسەرۇل ۋاقايە ، شەرھىي ۋاقايە ھىدايە ، يەنە «ھىدايە شەرھۇ بىدايە» (بىدايە ناملىق كىتابنىڭ يېتەكچى ناملىق شەرھىسى ) ، ئەبۇل ھەسەن ئەلى مەرغىنانى ھىجرىيە 6 ـ ئەسىردە يازغان (مىلادىيە 12 ـ ئەسىر ) .

5 . «ئۇسۇل فىقىھ» قا دائىر ئوقۇلىدىغان كىتابلار :

ئۇسۇلى شاشى ، «نۇرۇل ئەنۋار» ، تەۋزىھ بۇلاردىكى «نۇرۇل ئەنۋار» نىڭ مۇئەللىپى ئەھمەد شەيخ جىيۋەن ئىبنى ئەلى سەئىد ، مەككىلىك كىشى بولۇپ ، كېيىن ھىندىستاننىڭ لاھور شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان . بۇ كىتاب ھىندىستانلىق موللا مۇھەممەد جىيۋەن يازغان «مانار» ، (نۇر مەركىزى ) ناملىق كىتابنى ئىزاھلاش مەقسىتىدە يېزىلغان ھاشىيىسىگە «نۇرۇل ئەنۋار» دېگەن كىتابنىڭ «قەمەرۇل ئەقمار» (ئايلارنىڭ ئېيى ) ناملىق شەرھىسى يېزىلغان .

تەۋزىھ

تەۋزىھ «روشەنلەشتۇرۇش» دېگەن مەنىدە . بۇ كىتابنى ئۇبەيدۇللا ئىبنى مەسئۇد يازغان بولۇپ ، ئاپتورنىڭ ئۆزى يازغان «تەنقىھ (نۇرلاندۇرۇش ) ناملىق ئەسىرىنى ئىزاھلاش مەقسىتىدە يېزىلغان بولۇپ ، ئىسلام قانۇنچىلىقى ھەققىدىكى كىتاب ، مىلادىيە 14 ـ ئەسىردە يېزىلغان .

6 . « ئىلمىي تەجۋىد — قىرائەت ئىلمى » گە دائىر ئوقۇلىدىغان كىتابلار

7 . «ئىلمىي پارائىز » (تەقسىمات ، نىسبەت ۋە ستاتىستىكا ) گە دائىر ئوقۇلىدىغان كىتابلار : «سىراجىيە » ، «شەرھى سىراجىيە » .

8 . «ئىلمىي مەنتىق » (لوگىكا ) گە دائىر ئوقۇلىدىغان كىتابلار : «ئىساغۇجى » ، «قالەئەقۇل » ، «شەمسىيە » ، «هاشىيە » ، «هاشىيە سۇللەم » ، «سۇللەم تەهزىپ » .

9 . «ئىلمىي شەرف » (تىلشۇناسلىققا دائىر ) گە دائىر ئوقۇلىدىغان كىتابلار : «بىدانىل مەۋزى » ، «زەنجانى » ، «شافىيە » ، «موراهۇل ئەرۋا » ، «پالاهۇل ئەپلا » .

10 . «ئىلمىي نەهۋى »

«كافىيە » ، بۇ كىتاب مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە مەرۋە ـ دەمەشقتە ياشىغان ئىبنى هاجىپ ئوسمان ئىبنى ئۆمەر يازغان ئەرەب تىلى گراماتىكىسىغا ئائىت ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى دەرسلىك .

يەنە «هىدايىتۇل نەهۋى » ، «ئەلفىيە » ، ئابدۇراهمان جامىنىڭ «شەرھى موللا » دېگەن كىتابى . «ئاۋامىل » ، «هەرىكات » ، «تەسەرۇپات » ، «زەزىرى » ، «كافىيە » ، «ئالفىيە » قاتارلىقلار .

11 . «ئىلمىي مائانى » گە دائىر ئوقۇلىدىغان كىتابلار

«تەلخى » ، «مۇختەسەرۇل مائانى » (مەنىلەرنىڭ ئىخچاملانمىسى ) . بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مەسئۇد ئىبنى ئۆمەر تازانى ئىران خۇراسانلىق كىشى بولۇپ ، دەمەشقلىق خەتىپنىڭ «تەلخسۇل مىفتاھ » (بىلىملەر ئاچقۇچى )ناملىق كىتابىنى كېڭەيتىپ چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە يازغان . ئەرەب تىلىنىڭ سىنتاكسىس قىسمىغا ئائىت مۇهىم كىتاب .

12 . «ئىلمىي پەلەكيات» گە دائىر ئوقۇلىدىغان كىتابلار ھېكمەتۇل ئەين ، كېيىنكى چاغلاردا ئۇلۇغبەگنىڭ يۇلتۇزلار جەدۋىلى ئوقۇتۇلغان .

13 . ئەدەبىياتقا دائىر كىتابلار :

«قەسىدەئى بۇردە» ، بۇ كىتاب ئۆمەر ئىبنى ئەھمەدىل خەربۇتىنىڭ كىتابى بولۇپ ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغان قەسىدىلەرنىڭ شەرھى . ئەسلىي ئىسمى «قەسىدەئى بۇردە» ئۇ ئەرەب شائىرى ئىمام بۇسەيرى (مىلادىيە 244 ـ — 1295 ـ يىللىرىغىچە ) تەرىپىدىن يېزىلغان كىتاب ھەققىدىكى شەرھى ، يەنى نەسرىي يەشمىسى . يەنە «ماقامەتى ھەرىرى» ، «قەسىدەئى ھەمزىيە» ، «مۇتەنەببى» ، «ھاماسى» ، «سەبئە مۇئەللەفە» ، يەنە كېيىنكى چاغلاردا ئابدۇقادىر داموللام يازغان ئەرەب تىلىدىكى «مىفتاھۇل ئەدەپ» قاتارلىقلار ئوقۇتۇلغان .

پارس ئەدەبىياتىدىن :

مىرزا بىدىلنىڭ كىتابى «بىدىل» ، پارس شائىرى شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» ، «بوستان» ، يەنە جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى شېرىپ پارسى» ، ئىمام رەببانىنىڭ «مەكتۇبات» ، نەفھات قاتارلىق كىتابلىرى ئوقۇلغان .

قەشقەردىكى مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەر ۋە ئۇلاردىكى ئوقۇتقۇچى ، مۇدەررىسلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى ، بۇ بىلىم ئوچاقلىرى ۋە بۇ مائارىپ خادىملىرى ئۇيغۇر تىلىنى ئاساسىي مەركەز قىلغان ھالدا ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى قانات يايدۇرغان ، يەنى ئەينى دەۋردىكى خاقانىيە ئەدەبىي تىلى ، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە كېيىنكى چاغلاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تۇراقلىشىشى ، قېلىپلىشىشى ، بۇ تىلنىڭ مەشھۇر «قەشقەر تىلى» ، «قەشقەر شېۋىسى» سۈپىتىدە ئىلىم ـ پەن تىلى ، يېزىقچىلىق ، تەرجىمە ،

تەلىم ـ تەربىيە تىلىغا ئايلىنىپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇقەددەس مەنىۋى تۇۋرۈكى ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن غايەت زور خىزمەت كۆرسەتتى ۋە تۆھپە قوشتى ، ئوقۇتۇش جەھەتتىن ، مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە ئىزچىل تۇردە تىل ۋە ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ باشقا پەنلەرگە بولغان ئىجابىي تەسىرىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەچكە ، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ئاساسىي ۋە مۇھىم پەنلەر قاتارىغا قويۇلدى . مەكتەپ ـ مەدرىسىلەردە «قۇرئان كەرىم» تولۇق ئۆگىتىپ بولۇنغاندىن كېيىن مەشھۇر پەيلاسوپلار ، تالانتلىق ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرى پۇختا ئوقۇشقا يېتەكلەندى .

قەشقەردىكى ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ۋە ئۇستاز ، مۇدەررىسلەرنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى شۇكى ، ئۇلار مەدرىسىلەردە ئوقۇتۇلىدىغان بارلىق ئىلىملاردىن خەۋەردار ، ئۇنىۋېرسال بىلىمگە ئىگە كىشىلەردىن بولۇپ ، قايسى دەرسنى بېرىش تەلەپ قىلىنسا شۇ كىتاب ۋە شۇ دەرستىن دۇدۇقلىماي دەرس بېرىشتەك قابىلىيەتكە ئىگە بولغانىدى .

قەشقەردىكى مەكتەپ ـ مەدرىسىلەردە ئاساسىي پەنلەر پىششىق ئۆگىنىلگەندىن باشقا ، يانداش ھالدا ئەرەب ئەدەبىياتى ، تىل قائىدىلىرى ، پارس ئەدەبىياتى ۋە تىل قائىدىلىرىنى ئۆگىنىشنىڭ تەسىرىدە قەشقەردىكى مەكتەپ ، مەدرىسىلەردە ئوقۇغان شاگىرتلار ۋە مۇدەررىسلەر ئىچىدىن نۇرغۇن قابىل تەپسىرشۇناس ، تەرجىمىشۇناسلار مەيدانغا كەلگەن .

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزدىنىشلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، قەشقەرلىق ئالىم مۇھەممەد ئىبنى رەشىد ئەلى ئەرەبلەرنىڭ مەككە شەھىرىدە 1460 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولغان . ئۇ ئەرەب تىلى جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى نامايان قىلىپ ئەرەبلەردىكى تۆت چوڭ ئەللامە دەپ ئاتالغان ئەل سىددىقى يازغان

«ئەلنىڭ خىيالى» ، قازى نىياز يازغان «شەرق يورۇدى» ، خەلپە ئەلقۇۋان ئىمىن ئەلى يازغان ئىككى پارچە داڭلىق ئەسەرلەرنى خاتالىرىنى تۈزىتىپ قايتا ئىلان قىلىپ ئەرەب دۇنياسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان . قەشقەردىكى مەشھۇر مۇدەررىس ، ئۆلىما ۋە ئەدىب موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى (1725 ـ يىلىدىن 1849 ـ يىلىغىچە ياشىغان ) ئالاھىدە مۇكەممەل «قۇرئان كەرىم» تەپسىرى ۋە تەرجىمىسىنى ئىشلەپ چىققان . دېموكراتىك شائىر ۋە مۇدەررىس ئابدۇقادىر داموللا ، شەمسىدىن داموللا قاتارلىق ئۇستازلارمۇ «قۇرئان كەرىم» تەپسىرى ۋە تەرجىمە شەرھىسىنى يېزىپ قالدۇرغان . قەشقەرلىق ئۆلىمالاردىن دەرس ئېلىپ يېتىشىپ چىققان ئالىم ۋە ئۆلىما مۇھەممەد زەرىپ قارىي ھاجى 1926 ـ يىلى «قۇرئان كەرىم» نىڭ 30 ـ پارىسى «ئەممە پارىسى» ئۈچۈن مۇكەممەل تەرجىمە ـ تەپسىرنى يېزىپ چىققان . بۇ چوڭ ھەجىملىك كىتاب 2004 ـ يىلى تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان فاكسىمىلىغا ئاساسەن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى . مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر ئۆلىما ۋە شائىر سابىت ئابدۇلباقى كامالى (1883 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1942 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) 1937 ـ يىلى «روشەن بايان ، تۈركىي تەفسىرۇل قۇرئان» ، يەنى «شېرىن كالام» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان . يەنە ئۇ زات «ئەلفگە شەرھى» ، «ئىبنى مالىككە تەپسىر» ، «بىدايۇل سەرپ» ، «بەدىئۇل ئامال» ، «جاۋاھىرۇل ھىقان» ، «تەھسىلى ھېساب» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ئاممىباب ، چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىپ چىققان . مەشھۇر ئۆلىما مامۇت ھاجىم خەلپىتىم 1930 ـ يىللىرى «قۇرئان كەرىم» نىڭ تولۇق تەرجىمە ـ تەپسىرىنى يېزىپ چىققان ، تىللاردا داستان بولۇۋاتقان «مۇھەمماتۇز زەۋجەين» (ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدىكى ئىشلار ) ، «شېرىن كالام» ، «ئاقائىد زەرۇرىيە ، ئىبادەت ئىسلامىيەت» ، «مفتاھۇل ئەدەپ» ، «جاۋاھىرۇل ھىقان»

قاتارلىق ئەسەرلەر ئەينى دەۋرلەردىكى قەشقەردىكى مەكتەپ ـ مەدرىسىلەردە دەرسلىك قىلىنغان.

قەشقەردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ چىققان موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرى مەشھۇر ۋائىز ـ مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشغەرىنىڭ «ئەخلاقۇل موھسىن» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق كىتابىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1717 ـ يىلى ھىندى يازغۇچىسى بىد باي بىررەھمىنىڭ ھېكايە ـ مەسەللىرىدىن تەركىب تاپقان «كەلىلە ۋە دىمنە» ناملىق زور ھەجىملىك كىتابىنى، ئابدۇراھمان جامىنىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» ناملىق داستانىنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. قەشقەر مۇدەررىسلىرىنىڭ شاگىرتى موللا يۇنۇس ياركەندى 1755 ـ يىلى ئابدۇراھمان جامىنىڭ «يۇسۇپ زۇلەيخا» داستانىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. قەشقەر مەدرىسلىرىنىڭ يېتۈك ئوقۇغۇچىسى موللا سىدىق ياركەندى 1813 ـ يىلى «نەسرىددىن مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» ناملىق ئەسەرنى يازغان، بۇ نەۋايىنىڭ «خەمسە» ناملىق داستانلىرىنى نەسرىي شەكىلدە ئۆزگەرتىپ يېزىشنى مەقسەت قىلغان ئەسەر ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا موللا نىياز ياركەندى «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسەرنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان تۇنجى كىشى ئىدى. موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرى مىلادىيە 1791 ـ يىلى «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق نەسرىي قىسسەنى يازغان. قەشقەردىكى مەكتەپ ۋە مەدرىسلەرنىڭ تالانتلىق ئوقۇغۇچىلىرى بولغان ئابدۇرەھىم نىزارى، تۆردۇش ئاخۇن غەرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائى قاتارلىقلار مۇھەببەت ۋە ئەخلاق تېمىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان؛ قەشقەرلىق ئەمىر ھەسەن سادايى «دىۋان سادايى» ناملىق كىتابنى، ئەمىر ھۇسەيىن سەبۇرى «ماقالات»، «دىۋان سەبۇرى»، «نەۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان؛ قەشقەر

مەدرىسلىرىنىڭ تالانتلىق ئوقۇغۇچىسى سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر ناقىس «دىۋان ناقىس» ، «گۈلزار بىنىش» ، «بەھسى ھېكىمبەگ» ، «مەۋجۇدۇلقۇلۇپ» ، «نەسىھەتنامە ئونسۇر بايانى» قاتارلىقلارنى يازدى ؛ قەشقەر مەدرىسلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىسى موللا مىر سالى كاشغەرى 18 ـ ئەسىردە يازغان ئىلمىي ئەمگەك 1985 ـ يىلى «چىڭگىزنامە» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىندى ؛ 16 ـ ئەسىردە يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي» نى 1750 ـ يىلى قەشقەرلىق ئالىم ھاجى ھوشۇر خەلپەت قەشقەردە پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ، قەشقەرلىق شائىر قاسىمى 1799 ـ يىلى 2112 مىسرالىق تارىخىي داستان «تەزكىرەئى ئارسلانخان» ناملىق ئەسەرنى يازغان . بۇ ئالىملار يازغان ئېسىل ئەسەرلەر قەشقەر مەدرىسلىرىنىڭ شاگىرتلىرى بولمىش ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ يۈرەك ناللىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماي ، بەلكى قەشقەر مائارىپىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ۋە ئىپتىخارى ئىدى .

قەشقەر ئۇيغۇر مائارىپى قەدىم دەۋرلەردىن تارتىپلا دەرىجە ـ باسقۇچلار بويىچە تەربىيىلەشتەك ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۇرگەن . بۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى — ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئائىلە مەكتىپى .

ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ھۈجەيرىسى ، ئۇ ئەڭ دەسلەپكى جەمئىيەت ۋە مىللەت ، دۆلەتنىڭ ئاساسى بولۇپ ، تەلىم ـ تەربىيىنىڭ ، مائارىپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇل سېلىش نۇقتىسى .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن . بۇ تۇنجى بولۇپ ياخشى ئىسىم تاللاش ، ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان ، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ ، ئىسىم (ئات) قويۇش ، ئائىلىدە ئىناقلىق ، مەرىپەت ، ياخشى خۇلق ـ مىجەز ، ئىزچىل ۋە دائىملىق ئىبادەت ، ئەقىدە ـ ئىمان ۋە ئۇنىڭغا ماس بولغان كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىنسان ئەخلاقىنىڭ جەۋھەرلىك

نۇقتىلىرى ئارقىلىق ئائىلە مۇھىتىنى ياخشىلاش، نۇرلاندۇرۇش بىلەن بالىلىرىنى كىچىكىدىن تارتىپلا ئەقىللىق، چىچەن، زېرەك، ياخشى خۇي، ياخشى ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەشنى ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئائىلىدىكى ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلەرنىڭ بىرىنچى ۋە مۇھىم ئۇستاز ـ مۇئەللىملىرىنىڭ باشقۇرۇشىنى بەجا كەلتۈرىدىغان ئانا ۋە ئاتا پەرزەنتلىرىگە ئەڭ دەسلەپكى تەلىمنى بېرىدۇ. پەرزەنتلەر 4 — 5 ياشلارغا كىرگەندە ئۇلارغا ئەخلاقىي تەربىيە ۋە ئىمان كەلىمىلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى مەھەللىدىكى مەكتەپلەرگە ئەۋەتىدۇ. بۇ مەھەللە دائىرىسىدىكى مەكتەپتىكى ئۇستازلار، موللا ـ ئۆلىمالارنىڭ ھۇزۇرىدا بۇ بالىلار دائىملىق ۋە بىر خىل تەرتىپ ئاستىدىكى سىستېمىلىق تەربىيىنى قوبۇل قىلىدۇ، مەھەللىۋى مەكتەپلەرنىڭ ياش چەكلىمىسى بولمايدۇ، بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار تۆت يېرىم ياشتىن 15 — 16 ياشقىچە ۋە بەزىدە 20 ياشلارغىچە ئوقۇيدۇ. 10 ياشقا توشمىغان قىزلارمۇ ئايرىم سىنىپ قىلىنىپ ئوقۇيدۇ.

تارىختىن بېرى قەشقەر شەھىرىدە ناھايىتى كۆپ مەھەللىۋى مەكتەپلەر بار ئىدى. بۇلار باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە دىنىي مەكتەپلەر بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ 1900 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئەمەلىيىتىگە قارىساق، قەشقەر شەھىرىنىڭ 125 دىن ئارتۇق مەھەللىسىدە ئەڭ ئاز بولغاندا بىردىن، كۆپ بولغاندا 2 — 3 ئورۇندا، ئاساسەن مەسچىت ھۇجرىلىرى، مەسچىت يېنىدىكى ۋەخپە جايلار ياكى مەسچىتلەرگە ساخاۋەتلىك كىشىلەر ھەدىيە قىلغان ئۆيلەر، مەسچىتلەردىكى ئىمام ئاخۇنۇملارنىڭ ئۆيلىرىدە بىردىن مەكتەپ بار ئىدى. بۇلار يەرلىك تىل بىلەن «قارىيخانا» ياكى «مەكتەپ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ يەردە مەھەللىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەرخىل ياشتىكى بالىلار ئوقۇيدۇ.

قەشقەردىكى يەرلىك مەكتەپلەردە «توختى مىراقۇل كوچىسى» ، يەنى هازىرقى سۇت - قايماق كوچىسىدىكى ئىمىن هاجىم خەلپىتىم (1850 - يىلى تۇغۇلۇپ ، 1932 - يىلى ۋاپات بولغان) باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپنىڭ تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن بولۇپ ، 1874 - يىللىرى توختى مىراقۇلنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئاكا - ئۇكا مۇهەممەد ئەلى شاڭيۇ ، مۇهەممەد سالى شاڭيۇلار ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن خۇسۇسىي زېمىنىدا مەكتەپ بىنا قىلىپ ، مەهەللىدىكى ئىمىن هاجىم خەلپىتىمنى مەدرىسىلەردە ئوقۇتۇپ ، تەربىيىلەپ ، خەلپىتىملىككە تەيىن قىلغان . مەكتەپنى كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراهىم ئاخۇن خەلپىتىم ، ئۇنىڭ ئايالى بۇۋى خەلىچە خانىم قاتارلىقلار باشقۇرۇپ قەشقەردىكى هەرقايسى مەهەللىلەردىن كەلگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ئوغۇل - قىزلارنى ئايرىم سىنىپ قىلىپ ئوقۇتقان . بۇ مەكتەپ بىر قانچە قېتىم يېڭىلانغان ھەمدە قەشقەر دورغىبەگ كۆلبېشىدىكى مەدرىسە پەننىي مەكتەپ قىلىنغاندا ، بارلىق ئوقۇغۇچىلىرى پارتا - ئورۇندۇق ۋە باشقا ئەسلىھەلىرى بىلەن يۆتكەلگەن .

1910 - يىللار ئەتراپىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ نەزەرباغ يېزىسىغا تەۋە غوجى چوڭنىڭ قۇملۇقىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەكتەپنى قەشقەردىكى داڭلىق ئۆلىما ۋە مائارىپچى قاسىم هاجىم خەلپىتىم باشقۇرغان . بۇ مەكتەپتىكى قاسىم هاجىم خەلپىتىم (1861 - يىلى تۇغۇلۇپ 1976 - يىلى 115 يېشىدا ۋاپات بولغان) قەشقەردىكى بارلىق مەكتەپلەرگە مۇپەتتىش بولغان . ئۆزىنىڭ قارا ئىشىكىگە مىنگەن هالدا هەرقايسى مەكتەپلەرگە بېرىپ ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ، مەزمۇنى ، دەرسلىك ، ئىمتىھان ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان هەمدە مەخسۇس «نورۇزلۇق» تارقىتىپ ، ئوقۇغۇچىلارغا ئاجايىپ هېسسىياتلىق ، تەنتەنىلىك نورۇزنامىلەرنى ئۆگەتكەن . قاسىم هاجىمنىڭ مەكتىپىدە شەهەر تەۋەسىدىن نۇرغۇن

ئوغۇللار ـ قىزلار چىقىپ ئوقۇغان. ئوقۇغۇچى سانى 3 — 4 يۈزگە يەتكەن بولۇپ، «قۇملۇق قاسىم ھاجىم خەلپىتىمنىڭ مەكتىپى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان، ئۇ قابىلىيەتلىك بىناكارلىق لايىھىلىگۈچىسى، پىششىق ئاگرونوم بولغان.

ماتارىپچى قاسىم ھاجىم ۋە ئىمىن ھاجىم خەلپىتىم باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتە ئىزچىل ھالدا ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان، بۇنىڭدىن ئۆتكەنلەرگە «ئىرشادنامە (گۇۋاھنامە)» بەرگەن. ئىسمائىل ئاخۇن خەلپىتىم (1897 — 1985)، ماموت ئاخۇن خەلپىتىم، ناسىر ئاخۇن خەلپىتىم (1873 — 1938) قاتارلىقلار باشقۇرغان مەكتەپلەر، كونا ئوردا ئابدۇقادىر داموللام كوچىسىدىكى مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى بىلەن خېلىلا داڭلىق بولغان، تاربوغۇزدىكى سۇلايمان ئەپەندى، كەنجى ئاخۇن خەلپىتىملەر (1888 — 1957) باشقۇرغان مەكتەپلەر قەشقەردىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن خۇددى پەننىي مەكتەپلەرگە ئوخشاش پوللۇق سىنىپ، پارتا ـ ئورۇندۇق، تام مەشلىك، تاملىرىدا دوسكىلىرى بار مەكتەپلەر بولۇپ، قەشقەردىكى داڭلىق زاتلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى قاتتىق تەلەپ بىلەن ئوقۇتۇپ كەلگەن.

ئۆستەڭبويى شەھرىخان بۇۋىمنىڭ مەكتىپىدە قەشقەردىكى قىز ـ چوكانلار ئوقۇغان بولۇپ، بۇ مەكتەپ 1957 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. قەشقەردىكى 125 تىن ئارتۇق بۇ مەھەللىۋى مەكتەپلەردىكى خەلپىتىم ـ ئوقۇتقۇچىلار تىنىم تاپماي، ياش ئەۋلادلارنى بىلىملىك، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، قەشقەر ماتارىپى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇڭا قەشقەردىكى كەڭ خەلق ئاممىسى بۇ ھۆرمەتلىك ئۇستازلارنى چىن دىلىدىن ياد ئېتىپ

كەلمەكتە . بۇ خەلپىتىملەر باشقۇرغان مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ ھۆجرىلىرى ھازىرغىچە بار . ئۇلار 50 - يىللاردىكى ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىدە سىنىپ قىلىندى ھەمدە كېيىنكى چاغلاردا خەلق باشقۇرغان مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرى ، يەنى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەييارلىق سىنىپلىرى قىلىپ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە .

بۇ مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسىملىرى مۇنتىزىم مەكتەپلەر بولۇپ ، ئۇلاردا ھېساب ، تىل - ئەدەبىيات ، ئەخلاق دەرسلىرى ئۆتۈلەتتى . ئۇلاردىن دىن دەرسلىرىدىن باشقا ، ئەخلاققا دائىر «سوپى ئاللا يار» ، «نامەھەق» ، ئەدەبىياتتىن «نەۋايى» قاتارلىقلارنى ئوقۇتاتتى . بۇ مەكتەپلەر 1957 - يىللىرىغىچە داۋام قىلغان .

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە قاتناش - ئالاقە ، خەۋەرلىشىش ھەمدە مەتبەئە - باسمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى چەكلىك ئىدى ، شۇڭا ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ، ھەرخىل دەرسلىك كىتابلار ئىنتايىن قىس ، شۇنداقلا ناھايىتى قىممەت ئىدى . ھەرقايسى مەكتەپ - مەدرىسلەردىكى ئوقۇتقۇچى ، مۇدەررىسلەرنىڭ قوللىرىدا ئۆزلىرى تەلىم بېرىدىغان كىتاب - دەستۇرلار بولۇپ ، نۇرغۇن كىشى پايدىلانغۇدەك كۆپ كىتابلار يوق ئىدى .

ئۇ چاغلاردىكى مەدرىسە مائارىپى ئاساسەن بۇخارايى شەرىفتىكى مەكتەپ - مەدرىسلەردە قوللىنىلىدىغان كىتاب ۋە شۇ يەرلەردە تەسىس قىلىنغان دەرسلەر بولغاچقا ، كۆپ ساندىكى دەرسلىك كىتابلار بۇخارادىن كەلتۈرۈلگەن ، يەنە بىر قىسىملىرى قازان شەھىرى ، ئۇفا قاتارلىق شەھەرلەردىكى نەشرىياتلاردىن كەلتۈرۈلەتتى . مەخسۇس كىتاب سودىگەرلىرى ھىندىستاننىڭ بومباي ، كاراچى قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى باسمىخانىلاردىن چىققان كىتابلارنى ، يەنە بىر قىسىملار بولسا مىسىر قاتارلىق جايلاردا نەشر

قىلىنغان كىتابلارنى ئېلىپ كېلەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا مەكتەپ - مەدرىسىلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك يېتىشمەسلىك مەسلىسىنى ھەل قىلىش ئۇچۇن بىرقىسىم خەتتاتلار ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق خەت - ئىملالىرى بىلەن بۇ كىتابلارنى قولىدا كۆچۈرۈپ تەييارلايتتى ياكى مەكتەپ تاماملىغان ئوقۇغۇچىلاردىن سېتىۋېلىپ داۋاملىق قوللىناتتى.

زۇلمەتلىك، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتلەر دەۋرىدە ئەكسيەتچى قارا كۈچلەر «خەلقنى نادان تۇتۇش» تەك سىياسەتنى يولغا قويغاچقا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقىرالارنىڭ خەت يېزىش، قەلەم - قەغەز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇشىغا يول قويمايتتى. خەت يېزىش، قەلەم - قەغەز تۇتۇش ئىشىنى پەقەت مەخسۇس ئورگان بەلگىلىگەن مۇلكىي ئەمەلدار، خىزمەتچى (سىجىلات) خادىملار قىلاتتى. مۇنداق ئەكسيەتچى سىياسەت تۈپەيلى مەكتەپ - مەدرىسىلەردىكى ئوقۇتۇش ۋە تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى پەقەت ئاغزاكى ئوقۇش - ئوقۇتۇش، كىتابقا قاراپ ئوقۇش، يادقا ئېلىش ئارقىلىق تەكرارلاش، يادقا ئوقۇپ تەپسىر - تەرجىمە قىلىش ئەۋج ئېلىپ، يېزىق ئارقىلىق بولىدىغان مۇھىم ئىلمىي پائالىيەت ئەھمىيەتسىز ياكى چەكلەنگەن ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا قەشقەردىكى بىرقىسىم ئۆلىمالار ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا تەھلىل - تەپەككۇر، تەپسىر - شەرھلەرنى پەقەت ئاغزاكى بايان ئارقىلىق ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىپ يېزىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارالغان. لېكىن شۇنداق چەكلىمىلەرگە قارىماي، قەشقەردە نۇرغۇن تالانتلىق خەتتاتلار يېتىشىپ چىققان، ئۇلاردىن: موللا ئىلمۇددىن، ئىبنى موللا مۇھەممەد كاشغەرى، ئابدۇقادىر ئىبنى موللا باھادىر كاشغەرى، موللا ئىمام ئىبنى مۇسا كاشغەرى، نەزەر موللا ھاجى ئىبنى توختى كاشغەرى قاتارلىقلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. كېيىنكى چاغلاردا بۇ خىل ئەھۋال جىددىي

ئۆزگەرتىلىپ ، مەكتەپ ـ مەدرىسىلەردىن نۇرغۇن داڭلىق خەتتاتلار يېتىشىپ چىققىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى . زوھوردىن ھېكىمبەگ دەۋرىدە بولسا نۇرغۇن ئالىم ـ ئەدىبلەر ، «مەھكىمە دىۋان» غا جەلپ قىلىنىپ ، «كاتىپ» ، «سىجىلات» نامى ئاستىدا يېزىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بولدى . قەشقەر مەھكىمە شەرئىيەلىرىدىمۇ نۇرغۇن كاتىپ ـ پۈتۈكچى مىرزا ـ بەگلەر مەخسۇس كاتىباتلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بولدى . شۇ دەۋرلەردە نۇرغۇن ئەسەرلەر ، تېبابەت كىتابلىرى ، شېئىرىي دىۋان ، ھېكمەت ـ نەسىھەتنامىلەر خوتەن قەغىزىگە چىرايلىق خەت نۇسخىلىرى بىلەن قومۇش قەلەمدە كۆچۈرۈلگەن . نۇرغۇن ئاتاقلىق خەتتاتلار يالغۇز خەت يازىدىغان كىشىلەردىن بولۇپلا قالماي ، يەنە كىتابقا ئالتۇن ھەل بېرىپ نەقىشلىگۈچى ، كىتابقا رەسىم سىزغۇچى ، كىتابلارنى تۈپلەپ ، مۇقاۋىلاپ شىرازىلىغۇچى ، كىتابنى زىننەتلىگۈچىلەردىن بولغان . ھەرقايسى مەزگىللەردە ئاممىنىڭ شەخسىي كۈتۈپخانىلىرىدا ساقلىنىپ ، يىغىۋېلىنغان ياكى مەخسۇس ئورگانلار يىغىپ ساقلىغان كىتابلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ .

قەشقەردىكى مۇدەررىسلەر «ئەل خەتتۇ نىسىل ئىمان (يەنى خەت — ئىلىمنىڭ يېرىمى)» دېگەن ئەقىدىگە مۇناسىپ ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسىنى ياكى مەدرىسە ـ ھۇجرىلىرىنى سىنىپ قىلىغان ھالدا نۇرغۇن شاگىرتلىرىغا خەت يېزىش ـ ھۆسنخەت ، ئىملا ـ ئىنشانى ئۆگەتكەن ، تارىخىمىزدا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىملاردىن مەھمۇد كاشغەرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، مەشھۇر ئالىم موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى قاتارلىقلار ناھايىتى داڭلىق خەتتات ئىدى ؛ مەشھۇر مۇدەررىس ئوبۇل قاسىم ئاخۇن قازى كالان مەشھۇر خەتتات بولۇپ ، ئۇ زات ئۆز ئائىلىسىدە قارىم قاتارلىقلارغا ھۆسنخەت يېزىشنى ئۆگەتكەن ، نەتىجىدە ، ئۇ زاتنىڭ ئوغلى زىيائۇددىن مەخدۇم قەشقەردە نامى مەشھۇر بولغان خەتتاتلاردىن

بولۇپ يېتىشىپ چىققان . ئۇ 1948 - يىلى چەت ئەلگە كەتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ خۇش قەلىمى ئارقىلىق يېزىلغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ خەت نۇسخىلىرى مەككىدىكى مەسچىتلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك يەرلىرىگە نەقىش قىلىپ ئويۇلغان . ئۇنىڭ قەلىمى ئارقىلىق يېزىلغان لەۋھە - تاختا هازىرغىچە قەشقەر هېيتگاھ جامەسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە ئېسىقلىق تۇرماقتا .

ئىلىم - هېكمەتنى قەدىرلەيدىغان ، خەتنى ، كىتابنى قەدىرلەپ ، ئۇنى قىزغىن سۆيىدىغان قەشقەر خەلقى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن شەخسىي مال - مۈلكىنى سەرپ قىلىپ ، خالىسانە هالدا كىتابلارنى كۆچۈرتۈپ ياكى پۇلغا قىممەت باهادا سېتىۋېلىپ ، هەرقايسى مەكتەپ - مەدرىسىلەرگە ، ئوقۇتقۇچى - مۇدەررىسلەرگە تەقدىم قىلىشتەك خۇشاللىنارلىق ئىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن . قەشقەردىكى مەدرىسىلەرنىڭ داڭلىق ۋەكىلى ، مۇهەممەد سادىق كاشغەرى (موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى) نىڭ مىلادىيە 1836 - — 1837 - يىللىرى قەشقەر ئوپالدىكى هەزرىتى موللام مەهمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىگاهىغا كىتاب ۋەخپە قىلىپ ۋەخپەنامە - هەدىيانامە يېزىپ قويغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ .

كۆرگەن - ئاڭلىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە ، مىلادىيە 1940 - — 1944 - يىللىرى قەشقەر خانئېرىق يېزىسىدىكى مەرىپەتپەرۋەر زات ماجائەلەم ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ باغ هويلىسىدا 10 - ئايدىن تارتىپ تاكى 3 - ئايلارغىچە 10 — 15 نەپەر خەتتات - ئۆلىمانى تەكلىپ قىلىپ ، ئۇلارغا دىنىي كىتابلار ، شېئىرىي دىۋانلار ، تېبابەت كىتابلىرى ، نەسىهەتنامىلەرنى قەلەم بىلەن چىرايلىق ، ئۆلچەملىك خەت نۇسخىلىرىدا خوتەن لاتا قەغىزى ، ياكى باشقا ئالىي دەرىجىلىك ئاقسېرىق قەغەزلەرگە كۆچۈرگۈزۈپ ، تۈپلەتكەن ۋە كاتىپلارنىڭ ئالتە ئايلىق مەزگىلىدىكى ئۈچ ۋاخ

تاماق ، ياتاق ـ تۇرمۇش خىراجەتلىرىنى ئۆزى بەرگەندىن باشقا ، ئۇلارنىڭ ھەر ئايلىق ئىش ھەققى ئۇچۇن بىر تاغاردىن بۇغداي بېرىش شەرتى بىلەن توختاملىشىپ كاتىپلىق قىلدۇرغان .

قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلاردىن مۇھەممەت ئېلى شاكيۇ ، مۇھەممەت سالىھ شاكيۇ ئاكا ـ ئۇكىلارمۇ ھەرىيلى نۇرغۇن كىتابلارنى قولىدا كۆچۈرتۈپ ، ھەرقايسى مەكتەپ ـ مەدرىسىلەرگە ، ئۆلىمالارغا تەقدىم قىلىپ كەلگەن . مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ .

قەشقەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىنى قوبۇل قىلىش دەرىجىسى بويىچە ئىلىم سۆيەر ، كىتاب خۇمارلىق ئادىتىنى داۋام قىلىپ ، كىتاب يىغىش ۋە كىتاب ساقلاش بىلەن مەشغۇل بولغان . ئوقۇتۇش ، تەلىم ـ تەربىيە ئېھتىياجى ، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا ئاساسەن قەدىمدىن تارتىپلا قەشقەردە كىتابچىلىق ، يەنى سەييارە كىتاب ساتىدىغان تىجارەتمۇ كەڭ يولغا قويۇلغان . كىشىلەرنىڭ قولىدىكى كىتابلارنى خېرىدار ئىزدەپ سېتىپ بېرىپ ، ئاز ـ تولا مەنپەئەت ئالىدىغان كىتابپۇرۇش كىشىلەرنىڭ سانى كۆپەيگەن . ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد كىتابپۇرۇشلۇق قىلغان ، قەشقەر شەھىرىدە 1900 ـ يىللاردىن كېيىنكى كىتابپۇرۇشلاردىن ئۇرايىمانكام قوتۇر ، ئالىمجان قارىم ، مەمتىمىن قارىم ، رەھمىتۇللا قارىم ، تۇرسۇن ئاخۇن مەخسۇم ، ئەمەتخېنىمكام تارانچى قاتارلىق كىشىلەر ئالاھىدە نامى بار كىتابپۇرۇشلاردىن بولغان .

1885 - يىلى قەشقەر يېڭىسار توپلۇق يېزىسىدىن مەرىپەتپەرۋەر زات نۇرھاجىم «نۇر مەنبەسى» ، «ئەرەب تىلى گراماتىكىسى» ، «بەرىق تەجەللى ۋە سەبىقە مۇجەللى» ، «سوپى ئاللا بار» قاتارلىق سەككىز خىل كىتابنى تاش مەتبەئەسىدە بېسىپ تارقاتتى . ئۇ كېيىن قەشقەرگە كېلىپ ، مەخسۇس دۇكان ئېچىپ ،

قەشقەردە مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنى رەسمىي يولغا قويدى. نۇرھاجىمنىڭ مەتبەئەسى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، «ئاقائىد زۇرۇرىيە»، «نەسىھەتى ئاممە» قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلارنى، بىرقىسىم تالون، كىرىم - چىقىم دەپتەرلىرى قاتارلىقلارنى بېسىپ تارقاتقان.

مەرىپەتپەرۋەر زات نۇرھاجىم مەتبەئەنىڭ مېيى تۈگەپ كەتكەندە ماي ئىزدەپ ھىندىستانغا سەپەر قىلىپ، نۇرغۇن ماي سېتىۋالغان ھەمدە ماينى ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ قايتىپ كەلگەن ۋە قەشقەردە ۋاقىت، نۇر، نەملىكنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا چىدايدىغان ئۆچمەس ماينى ئىشلەپچىقارغان. كىتابلار خوتەن لاتا قەغىزىگە بېسىلغان بولۇپ، بىرقىسىم كىتابلارنىڭ قېلىن قەغىزىنى گۈرۈچنىڭ سۈيىگە چىلاپ، تاش ئۈستىگە قويۇپ سىلىقلاپ، سىلغايتىپ، نەمدە يىرتىلمايدىغان قىلىپ چىققان. بىرقىسىم نېپىز، يۇمشاق قەغەزلەرنى كىتابلارنىڭ بەت ئارىسىغا سېلىپ، ئىككى بەتتىكى رەڭلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۆرۈلۈپ، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ھۈنەر - تېخنىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان بولۇپ، بۇ خىل ھۈنەر - تېخنىكا ئەينى دەۋردىكى قەشقەردە بىرخىل يېڭىلىق ئىدى. شۇنداق قىلىپ نۇر ھاجىم مەتبەئەسى ۋاقىت جەھەتتىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مەتبەئەچىلىك تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپ قالدى.

قەشقەردىكى مەشھۇر «مۇھەممەت ئاخۇن خەلپىتىم مەتبەئەسى» نامى بىلەن ئاتالغان، ئوقۇتقۇچى مۇھەممەت ئاخۇن (1880—1955) ئۆز قولى بىلەن ياغاچتىن ياسىغان مەتبەئەخانا قۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن قول ئارقىلىق نۇرغۇن كىتابلارنى، يەنى «ھەپتىيەك شەرىف»، «تەجۋىدى تۈرك»، مۇھەممەتخان مەخسۇم پەيزى يازغان «مەۋلۇت شېرىف» قاتارلىقلارنى بېسىپ چىققان. يەنە نۇرغۇن شاھادەتنامە، نورۇزلۇق، كىرىم - چىقىم تالونلىرى،

ھېساب دەپتەرلىرى قاتارلىقلارنى بېسىپ چىقىرىپ ، بىرمەزگىل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باسمىخانىسى قىلىنغان . بۇ يەرلىك «چاپخانە» دە ئىشلەتكەن سايمان ـ ئۈسكۈنىلەر تاكى 1957 ـ يىللىرىغىچە ساقلانغان .

قەشقەردە مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىتابچىلىق ، كىتابلارنى تۈپلەش ، ئۇلارنى مۇقاۋىغا ئېلىش ، يەنى شىرازىلاشتەك ، ساھاپچىلىق قاتارلىق زىل ھۈنەر ـ كەسىپمۇ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان .

كىتابنى تۈرلۈك رەختلەر بىلەن مۇقاۋىلاش ، تېرە ، خۇرۇم ، چەم قاتارلىقلار بىلەن قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىشتەك ھۈنەر نۇرھاجىم مەتبە ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئابدۇكېرىم ھاجىمنىڭ نازۇك كەسپى ئارقىلىق ھازىرغىچە داۋام قىلماقتا .

قەشقەر ئۇيغۇر مائارىپى قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ خىل ، كۆپ قاتلاملىق مائارىپ بولۇپ ، بىلىم بىلەن قابىلىيەت ، بىلىم بىلەن ئىقتىدار ـ ماھارەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن .

قەشقەردىكى مەكتەپ ـ مەدرىسىلەردە يەنە چاغاتايخان دەۋرىدىكى ئۇلۇغبەگنىڭ «يۇلتۇزلار جەدۋىلى» ئىلمىي نۇجۇم — ئاسترونومىيە ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىم دەرسلىكى ۋە قوللانمىسى قىلىنغان . يەنە يېقىنقى زامان قەشقەر تارىخىدىكى مەشھۇر تېۋىپ ھەكىم بەدىرىدىن سوپى ئاخۇنۇم يەنە بىر تەرەپتىن قەشقەردە نامى بار ئاسترونوم مۇنەججىم كىشى بولۇپ ، مەدرىسىلەردە مەخسۇس ئىلمىي پەلەكيات ئوقۇپ ، بۇ جەھەتتە ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان .

قەشقەردىكى مەكتەپ ـ مەدرىسىلەردە ھەزرىتى ئەلى دەۋرىدە ئىجاد قىلىنغان ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان «ئەبجەت ھېسابى» نىڭ ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر تەلەپ قىلىدىغان ئۇسۇل ۋە شەكىللىرى ئۆگىتىلگەن . شۇڭا قەشقەردىكى نۇرغۇن ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ كىتابلىرىدىكى ئاتالغۇلار «ئەبجەت ھېسابى» بويىچە

خاتىرىلەنگەن، يەنى قەشقەردىكى مەكتەپ ــ مەدرىسىلەردە كالىپىندارچىلىق ئىشلىرىمۇ ئالاھىدە ياخشى ماھارەت بىلەن ئىلىم سۈپىتىدە ئوقۇتۇلغان. قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ــ كەنت، ناھىيىدىكى ناماز ۋاقىتلىرى مەسچىتلەرنىڭ قىبلە تەرەپلىرى قاتارلىقلارنى ئۆلچەش، سائەت، مىنۇت، سېكۇنتلارنى ھېسابلاش ئۇ دەۋرلەردىكى تەقۋىم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قەشقەردىكى مەكتەپ ــ مەدرىسىلەردە ئاساسي بىلىم ۋە ئاساسي مائارىپقا نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىنغاندىن باشقا، سەھىيە ــ تېبابەت، داۋالاش ئىلمىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، مەكتەپ ــ مەدرىسىلەردە مەخسۇس تېبابەت دەرسى تەسىس قىلىنغان.

قەشقەر ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تېببىي ئىلىم، سەھىيە، داۋالاش ئىشلىرىنى ئۆگىتىش ۋە ئەمەلىيەتتە قوللىنىش ئىشلىرى قەدىم دەۋردىلا باشلانغان. چەت ئەلدىكى سەيياھلار رەتلىگەن كىتابلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمي تېببىي رېتسېپلىرى، داۋالاش ئۇسۇل ــ چارىلىرى، داۋالاش سايمان ــ ئۈسكۈنە قاتارلىقلار پەقەت مائارىپ ئارقىلىق، تەلىم ــ تەربىيە ئۆگىتىش ــ ئوقۇتۇشتىن باشلانغان.

قەشقەرنىڭ سەھىيە مائارىپى سىستېمىلىق ھالدا قاراخانىيلار دەۋرىدىلا ئالاھىدە راۋاج تاپقان. ئەينى چاغدىكى قەشقەر «ساچىيە» مەدرىسىدە «پەيغەمبەر تېبابىتى»، «تېببىي لوقمانى»، «تېببىي يۇنانى»، «ھىندى تېبابىتى» قاتارلىق مەخسۇس تېبابەت ئىلمى، ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنى داۋالاش مەقسەت قىلىنغان كىتابلار، ئايرىم دەرسلىكلەر تۈزۈلگەن. بۇخارالىق مەشھۇر تېببىي ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (980 ــ يىلىدىن 1037 ــ يىلىغىچە ياشىغان) نىڭ تېببىي تەلىماتى مەدرىسىلەرنىڭ تېبابەت

ئىلمىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىنغان. ئۇنىڭ «ئەلقانۇن»، «كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئىپادىسى»، «شىپالىق يۇلتۇزى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى دەرسلىك قىلىنغان. قەشقەردە يەنە تېبىبىي ئالىم مەھمۇد ئىبنى رەشىد ئىبنى ئەلى كاشغەرىمۇ مەدرىسىلەردە تېبىبىي ئىلىمدىن دەرس بەرگەن. ئۇ داۋالاش جەھەتتىن، بەرەس (ئاق كېسەل)، ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق، ھەرخىل كۆز كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنى داۋالاش جەھەتتە ئۆز زامانىسىدا مەشھۇر ئالىم ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئوردا تېۋىپى، مەشھۇر تاشقى كېسەللىكلىرى دوختۇرى ئىمادىددىن كاشغەرى قەشقەردىكى «ساچىيە مەدرىسىسى» دە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇ بىرتەرەپتىن، ئۆگىتىش، بىرتەرەپتىن، داۋالاش ئارقىلىق كامالەتكە يېتىپ، تاشقى كېسەللىكلەر بويىچە ئوپېراتسىيە قىلىشقا كامىل بولغان جەرراھقا ئايلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى ۋە تەتقىقاتىغا ئاساسەن «شەرھىي ئەلقانۇن» ناملىق كىتابنى يېزىپ، ئەبۇئەلى ئىبن سىنانىڭ نەزەرىيىلىرىنى كەڭ تونۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن قىلىشقان تېبابەت ھەققىدىكى 35 ماددىلىق سوئال - جاۋابلىرى ئەينى دەۋردە ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى مەدرىسىلەردە دەرسلىك قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەن.

قەشقەرنىڭ 1700 - يىللاردىن كېيىنكى تارىخىنى ۋاراقلىساق، قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر تېبىبىي ھۆكۈمالاردىن ھەيدەر ئاخۇنۇم، قاسىم ئۆمەر ھاجىم، بەدرىددىن سوپى ئاخۇنۇم، خوجا ئابدۇللاخان، خوجا قادىرھاجى قاتارلىقلار قەشقەردىكى مەكتەپ - مەدرىسىلەردە ئىلمىي تېبابەتتىن دەرس بېرىدىغان مۇدەررىسلەردىن بولغان. ئۇلارنىڭ قەشقەردە پەيدا بولغان ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاپ، ساقايتقانلىق ھەققىدىكى تۈرلۈك ھېكايەت -

رىۋايەتلەر بىزگە قەشقەردىكى سەھىيە ـ تېببىي مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش ـ ئۆگىتىش مەنزىرىسىنى سىزىپ بېرىدۇ.

1800 ـ يىللار ئەتراپىدا قەشقەردە تەسىس قىلىنغان «ئەھرارخان تۆرەم مەدرىسىسى» دە مەشھۇر تېببىي ھەكىملەر ئىلمىي تېبابەت، كېسەل كۆرۈش، تومۇر تۇتۇش، دورىگەرلىك، داۋالاش ئىشلىرى ھەققىدە دەرس ئۆتۈپ، نۇرغۇن قابىلىيەتلىك تېببىي ھەكىملەرنى تەربىيىلىگەن. يەنە قەشقەردىكى مەشھۇر تېببىي ئالىم يۇسۇپ ھاجىم كاشغەرى قەشقەر تېبابەت سەھىيە ـ مائارىپىنىڭ يېتىشتۈرۈپ چىققان كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. يۇسۇپ ھاجىم كاشغەرى كېيىنكى چاغلاردا قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئالاھىدە زور تۆھپە كۆرسەتتى. ئۇنىڭ «قانۇنچە» دېگەن كىتابى ئۇيغۇر تېبابەت ئىشلىرىدا زور رول ئويناپ كەلمەكتە. يۇسۇپ ھاجىم كاشغەرى يەرلىك گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ، ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماق، يىلتىز، ئۇرۇق ـ غوللىرىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلغان. دورىگەرلىكتە قوللانغان ۋە قەشقەر ئۇيغۇر تېبابىتى ھەققىدە نۇرغۇن ئەمگەكلەرنى قىلغان يۇسۇپ ھاجىم كاشغەرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن بولغان مەشھۇر ئەمچى ـ ئاتاچىلىرى قوللىنىپ كەلگەن داۋالاش يوللىرىنى بويلاپ مېڭىپ، ئۇلارغا قانۇنلۇق ئاساستا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاندىن يۇرتىمىزغا «يىپەك يولى» ئارقىلىق كىرگەن تېببىي يۇنانى، تېببىي لوقمانى، ئىبن سىنا تەلىماتى، ھىندى تېبابىتى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تېبابەت جەۋھەرلىرىنى قوشۇپ، ئۇنى يۇكسەلدۈرۈپ قەشقەر ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان تېببىي ئالىم ئىدى.

قەشقەردە 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن غەرب

تېبابىتى بويىچە داۋالاش ۋە تېببىي ئوقۇتۇش مائارىپى دەۋرى باشلانغان. دەسلەپ شۋېتسىيىدىن، كېيىن روسىيىدىن نۇرغۇن دوختۇر، سېسترالار كېلىپ قەشقەردە كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. 1924 ـ يىللىرى بۇ دوختۇرخانا «سوۋىسىن تۇرگ» نامى بىلەن ئاتالغان. 1929 ـ يىللىرىدىن كېيىن غەربچە داۋالاشنى ئاساس قىلغان «ھىلالى ئەھمەر (يەنى قىزىل ئاي جەمئىيىتى)» قۇرۇلۇپ، ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى داۋالىغان. زەھەر چەككۈچىلەرنى قۇتقۇزۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، تېببىي ـ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى يولغا قويغان. يۈسۈپ ھاجىم كاشغەرى ئۈنىڭغا ئاكتىپ ئەزا بولۇپ، خەدىچە مۇزەپپەر، گويا خانىم قاتارلىق شەپقەت ھەمشىرە ـ سېسترالار بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

«ھىلالى ئەھمەر جەمئىيىتى» يەنە ئوقۇتۇش تەربىيىسىنى يولغا قويغان. ئىنايەتۇللا ھەلىمى، ھەبىبۇللا ھەلىمى (ئاكا ـ ئۇكا)، ئابلىز ئەبەيدۇللا، ئابدۇقادىر ئاخۇن، مۇختەر ئىبراھىم، ئەھمەتجان قادىر قاتارلىقلار قەشقەردە «ھىلالى ئەھمەر جەمئىيىتى» تەربىيىلىگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى غەربچە داۋالاش بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن دوختۇرلار ئىدى.

قەشقەر ئۇيغۇر مائارىپى يەنە باشتىن ـ ئاخىر بىلىم ـ قابىلىيەت بىلەن ئەخلاق مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. مەيلى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ياكى مەدرىسىلەردە بولسۇن، ئىنسان ئەخلاقىغا دائىر نۇرغۇن نەسىھەتنامىلار، پەندنامىلار قوشۇپ ئۆگىتىلگەن بولۇپ، بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بىر ئىنساننىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتىكى پىشىپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەخلاقىي تەربىيە دەرسلىكى ۋە ئەخلاقىي تەربىيە قەشقەر مائارىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم جەۋھەرلىرى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان. بىر ئىنساندا بىلىم ۋە

قابىلىيەتنىڭ خىسلەت ۋە خاسىيەتلىرى ئۈنىڭدىكى ئىنسانلىق ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن يۇغۇرۇلغاندىلا، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ، شۇڭا قەشقەر مائارىپىدىكى بارلىق تەلىم ـ تەربىيە ئالدى بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈشنى بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ئىش ھېسابلىغان. يېڭىلىققا ئىنتىلىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق دەۋر بىلەن، تەرەققىيات بىلەن ماس قەدەمدە مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈلۈكسىز كۈچەيتىش قەشقەر ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ زامان ـ ماكان بىلەن زىچ باغلانغان ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر.

18 ـ — 19 ـ ئەسىرلەردىكى ياۋروپا سانائەت، پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئالەمشۇمۇل مۆجىزىلىرى پۈتكۈل شەرقتىكى، جۈملىدىن قەدىمىي شەھەر — قەشقەردىكى كەڭ ئاممىغا، قەشقەردىكى ئەنئەنىۋى مائارىپقا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

نۇرغۇن چەت ئەللىك سەيياھلار، سەيلە ـ ساياھەتچىلەر كەلدى. نۇرغۇن قەشقەرلىق ئوغلانلار تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە پەرۋا قىلماي، تاغ ـ داۋان ئېشىپ، چەت ئەللەرگە باردى. چەت ئەلدىن نۇرغۇن يېڭى تەپەككۇر، يېڭى قىممەت قارىشىدىكى «ئىلغارلىق» نى ئۆزىگە زىننەت ۋە جەلپ قىلىش كۈچى قىلغان ئىلغار كىتابلار، گېزىت ـ ژۇرناللار قەشقەر خەلقىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. 1920 ـ يىلىدىن باشلاپ 1925 ـ يىللارغىچە قەشقەردىكى ئىلىمگە ھېرىسمەن بىرقىسىم ياشلار چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇلار مىسىردىكى «ئەزھەر دارىلفۇنۇنى»، بۇخارادىكى ھەرخىل مەدرىسىلەر، تۈركىيىدىكى مەكتەپلەر، ھىندىستاننىڭ چوڭ شەھەرلىرىگە بېرىپ ئوقۇپ، ئەللامە، فازىل، داموللا، مەۋلەۋى قاتارلىق ئىلمىي ئۇنۋانلارنى ئېلىپ قايتتى. 1930 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا 40 تىن

ئارتۇق ياش ئوقۇغۇچى مەكتەپ ـ مەدرىسىلەردىكى ئۇستازلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ئارقىسىدا ھىندىستانغا بېرىپ كاراچى ، لاھور ، بومباي قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇدى . كېيىنكى چاغلاردا قەشقەر ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ناھىيىلەردىكى «مەۋلەۋى» دەپ ئاتالغان مۇدەررىس ـ ئاخۇنۇملار ئەنە شۇ چەت ئەلگە چىققان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ ، قەشقەردىكى قاسىم قارىي ھاجىم مەۋلەۋى ، فازىل ئۇنۋانلىق زەينۇل ئاندىن مەۋلەۋى ، مەھمۇد ھەسەن مەۋلەۋى ، ھامىت مەۋلەۋى قاتارلىقلار چەت ئەلدە ئوقۇغانلارنىڭ سەر خىللىرى ئىدى . ئۇلار قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى .

## 2 § . قەشقەرنىڭ يېڭىچە مائارىپ دەۋرى

1917 ـ يىلىدىكى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قەشقەر مائارىپىنىڭ يېڭى باسقۇچى باشلاندى . چەت ئەللەرگە چىققان بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر ، سودا ـ سانائەتچىلەر قەشقەردە يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەشقەردىكى مەكتەپ ـ مەدرىسىلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ ، چەت ئەللەردىن بىر تۈركۈم پېدائىيلارنى قەشقەر يېڭىچە مائارىپىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى ، شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە يېڭى ، زامانىۋى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى . ئاۋۋال قەشقەرگە سېيىت كامىل ئەپەندىم ، ئابدۇقادىر ئەرەب ، ئەھمەد كامال ئەپەندىم باشلىق بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار كەلدى . ئۇلار ئالدى بىلەن قەشقەردىكى مائارىپنى قىزغىن سۆيىدىغان ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ ماددىي جەھەتتىكى

ياردىمى بىلەن قەشقەردە پەننىي مەكتەپ ئاچتى . بۇ مەكتەپلەردە ھېساب دەرسى ، يەنى تۆت ئەمەلنى مەركەز قىلغان ئارىفمېتىكا ، تىل - ئەدەبىيات ، جۇغراپىيە ، تەبىئەت قاتارلىق يېڭى بىلىملەر ئۆگىتىلدى . يەنە دەرستىن سىرتقى چاغلاردا ئوقۇغۇچىلارغا تەنتەربىيە دەرسى سۈپىتىدە گىمناستىكا ، سەپ مەشىقى ، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئويۇنلىرى ئۆگىتىلدى . بۇ مەكتەپ كېيىن قەشقەر جانان كوچىسىدىكى يۈسۈپ ئاخۇن (سوغاق ) نىڭ ھويلىسىغا كۆچۈپ بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزدى ، بۇ مەكتەپتە قەشقەردىكى بىر تۈركۈم ئاڭلىق كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بېشىغا ئانچە كۆپ چەكلىمە قويۇلمىغان ھالدا ، تەخمىنەن ئۈچ ئاي ئەتراپىدا ئوقۇپ ، بىلىم ئالدى . قەشقەردىكى قالاق ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ مەكتەپتىن سىياسىي خەۋپ ھېس قىلىپ مەكتەپنى مەجبۇرىي تاقىدى . ئەھمەد كامال ئەپەندى تۇتقۇن قىلىندى ، ۋە چېگرادىن چىقىرىۋېتىلدى . بىرقىسىم مۇئەللىملەر قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى ئاتۇش ، تاشمىلىق قاتارلىق جايلارغا چېكىندى . قەشقەردە — ئۆز ئانا يۇرتىدا يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشقا كۈچلۈك تۈرتكە ۋە باشلامچى بولغان مۇساباييېفلارمۇ تەقىب قىلىندى . كېيىن ئۇ ، قەشقەردە يارباغ سېپىلىنىڭ سىرتىدا بىرىنچى شۆتاڭ (مەكتەپ ) نى ئاچتى . بۇ يەردىكى شۆتاڭدا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىلدى ۋە مەدەنىيەت دەرسلىرى بىرقەدەر ئىلغار ئۇسۇل بىلەن ئوقۇتۇلدى .

قەشقەردە موساباييېفلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن يېڭى ئىدىيە - يېڭى كۆزقاراشتىكى ئىلغار كىشىلەرنى «جەدىد» (يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ) دەپ ئاتاپ ، ئۇلار تەقىب قىلىندى . «جەدىدىزم» چىلەرنىڭ ئاڭ - پىكىر ۋە تەشەببۇسلىرى مائارىپنىڭ يېڭىلىق تارقىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش كۈچىنى نامايان قىلدى .

1921 ـ يىلى ئەتراپىدا قەشقەر شەھىرىدىكى ئاتاقلىق بايلاردىن كېرەم باي ھاجىنىڭ ئوغلى ئابدۇرەھىم بايۋەچچە ھازىرقى كېرەمباغ دوختۇرخانىسى (1 ـ خەلق دوختۇرخانىسى ) نىڭ ئالدىدا ، يەنى نېفىت توشۇش شىركىتىنىڭ ئورنىدا ئالتە سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالغان بولۇپ ، بۇ مەكتەپتە 250 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى ئوقۇغان . مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ، تەمىنات ، مالىيە خىراجەتلىرىنى ئابدۇرەھىم بايۋەچچە ئۆزى چىقارغان بولۇپ ، ئۇ كىشى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەكتەپنىڭ مالىيە مەنبەسى ئۈزۈلگەن . بۇ مەكتەپتە قەشقەردىكى ئۆلىمالاردىن ئابدۇقادىر سەئىدى (1892 — 1980 ) ، كەنجى ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىقلار دەرس بەرگەن بولۇپ ، مەكتەپتە دىن دەرسى ، ئانا تىلى ، ھېساب ، يەر ـ جاي ناملىرى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن .

شۇ يىللاردا ھازىرقى 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىدىكى «سۇللاھ غوجام مازارلىقى» نى تۈزلەپ يەنە بىر يېڭى مەكتەپ قۇرۇلغان . بۇ مەكتەپتە ئورال تاتارلىرىدىن ئەھمەد پەرىد ئابباس ئەپەندىم باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر ئوقۇتقۇچى بولغان . ئەھمەد پەرىد ئابباس ئەپەندىم ياخشى پېداگوگ بولۇپلا قالماي ، بەلكى تونۇلغان يازغۇچى ۋە ئالىم كىشى ئىدى . ئۇ قەشقەردىكى چاغلىرىدا «قۇرئان كەرىم» گە ئالتە توملۇق تەپسىر يازغان ، «سىراتەل مۇستەقىم» (توغرا يول ) ، يەنە «ئەنۋارۇل قۇدۇسىيە» ناملىق كىتابلارنى يازغان . ئۇ 1933 ـ يىلى ھازىرقى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ كونا ئىشىكى يېنىدىكى غەربكە قاراپ تۇرىدىغان تامغا چوڭ قىلىپ ، ئۆلچەملىك دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە تەبىئىي خەرىتىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم سىزىپ چىقىپ قەشقەردە چوڭ تەسىر پەيدا قىلغان .

ئۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا ھېسابتىن تۆت ئەمەل ، ئاددىي كەسىر ، ئونلۇق كەسىر ،

جۇغراپىيە ، تەبىئەت دەرسلىرىنى ئۆتكەن .

1920 - يىلى ھازىرقى قازانچىيار بېشى مەھەللىسىدىكى سەلەي ئاخۇن خۇرۇشچى دېگەن كىشى ئۆزى شەخسىي مەبلەغ چىقىرىپ ، بۇگۈنكى نەزەرباغ يېزا «كۆك مەسچىت» كەنتىدە بىر مەكتەپ سالدۇرغان . 1923 - يىلى بۇگۈنكى ئوردا ئىشىكى كوچىسىدا غوپۇر ئاخۇن خەلپەت بىر سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ ئاچقان . قەشقەردىكى داڭلىق بايلاردىن ئىبراھىم ئاخۇن بايۋەچچە ئۆز ئاتىسى نامىدا تۇمەن دەرياسى بويىدىكى كونا پاختا بازىرىدىكى خۇسۇسىي زېمىنىغا بىر يېڭى مەكتەپ سالدۇرغان . ئەينى چاغدا بۇ مەكتەپ «باينىڭ مەكتىپى» دەپ ئاتالغان . ھازىرقى 7 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاساسى شۇ . ئۆمەر باي ھاجى چۇمبۇستىكى شەخسىي زېمىنىغا ئۆز ئىقتىسادى بىلەن بىر مەكتەپ سالدۇرغان . قەشقەردىكى سوپى نىياز ھاجى ھەزرەت ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە بىر مەكتەپ سالدۇرغان . مەكتەپنىڭ سىنىپلىرى ئازادە ، ئاستى پوللۇق ، كارىدورلۇق ، كۆركەم قىلىپ سېلىنغان . ھازىرقى ھەزرەت باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئەسلىي ئاساسى شۇ ، ئىسمائىل ھاجى ئۇچەيچى ھەزرەت باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۇدۇلمۇئۇدۇل قىلىپ ، شەكلى شۇ مەكتەپكە ئوخشاش بىر مەكتەپ سالدۇرغان . غوپۇر ئاخۇن دېگەن كىشى قوغان قوشكۆلدە بىر مەكتەپ سالدۇرغان . قەشقەر باجخانىغا مەسئۇل بولغان قادىر ھاجى دېگەن كىشى قوغان موللازادە دېگەن يەرگە شەخسىي ئىقتىسادى بىلەن بىر مەكتەپ سالدۇرغان . قەشقەر شەھىرىدىكى ئابدۇرەھىم ھاجى تاشقى سودا شىركەت قارمىقىدىكى يۇڭ - تىۋىت ، ئۇچەي زاۋۇتى ئالدىغا بىر مەكتەپ سالدۇرغان . بۇ مەكتەپ كېيىنكى چاغلاردا 2 - خۇيلى مەكتەپ دەپ ئاتىلىپ ، 300 دەك ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقان . ھاجى ئاخۇن ھاجى دېگەن كىشى كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ سايباغ تەۋەسىدە 10 سىنىپلىق بىر مەكتەپ

سالدۇرغان بولۇپ ، كۆكچى دېگەن يەردە بۇ مەكتەپنىڭ ئۈچ سىنىپلىق شۆبىسى قۇرۇلغان ، ئەھمەد ھاجىم پاختا دېگەن كىشى توققۇزاقنىڭ ئوغۇساق دېگەن يېزىسىدا ئۆز ئىقتىسادى بىلەن بىر مەكتەپ سالدۇرغان بولۇپ ، كۆكچى دېگەن يەردە بۇ مەكتەپنىڭ ئۈچ سىنىپلىق شۆبىسى قۇرۇلغان ؛ 1933 ـ يىلى نەزەرباغ يېزا قازىرىق تەۋەسىدە ئەينى چاغدىكى ساقچى باشقارمىسىغا باشلىق بولغان قادىر ھاجى ئۆزىنىڭ دادىسىدىن مىراس قالغان شەخسىي بەش مو يېرى ۋە ئىقتىسادىنى چىقىرىپ ئەتراپتىكى شەخسلەر ۋە قوشنا كەنتلەردىكى كەڭ ئاممىنىڭ سەپەرۋەرلىكى بىلەن بىر مەكتەپ سالدۇرغان ؛ 1935 ـ يىلى مەكتەپنى كېڭەيتىپ زامانىۋى مەكتەپ قىلغان . قەشقەرگە تۆمۈر ئېلى (تۆمۈر سىجاڭ ) [1] ۋە 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن قەشقەرنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى ، يېڭى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئالاھىدە تەرەققىياتقا ئېرىشتى . ئالدى بىلەن 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاممىۋى تەشكىلات مەخسۇس قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ۋە مەكتەپ ـ مەدرىسلەرنىڭ تەرەققىياتى ، ئىسلاھاتى ئۈچۈن باشلامچى ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك قوللىغۇچى بولۇپ ، مەدەنىيەت ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىدى .

1934 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھەيۋەتلىك مۇراسىم بىلەن قەشقەردىكى زامانىۋى پەننىي مەكتەپ «نوربېشى باشلانغۇچ مەكتەپ» كە قۇرۇلۇش باشلاندى ۋە شۇ يىلى 8 ـ ئايدا قۇرۇلۇش ئاخىرلىشىپ 9 ـ ئايدا ئوقۇغۇچى (600 نەپەر ) قوبۇل قىلىنىپ

---

[1] سىجاڭ — دىۋىزىيە باشلىقى .

مەكتەپتە دەرس باشلاندى. دەسلەپكى مەكتەپ مۇدىرلىرى ئابدۇكېرىمخان مەخدۇم، ھېسامىدىن ئەپەندىم، تۇرغۇنجان بايۋەچچە قاتارلىقلار بولۇپ، قەشقەر دائىرىسىدىكى داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار جەلپ قىلىنغان. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ۋە مەكتەپ ئىچىدىكى پائالىيەتلىرى ناھايىتى قىزغىن، جانلىق بولغان. مەكتەپ پۈتۈنلەي يېڭىچە مائارىپ ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، مەكتەپ مەشغۇلاتى، دەرسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، كۆندىلىك پائالىيەتلىرى يېڭىلاندى. مەكتەپتە يۈسۈپ زىياھ ئىبراھىم ئەپەندىم تەنتەربىيە دەرسى قاتارلىقلارنى ئۆتكەن بولۇپ، نەتىجىدە، تەنتەربىيە دەرسى مۇھىم ۋە قىزىقارلىق دەرسلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، مەكتەپنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرى جانلاندى.

1934 ـ يىلى 3 ـ — 4 ـ ئايلاردا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن قەشقەر شەھەر ئوردا ئىشىكى مەھەللىسىدىكى قۇمۇل ۋاڭلىرى نامىدىكى «ۋاڭلىق مەدرىسە» ئورنىدا بىر پەننىي مەكتەپ قۇرۇش خىزمىتى باشلاندى ۋە سىنىپلىرى يورۇق، ئاستى پول، سىنىپلىرى كارىدورلۇق، مەكتەپنىڭ شىمال تەرىپىدە 500 كىشى سىغىدىغان زال بار، 150 كىشىلىك قوش كارىۋاتلىق ياتاق، غەرب تەرىپىدە تاماقخانا، تاش مۇنچا، شەرق تەرىپىدە ئوقۇتقۇچىلار، مۇدىرىيەت، لاۋازىمەت ـ مالىيە ئىشخانىلىرى بار، خام ـ خىشلىق ئۆي ـ ئىمارەتلىك سەككىز سىنىپلىق بىر مەكتەپ بىنا قىلىندى. بۇ يەردە تۇنجى قېتىم ئۈچ ئايلىق كۇرس ئېچىلىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ياشراق خەلپىتىملىرى، بىر قىسىم چوڭ ئوقۇغۇچىلار تەربىيىلىنىپ، قەشقەر شەھىرىدە كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلۇۋاتقان پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەكتەپتە ئالتە ئايلىق، توققۇز ئايلىق ھەرخىل كۇرسلار داۋاملىق

ئېچىلىپ تۇردى .

1934 - يىلى 9 - ئايدا بۇ مەكتەپتە 3 - قېتىملىق بىر يىللىق تەمىنات بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش باشلىدى . بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن 251 نەپىرى يېتىپ - قوپۇپ ، ياتاقتا ياتىدىغان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ ، ئۇلار «لەيلى» ، 150 ئوقۇغۇچى ئائىلىسىدە قونۇپ كۈندۈزى ئوقۇيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن «ناھارى» دەپ ئاتالدى . ئۇلار 1935 - يىلى 6 - ئايدا ئوقۇش تاماملاپ ، قەشقەر تەۋەسىدىكى ھەرقايسى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئەۋەتىلدى . بۇ مەكتەپكە دەسلەپ «مەركىزىي مەكتەپ» ، «قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» دەپ نام قويۇلغان بولۇپ ، ئۇ ھازىرقى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىي گەۋدىسى ئىدى .

قەشقەردىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن تۆمۈر شاگىيۇ ، مەھمۇد شەۋكەتلەرنىڭ دالالىتى بىلەن 1936 - يىلى قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» دە «دارىلئۇلۇم» ئالىي بىلىم يۇرتى تەسىس قىلىندى . بۇ يەرگە قەشقەردىكى بارلىق مەدرىسىلەردىكى ئۆگىنىش نەتىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى ، تىرىشچان ، تولۇپ تاشقان روھقا ئىگە ، زېھنى ئۆتكۈر ئوقۇغۇچىلاردىن 100 دىن ئارتۇقى قوبۇل قىلىندى . مەكتەپكە نۇرغۇن كىتابلار سەرەمجانلاشتۇرۇلغان كۇتۇپخانا تەسىس قىلىندى . مەكتەپ ئوقۇتۇش ، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى ئۈچۈن قاتتىق تۈزۈم ، ئەستايىدىل ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش ئىستىلىنى يولغا قويدى . مەكتەپ ئالتە كۈن دەرس ئوقۇش ، چۈشتىن بۇرۇن دىنىي دەرس ، چۈشتىن كېيىن پەننىي دەرس ئوقۇشنى مەخسۇس دەرس جەدۋىلى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى .

«دارىلئۇلۇم» دىكى ئوقۇشتا ئەمەلىي پراكتىكا ، تەجرىبە ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن . فىزىكا ، خىمىيىدىن ئۆتۈلگەن بىلىملەرگە ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسىملىرى

باتارېيە ياساپ چىراغ ياندۇرۇپ ، ياتاقلاردا كېچىلىرى ئۆگىنىش قىلغان . ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ، ئەمەلىي قابىلىيىتى ، ماھارەت ، بىلىم ـ ئىقتىدارىغا قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنغان . بىر قىسىملارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ، نەسەبلىرى ، ئەمەل ـ تاجىلىرىغا ، نام ـ ئاتاقلىرىغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىغان ، ھەتتا مەكتەپ ئىچىگە :

دارىلئۇلۇم نىزامى ـ شاھۇ گاداي باراۋەر ،
يۈز مەخسۇمىڭ بىر داچەن ، پەزلى كېرەك بۇرادەر .

دېگەن بېيىت يېزىپ چاپلىنىپ ، مەكتەپ ئىستىلىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن .

دارىلئەيتام . قەشقەردە قۇرۇلغان «ئەۋقاپ» ئۇيۇشما 1933 ـ يىلىدىن باشلاپ دارىلئەيتام ، يەنى يېتىملار مەكتىپىنى قۇرۇپ ، جەمئىيەتتە ئىگە ـ چاقىسىز قالغان بالىلارنى قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلىپ ، بىر قىسىم پاراۋانلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن . كېيىن «قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن «دارىلئەيتام» مەكتەپ تۈسىگە كىرگۈزۈلۈپ ، نوقۇل ھالدىكى بېقىش ، تەربىيىلەشكە ئۆزگەرگەن بولۇپ ، مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان يېتىم بالىلارغا مەدەنىيەت دەرسلىرى ئۆگىتىلىپ ، ئۇلار مائارىپتىن بەھرىمەن قىلىنغان .

1934 ـ يىلى ئەبرارباي (1880 — 1939) نىڭ يېتەكچىلىكىدە قەشقەر يارباغ دەرۋازا بىلەن تۈمەن دەرياسى ئارىلىقىدىكى «گۆركارلار مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان جايغا 12 سىنىپلىق دارىلئەيتام قۇرۇلۇپ ، سەككىز سىنىپ ئوغۇللار ، تۆت سىنىپ قىزلار ئوقۇيدىغان بولغان . بۇ مەكتەپكە ئەبرارباي ، مۇھەممەتخان ھاجىم خاقانى قاتارلىق كىشىلەر مۇدىر بولغان ۋە نۇرغۇن قابىل ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان .

دارىلئاجىزىن ، يەنى مېيىپ ـ ئاجىزلار مەكتىپىگە

ئەبراربايىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 300 دىن ئارتۇق مېيىپ كىشىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، جەمئىيەت ۋە جامائەتنىڭ خەير - ساخاۋەت، ئىنسانپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا زور ئىلھام بېرىلگەن. يەنە مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەردىن ئۆمەرئاخۇن قاساپ قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچىلىرىدىن بولغان.

زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەككۈچىلەرنى تەربىيىلەش مەركىزى. قەشقەردە ئاز ساندىكى بىر قىسىم جەمئىيەت داشقاللىرى زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن نەشە، ئەپيۇن ۋە باشقا چېكىملىكلەرنى چېكىش، ئېلىش - سېتىشتەك قىلمىشلاردا بولۇپ، قەشقەردىكى ئاممىغا نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى پەيدا قىلغاچقا، مۇنداق چېكىملىك چەككۈچىلەرنى يىغىپ مەجبۇرىي تاشلاتقۇزۇش ۋە تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىپ بىر جەمئىيەت قۇردى. بۇ يەرگە پىداكار دوختۇرلار ۋە سېسترالار جەلپ قىلىندى. ئورنى قۇۋاپ سارىيى ياكى ھازىرقى پوچتىخانا ئائىلە قورۇسى، شەھەرلىك قورال‌لىق بۆلۈم ئورنىدا بولۇپ، قەشقەردىكى ئىلغار كىشىلەردىن ئابلىراخۇن (ئابدۇللا ئاخۇن) قاساپ مەسئۇل بولغان.

دارىلمۇئەللىمات، يەنى ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش مەكتىپى. قەشقەر شەھەر لىجىڭ يامۇل، ھازىرقى شەھەرلىك باللار باغچىسىنىڭ ئورنىدا خەدىچە مۇزەپپەر خانىم، ھۆرنىسا ئەمەت، ئائىشە سايىت ھاجى قىزى قاتارلىقلارنىڭ مەسئۇللۇقىدا قۇرۇلدى. بۇ يەردە تۇنجى قېتىملىق ئايال ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش يولغا قويۇلدى.

«ئىسلاھۇل مادارىس ۋە ساجىت ھەيئەت» مەسچىت ۋە مەدرىسىلەرنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قۇرۇلۇپ، قەشقەردىكى مەدرىسە ھەم مەسچىتلەرنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئالدى. بۇ مەسچىت،

مەدرىسىلەرنىڭ ۋەخپە كىرىملىرىنى باشقۇردى ، بارلىق ئۆلىمالارنى تەربىيىلەپ ، ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ ، ئىلىم - مەلۇماتىغا ئاساسەن ئورۇن ۋە مائاش بەلگىلەپ ، قەشقەرنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى مائارىپ ئىشلىرىغا مەبلەغ چىقىرىپ ، قەشقەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى . ئۇنىڭغا تەۋەككۇل ئاخۇن خەلپەت (1900 — 1952 ) يېتەكچى بولۇپ ، ئورنىنى قەشقەر شەھەر كەنجازە مەدرىسىگە تەسىس قىلدى . بۇ ھەيئەت مەدرىسە مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش ، تەلىم - تەربىيە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، يەنى مائارىپقا يار - يۆلەك بولۇشتەك ئىجابىي پائالىيىتى بىلەن قەشقەردە زور تەسىر قوزغىدى .

«قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» نىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە كۆچلۈك قوللىشى بىلەن 1935 - يىلى «تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسىسى» ئۆزگەرتىلىپ باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىندى . بۇ مەكتەپ مەكتەپ شەكلى ، قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتۇش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن قەشقەردە «نەمۇنە مەكتەپ» دەپ ئاتالدى . ئۇنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئەينى دەۋرلەردە «1 - خۇيلى مەكتەپ» ، يەنى خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ دېيىلەتتى .

مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان مەشھۇر زات ئىسمائىل ئاخۇن خەلپىتىم (1889 — 1985 ) ، ئابلەق ئەپەندىم ، پەخرىدىن توختى ، تۇرسۇن ئىسلام ، ئابلىز شاھ قاسىم قاتارلىقلار كەينى - كەينىدىن ئۆتىدى .

قەشقەردىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تۇرتكىسىدە شەخسلەر مەبلەغ سېلىش ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مالىيە ياردىمى بېرىش بىلەن يېڭى مەكتەپلەر كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى . بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەردىكى سودا - تىجارەتچىلەردىن ئۆمەر ئاخۇنبايۇفلارنىڭ خۇسۇسىي زېمىنى ۋە مەبلىغى بىلەن

قۇرۇلغان تۇمەن بويى مەكتەپ (7 ـ باشلانغۇچ) ، مائارىپپەرۋەر زات توختى هاجىم (1908 — 1965) نىڭ قىزىل دۆۋىدىكى (هازىرقى سۇ مەكتىپى ئورنىدىكى) مەكتەپلەر ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر . يەنە دورغا باي كۆلبېشى مەدرىسە ئورنىغا سېلىنغان باشلانغۇچ مەكتەپ ، ھەزرەت مەكتەپ ، قازېرىق مەكتەپ مۇراد بەخش ئاتام مەكتەپ ، كۆكئېرىق ھويلا مەكتەپ ، قوشكۆل مەكتەپ ، كۆك مەسچىت مەكتەپ ، قۇتبىدىن غوجامدىكى مەكتەپ ، موللا زادىدىكى مەكتەپ قاتارلىق مەكتەپلەرمۇ كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلۇپ ، شەھەر ئەتراپىدىكى جايلاردىمۇ مەدەنىيەت ـ مائارىپنىڭ باھار شامىلى يەلپۈنۈشكە باشلىدى . بۇلار قەشقەردىكى نامى بار ، قۇرۇلۇش تارىخى ئۇزۇن ، باشقۇرۇلۇشى ياخشى ، ئوقۇتقۇچىلىرى سەرخىل مەكتەپلەر ئىدى . يەنە قەشقەرگە تەۋە يېزىلاردىن بەشكېرەم ، ئاۋات ، يېڭىئۆستەڭ ، كونا شەھەر ، ئوپال ـ بۇلاقسۇ ، تاشمىلىقلاردىمۇ مائارىپنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەندى .

قەشقەردە 1920 ـ يىللاردىن كېيىن ھېسابات ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن مالىيە ـ بوغالتىرلىق مەكتەپلىرىمۇ ئېچىلىشقا باشلىدى .

1925 ـ يىلى ئەنجان كوچىسى ئىچىدە ئابلا بايۋەچچىنىڭ شەخسىي تۇرالغۇسىدا تۇرغۇنجان بايۋەچچە ، ھېسامىدىن ئەپەندى ، مەجىددىن ئەپەندى ، ئەھمەد پەرىد ئەپەندى قاتارلىقلار تەكلىپ قىلىنىپ ، بوغالتىرلىق كۇرسى ئېچىلدى . يەنە 1927 ـ يىللىرى يۇسۇپ زىياھ ئەپەندىم ئۆز ئۆيىدە بەش قېتىمدىن ئارتۇق كۇرس ئېچىپ ، زامانىۋى مالىيە ـ بوغالتىرلىق ئىشلىرى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىدى . مۇنداق كۇرسلاردا ئوقۇپ چىققان كىشىلەردىن رىشاتخان ئېلى هاجى ئوغلى ، مىرزى مۆمىنجان ، ئابدۇرۇسۇل قادىر ، ئابدۇرەھىم قادىر ، ياسىن سەئىدى ، سەيدىن

ئېلى ، ئابدۇرېشىت تۇردىھاجى ، رېشات ھاجى ، ئابلىمىت ئاخۇن ، مەتىمىن قۇربانى ، ئىبراھىم ھاجىم قاتارلىقلار كېيىنكى چاغلاردا قەشقەردىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان مالىيە - ھېسابات ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەش ئىشلىرىدا تايانچلارغا ئايلاندى . 1940 - يىلدىن ئېتىبارەن «قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» مەخسۇس ھۆججەت چۇشۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ باش بوغالتىرى رېشاتخان ئېلى ھاجىنىڭ مەسئۇللىقىدا مالىيە - بوغالتىرلىق كۇرسلىرى بىر قانچە قېتىم ئېچىلىپ كەڭ بوغالتىرلار قوشۇنىنىڭ يېتىلىپ چىقىشىغا ئاساس سېلىندى ۋە 1949 - يىلدىن كېيىنكى مالىيە - سودا مەكتەپلىرىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۇردى .

قەشقەر مائارىپىدىكى كەسپىي مەكتەپ قۇرۇش ئىشى 1939 - — 1940 - يىللىرىدىن باشلانغان . ئەينى دەۋردە «قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» ھەمدە قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى بىرلىكتە ھازىرقى ھەزرەت باشلانغۇچ مەكتەپىنىڭ ئۇدۇلىغا كەسپىي مەكتەپ تەسىس قىلغان ، مەكتەپنىڭ تەمىنات ۋە مالىيە خىراجەتلىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى چىقارغان .

مەكتەپتە مەدەنىيەت دەرسلىرى ۋە كەسپىي دەرسلەر تەسىس قىلىنغان . چۇشتىن بۇرۇن مەدەنىيەت دەرسى ، چۇشتىن كېيىن پراكتىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى سۈپىتىدە كەسپىي دەرس ۋە ئەمەلىيەت دەرسى ئۆتۈلگەن . مەكتەپتە كەسپىي دەرسلەردىن توقۇمىچىلىق كەسپى سىنىپلىرى تەشكىل قىلىنغان . بۇ يەردىكى گۇللۇك يىپ ، ئەدىيال ، يىپەك ، شايى - ئەتلەس ، بەقسەم ، گىلەم ، قەشقەرنىڭ خام - شاتىۋا قاتارلىق تۇرلىرى ئۆگىتىلگەن . مەكتەپكە مۇھەممەد رەھىم مۇھەممەد مۇدىر ، ئەمەت سامساق ئىلمىي مۇدىر ، مۇھەممەد يۇسۇپ ئۇيغۇر ، ئېلى روزى ، تۇرسۇن مۆمىن ، ئابدۇقادىر مۇھەممەد زەۋقى ، روزى ھاجى قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچى بولغان . بۇ مەكتەپتە يەنە مالىيە - بوغالتىرلىق سىنىپى

ۋە تېببىي سىنىپلارمۇ تەسىس قىلىنغان . بىتىم دەۋرىدە ئۆلكىلىك هۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن بۇرھان ئەپەندىم ، ئەخمەتجان ئەپەندىم قاتارلىقلار قەشقەرگە كەلگەندە ھەزرەتتىكى كەسپىي مەكتەپنى زىيارەت قىلىپ ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، تەمىنات مەسىلىسى جەھەتتە ئۆلكىلىك هۆكۈمەتتىن پۇل چۇشۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن . كەسپىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى قەشقەرگە تەۋە ھەرقايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن ، ئۇلارغا مەكتەپ ھەقسىز ياتاق ، تاماق ئورۇنلاشتۇرغان . مەكتەپتە ئەڭ كۆپ بولغاندا 170 تىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى ئوقۇغان بولۇپ ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن كېيىنكى چاغلاردا ئەل ئىچىگە تونۇلغان ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىققان . مەكتەپ 1949 ـ يىللىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ئوقۇتقۇچىلىرى تارقالاشتۇرۇلغان .

قەشقەر مائارىپىنىڭ مەنزىلى ئۇزۇن بولۇپ ، ھەر بىر دەۋردە شانلىق ئىزلارنى قالدۇرغان .

قەشقەر مائارىپىنىڭ 1900 ـ يىللاردىن ، بولۇپمۇ 1920 ـ يىللاردىن كېيىنكى مائارىپ تەرەققىياتى ئالاھىدە بىر باسقۇچ بولۇپ ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىك ۋە ئىلغار تەرەپلىرى بار .

بۇ مەزگىل قەشقەردە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان يېڭى مەدەنىيەت ، يېڭى ئىدىيە ، يېڭى مائارىپ دەۋرى بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن دەۋرلەرنى بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ .

ئىلغار مائارىپپەرۋەر زاتلارنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرى ، يازغان كىتاب ـ دەستۇرلىرى ئارقىلىق سىڭگەن مائارىپ ۋە مائارىپنى سۆيۈش ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ، ئىدىيىسىگە ئاساسەن قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەردە نادانلىق ، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش چاقىرىقلىرى ئومۇم خەلقنىڭ

تەنتەنىلىك شوئارىغا ئايلاندى . شەھەر كوچىلىرى ، مەكتەپ تاملىرىغا «ساۋاتسىزلىق — نادانلىق ، نادانلىق — قاراڭغۇلۇق» ، «ھەر مىللەتنىڭ ئىرفانى ، تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ مىزانى مەكتەبى ئىلاھىدۇر» ، «مىللەتنىڭ خار - زەبۇن بولماقلىقىغا بائىس نېمىدۇر ؟ ئىككى نەرسىدۇر : بىرى ، جاھىلۇ نادانلىق ، يەنە بىرى ، تەپرىقە - ئىختىلاپ .» دېگەن دانالار سۆزلىرى چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىلغان بولۇپ ، مەكتەپلەردە ئوقۇلىدىغان ناخشىلاردىكى بېيت - مىسرالاردىمۇ بۇ ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن .

مەكتەپلەردىكى قارا تاختىلارغا :

ياز ئەزىز ئوغلۇم ، قارا تاختىنى سىزىپ ئاق بور بىلەن ،
بور ئەمەس بەلكى ، ئەقلۇ ھېكمەت نۇر بىلەن .
ئۈچ نادانغا تېگىشلىمەس ، خەت ساۋاتلىق بىر كىشى ،
ئىلمۇ ئىرپان خۇددى گۆھەر ، ھېچ تېپىلماس تەڭدىشى .

دېگەندەك شېئىر - نەزملەر يېزىلغان ، ئۇلار يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچى دەستۇرىغا ئايلانغان . شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ساۋاتسىزلىققا قارشى تۇرۇش بويىچە ئاممىۋى پائالىيەت كەڭ قانات يېيىپ ، شەھەرنىڭ بارلىق كوچا - مەھەللە ، مەكتەپ - مەدرىسىلىرىدە كەچ كۇرسلار ئېچىلىپ ، مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىشنىڭ داغدۇغىسى كۆتۈرۈلدى .

مۇشۇ ئاممىۋى پائالىيەت جەريانىدا ، «قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» مائارىپقا چوڭ تۆھپە قوشتى . ئۇ قەشقەردىكى مەكتەپ ، مەدرىسە ، مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپە كىرىملىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ مۇھىم مالىيە مەنبەسى ئارقىلىق يېڭى مەكتەپ سېلىش ، مەكتەپلەرنى رېمونت قىلىش ، مەكتەپلەرنىڭ تەمىنات ، مالىيە خىراجەتلىرى ، بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاش تەمىناتلىرىنى تولۇق يەتكۈزۈپ بەرگەن . ئۇ بىر قانچە قېتىملىق چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ، قەشقەردىن ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك

دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش ئىشلىرىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئالغان . ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى داۋاملىق باشقۇرۇپ ، تەمىنات چىقىرىپ ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلغان ، قەشقەردە ھەرخىل كەسپىي مەكتەپ ۋە كەسپىي مائارىپنى يولغا قويۇش ئارقىلىق قەشقەردىكى ئاممىۋى مائارىپ ئىشلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن .

گەرچە قەشقەردە 1949 ـ — 1950 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلغان مائارىپ سىنىپى چەكلىمە ، ئىجتىمائىي تۈزۈم ، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك ھەمدە دىن ، ئەنئەنە ، مەھەللىۋى تار مەھكىمىچىلىك قاتارلىق روھىي ئاجىزلىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يېڭىچە مائارىپقا تەشنا بولغان ئومۇم خەلق سەپەرۋەرلىككە كەلگەن قاينام ـ تاشقىنلىق بىر مەزگىلى ئىدى .

قەشقەر مائارىپىنىڭ 30 ـ — 40 ـ يىللىرىدىكى مەزگىلىدە تەربىيىلەنگەن مەكتەپ خادىملىرى ، ئوقۇتقۇچىلار ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى غوللۇق قوشۇنغا ئايلاندى . 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ قەشقەر ئۇيغۇر مائارىپى يېڭى سۈپەت ، يېڭى سەۋىيە ، يېڭى قىياپەتتە تېخىمۇ يۇقىرى مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرىلىدى . سان ، سۈپەت جەھەتتە زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى . 50 ـ يىللاردىن باشلاپ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى كېڭەيتىلدى ، قەشقەر سەمەن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى . ئارقىدىن قەشقەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە باشقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ، مالىيە ـ سودا مەكتىپى ، يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ، قەشقەر تىببىي تېخنىكوم قاتارلىق تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ، ھەرخىل كەسپىي تېخنىكوملار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ ، قەشقەر مائارىپىنىڭ كۆپ خىل ، كۆپ قاتلام ،

كەسىپلەشكەن، مۇتىزىملاشقان تەرەققىيات باسقۇچىغا شەكىللەندى. كەڭ خەلق ئاممىسى پەرزەنتلىرىنى بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا ئاكتىپ ماسلاشتى. قەشقەر مائارىپى كۆلەملىشىش، مۇتىزىملىشىش، قېلىپلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ گۈللەنگەن يېڭى بىر دەۋرىنى كۈتتۈۋالدى.

## § 3 . قەشقەرنىڭ 30 - يىللاردىكى ئاياللار مائارىپى

قەشقەردە كەڭ ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ يېڭىچە پەننىي بىلىم ئۆگىنىشى مەركەز قىلىنغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قوزغىلىپ، يېڭى ئاڭ، يېڭى ئۇسلۇبتىكى ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ مائارىپ دەۋرى باشلانغىنىغا تەخمىنەن 75 يىل بولدى.

75 يىل مۇقەددەم كىشىلەر قەلبىنى زىلزىلىگە سېلىپ، كەڭ ئاياللار جامائەتىنىڭ كۆڭۈل رايىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى ئەينى چاغدىكى قەشقەر دائىرىسىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ چەمبەرچاس باغلانغان يەنە بىر مۇھىم قانىتى ئىدى.

كونا مەكتەپلەردە ئالدى بىلەن ئوغۇللار ئوقۇيتتى. ئۇ دەۋردىكى تۈزۈم، ئەنئەنىۋى قائىدە، چۈشەنچە، يەرلىك كۆز قاراشلارنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى تۈپەيلىدىن مۇنداق مەكتەپلەردە قىز - ئاياللارنىڭ ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن دۇنياۋى تەرەققىيات، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى مەدەنىيەت، ئىدىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان گېزىت - ژۇرناللار، ئەخلاقىي

تەربىيە رىسالە كىتابچىلىرى ، ئىلغار ئالىملارنىڭ يۇرتىمىزدىكى زىيارەت ، سۆھبەت بايانلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن كۆپلىگەن ئىلغار تىجارەتچىلەر ، مەدەنىيەت مائارىپ پېشۋالىرى ، بىر قىسىم جامائەت ئەربابلىرى نوپۇسنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان ۋە كەلگۈسىدىكى ياش ئەۋلادلارنىڭ «تەربىيىچى ئانىلىرى» بولىدىغان قىزلارنى يېڭىچە مەكتەپلەرگە بېرىپ زامانىۋى مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇشقا چاقىرىق قىلدى . نەتىجىدە ، دەسلەپ 1934 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى «يۇمىلاق شەھەر قورغانى» غا تەۋە « تېرەكلىك » دېگەن يەردە قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەر ، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن «مەھمۇدىيە» نامىدا بىر مەكتەپ ئېچىلدى .

بۇ مەكتەپكە 40 تەك قىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى . بۇ مەكتەپتە مۇنەۋۋەر خانىم ئاتلىق بىر تاتار ئايال ئوقۇتقۇچى بولدى ، ئايشەم سايىت ھاجى خانىممۇ مۇئەللىم بولدى ، مۇنەۋۋەر خانىم ھېساب دەرسى ، ئانا تىلى دەرسى ، ناخشا دەرسى قاتارلىقلارغا كامىل بولۇپ ، مۇلايىم مىجەزى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ھەمدە لاتىن تىلىدىنمۇ دەرس بەرگەن . ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىن تۇرمۇش مەسىلىسى تۈپەيلى قەشقەرگە كېلىپ قالغان بۇ ئايال ئوقۇتقۇچى خانىم تەن سالامەتلىكىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكى ، بىر پۇتىنىڭ مېيىپ بولۇشىغا قارىماي ، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكەن .

بۇ مەكتەپنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولۇپ ، ھەربىر ئاي ، ھەر بىر چارەك ۋە مەۋسۇملاردا ياخشى ئۆگەنگەنلەر مۇكاپاتلىنىپ تۇرغان ، بىراق سىياسىي ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن مەكتەپ تاقىلىپ كەتكەن . ۋەزىيەت ئوڭشالغاندىن كېيىن بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئاياللار مائارىپى ھەققىدە تەشۋىقاتنى

كۆچەيتتى . دىنىي زاتلاردىن مەشھۇر ئالىم ـ ئۆلىما جامال ئاخۇن خەلپىتىم ، سودا ـ سانائەتچىلەردىن مۇھەممەت نىياز مەخسۇم ، ئىمىن ھاجىم شىركەت ، تىللا قارىم ، ئىسرائىل شاڭزۇڭ ، شېرىپ بەگ ، مامۇت ئاخۇن ئۇلاي ، تۇرسۇن ئاخۇن (ئەپەندىم ) مەخسۇم ، قاسىم ئاخۇن ئاچچىقسۇچى قاتارلىق قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر باشلامچى بولۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ بىر ـ ئىككىدىن قىز پەرزەنتلىرىنى پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا ئەۋەتتى ، بۇنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى .

ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەر شەھىرى ئەنجان كوچىسىدا تۇرۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر بايلاردىن مۆھىددىن جانباينىڭ ھەشەمەتلىك ھويلىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە «ئاياللار مەكتىپى» قۇرۇلۇپ ، ئايشەم سابىت ھاجى خانىم مەكتەپ مۇدىرى بولدى . گەرچە سىنىپ بىرلا بولۇپ ، ئوقۇغۇچى سانى كۆپ بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇ ، قەشقەر شەھىرىدىكى بىر يېڭىلىق ، ئىجادىيەت بولغىنى ئۈچۈن ، قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى .

جەمئىيەتتىكى قىزلارنى يېڭى پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ ، زامانىۋى بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش جەريانىدا مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ، نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى تەشۋىقاتى ، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ سەھنىدە قىلىنغان تەشۋىقاتتىن ئىبارەت كۈچلۈك سەپەرۋەرلىكنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە ، بۇ مەكتەپتە قىزلار بىلەن تولغان بىر سىنىپ پەيدا بولدى .

قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قۇرۇلغان تۆت ئورۇندىكى تۆت سىنىپلىق قىزلار ۋە ئاياللار مەكتەپلىرىگە قەشقەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان مەرىپەتپەرۋەر تاتار زىيالىيلىرىدىن يۈسۈپ مۇزەپپەر ئەپەندىنىڭ ئايالى خەدىچە مۇزەپپەر خانىم ، سالاھىدىن

داموللامنىڭ ئايالى موشفىقە خانىم قاتارلىقلار پىشقان ، قابىل مائارىپچىلار بولغاچقا ، ئاياللار مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ، دەرسلىك جەھەتتىن يېڭىلىق يارىتىپ مەكتەپلەردىكى ئاياللارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشقا پۇختا ئاساس سالدى . ئۇلار مەكتەپلەردىكى ئاياللارغا ئوقۇتۇش ، ئۆگىنىش ، بىلىم ئېلىش مەزمۇن قىلىنغان لەرزان ، مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئۆگەتتى .

نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئايال زىيالىيلار ، مائارىپ تەشۋىقاتچىلىرى-نىڭ ئىلىم - مەرىپەت ، مەكتەپ ھەققىدىكى تەشۋىقاتلىرىغا ئاساسەن شەھەر كوچىلىرىغا ، مەكتەپلەرگە «مەكتەپ ۋەتەننىڭ ئەبەدىي نۇرلۇق چىراغىدۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر يېزىلغاندىن باشقا ، ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى قىز ئوقۇغۇچىلار سەپ - سەپ بولۇپ شەھەر كوچىلىرىدا تەكشى قەدەم بىلەن :

كېتىپ بارىدۇ مەكتەپكە ،
گۈلگە ئوخشاش ئوماق باللار .
ئىشەنمىسەڭلار ، قاراڭلار ،
ئەنە بويىندا سومكىلار .

كەچ يېتىپ ، سەھەر تۇرۇپ ،
چاي ئىچىپ ، قورساق تويدۇرۇپ .
چاچ - كوكۇللارنى يەلپۈتۈپ ،
كېتىپ بارىدۇ مەكتەپكە .

دەپ ناخشا ئوقۇپ «بىر ، ئىككى ، ئۈچ» دېگەن ساناق ساداسىدا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى ، نەتىجىدە ، قەشقەر كوچىلىرىدا مەكتەپ قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى .

قەشقەردىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن ھەرقايسى يەرلەردە قۇرۇلغان مەكتەپلەردىكى قىز - ئاياللار

1934 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ نورىبېشى مەكتەپ ، باشقا جايلاردىكى قىز ئوقۇغۇچىلار «دورغۇبەگ كۆلبېشى مەدرىسە» گە يۆتكىلىپ ، مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ سانى كۆپەيدى .

بۇ يەردىكى مەكتەپكە قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىمىن ھاجىم خەلپىتىم باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىمۇ بىرلىكتە يۆتكەلدى . نەتىجىدە ، قىزلار ۋە ئاياللار سەككىز سىنىپ ۋە 15 نەپەر ئوقۇتقۇچى خادىم ۋە 250 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان بىر مەكتەپ بىنا قىلىندى .

قەشقەردىكى ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇش ، تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل رايى ، مەكتەپنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنى كۆزدە تۇتۇپ ، قىزلار بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئاساسەن قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن تۇرمۇشقا چىققان ئاياللارنى ئايرىپ ئوقۇتىدىغان سىنىپلارنى تەسىس قىلىش تەقەززاسى تۇغۇلدى . 1937 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تۈمەن دەرياسى بويىدىكى مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇراخمان باينىڭ خۇسۇسىي جايىغا تەسىس قىلىنغان مەكتەپكە ئاياللارنىڭ سەككىز سىنىپى يۆتكەلدى . مەخسۇس ئاياللار ئوقۇيدىغان بۇ مەكتەپ كېيىنكى چاغلاردا خەلق ئارىسىدا «چوكانلار مەكتىپى» دەپ ئاتالدى .

قەشقەردىكى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ سانى تېز كۆپەيدى . شەھەر ئەتراپىدىكى قوغان ، سەمەن ، ئاۋات ، بەشكېرەم ، قازېرىق ، توققۇزاق ، ئوپال ، كونا شەھەر ، يېڭى ئۆستەڭ قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن يېڭى مەكتەپلەر ئېچىلدى . ئەنە شۇنداق تەرەققىيات ۋە ئاياللار مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئاياللار

مەكتەپلىرىنىڭ قارمىقىدا ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش قارار قىلىنىپ، «ئايالىلارنى ئايالىلار ئوقۇتۇش»، «ئايالىلارنى ئايالىلار باشقۇرۇش» پرىنسىپى يولغا قويۇلدى.

1935 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قەشقەر شەھىرى ئەنجان كوچىسىغا جايلاشقان كونا لىجىنىڭ يامۇل دېگەن جايدائابدۇرەھىم بايۋەچچە ۋە ئابدۇللا بايۋەچچىلەرنىڭ ھويلىسىدا (ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك باللار باغچىسىنىڭ ئورنىدا) خېلى بۇرۇنلا ھەر خىل كۇرس، مەكتەپلەر ئېچىلغان بولۇپ، كېيىن شۇ يەردە قەشقەردىكى خانىم ـ قىزلارنى ئوقۇتىدىغان بىر مەكتەپ بىنا قىلىندى. بۇ يەردە يەنىلا ئۇستاز ئايشەم سايىت ھاجى قىزى ئوقۇتقۇچى ھەم مەكتەپ مۇدىرى بولدى. بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش مەقسەت قىلىنغان «دارىلمۇئەللىمات» تەسىس قىلىندى. ئۇ 1937 ـ يىلى ئۆزىدىكى تۆت سىنىپ، 100 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىن ۋە تەمىناتىدىن ھۆكۈمەت، يەنى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن شەھەر تەۋەسىدىكى ئون مەكتەپنىڭ بىرى سۈپىتىدە قەشقەر نەزەرباغدىكى كېرەمزادىلەرنىڭ خۇسۇسىي جايىدىكى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ مەكتەپنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋە باشقۇرۇش سۈپىتى ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەسىرى ۋە جەلپ قىلىش كۈچى ئۆستى. بۇ مەكتەپكە قەشقەر شەھىرىدىن باشقا، شەھەرگە قاراشلىق ئاۋات، بەشكېرەم، توققۇزاق، يېڭىئۆستەڭ، ئاستىن ئاتۇش، ئۈستۈن ئاتۇش، پەيزىۋات، يېڭىسار، مەكىت، مارالبېشى، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن بىر قىسىم قىزلار كېلىپ قەشقەردىكى ئايالىلار مەكتەپلىرى، بولۇپمۇ «دارىلمۇئەللىمات» دا ئوقۇدى. قەشقەر «دارىلمۇئەللىمات» ياتاقلىق قىلىندى، تەمىنات مەسىلىسىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ۋە

مائارىپ ئىدارىسى ئۇستىگە ئالدى ، مەكتەپكە باشقا جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا ھەقسىز ياتاق بېرىلدى ، ياتاقتا ياتىدىغانلارغا يوتقان - كۆرپە ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلدى ، ھەتتا قەلەم ، قېرىنداش ، دەپتەر ، سىياھ قاتارلىق ئوقۇش ماتېرىياللىرى ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلدى .

بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەنجان كوچىسىدىكى «دارىلمۇئەللىمات» مائارىپ - مەدەنىيەت ھەرىكىتى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى ، شەھەردىن ، ئەتراپتىن كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مەكتەپ ئورنى تارلىق قىلىپ ، قىيىنچىلىق پەيدا بولدى . يۇقىرىنىڭ تەستىقى ۋە مەبلەغ سېلىشى بىلەن بۇ مەكتەپتىكى بەش سىنىپ ، يەنى 250 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى خانىم - قىزلار قەشقەر شەھىرىنىڭ ئارقائوردا دېگەن يېرى (ھازىرقى شىنخۇا كىتابخانىسى بىناسى يېنىدىكى كوچا) دە يېڭىدىن سېلىنىپ تۆت يىلدا قۇرۇلۇشى تاماملاندى ۋە ئىككى قەۋەتلىك ئازادە مەكتەپ بىناسىغا كۆچۈرۈلدى .

بۇنىڭدىن باشقا ، 1943 - يىلى قەشقەر ياۋاغ گۆر مەھەللىسىدىكى «دۇمباخانا» ئورنى بۇزۇلۇپ «دارىلئەيتام» مەكتىپى قۇرۇلدى . مەكتەپنىڭ پەس تەرەپتىكى سىنىپلىرىدا ئوغۇللار ، ئۇستى تەرىپىدە قىزلار ئوقۇيتتى . مەخسۇس قىزلار سىنىپى 12 دىن ئارتۇق بولۇپ ، 350 — 400 دەك ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى . بۇ مەكتەپتە 20 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى بار ئىدى . دەسلەپ بېلىقىز مۇسابايېۋا خانىم ، كېيىن نۇرنىسا ئېلى خانىم قاتارلىقلار مەكتەپ مۇدىرى بولدى ، سوپۇرا موللا ئەيسا خانىم ، خەيرىنىسا ئەمەت خانىم قاتارلىقلار مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولدى ، چولپان قادىر خانىم ، بېلىقىز جالالىدىن خانىم ، نۇرنىسا نىياز ، ئائىشە نۇر خانىم قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچى بولدى .

1937 - يىلى ئەسلىدىكى ئەنجان رەستە ئىچىدىكى «سۇللاھ

مازار غوجام» قەبرىستانلىقى چېقىلىپ ، بىر مەكتەپ سېلىنىدى ، كېيىن بۇ مەكتەپ «گىراژدانلار مەكتىپى» دەپمۇ ئاتالدى ، بۇ مەكتەپنى «قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان بولۇپ ، بۇ مەكتەپتە سەككىز سىنىپ ، 300 دىن ئارتۇق قىز ئوقۇغۇچى ئوقۇغان .

يەنە 1934 ـ يىلى قەشقەردىكى مائارىپ دولقۇنىدا قىزىل دۆۋە دېگەن جايدا مەرىپەتپەرۋەر زات توختى ھاجىم ئۆز مەبلىغى بىلەن بىر مەكتەپ سالغان بولۇپ ، قىزلار ئايرىم ئۈچ سىنىپتا ، ئوغۇللار ئايرىم سىنىپتا ئوقۇغان . بۇ يەردە جەمىلە خانىم ، ئىمۇگۇسۇم خانىم قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچى بولغان .

قەشقەردىكى ئاياللار مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى بولغانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپى ۋە قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق جايلاردىكى مۇھىم رەھبەرلەر ، قەشقەردىكى مۇھىم زىيالىيلار بولۇپ ، ئۇلار ئارىسىدىكى سابىت ئەپەندى ، مۇھەممەت يۈسۈپ جالالىدىن ، قىرغىز توختار ئەپەندى ، توختارۇپ ، تاتار مالىك ئەپەندى ، ئابدۇقادىر مۇھەممەت زەۋقى ، ئوبۇلقاسىم قادىر ، ئابدۇرەشىت قاسىم ھاجىم ، ھوشۇرۇپ ، ئابدۇقادىر ھېسامىدىن ، مۇھەممەت رەھىم مۇھەممەت ، ئىسمائىل سابىر ، ئابدۇللا زاكىر ، ئابدۇكېرىم زۇنۇن ، ئابباسوپ ، ئۆمەر ئەمەت ، ئابدۇخېلىل مامۇت ، ئابدۇقادىر نەزەر ، ئوبۇلقاسىم ئىسمائىل ، نىئىمەت نىزامىدىن قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار پۈتۈن زېھنى ، ئۇستازلىق سېھرىي كۈچى بىلەن بۇ مەكتەپلەرگە كېلىپ ، ئىلىم ئىزدەۋاتقان نۇرغۇن خانىم ـ قىزلارغا دەرس بېرىپ ، ئۇلارغا ئىلىم مەشئىلىنى تۇتقۇزغان ئۆز دەۋرىنىڭ تالانتلىق ئۇستازلىرى ئىدى .

يەنە ئايال ئوقۇتقۇچىلاردىن ھۆرنىسا ئەمەت خانىم ، خەيرىنىسا ئەمەت خانىم ، زەينەپ مەھمۇد خانىم ، زەيتۇنە خانىم ، ئوغۇلنىسا

شېرىپ خانىم، ئەزىزگۈل كېرىم خانىم، سائادەت قاسىم خانىم، خاسىيەت خانىم، ئائىشە تۇرسۇن خانىم، ئالانۇر ھېلىم خانىم، ئايىمنىسا نىياز خانىم، ئىممە ئابدۇراھمان خانىم، زىننەت غوجى خانىم، بەھرىنىسا خانىم، نۇرنىسا كەنجى خانىم، تۇنسا كېرىم خانىم، بېلىقىز ئابدۇللا خانىم، نۇرنىسا ئېلى خانىم، چولپان قادىر خانىم، مەخفۇزە بەختى خانىم، بۇچەم مامۇت خانىم، بېلىقىز جالالىدىن خانىم، مارى سابىت خانىم، مارى مامۇت خانىم، بەختىنىسا ئۆمەر خانىم، تۇنسا ئۆمەر خانىم... قاتارلىق ئايال ئوقۇتقۇچىلار (خانىملار) «مەكتەپ» تىن ئىبارەت ئىلىم - ھېكمەتنىڭ نۇرانە باغچىلىرىدىن بىرىدە جاپا چېكىپ، خالىس نىيەت بىلەن ئانىلىق قەلب قاتلىرىدىن ئىلىم - مەرىپەت تەشنالىقىدا تۇرۇۋاتقان چوكانلار ۋە قىزلارنىڭ شاگىرتلىق تەلپۈنۈشلىرىگە ئۆز ۋۇجۇدلىرىدىن ئىلىم نۇرلىرىنى تۆككەن.

مەكتەپ بۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچى - خانىملارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بوش ۋاقىتلىرى ھەمدە تەتىل ۋە باشقا پۇرسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ زۆرۈر دەرسلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن كۇرسلارنى تەشكىل قىلغان. بولۇپمۇ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ يەردىكى كەچ كۇرسلاردا قابىل تەرجىمان ئابدۇرۇسۇل قادىر ئەپەندى خەنزۇ تىلىدىن ئىزچىل تۇردە دەرس ئۆتۈپ بەرگەن.

قەشقەردىكى ئايال مەكتەپلىرىدە باشلانغۇچ سەۋىيىسىدىكى سىنىپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكى ھەرخىل كۇرس، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەقسىتىدىكى «دارىلمۇئەللىمات» سىنىپلىرى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش سىنىپلىرىغا ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئوقۇتقۇچىلار بىلىشكە تېگىشلىك مائارىپ تەربىيە دەرسلىرىدىن «پېداگوگىكا»، «پسىخولوگىيە» ۋە مېتودىكىغا دائىر بىر قىسىم مۇھىم بىلىملەر

مەخسۇس ئۆگىتىلگەن .

يەنە مەدەنىيەت دەرسلىرى قاتارىدا قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، ئۇلارغا سالامەتلىكنى ئاسراش بىلىملىرىنى بېرىش مەقسىتىدە «ھېپىزى سەھەت» يەنى ھازىرقى «گېگىنا» دەرسى ئۆتۈلۈپ ، قىز - ئاياللارنىڭ شەخسىي تازىلىققا رىئايە قىلىپ ، ئۆز تەن سالامەتلىكىنى ئاسراش ، پاكىز ، يارىشىملىق ، رەتلىك كىيىنىپ يۈرۈشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرگەن .

مەكتەپ يەنە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىن باشقا ، مەكتەپ مۇھىتىنى جۇشقۇن ، جەڭگىۋار ، تەرتىپ - ئىنتىزاملىق ھەمدە مەكتەپنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە تەنتەربىيە ، ناخشا دەرسلىرىنى تەسىس قىلىپ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقنى ياخشىلاشنى ئىزچىل يولغا قويغان . جۇمە ياقۇپ ، ئەلى ئەيسا ، مامۇت ئىسمائىلنىڭ ئۆزلىرى يېزىپ ، ئۆزلىرى ئاھاڭغا سالغان ئىلىم - پەننى كۈيلەيدىغان ، ۋەتەننى ، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان ، خۇراپات ، جاھالەتكە قارشى تۇرىدىغان ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننى قوغداش مەزمۇن قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئىنقىلابىي ناخشىلار ئۆگىتىلگەن . مەكتەپ يۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا يۈزلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ كىرىپ ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈش ۋە قايىل قىلىش رولىنى چىڭ تۇتۇپ ، شائىر قۇربان ئىمىنىنىڭ ئەينى دەۋردە يازغان «تېۋىپنىڭ ئالدامچىلىقى» ، «ساتىراشخانىدا» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان . ئەسلەشلەرگە قارىغاندا قەشقەر شەھىرى قوناق بازىرىدىكى ھازىرقى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ زالىدا مەخسۇس ئاياللارغا بىلەت تارقىتىپ ئويۇن قويغان .

سەھنىدە ئاياللار مەكتەپلىرىدە ئىشلەۋاتقان، ئاياللار سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان خانىم - قىزلار چىقىپ نومۇر كۆرسەتكەن. بەزى خانىم - قىزلار ئەرلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، ساقال - بۇرۇت بېكىتىپ، زامانلار مابەينىدە دەۋر سۈرۈپ كەلگەن «كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش» نىڭ ئىجتىمائىي زىيانلىرىنى مەسخىرە قىلىپ:

بىرنى ئىككى قىلساڭ، بېشىڭ بولۇر سەرسان،

ئىككىنى ئۈچ قىلساڭ ھەممە ئىشىڭ بولۇر ۋەيران

دەپ كومېدىيىلىك روللارنى ئالغان. بۇ يۇمۇرلار بىلەن يۇرتىمىزدىكى جاھالەتنى، نادانلىقنى، زۇلۇمنى، ئالدامچىلىق قىلىۋاتقان داخان، پېرىخون، رەمچى - رەممالغا ئوخشاش پارازىت قۇرتلارنى تەنقىد قىلىپ، جەمئىيەتتە زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلغان.

1943 - يىلى 6 - ئاي ۋە 11 - ئايلاردا سەھنىلەشتۈرۈلگەن «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە» ناملىق ئوپېرالاردا تاجىنىسا بەشىر خانىم سەنەمنىڭ رولىغا، زەيتۈن شاھ ھاجى خانىم «زۆھرە» نىڭ رولىغا چىققان، نۇرغۇن ئايال ئوقۇتقۇچى - خانىملار ھەرەمدىكى كېنىزەكلەر سۈپىتىدە ئېسىل كىيىملىرى بىلەن ياسىنىپ سەھنىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك رول ئالغان.

مۇنداق سەنئەت پائالىيەتلىرى كەڭ ئاياللارنىڭ سەنئەت ھاياتىنىڭ سىناق مەيدانى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى بولۇپ قالغان. ئاتاقلىق سەنئەت ئەربابى زەينەپ سىدىق خانىم ئەينى يىللىرىدىكى «دارىلمۇئەللىمات» نىڭ ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزىقىشى ئەنە شۇ گۈزەل مەكتەپتىن باشلانغان.

جەمئىيەتتىكى كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ، جۈملىدىن ئاياللارنىڭ روھىي دۇنياسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك مائارىپىنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىنى قوزغاپ، قەلبلەرنى زىلزىلىگە سالدىغان

ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى 1937 ـ — 1938 ـ يىللىرى كەڭ ئامممىنى سەپەرۋەر قىلىپ ، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىدەك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قارشى كەڭ جامائەت پىكرى تەييارلاش ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم ئۈچۈن ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرىدە ئۇنۇملۇك رول ئوينىغان .

ئاياللار مەكتەپلىرىدىكى جاسارەتلىك خانىم ـ قىزلار تەشۋىقات ئۆمەكلىرىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاتنىشىپ ، شەھەر ئىچى ۋە شەھەرگە قاراشلىق يېزا ـ كەنت ، ناھىيىلەرگە بېرىپ بىر تەرەپتىن تەشۋىق قىلىپ ، يەنە بىرتەرەپتىن ئىئانە توپلىغان .

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يوللانغان زور ئىئانە توپلاشتا يىغىلغان پۇلغا بىرنەچچە دانە ئايروپىلان سېتىۋېلىنغان بولۇپ ، قەشقەر ۋىلايىتى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشكەن .

قەشقەردىكى ئاياللار مەكتەپلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى ، مەكتەپ ئوقۇغۇچى ، خانىم ـ قىزلارنىڭ جۇشقۇن روھى ، ساغلام جىسمانىي مۇكەممەللىكىنى قوغداش ۋە يېتىشتۇرۇش ئۈچۈن ، دەرستىن سىرتقى مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرغان بولۇپ ، بۇ پائالىيەتلەر ئالاھىدە ياخشى نەتىجە بەرگەن .

1935 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قىزىل دەرياسى بىلەن تۈمەن دەرياسىنىڭ كېسىشكەن جايىدىكى «قىزىل مەيدانى» دا ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا مەكتەپ بويىچە كوللېكتىپ قاتناشقان . پۈتكۈل قەشقەر خەلقى ، شەھەرگە قاراشلىق يېزا ـ كەنتلەردىن كەلگەن تاماشىبىن ۋە تەنھەرىكەتچىلەر ئارىسىدا ئىككى چوڭ ئەترەت ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . بىرى ، 6 — 7 ياشلىق ئوغۇل باللار ئۇستىگە ئاپئاق كىيىم ، بېشىغا ئۇزۇن

چېكىلىكى بار شەپكە كىيىپ، 50 — 60 نەپەر تەنھەرىكەتچى ئەزىمەتلەرنىڭ مۇرىسىگە مىنىپ تۇرۇپ، ئىككى قولىدا تەڭ چاۋاك چالغان ھالدا:

جۇپ - تاق، يۇپ - تاق
تاتلىق - تاتلىق يۇسىمىلاق.
كۆزى قارا، يۇزى ئاق،
جۇپ - تاق يۇپ - تاق.

دەپ، دارىلئەيتام مەكتەپتىكى قادىر ئەپەندىم، مەمتىلى ئۇسمان قاتارلىقلار تۈزگەن باللار قوشاقلىرىنى ئېيتىشى مەيداندىكى كەڭ تاماشىبىنلارغا ناھايىتى يېقىملىق تەسىر بەرگەن. يەنە بىرى، ئالاھىدە فورما بىلەن ياسىنىپ، قوللىرىغا كالتەك تۇتقان «ئىزچىلار» قاتتىق ئىنتىزام بىلەن پۈتكۈل مەيداننىڭ تەرتىپىنى قوغدايتتى. بۇ «ئىزچىلار» ئارىسىدا 30 دەك قىزلار بار ئىدى. سوفىيە مامۇت، خاسىيەت مۇھەممەت، بۇخەلچەم مامۇت قاتارلىقلار ئەنە شۇ دەۋردىكى «ئىزچىلار»نىڭ ئەزاسى بولۇپ، شۇ قۇراملىق «ئىزچى» قىزلار تەنتەربىيە سورۇنىغا ھەيۋەت بېغىشلىغان ئىدى.

ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغىنى، ئۈستىگە كوپتا، بېشىغا ئىسپانكا كىيگەن، قوللىرىدا «ئىزچىلار» كالتىكىنى تۇتقان ھالدا ئايال ئوقۇتقۇچىلار ۋە يېتەكچىلەرنىڭ قوماندانلىقىدا رەتلىك قاتار بولۇپ تۇرغان قىزلار مەكتىپىدىكى تەنھەرىكەت ماھىرلىرى يىغىندىكى مەنزىرىلەرگە ھۆسن قوشقان ئىدى. بۇ سەپتىكى قىزلار يەنە مۇسابىقىنىڭ يېنىك ئاتلىكتا تۈرىدىكى 50 مېتىر، 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش قاتارلىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ ياخشى ماھارەت كۆرسەتكەن، تېخى بىرقىسىم ماھىرلار ئالاھىدە نەتىجە قازىنىپ خېلى كۆپ ماددىي مۇكاپاتلارنىمۇ ئالغان.

ئاياللار مەكتەپلىرىدىكى دەرسلەر قاتارىدا ئوقۇتقۇچى خانىم -

قىزلارنىڭ ئېستېتىك زوقىنى قوزغاش ، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن «رەسىم» دەپ ئاتالغان گۈزەل - سەنئەت دەرسىنى تاجى ناسىر خانىم بەرگەن . بەزى چاغلاردا ئوقۇغۇچىلارغا يەنە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى بويىــچە مەلۇمات بېرىلگەن ۋە ئۆلگىلەر كۆرسىتىلگەن .

قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئومۇمىي خەلق ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك دولقۇنىدا نۇرغۇن قىزلار ۋە خانىملار قىزغىن روھى ، تولۇپ تاشقان پىداكارلىقى بىــلەن مەكتەپتىن جەمئىيەتكە ، شەھەر ئىچىدىكى مەھەللىلەرگە ھەمدە شەھەر ئەتراپىدىكــى يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ ، شەھەر ھۈنەرۋەنلىرى ، كاسىپلار ، زەگەر ، ماشىنىچــى ، ساتــراش ، ئاشپەز ، ناۋاي قاتارلىق ھۆپىگەرلەرنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ خەلق ئاقارتىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان .

مەكتەپ خانىم - قىزلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن سىنىپ ئاتلاش ، بالدۇر ئوقۇش تاماملاش چارىسىنى يولغا قويغان . نۇرغۇن زېھنى ئۆتكۈر ، جاسارەتلىك خانىم - قىزلار يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن مۇددەتتىــن بۇرۇن ئوقۇش تاماملاپ شەھەردىن يىراق بولغان قورغان ، سەمەن ، بەشكېرەم ، ئاۋات ، يېڭىئۆستەڭ ، توققۇزاق قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ، خالــىسانە خىزمەت قىلغان ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا كىشىنىڭ ھۆرمىتىنــى قوزغايدىغان مەشھۇر شەخسلەر بارلىققا كەلگەن .

قەشقەر شەھەر زەگەر كوچىسىدىن قەمبەر ئېزىز خانــىم «دارىلمۇئەللىمات» نى تاماملاپ ، يېڭىسارغا بېرىپ ، ئۇ يەردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولغان . يېڭىــساردىن ئايىزىم غوپۇر ، ئابىدە ، مامۇت خانىملار قەشقەرگە بېرىپ ئوقۇشنــى تاماملاپ ، يېڭىساردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولغان .

قەشقەر ئوپالدىن بىرقانچە تۇركۈملەرگە بۆلۈنۈپ ، نۇرغۇن

ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار «دارىلمۇئەللىمات» قا كەلگەن . پاشاخان جۇمە ، بىلىقىز جۇمە ، رابىيە مۇھەممەت ، خەيرىنسا داۋۇت ، ئاتىكەم سادىق قاتارلىق توققۇز نەپەر قىز قەشقەرگە كېلىپ «دارىلمۇئەللىمات» نىڭ 3 ـ قارارلىق سىنىپىدا ئوقۇپ يەنە ئۆز يېزىسى ئوپالدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان .

بىرقىسىم پىداكار مائارىپچىلار يىراق جايلار ، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ، يەنى تاشقورغان ، تورغات ، ئۇلۇغچات قاتارلىق جايلارغا «دارىلمۇئەللىمات» ئوقۇغان ئاياللارنى بىرگە ئېلىپ بېرىپ كەڭ مائارىپ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان .

قەشقەرلىق ئايزىم مامۇت خانىم ئوپالغا ئوقۇتقۇچىلىققا بارغان ، نۇرخان مۇھەممەت يولدىشى ئابدۇقادىر ئارىپ ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە تاشقورغانغا بېرىپ ، بىرقانچە يىل تاجىك ، قىرغىز ئوقۇغۇچىلارنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇتقان .

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى شۇكى ، قەشقەردىكى ئاياللار مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان خانىم ـ قىزلارغا زۆرۈر مەدەنىيەت دەرسلىكى ئارقىلىق نەزەرىيىۋى مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىشتىن باشقا ، ئەينى دەۋردىكى پېشقەدەم مائارىپچىلاردىن بىرتۈركۈملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن «قول ھۈنەرۋەنچىلىك» دەرسىدىكى ئاساسىي ئىدىيە ۋە «قول ھۈنەر زېھنى زاكاتىنىڭ بىلەن تاشىدۇر ، ئۇ ، ئىنسان ئەقلى زاكاۋىتىنى ئاچقۇچى ئاچقۇچتۇر» دەيدىغان ھېكمەت پەلسەپىلىرىگە ئاساسەن ھەپتىدە ئىككى سائەتتىن مەخسۇس دەرس ۋە دەرستىن سىرتقى پائالىيەت سۈپىتىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ماھارەتلىرىدىن كەشتە تىكىش ، دوپپا تىكىش ، مەرەپ ياپقۇ ، كانۋاي كۆڭلەك گۈللىرىنى ئىشلەش ، ياستۇق قاپلىرىغا گۈل كەشتە قىلىش ، تور توقۇش ، پايپاق ۋە پەلەي توقۇش ، قەغەز ئارقىلىق ھەرخىل رەڭدىكى گۈل ۋە گۈلدەستىلەرنى ياساش قاتارلىق گۈزەل سەنئەت

ماھارەتلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ ، بۇ يەردە ئوقۇۋاتقان خانىم ـ قىزلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن .

قەشقەردىكى ئاياللار مەكتەپلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، مەكتەپ ئوقۇغۇچى خانىم ـ قىزلارغا ئىنسان ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ يادروسى بولغان «ئادىمىي ئەخلاق» نى يېتىشتۈرىدىغان ، ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسىنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئېلىپ بارغان . مەكتەپ رەھبەرلىرى مەكتەپ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنىڭ ھەربىر ھالقىسىدا ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلار دەرس مۇنبەرلىرىدە ، كوللېكتىپ پائالىيەتلەردە ھەمىشە ئومۇمىي ئەخلاق ، ئېتىقاد ، ئاياللاردىكى ئىنسانىي گۈزەللىك ، پاكلىق ، ئۆزىنىڭ ئاياللىق شان ـ شەرىپى ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش ، شەرمىي ھايالىق بولۇش ، كەلگۈسىدىكى ئانىلىق سۈپىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ، ئۆزلىرىنى تەربىيىلەۋاتقان مەكتەپلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى ، جەمئىيەتتىكى نوپۇز ـ ئابرۇيلىرىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشنى ھەركۈن ، ھەرسائەت سۆزلەپ تۇرغان .

1940 ـ يىلى «قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» بىلەن مائارىپ ئىدارىسى مەبلەغ سېلىپ «ئۆسمۈرلەر جەمئىيىتى» قۇرغان . بۇ يەردە ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى تەنتەربىيە ، مۇزىكا ، گۈزەل سەنئەت رەسىم ھەۋەسكارلىرى ھەمدە ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى «ئىزچىلار» يازلىق لاگېر پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان . بۇ يەردىكى پائالىيەتكە بىرقانچە يىل ئاياللار مەكتەپلىرىدىكى ئايال ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچى خانىم ـ قىزلارمۇ قاتناشتۇرۇلغان . بۇ يازلىق لاگېر پائالىيىتى نەزەرباغدىكى تۆمۈرباداڭ دېگەن يەردە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ ، ئوغۇللار مۇھەممەت رەھىم ئاخۇنىنىڭ ھويلىسىدا قىزىقارلىق ئويۇن خاراكتېرىنى ئالغان تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغان . ياتاق ، تاماق ۋە باشقا

راسخوتلىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۇستىگە ئالغان ، لاگېر پائالىيىتىگە چىققانلار ياتاقتا يېتىپ ، ھەپتىدە بىر كۈن ، يەنى جۈمە كۈنى دەم ئېلىش قىلىپ ئائىلىسىگە قايتقان .

قىزلارنىڭ لاگېر پائالىيىتىگە ئائىشە تۇرسۇن خانىم مەسئۇل بولغان . قەشقەردىكى ئاياللار مەكتەپلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئاياللار مەكتەپلىرىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامى ئالاھىدە قاتتىق بولغان . مەكتەپ ئەينى دەۋردىكى كۆز قاراش ، ئەنئەنە ۋە ئېتىقاد چۈشەنچىلەرگە خىلاپ ئىشلارنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنى مەكتەپنىڭ جەمئىيەت ۋە جامائەت ئالدىدىكى نوپۇزىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا مەكتەپ ئىنتىزامىنى بەلگىلىگەن .

ھەرقايسى جايلاردىكى ئاياللار مەكتەپلىرىدە مەخسۇس تەرتىپ - ئىنتىزام مۇدىرلىرى تەيىنلەنگەن . مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرى ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى خانىملار ، ئۆزلىرى بىرىنچى بولۇپ شەخسىي ئەخلاق ، مەكتەپ ئومۇمىي قائىدە - نىزاملىرىغا رىئايە قىلىپ ، ئاندىن قالغان ئوقۇغۇچى خانىم - قىزلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ كەلگەن . ئۆزلىرىنىڭ بىلىم مەلۇماتى ، ئەدەپ - ئەخلاقى مەكتەپنىڭ ئىنتىزاملىق ، تىنچ - بىخەتەرلىكى بىلەن ئاياللار مەكتەپلىرى ۋە جەمئىيەتتە تەسىر قوزغاپ ، كوچا - كويلاردا ، جامائەت سورۇنلىرىدا بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى خانىملار ، ئوقۇغۇچى خانىم - قىزلارنى خەلق ئاممىسى قىزغىن ھۆرمەتلەيدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن ، مەكتەپ ئىچى ۋە مەكتەپ سىرتىدا قالايمىقانچىلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىگەن . مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەۋەلىكىنى باشقۇرۇشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتقان . مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان قىزلارنى ئاتا - ئانىسى تۇرمۇشقا چىقىرىدىغان بولسا ، مەكتەپتىن رۇخسەت سوراش تەلەپ قىلىنغان . قىزلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن مەكتەپ ئۇلارغا 15

كۆنلۈك توي ئىجازىتى بېرىپ ، 15 كۈندىن كېيىن ئۇلارنىڭ داۋاملىق مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇشى تەلەپ قىلىنغان ، 15 كۈندىن كېيىن مەكتەپكە كەلگەنلەرگە ئالاھىدە قەغەز يېزىپ بېرىلسە ، ئەسلىي مەكتەپتىكى ئوقۇش تەۋەلىكىنى بىكار قىلىپ ، «چوكانلار مەكتىپى» گە چىقىپ ئوقۇش رەسمىيىتى بېجىرىپ بەرگەن ، خانىم ـ قىزلارمۇ ئۆز مەكتىپىنى ، ئوقۇشىنى چىن دىلىدىن سۆيگەچكە ، بالدۇرراق مەكتەپكە قايتىپ داۋاملىق ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان . شۇڭا قەشقەردىكى ئاياللار مەكتەپلىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئالاھىدە زور بولۇپ ، مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇيدىغان خانىم ـ قىزلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيگەن . قەشقەردىكى ئاياللار مەكتەپلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ، ئوقۇش ئىشلىرىدىكى پائالىيەتلەر قەشقەردىكى سىياسىي ، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىدى .

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەككى ، قەشقەردىكى ئاياللار مەكتەپلىرى ۋە قىزلار سىنىپلىرىدا ئوقۇغان ۋە ئىشلىگەن ھەربىر خانىم قىزلارنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە ئىدىيە مەركەزلىرىدە ئەينى دەۋردىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىگە بىرلەشتۈرگەن «ساۋاتسىزلىق — قاراڭغۇلۇق ۋە جاھالەت ، مەكتەپتە ئوقۇش ، تەربىيە كۆرۈش — ئۇشبۇ جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ يورۇقلۇققا چىقىش ، جاھىل ۋە نادانلىق مىللەتنىڭ خاراب بولمىقىنىڭ باش جىنايەتچىسى» دەيدىغان مەدەنىيەت شوئارىنىڭ پارلاق نۇرى چاقناپ تۇرغان ئىدى . بۇ خىل روھ كەڭ خانىم ـ قىزلار ،كەڭ ئاياللار كوللېكتىپىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئازاد قىلىپ ، ئۇلارنى ئويلىنىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى . يېڭىچە ئاياللار مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان ، ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان ھەربىر خانىم ـ قىزلاردا ئىلىم ئىگىلەش ، ساۋاتلىق ، بىلىملىك ئانا بولۇش ، دەيدىغان بىرلا ئېتىقاد مەركىزى بولۇپ ، ئۇلاردا ئوقۇپ خىزمەتكە چىقىش ، كادىر

بولۇش دەيدىغان شەخسىي ھېسسىيات يوق ئىدى . ئۇلار مۇشۇنداق روھىيەت پاكلىقى ئىچىدە پىداكارلىقنى نامايان قىلىپ ، نۇرغۇن مائارىپچىلار ئۈچۈن ئۈرنەك بولغان ئىدى .

1930 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن قانات يايغان مەدەنىيەت ھەرىكىتى جەريانىدا قۇرۇلۇپ ، تەرەققىي قىلغان قەشقەردىكى ئاياللار مەكتەپلىرى ، ئاياللار مائارىپى قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىدىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدىمۇ يۇقىرى ئىناۋەتكە سازاۋەر ئىدى . بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلار ۋە ئوقۇتقۇچى خانىم ـ قىزلار مىللىي مائارىپنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تەشكىل قىلغان كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق مائارىپ قوشۇنى بولۇپ ، 1950 ـ يىللاردىن كېيىنكى مىللىي مائارىپ ئۈچۈن نۇرغۇن ئىختىساسلىق ئوقۇتقۇچى ـ خانىملارنى تەربىيىلەپ بەردى . ئۇلار مۇشۇ تەربىيىنىڭ شاراپىتى بىلەن ئازادلىقتىن كېيىنكى مىللىي مائارىپنىڭ تايانچ خادىملىرى ، ئاتاقلىق مائارىپچى خادىملارغا ئايلاندى . قەشقەردىكى ئاياللار مەكتەپلىرىنىڭ سىنىپ ، مۇنبەرلىرىدىن پەرۋاز قىلىپ ئۈچۈپ چىققان سان ـ ساناقسىز سۇمۇرغلار ئۆز پائالىيەتلىرى بىلەن جەمئىيەتتە شان ـ شۆھرەت قازىنىپ ، مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەر ، جەمئىيەت ئەربابلىرى ، پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپ ، سەھىيە ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ ، كەڭ ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى .

قەشقەردىكى مىللىي مائارىپ تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا قەشقەردىكى تۇنجى ئاياللارنىڭ پەننىي مەكتەپلىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ، ئۇنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەسلەش ، ئۇنىڭغا ئوبيېكتىپ ۋە ئىلمىي باھا بېرىش ناھايىتى مۇھىم بىر ساھە ، شۇنداقلا قەشقەر مىللىي مائارىپ تارىخىنى تولۇق بايان قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبى

قىسمىنىڭ بىرى . قەشقەردىكى ئايالالار مەكتەپلىرىنىڭ شانلىق تۆھپىسى مائارىپ تارىخىمىزدا ھەرگىز ئۆچمەيدۇ .

## § 4 . ئازادلىقتىن كېيىنكى قەشقەر مائارىپى

1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى مىسلىسىز تارىخىي بۇرۇلۇش سۈپىتىدە ھەرقايسى ساھەلەرگە يېڭىچە گۈللىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى ، جۈملىدىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇلى بولغان مائارىپمۇ يېڭى دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا يېڭىچە قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئازادلىق تېڭىنى كۈتۈۋالدى . مائارىپ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەڭ سەزگۈر ئەزاسى بولغاچقا ، جەمئىيەتتىكى تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ، سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈم جەھەتتىكى ھالقىلىق بۇرۇلۇشلار ئالدى بىلەن مائارىپتا ئەكس ئېتىدۇ . ئازادلىقتىن كېيىنكى ئېلىمىزنىڭ يېڭىچە سوتسىيالىستىك مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھات ھەرىكىتى قەشقەر مائارىپىدىمۇ بىۋاستە ئەكس ئېتىپ قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مائارىپىغىمۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى . جامائەتچىلىككە ئايان بولغان مۇنداق زور ئۆزگىرىش ۋە بۇرۇلۇش جەريانلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق . ناۋادا ئازادلىقتىن كېيىنكى قەشقەر مائارىپىدىكى يېڭىچە ئۆزگىرىشلەرنى تىلغا ئېلىش توغرا كەلسە ، ئۇنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن :

بىرىنچى ، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، قەشقەرنىڭ مائارىپ تارىخى ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بولۇپ ، كونا

ئەنئەنىۋى مائارىپ سىستېمىسى (دىن تۈسىدىكى مەدرىسە مائارىپى) ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان (ئىنقىلاب ئېيتقاندا قەشقەردە تۇنجى يېڭى مەكتەپ بىنا بولغان گۇاڭشۈينىڭ 15 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 1889 ـ يىلى) مۇنتىزىملاشقان يېڭى مەكتەپ سىستېمىسى ئۆزئارا گىرەلەشكەن ھالدا ئازادلىققا ئۇلاشقان ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى مائارىپ ئىدارىسى ۋە ساخاۋەتچى شەخسلەر (خۇسۇسىيلاشقان ئىگىدارچىلىقتىكى مەكتەپلەر) خەلق باشقۇرۇشىدىكى، يەنى 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان قەشقەر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئىگىدارچىلىقىدىكى مەكتەپلەر قاتارلىق ئۈچ قاتلاملىق باشقۇرۇش گەۋدىسىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «خۇيلى مەكتەپ» لەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ مەكتەپلەر بىردەك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش ۋە راسخوتلىرى بىر تۇتاش دۆلەت مالىيىسىدىن بېرىلىدىغان مائارىپ تۈزۈلمىسى بارلىققا كەلدى.

ئىككىنچى، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى يېڭى مەكتەپلەردىمۇ قوشۇمچە دىنىي دەرسلەر تەسىس قىلىنغان. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ ھالەت ئۆزگەرتىلىپ، مەخسۇس قۇرۇلغان چەكلىك دائىرىدىكى ئايرىم دىنىي مەكتەپلەردىن باشقا، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بارلىق يېڭى مەكتەپلەردە دىنىي دەرس ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ئۈچىنچى، ئۇستقۇرۇلمىغا ماس ھالدا مەكتەپ ئىستىلى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنى تۈپتىن يېڭىلاندى. بۇ جەھەتتىكى ئىسلاھاتلار قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا بىر تۇتاش پىلانلىنىپ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

تۆتىنچى، ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر مائارىپى سان، سۈپەت، كۆلەم ۋە ئوقۇتۇش كۆلىمى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىككى،

ھەتتا ئۈچ خانىلىق ھەسسە نىسبىتى بويىچە ئۆسۈش ۋەزىيىتىنى ياراتتى . ئازادلىقتىن بۇرۇن قەشقەر رايونىدا پەقەت ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىككى دارىلمۇئەللىمىن (ئۆلكىلىك قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ۋە يەكەن باشقۇرۇشىدىكى ئاددىيراق يەكەن دارىلمۇئەللىمىن ) ۋە بىر ئوتتۇرا مەكتەپتىن قۇرۇلمىسى كۆپ قاتلاملىشىپ ، يەسلى مائارىپى ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ، دارىلمۇئەللىمىن مائارىپى ، كەسپىي مەكتەپلەر مائارىپى ، ئالىي مەكتەپ مائارىپى ، ھەتتا گاس - گاچىلار مائارىپى قاتارلىق قاتلاملىق مائارىپ تورى شەكىللەندى . ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىشانلانغان ئىشتىن سىرتقى چوڭلار مائارىپى شەھەردىن يېزا - قىشلاقلارغىچە ھەممە جايىنى قاپلىدى . ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە سىرتتىن ئوقۇتۇش ، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوقۇتۇشى قاتارلىق مائارىپ مۇئەسسەسەلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى . تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلار بۇنىڭ جانلىق دەلىلى .

قەشقەر رايونىدا 1954 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى باشقۇرۇشىدىكى بىر يەسلى تۇنجى قېتىم قۇرۇلدى . 1990 - يىلىغا كەلگەندە ، ئىدارە - جەمئىيەتلەر ، كارخانىلار ، زاۋۇتلار ، يېزا - بازار ۋە مەھەللە كومىتېتلار باشقۇرۇشىدىكى يەسلىلەردىن تاشقىرى ، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك مائارىپ ئورگانلىرى باشقۇرىدىغان مەخسۇسلاشقان ۋە مۇنتىزىملاشقان يەسلىلەرنىڭ سانى 80 گە يېتىپ ، ئوقۇغۇچى سانى 6566 دىن ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 400 دىن ئېشىپ كەتتى . 1949 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە جەمئىي 213 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ ، ئۇنىڭدا 49 مىڭ 337 ئوقۇغۇچى ، 2220 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى . 1990 - يىلىغا كەلگەندە دۆلەت باشقۇرىدىغان پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى 1114 كە ، ئوقۇغۇچى سانى 331 مىڭ 162

گە ، ئوقۇتقۇچى سانى 15 مىڭ 680 گە كۆپەيدى .

قەشقەردە مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى ) تۇنجى ئوتتۇرا مەكتەپ ، يەنى ئۈلكىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغان ۋە شۇيىلى 120 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان . بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئىچىدە ئىدى . كېيىنرەك بۇ مەكتەپنىڭ نامى «ئۆلكىلىك قەشقەر ئوتتۇرا مەكتىپى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1949 ـ يىلى بۇ مەكتەپتە سەككىز سىنىپ (ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئالتە سىنىپ ، قىز ئوقۇغۇچىلار ئىككى سىنىپ ) بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى سىنىپ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئىدى . 1950 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قەشقەر ئوتتۇرا مەكتىپى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى نامىدا قەشقەردە قۇرۇلماقچى بولغان ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى (مۇھىمى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ) ئۆز ئۈستىگە ئالدى . 1953 ـ يىلىدىن باشلاپ قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بارلىق ناھىيىلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرا مەكتەپلەر (تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا ) قۇرۇلۇشقا باشلىدى . 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى 143 كە ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى 13 كە ، تولۇقسىز ـ تولۇق ئوتتۇرا ئارىلاش مەكتەپلەرنىڭ سانى 37 (جەمئىي 193 مەكتەپ ) گە كۆپىيىپ ، ئوقۇغۇچى سانى 82 مىڭ 378 گە (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 64 مىڭ 808 نەپەر ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 17 مىڭ 570 نەپەر ) گە يەتتى . مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1949 ـ يىلىدىكى 11 دىن كۆپىيىپ 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە 6634 كە يەتتى . مۇشۇ تىپتىكى مۇنتىزىملاشقان ئۇنىۋېرسال ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن باشقا ، يەنە بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا ماس ھالدا

بىر قىسىم كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ بارلىققا كەلدى . ئەسلىدە مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى ) بىر تولۇقسىز كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا توقۇمىچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىكتىن ئىبارەت ئىككى كەسىپ بار ئىدى . 1947 ـ يىلى بۇ مەكتەپنىڭ توقۇمىچىلىق كەسپىگە تۆت سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان . شۇ يىلى 11 ـ ئايدا بۇ مەكتەپنىڭ دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ ، ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى قەشقەر ئالىي كەسپىي مەكتىپى بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بۇ مەكتەپنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋېلىپ ، بۇ مەكتەپ «قەشقەر كەسپىي مەكتەپ» دېيىلگەن . 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى بىرلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنغان مائارىپ ئىسلاھاتى باشلاندى . بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ كەسپىي مائارىپىدا يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى بىلەن كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدى . 1958 ـ يىلىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ سانى 116 گە يېتىپ ، ئوقۇغۇچىلىرى 8125 تىن ئېشىپ كەتتى .

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا ، 1959 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قەشقەردىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم خەلق گۇڭشېلىرىدا بىردىن يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغان ، 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى تەڭشەش ، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى باشلاندى . شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت دائىرىسىدە پەقەت بەش كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ساقلىنىپ قېلىپ ، قالغانلىرى قىسقارتىلدى . چۈنكى بۇ يىللاردا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 95% تىن كۆپرەكىگە ئادەتتىكى مۇتتىزىم ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆرلەپ ئوقۇش

ئىمكانىيىتى يارىتىلدى .

1966 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بارلىق كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . 1975 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە قانات يايغان «7 ـ ماي داشۆسى» ( "五 • 七"大学) قۇرۇش دولقۇنىغا ماس ھالدا قەشقەردىمۇ شۇ يىللىرى 23 ئورۇندا «7 ـ ماي داشۆسى» قۇرۇلۇپ ، ئوقۇغۇچى سانى 1238 گە يەتتى . 1980 ـ يىلى بۇ خىلدىكى ئاتالمىش «داشۆلەر» ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى .

1987 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە مۇنتىزىملاشقان ئۈچ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى . 1989 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 12 كەسىپ تەسىس قىلىنىپ ، سىنىپلار سانى 143 كە (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى 63 ، تولۇقسىز ئوتتۇرا كەسپىي سىنىپ 80 ) ، ئوقۇغۇچىلىرى 5636 گە يەتتى . 1974 ـ يىلى قەشقەردە تېخىمۇ مەخسۇسلاشقان ۋە كەسپلەشكەن تېخنىك ئىشچىلار مائارىپى يولغا قويۇلۇپ ، شۇ يىلى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى . 1978 ـ يىلى مۇشۇ خىل كۇرسلار ئاساسىدا رەسمىي تېخنىك ئىشچىلار سىنىپى مەكتىپى قۇرۇلۇپ ، 1989 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 879 كە ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 143 كە يەتتى . بۇ مەكتەپ ئاساسەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان .

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ قەشقەر رايونىدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى . 1955 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى ، 1956 ـ يىلى يەنە قەشقەر سۆچىلىق مەكتىپى ، قەشقەر مالىيە ـ سودا مەكتىپى ،قەشقەر تېببىي مەكتەپ ، قەشقەر كانچىلىق مەكتىپى قاتارلىق تۆت ئوتتۇرا

تېخنىكوم قۇرۇلدى . 1960 ـ يىلى بۇ خىل كەسپىي تېخنىكوملار كۆپىيىپ ، سانى 10 غا يەتتى . 1989 ـ يىلى ۋىلايەت دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكوملار قايتىدىن تەرتىپكە سېلىندى ، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكوملار يەتتىگە ئىخچاملاندى . ئوقۇغۇچىلىرى 2558 گە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 854 نەپەرگە يەتتى .

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى ، قەشقەردە ئالىي مائارىپ بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلىپ ، 1962 ـ يىلى ئالىي مائارىپ سىستېمىسىدىكى قەشقەر پېداگوگىكا تېخنىكومى قۇرۇلدى . 1978 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقى بويىچە بۇ مەكتەپ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ رەسمىي تولۇق كۇرس تەسىس قىلىندى . بۇ ئىنستىتۇتتا جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات ، سىياسەت ، تارىخ ، تىل ، ماتېماتىكا ، فىزىكا ، خىمىيە ، تەنتەربىيە ، سەنئەت قاتارلىق سەككىز فاكۇلتېت ، 29 كەسىپ بار . 1990 ـ يىلى بۇ ئىنستىتۇتتىكى مەخسۇس كۇرس ۋە تولۇق كۇرستا ئوقۇيدىغان ستۇدېنتلارنىڭ سانى 1557 گە يەتتى . بۇ ئىنستىتۇت تارمىقىدا يەنە ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتى ، چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى ۋە شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورگانلار بار .

1984 ـ يىلى ئەسلىدىكى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى ئاساسىدا قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى . 1987 ـ يىلى قەشقەردە تەسىس قىلىنغان شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى ئاساسىدا 1993 ـ يىلى قەشقەر رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلۇپ ، قەشقەردە ئالىي مائارىپقا تەۋە ئۈچ ئالىي مەكتەپ بارلىققا كەلدى . بۇ مەكتەپلەر بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى . ھازىر قەشقەر مائارىپى يېتىشتۈرگەن كۆچەتلەر ھەرقايسى ساھەلەردە ئاۋانگارتلىق رول ئوينىماقتا .

**图书在版编目(CIP)数据**

可爱的喀什噶尔:新疆喀什非物质文化遗产保护研究.上:维吾尔文/阿布都克里木·热合曼主编—乌鲁木齐:新疆大学出版社,2009.9

ISBN 978—7—5631—2324—7

Ⅰ.可... Ⅱ.①阿... Ⅲ.①文化遗产—保护—喀什地区—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①K294.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第154018号

责任编辑:阿迪力江·阿布都拉
帕力塔洪·艾吾拉洪

责任校对:阿达来提·牙合甫
克尤木·吐尔逊

# 可爱的喀什噶尔

(上、下)

主编:阿布都克里木·热合曼

编者:阿布都克里木·热合曼、西仁·库尔班、艾赛提·苏来曼、库尔班·买买提吐尔迪、艾尔肯·伊德力斯、萨吾提·阿布都哈力克、努斯来提·吐尔迪、买买提吐尔逊·伊布拉音

---

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路14号,邮政编码:830046)
新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
开本:850×1168毫米 1/32 31.625印张
2009年9月第1版 2009年9月第1次印刷

---

ISBN 978—7—5631—2324—7
定价:(上、下) 80.00元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 978-7-5631-2324-7

9 787563 123247 >

定价(上、下): 80.00 元